1984-يىلى لوپ ناھىيە سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتان
پۇچقىقىغا توقۇپ چۈشۈرۈلگەن نەيزە تۇتقان ئادەم ئوبرازى. ۋاقتى بۇنىڭدىن 2300 يىللار ئىلگىرى



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

5–6
1998

XINJIANGCIVILIZATION



ئالىم، مۇتەپەككۇر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1933_1995)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
47 - يىل نەشرى
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
1998 - يىل 5-، 6-سان (ئومۇمىي 233-، 234-سان)

# بۇستاندا

## مەخسۇس ماقالە

ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى
ۋەزىيەت يارىتايلى ........................ زۇنۇن قۇتلۇق 2

## تەزىيە

دوستۇم زوردۇن سابىرغا مەرسىيە ........................ مىجىت ناسىر 7

## ئەدەبىيات گۈلزارى

موسكۋا خىياللىرى ........ (ئوچېرك) ........................ نەبىجان تۇرسۇن8

## مۇھاكىمە

مىللىي مائارىپنىڭ سۈپەت مەسىلىسى ........................ مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق 64

## مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن

چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل
يادىكارلىقلار ........................ ئابدۇقەييۇمخوجا 86

## دانالار خەزىنىسى

ئەدەبنامە ............ ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق119
ھايات ھەقىقەتلىرى........................ توپلىغۇچىلار: يالقۇن ئۆمەر قاتارلىقلار 158

## تەھرىرات تۇرمۇشىدىن

ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرناللىرىنى ئالدىنقى يېرىم يىللىقكۆرۈپ باھالاشتا ژۇرنىلىمىزغا
يۇقىرى باھا بېرىلدى ........................ تەييارلىغۇچى: رىسالەت مۇھەممەت 160
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت    مەزكۇر سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا كورېكتورى: قۇربان مامۇت



# ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

ـ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئېچىلغان مەدەنىيەت ئىدارە (باشقارما) باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

زۇنۇن قۇتلۇق
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

مەخسۇس ماقالە

يولداشلار:

ئالدى بىلەن مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى نامىدىن بارلىق يىغىن قاتناشچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن. بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ مۇھاكىمە تېمىسى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىغىنىمىزغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باھاۋۇدۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىرلار يىغىنغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. رەھبەرلەرنىڭ بۇ مۇھىم يوليورۇقلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

تۆۋەندە مەن بۇ يىللىق مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

ھازىر بىز تارىخىي خاراكتېرلىك زور بۇرۇلۇش بولىۋاتقان ئۇلۇغ دەۋردە تۇرماقتىمىز. يېقىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن: «21 - ئەسىر پارتىيىمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇدىغان

ئەسىر، پايدىلىق پۇرسەتكە ۋە خىرىسقا تولغان ئەسىر بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇشۇنداق تارىخىي پەيتتە، دەۋر ۋە خەلق بىز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن شۇ دەۋرگە ماس كېلىدىغان، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرىغان» مەدەنىيەت - سەنئەت ۋەزىيىتى يارىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بىز يۈكسەك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن بۇ جاپالىق ھەم شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز لازىم. «ئون مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرمۇ تۇنجى قەدەمدىن باشلىنىدۇ». بۇ يىل پۈتكۈل پارتىيە، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ۋە مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان تۇنجى يىل. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە پۇختا ئاساس سېلىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەسەۋۋۇرى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەركەز قىلغان ھالدا مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، نەزەرىيە قۇرۇلۇشى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش، باشقۇرۇش، چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى سىجىل، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۇنىۋېرسال مۇھىتىنى ياخشىلاش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىدىكى يېڭى تەرەققىيات، ئىلگىرىلەشلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت قۇرۇلۇشىدا گۈللەپ - ياشنىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش - مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ زور، تېخىمۇ تېز تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىدىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيەت خىزمىتىدە يولۇققان زور، مۇھىم مەسىلىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەل قىلىش كېرەك. بىز ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى قانداق بەرپا قىلىش كېرەك» دېگەن تۈپ مەسىلىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىمىز ۋە ئىزدىنىشىمىز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۈنۈملۈك يولى ۋە ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى خىزمىتىمىزگە يېتەكچى قىلىپ، كۆز ئالدىمىزدىكى بىر قاتار يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەدەنىيەت سىستېمىمىزدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىۋېتىشىمىز لازىم. ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن بىز بۇ يىل مۇۋاپىق پەيتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسى بويىچە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرماقچى بولۇۋاتىمىز، يولداشلارنىڭ يىغىندىن قايتقاندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئەستايىدىل تەشكىللىشىنى، بىر تۈركۈم سالمىقى، ئۆزگىچىلىكى، قىممىتى بولغان تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، مەدەنىيەت سىستېمىسىدا نەزەرىيە ئۆگىنىدىغان، نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئىزچىل تۈردە مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر بۇ يىللىق مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، «ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، نادىر ئەسەر يارىتىش ستراتېگىيىسى»نى يەنە ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ ستراتېگىيىنى ئالاھىدە تەكىتلەشتىن مەقسەت: بۇ يىل كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيەگە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم نادىر سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە نومۇر (ئويۇن) لارنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش، ئاۋمېنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش ۋە 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمى قاتارلىق زور پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئىتىدە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرىغان» گۈللەنگەن ئاۋات مەنزىرىنى نامايەن قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەدەنىيەت - سەنئەت تارماقلىرى تۈرلۈك سەنئەت پائالىيەتلىرىگە بولغان يېتەكلەش ۋە تەرتىپكە سېلىشنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق تىياتىر ۋە سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىش پىلانىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىپ ۋە يولغا قويۇپ، ئالدىمىزدىكى ئۈچ يىلدا سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدە بىر قەدەر زور يۈكسىلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، بىر تۈركۈم يېڭى، يۇقىرى سەۋىيەلىك - نادىر ئەسەرلەرنى ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى ئالاھىدە ئىختىساس ئىگىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىش ئارقىلىق مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى سەنئەت مۇسابىقە - پائالىيەتلىرىدە داۋاملىق ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىدە گۈللەپ ياشنىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم. بىز بۇ يىلدىن ئېتىبارەن مۇنەۋۋەر تىياتىر، نومۇرلارنى ئىجاد قىلىش ۋە ئويناشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى كاتتا مۇكاپاتى - «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى»نى باھالاش پائالىيىتىنى تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتىمىز. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرى بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى قەدىرلەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىدىكى نادىر ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ تەشكىللەپ، نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش - ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش - ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. نۆۋەتتە، پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەر ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتىدۇ ۋە تېزلىتىۋاتىدۇ. مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىسلاھاتى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت - كارخانىلار ئىسلاھاتى ۋە پۇل - مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ۋەزىيەت ئادەمنى ھەم خۇشال قىلىدۇ، ھەم تەقەززا قىلىدۇ. يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا بىز مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى ۋە سالمىقىنى ئاشۇرۇپ ۋە تېزلىتىپ، قىيىنچىلىقلارغا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز، دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىمىز، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئەمەلدە يولغا قويۇشقا بولىدىغان چارە - تەدبىرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە بىز سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، سالماق، ئەمەلدە يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك. مەدەنىيەت مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى «ئۆزرايونىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش قىلىش، ئالدى بىلەن نۇقتىدا سىناق قىلىش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكلەش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىمتىھان ئېلىپ باھالاش، تەكلىپ قىلىپ توختام بويىچە ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىچكى ھەرىكەت مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مەبلەغ سېلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىختىساس ئىگىلىرى قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ مۇۋاپىق يۈرۈشۈپ تۇرۇش يوللىرىنى بەرپا قىلىپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشى، ئېسىل تىياتىر، نومۇرلارنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىشى، كۆپرەك ئويۇن قويۇشى لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئىشنى ئارتىسلاردىن كەسپىتىن ئىمتىھان ئېلىپ، ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى باشلامچى قىلىشتىن باشلاپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم. ئەلۋەتتە، ئىسلاھات بولغانىكەن، ئۇنىڭدا مۇئەييەن قىيىنچىلىقنىڭ بولۇشى، بەزى ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر يېتىشى تۇرغان گەپ. ئەمما بىز ھازىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا قەتئىي بەل باغلىدۇق. ئەمدى بۇنىڭدىن ھەرگىز تەۋرەنمەيمىز. ئىسلاھاتتا «ياقسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى ئاخىرىغا چىقارماي يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ھازىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتمەي بولمايدۇ. مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر قاتار مەسىلىلەر بار، ئىسلاھات قىلماق چىقىش يولى بولمايدۇ. سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت كەسپى، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنمۇ پائال ئالغا سىلجىتىش كېرەك. پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولىۋاتىدۇ. مەدەنىيەت كەسپى، كارخانا ئورۇنلىرىدا ئىسلاھاتنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە بىزدە جەزمەن ئىدىيىۋى تەييارلىق بولمىسا بولمايدۇ. بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بۇ جەھەتتىكى ئىسلاھات لايىھىسىنى چىڭ تۇتۇپ مۇھاكىمە قىلىپ ۋە تۈزۈپ چىقىپ، ھەر قايسى تۈرلەردىكى ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، باسقۇچلۇق، پىلانلىق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات ئارقىلىق مەدەنىيەت كەسپى ئورۇنلىرى ۋە كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، بۇ يىل ئىچىدە روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك.

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىز دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلدۇق. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان رايون، دېھقانلار ۋە چارۋىچىلار ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇسىنىڭ % 80 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا، يېزىلاردىكى ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئومۇملۇققا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا روشەن ياخشىلىنىش بولمايدىغان، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يۈكسەلمەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بىز ئېيتىۋاتقان مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشمۇ پەقەت ئېغىزدىكى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەدەنىيەتكە مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك تارماقلار دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم، ئالدىن ئېتىبار بېرىلىدىغان ئورۇنغا قويۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئەھمىيەت بېرىشى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تەقەززاسىنى چۈشىنىشى، غېمىنى يېيىشى، قىيىنچىلىقلارنى يېشىپ، بار چارە - ئاماللار بىلەن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، يېقىنقى ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز «يىپەك يولى چېگرا مەدەنىيەت كارىدورى»، «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش»، «بالىلار مەدەنىيىتىدىكى قارلىغاچ پىلانى» قاتارلىق نۇقتىلىق مەدەنىيەت سىستېما قۇرۇلۇشلىرىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. بىز بۇ يىل «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە» لەرنى باھالاش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ناھىيە، شەھەرلەرنى مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە تىرىشىمىز. ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورىنىڭ قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشىنى تولۇقلاش خىزمىتىنى ئىمكانقەدەر تېزراق ئىشقا ئاشۇرىمىز. يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ شتات كۆرسەتكۈچى ۋە قۇرۇلۇش راسخوتى مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرىمىز. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە نامراتلارغا يار - يۆلەك

بولۇش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، يېزىلاردىكى كىنو بازارلىرىنى جانلاندۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىنو كۆرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشى لازىم. يېقىندا بىز «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)نى تەييارلىدۇق. يولداشلارنىڭ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، تۈزىتىش، تولۇقلاش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى سورايمىز. بۇ ھۆججەت يىغىندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

1. «بۇ يىللىق مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى»دا، بىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ھالقىنى ياخشى تۇتۇشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئۇل قىلىش، نەزەرىيە ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش ۋە چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلىق خىزمەتلەرنىمۇ ياخشى ئىشلەش، تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىز مەركىزىي خىزمەت بىلەن نۇقتىلىق خىزمەتنىڭ، ئومۇملۇق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مۇھىم، ئاچقۇچلۇق خىزمەت ھالقىلىرىنى ئوبدان تۇتۇپ، نۇقتا ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىشىمىز كېرەك.

پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مەملىكەت بويىچە ئىدىيىنى داديل ئازاد قىلىش، ئىقتىسادنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلمەكتە. بۇ يىل شىنجاڭدىمۇ زور تەرەققىيات بولىدىغان بىر يىل. ئەمەلىيەت بىزدىن خىزمەتنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاش ئاساسىدا خىزمەت نىشانىنى، خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە ئىجادچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ھەممە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

دەۋرىمىز - غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىدىغان دەۋر، ئىدىيىنى داديل ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، داديل يېڭىلىق يارىتىدىغان دەۋر. مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىيات ۋە ئىجادىيەت بولسۇن دېسەك، ئالدى بىلەن كۆز قاراشنى، نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلىشىمىز كېرەك. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار ۋە ئىچكىرىدىكى ئىلغار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن پەرق زور. بۇ ئەلۋەتتە مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى پەرقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ زور پەرق يەنىلا ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىكى پەرق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت تارماقلىرىمىز ئۆز ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، پەرقلەرنى ئازايتماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئىدىيىسىنى داديل ئازاد قىلىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا كونا، ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشى، بۇرۇنقىدەك نوقۇل لا دۆلەتكە يۆلىنىۋېلىپ، «كۈتۈش، قول سۇنۇش، تايىنىش» تەك ئىدىيىنى قەتئىي تۈگىتىپ، مەسىلىلەرنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئىدىيىسىدە تۇرۇپ كۆزىتىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. بىزدە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. بازار ئېڭى، رىقابەت ئېڭى، ئۈنۈم ۋە سۈرئەت ئېڭىنى كۈچەيتمەي بولمايدۇ، خىزمەتتە يېڭى پىكىر، يېڭى تەپەككۇر بولۇشى كېرەك. نەزەر دائىرىمىز تېخىمۇ كەڭرەك، جۈرئىتىمىز تېخىمۇ چوڭراق بولسۇن، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا خىزمەتنى ئىجادىي ئىشلەشكە جۈرئەتلىك ۋە ماھىر بولايلى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى يولداش لى تيېيىڭ مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت نازارەتلىرى نازىرلىرى ۋە ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ قاتناشچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مەدەنىيەت ساھەسىدە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، ئەمما بىزنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز تولىمۇ يېتەرسىز بولدى. 15 - قۇرۇلتايدا نەزەرىيە جەھەتتە يەنە يېڭى بۆسۈش بولدى ... مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش كېرەك، خىزمەتلىرىمىزنىمۇ ‹ئۈچكە پايدىلىق بولۇش› بويىچە ئۆلچىشىمىز كېرەك». بىز ھەممىمىز بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىز، بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشىمىز، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى پىكىر يولى، يېڭى ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك، ئىجادىي قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم.

2. پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش لازىم. باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقىلا بولىدۇكى، ئۇنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەشلا لازىمكى، كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئەلۋەتتە، شىنجاڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن پايدىلىق تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى. دۆلەت ھەر قايسى جەھەتلەردىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراتقان نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقتا. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا سىياسەت مۇقىم بولۇپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، مىللەتلەر ئۆم - ئىناق ئۆتمەكتە، بۇ ناھايىتى ئوبدان تەرەققىيات مۇھىتى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئەسىر ھالقىيدىغان چوڭ تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويماقتا. بىز بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئەۋزەللىكى جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، پايدىلىق شارائىتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، چارە - تەدبىرلەرنى ئۆز ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنى، تېخىمۇ يۇقىرى بولغان تەرەققىيات نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى جەھەتتىكى 9 - بەشيىللىق پىلانى» ۋە كېيىنكى 10 يىللىق تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى نۇرلۇق مەدەنىيەت يۇلتۇزىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش

www.uyghurkitap.com

قىلىشىمىز لازىم.

3. مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۇەن مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ۋە گوۋۇيۇەننىڭ «مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە» (گوۋۇيۇەننىڭ 37 - نومۇرلۇق ھۆججىتى) سىدە مەدەنىيەت ئىشلىرى سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قاتار سىياسەت - تەدبىرلەر تۈزۈپ بېرىلگەن. بىزدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە، مەدەنىيەتكە دائىر مانا شۇ ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا قارىغاندا مۇئەييەن پەرق بار. بىز مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى بالدۇرراق، دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىنى ۋە قوللىشىنى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماسلىشىپ بېرىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى ۋە بازىسى، شۇڭا ئۇنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئوبدان قۇرۇشىمىز، ئوبدان باشقۇرۇشىمىز، ئوبدان پايدىلىنىشىمىز لازىم. بىز پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇل خاراكتېرلىك مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇشىمىز، تۇر تۇرغۇزۇشقا، رېمونت قىلىشقا، مۇئەسسەسە ۋە ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشقا توغرا كېلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۈرلۈك چارە - ئاماللارنى قوللىنىپ، مۇناسىپ ھەل قىلىش ئامىللىرىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ھەرگىز پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ، تەلەپ قىلىپ، قول سۇنۇپلا ئولتۇرماسلىقىمىز لازىم. دۆلەتنىڭ يېتەرلىك مەبلىغىنى ھەدېگەندىلا قولغا كەلتۈرگىلى بولمىغان ئەھۋالدا، يەنە كېلىپ جىددىي قۇرۇشقا توغرا كېلىۋاتقان تۈرلەردە تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق مەبلەغ توپلاشقا بولىدۇ. مەدەنىيەت نازارىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانىنىڭ ئاخىرقى قۇرۇلۇشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تاماملايدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنى تۈرگە كىرگۈزىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت - سەنئەت كادىرلار مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تاماملاشنى تېزلىتىدۇ.

4. روھنى ئۇرغۇتۇپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي ھالدا ئىشلەش لازىم. يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان تارىخىي پەيتتە، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتەك جاپالىق ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش ئۈچۈن، مەدەنىيەت قوشۇنىدا ئىتتىپاقلاشقان، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ - ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت بولمىسا بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرگە قويۇلىدىغان ئەخلاق ۋە سەنئەت جەھەتتىكى كامالەتكە يەتكەن بولۇش تەلىپى بويىچە، ئۇلاردا ئېسىل سەنئەت ئىستىلى ۋە ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈپ، «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا لايىق ئىش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ۋە يېتەكلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار ئۆز ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلىشى، كۆتىرەڭگۈ - روھلۇق بولۇپ، جۇشقۇن ھالەتنى ساقلىشى لازىم. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەن ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋە گوۋۇيۇەننىڭ ئورگانلارنى ئىسلاھ قىلىش لايىھەسىدە، مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئورنى ۋە رولى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىمۇ ئاۋۋالقىدەكلا گوۋۇيۇەننىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى. بىز تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۆز كەسپىمىزنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈپ، ئالىيجانابلىق، پىداكارلىق، كۈچلۈك تەخىرسىزلىك ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا ئۆز خىزمەتلىرىمىزنى بىجانىدىل ئىشلىشىمىز لازىم. مەدەنىيەتكە مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك تارماقلار ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلار خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلىشى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىشى، پونى ئازراق ئېتىشى، ئەمەلىي خىزمەتنى كۆپرەك، پۇختا ئىشلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىنى تېپىپ چىقىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىكى، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دادىل ئىشلىشى، سىياسەتتىن ئۈنۈملۈك، يېتەرلىك، جانلىق پايدىلىنىش، خىزمەتنى ئىجادىي ئىشلەش جەھەتتە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆز خىزمەتلىرىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم.

يولداشلار:

ئەسىر ئالمىشىدىغان بۇ مۇھىم مەزگىلدىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى مۈشكۈل ۋە جاپالىق. بىز پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئوبدان يەتكۈزۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ يىللىقى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى پۇختا، ئوبدان ئورۇنداپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىتىشىمىز لازىم.

1998 - يىل 24 - مارت (M2)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچىك: رىسالەت مۇھەممەت، گۈلنار رۇستەم
بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان ماموت



# دوستۇم زوردۇن سابىرغا مەرسىيە

## — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئەل سۆيگەن يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ


مىجىت ناسىر

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)


ئاپرال ئېتىكىدە، دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئېچىپ، بوران-چاپقۇنلۇق ھايات يولىدا ئىستىقبال ئىزدەپ، «ئىزدىنىش»① كە مۇناسىپ مول ھوسۇللۇق ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىلەن ئۇيغۇر پىروزىسى ۋە ئەدەبىي تىلىغا زور تۆھپە قوشقان شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز، ھەقىقەت كۈيچىسى، خەلقىمىزنىڭ دىلكەش دوستى زوردۇن سابىر ئەلنى ئېغىر قايغۇ، سۈكۈتتە تەلمۈرگەن يۈرەكلەرنى مەڭگۈلۈك داغى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ بىز بىلەن ۋىدالاشتى.

ئۇ، ئىمان - ئېتىقادلىق، لەۋزى ھالال خەلق يازغۇچىسى سۈپىتىدە ئۇرغۇپ تۇرغان يېتۈك تالانتى، كامالەتلىك قەلىمى بىلەن رېئال تۇرمۇشنى ،خەلقنى ، دېھقانلارنىڭ مۇڭىنى ئىپادىلەپ، دەۋرمېلودىيىسىنى دەۋرگە ئۇلاپ ئەل قەلبىدە مەڭگۈ يىقىلماس ئابىدە تىكلىدى.

ئۇ، تۇرمۇشقا سادىق بولۇپ، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ سىرلىق، نازۇك قاتلاملىرىغا دادىل شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۇيغۇر ھاياتىنى سەنئەت يۈكسەكلىكىدە ئىپادىلەپ، زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئۇ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرى، ھاياتلىق سەپىرىدىكى تەتۈر قىسمەتلەرگە تىز پۈكمەي، يۈكسەك ھۆرمەت، شان-شەرەپلەر ئالدىدا مەغرۇرلانماي، كەمتەرىن، چىن ئىنسانغا خاس ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتى، ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ سۈيىدە ئېقىشتەك پىداكارلىقى، ھەقىقىي خەلق يازغۇچىسىغا خاس قەلەمكەشلىك ۋىجدانى بىلەن خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد ئېتىپ ئەلگە تەقدىم قىلالىدى.

ئۇ، بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك، باي - ئەلۋەك زېمىنىنىڭ گۈزەل تاغۇ - دەريالىرى، بىپايان ئېتىز - داللىرى، ئېپار - ئەنبەرچېچىپ تۇرغان مىڭ-تۈمەن خىل گۈل - گىيالىرى، بۈندىكى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي گۈزەللىكىنى يارقىن، پاساھەتلىك خەلق تىلى بىلەن كامالەتكە يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ، بىزگە بۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يەنمۇ تونۇتتى.

ئۇ، كەمتەرىن، ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق، كۆكسى - قارنى دەريادەك كەڭ، سەبىي بالىلاردەك سەبىي، «ئانا»②دەك مېھرىبان ئىدى.

ئۇ، مۇتەپەككۇر يازغۇچى سۈپىتىدە ئۆتكۈر پىكىرلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى يورۇتۇپ، ھايات سەپىرىدە چىن ئىنسانىي تەبىئەتنى نامايەن قىلىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا سان-ساناقسىز كىشىلەر بىلەن سىرداشىپ، دوستلىشىپ، ئۇنتۇلماس دوستلۇقنىڭ توزۇماس چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرۇپ ئارىمىزدىن كەتتى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ نادىر - ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن ھازىرقىلارغا زور مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلدى. تەھقىقكى ، ھايات ھەقىقەتلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى، ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان ئورنى يىللارسېرى ئېشىپ، بۈيۈكلىشىپ بارغۇسى ۋە تەدرىجىي دۇنياغا يۈزلەنگۈسى.

مەن بالىلىق دەۋرىمدە تونۇشقان، بىر دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، ئۇلۇغۋارغايە، يۈكسەك ئارزۇلارنى بويلاپ كۆرەش داۋانلىرىدىن بىرلىكتە ئاشقان، ھاياتنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدا تاۋلىنىپ دوستلاشقان بۇ پىكىرداش، ئۆمۈرلۈك دوستۇمنى ئالىي ھۆرمەت، چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەپ قالىمەن.

مەن ئۇنىڭ دوستى ھەم زامانداشى بولغانلىقىمدىن، بۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراق ئەنە شۇنداق تالانتلىق يازغۇچىنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن.

مەرھۇمنىڭ ئىجادىيەت چەشمىسىنىڭ مەنىۋى كۈچ-قۇدرىتى ئانا تۇپرىقىمىزنىڭ بوستانلىق ۋە چۆللۈكلىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەزىم ئىلى، تارىم دەريالىرىنىڭ سۇلىرىدەك تومۇرلارغا توختىماي ئاقسا، قىممىتى، ئۈستىقار، ئاستى گۈلباغلار بىلەن زىننەتلەنگەن تەڭرىتاغلىرىدەك مەڭگۈ قەدكۆتۈرۈپ تۇرغۇسى.

ئەلۋىدا دوستۇم، تىنچ ياتقىن. ئەۋلادلارسېنى ئەسىرلەر بويى مەڭگۈ يادئەتكۈسى. قەبرەڭدىن توزۇماس گۈل - چېچەكلەر ئۈنگۈسى.

1998-يىل 19-ئاۋغۇست

---

① «ئىزدىنىش» ② «ئانا» - مەرھۇمنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى رومانلىرى (M1)

تەزىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# موسكۋا خىياللىرى

(ئوچېرك)

نەبىجان تۇرسۇن



## تۇنجى قەدەم

1990-يىلى 23-مارت، باش باھارنىڭ سىم-سىم يامغۇرلۇق كەچلىكى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېيجىڭدىن ئۇچقان «ئىل-86» تىپلىق ئايروپىلانى موسكۋانىڭ «شېرمېتۋا-2» ناملىق خەلقئارا ئايرودرومىغا يېنىككىنە قوندى. ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن موسكۋاھەققىدىكى خىياللىرىمنىڭ ، ياق، ئانا ۋەتەنگە بولغان ھەققىي سېغىنىشىمنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

مەن موسكۋا شەھىرىنىڭ خەرىتىسىگە قاراپ، ئاخىرى مېنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلغان سابىق س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىنى تېپىۋالدىم. تاكسىنىڭ ياردىمى بىلەن موسكۋا شەھىرىنىڭ مەركىزىگە، يەنى قىزىل مەيداندىن ئانچە يىراق بولمىغان روژدېستۋېنكاكوچىسىغا جايلاشقان، سابىق س س س ردىكى ئەڭ چوڭ، شۇنداقلا دۇنياغا مەشھۇر شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىغا-

**ئەدەبىيات گۈللىرى**

كىرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم. ئاسپىرانتورا باشلىقى ۋاسىلىي كارپوۋىچ مېنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى ھەم بىر دەمدىن كېيىن مېنى ئىلمىي رەھبىرىم، ئاتاقلىق تۈركولوگ، ئۆمۈر بويى قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھەم تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىلىم ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان ئالىم دىمىترىي ۋاسىلىيېۋىچ بىلەن تونۇشتۇردى. ئۇ مېنىڭ روس تىلىدا ئۆزى بىلەن بىمالال سۆزلەشكىنىمنى كۆرۈپ ، مېنى قىزغىن قۇچاقلاپ ، ھاياجان بىلەن: «يارايسىز، ھەقىقىي يىگىت ئىكەنسىز، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن تىل تېپىشىش ھەر قاچان ئاسان» دېدى.

بىز چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. پاراڭ ئارىسىدا ئىشخانىنىڭ بېزىلىشىگە دىققەت قىلدىم. مۇئەللىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىشخانىسى بولۇپ، مۇئەللىم مەزكۇر ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەن. قىزىق يېرى شۇكى، ئىشخانىنىڭ بىر تېمىغا 19-ئەسىردىكى ئاتاقلىق روس شەرقشۇناسى ن. بىچۇرىننىڭ سۈرىتى ئېسىلغان، يەنە بىر تامغا تۈركىيەمەنزىرىسى چاپلانغانىدى. مەن شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى قىزلىرىنىڭ

ھەرخىل ئۇسسۇل سۈرەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 1990-يىللىق كالېندارنى مۇئەللىمگە تەقدىم قىلدىم. ئۇ، كالېندارنى زورئىشتىياق بىلەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن تامغا ئېسىپ قويدى ۋە: «مانا بۈگۈندىن باشلاپ رۇس ۋە ئۇيغۇر تارىخىدا يېڭى كۈن، يەنى بىزنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىمىز تېمىدا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقشۇناسلىق مەركىزى بولغان بۇ ئىشخانىنىڭ تېمىدا تارىختا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر كالېندارى ئېسىلدى» دېدى ھاياجان بىلەن تولۇق ئاۋازدا.

ئىشخانىدىكى كاتىپ، ماشىنىست ۋە باشقا خادىملارمۇ چاۋاك چېلىشتى. مەنمۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدىم. دېمەك، ھاياتىمدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا باشلانغان تۇنجى كۈنۈم مانا مۇشۇنداق تەسىرلىك ئۆتتى. مۇئەللىم مېنى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەرگە باشلاپ كىرىپ، ئالىملارغا تونۇشتۇردى ۋە ئاخىرىدا مەن تەقسىم قىلىنغان «شەرق ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخى تەتقىقات بۆلۈمى»گە باشلاپ كىرىپ، باشقا ئالىملارغا تونۇشتۇردى. بۇ يەردە مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى تېمىلىرى ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان بىر قانچە ئالىم بار ئىدى. ئۇلار مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ھەممىسى ئەڭ تاتلىق سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇرمىللىتى توغرىسىدا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشتى. بىز كۆپ پاراڭلاشتۇق. چۈشتىن كېيىن ۋاسىلىيېف مېنى پىكاپتا موسكۋا شەھىرىنى ئايلاندۇردى. . . ھە، مانا بۇ، «ماكسىم گوركىي باغچىسى»، مانا بۇ، موسكۋادىكى ئەڭ چوڭ كوچا «ماكسىم گوركىي كوچىسى»، مانا بۇ ماياكوۋسكىي ھەيكىلى. . .

ئۇستاز يول بويى ھەربىر كوچا ھەتتا ھەربىر ھەيۋەتلىك بىناغىچە تونۇشتۇرۇپ ماڭدى. موسكۋا كوچىلىرى ھەقىقەتەن رەتلىك، ھەممە ئورۇن ئۆز رېتى بويىچە ئورۇنلاشقان. ماگىزىنلار ئاز بولۇپ، ئادەملەر رەتلىك، پاكىز كىيىنىشىپ، تېز-تېز قەدەملەر بىلەن مەغرۇرىيۇرۇشەتتى. كوچىدا ماشىنىلارنىڭ گۈركىرەشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ۋاڭ-چۇڭلار يوق، قىسقىسى كاۋاپچىلار، تاڭجاڭلار، زاسۇيىيەزلەر، پىچاق چاقلىغۇچىلارنىڭ ئالتاغىل ۋارقىراشلىرى، ماشىنىلارنىڭ قالايمىقان سىگناللىرى بۇيەردە مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە مەززىلىك تاماق پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان قاتار-قاتار ئاشخانىلاردىن قىلچە ئەسەر يوق بولۇپ، قورسىقىڭ ئاچسا ئۆيۈڭگە قايتىشتىن باشقا ئامال يوق. رۇسلارنىڭ بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋاقتى يوق بولسا كېرەك، قىسقىسى، ئۇلار قورساق تويغۇزۇدىغان جايلارنى كۆپلەپ قۇرۇشنى ئويلاشمىغانىدى. ئەكسىچە، بىز جۇڭگولۇقلار قورساقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغىنىمىز، قورساق ئۈچۈن ياشاپ، يەنىلا شۇقورساق غېمىدە بۇدۇنيادىن كېتىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىرىنچى بولۇپ شەھەرلەرنى ئاشخانىلاشتۇرۇشنى ئويلاشقان بولساق كېرەك. دېمىسىمۇ، موسكۋاغا كەلگەن ئۈچ كۈندىن بۇيان قىزىق بىر پىيالە چاي، ئىسسىق بىرتەخسە لەڭمەن، تۆت زىق كاۋاپ، ياكى بولمىسا تونۇردىن يېڭى سويۇلغان شىرمان نان بىلەن شورپىلىرى ئېقىپ تۇرغان سامسىلارنى بەك سېغىنىدىم. ئاشۇ تائاملىرىمىزغا زار بولدۇم. مەن بىلەن بېيجىڭدىن بىرگە چىققان ھەمراھلىرىممۇ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، ماڭا ئەپسۇسلۇق بىلەن قاراشماقتا. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، جاۋغايلىرى يېرىلىپ، گەز باغلاپ كەتكەن بولۇپ، توختىماي «تۆت تەخسە قورۇما»نىڭ گېپىنى قىلىشىپ، ئۆيلىرىنى ئەسلەشمەكتەئىدى.

ئۇستازىم چىرايىمغا قاراپ بىرنەرسىنى سەزدى بولغاي:

— ساقلىقىڭىز يوقمۇ- نېمە؟- دەپ سورىدى.

— ھە، -دېدىم مەن، - ئۈچ كۈن بولدى، بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىۋاتىدۇ.

—بەلكىم ھاۋا ماسلاشمىدى بولغاي، كۆنۈپ قالىسىز، - دېدى ئۇسۆزىنى داۋاملاشتۇرغاچ پىكاپىنى بۇراپ. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن كونا بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە: - ئۆيگە مەرھەمەت، سىزنى چايغا تەكلىپ قىلىمەن، - دېدى.

بىز ئۆيگە كىردۇق. بۇ، ھاياتىمدا كۆرگەن تۇنجى رۇس كىشىنىڭ ئۆيى ئىدى. رۇس ئۆيلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن چوڭ پەرق قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ۋاسىلىيېف كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۆيۈمدە قورۇنماي چاي ئىچىشىڭىز ۋە تاماق يېيىشىڭىزنى سورايمەن، چۈنكى بىز توڭگۇز گۆشى ئىشلەتمەيمىز، - دېدى ئەسكەرتىپ.

شۇنداق قىلىپ، موسكۋاغا كېلىپ تۇنجى قېتىملىق ئىسسىق چاي بىلەن ئىسسىق تاماق (كالاگۆشى بىلەن ياڭيۇ) نى مۇئەللىمىمنىڭ ئۆيىدە يېيىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. جىسمىمغا قايتىدىن كۈچ كىرگەندەك بولدى. قورساق تويغۇزغاندىن كېيىن بىز يەنە سىرتنى ئايلىنىش قارارىغا كەلدۇق. مانا ئەمدى شەھەر مەنزىرىسى باشقىچىرەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. خېلىلا روھلىنىپ قالدىم.

ۋاسىلىيېف موسكۋا شەھىرىنىڭ تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەچ قوشۇمچە قىلىپ:

— قەشقەرنىڭ تارىخى موسكۋانىڭ تارىخىدىن 1000يىللار ئۇزۇن. بىز رۇسلار ياكى سلاۋيانلار موسكۋا شەھىرىنى بەرپا قىلىپ، ئەمدىلا ئورمان ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سلاۋيان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ۋاقتىمىزدا سىلەرئۇيغۇرلار ئاللىقاچان شەھەرلىشىپ بولغان، شانلىق يۇقىرى مەدەنىيەت ھاياتىدا ئىدىڭلار،- دېدى. ئۇيەنە قوشۇمچە قىلىپ:- مەشھۇر كلاسسىك رۇس تۈركولوگلىرىدىن ۋ. رادلوف: «ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر جۈملىسىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە باشلامچىلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن ئەڭ قەدىمكى، كۆپ سانلىق تۈركىي خەلق ئىدى» دېگەن. مەشھۇر رۇس ئالىمى س. مالوفمۇ: «ئۇيغۇرلارقەدىمكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان شەھەر ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى» دېسە،

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكىلىق مەشھۇر رۇس شەرقشۇناس گ. ۋېرسادسكىي: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى رولى سىياسىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەردە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانىدى. ئۇلار جۇڭگودىن تاكى كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلاردىكى سودا يولىنى كونترول قىلىپ، جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ھىندى-ياۋروپا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆپلىگەن مۇناسىۋەتلەردە ۋاستىچىلىك رول ئوينىدى» دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. ئەگەر ھازىر دۇنيادىكى 40 نەچچە دۆلەتتە ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىۋاتقان ۋە ئالدىنقى ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلغان شەرقشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى خۇلاسىلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ ئولتۇرساق گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. قىسقىسى، سىلەر ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇلۇغ خەلق. بۇ، تارىخىي ۋە ئىلمىي يەكۈن. ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى ھالىتىڭلارنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. قىسقىسى، سىلەر يەنىلا ئۆز تىرىشچانلىقىڭلارغا تايىنىپ ياشاۋاتىسىلەر. كېلەچەكنىڭ سىلەردە بولۇش-بولماسلىقى پەقەت ئۆزۈڭلارگىلا باغلىق، - دېدى.

كەچكى ۋاننا ماڭا شۇنچىلىك ياقتىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇئەۋزەل شارائىتىدىن بەھوزۇر ھوزۇرلاندىم. شۇنى قوشۇمچە قىلماي بولمايدۇكى، مەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغان كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئۆزگىچىلىكلىرىنى كۆردۈم. قىسقىسى، ھەر قانداق ئۆيدە، مەيلى چەت يېزا-قىشلاق بولسۇن ياكى شەھەردە بولسۇن، كېچە-كۈندۈز ئىسسىق سۇ تەييار تۇرىدۇ. ئېلېكتر، گاز، ئىسسىق سۇ بۇيەردىكى ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش ۋاستىلىرى ھېسابلىنىدۇ. تۇرمۇش ۋاستىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئېلېكترلەشتۈرۈلگەن ۋە ماتورلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ شەخسىي پىكاپى ياكى موتسىكلىتى بار. توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور ۋە باشقا ئېلېكتر بۇيۇملىرى ئەڭ چەت يېزا-قىشلاقلارغىچە ئومۇملىشىپ بولغان. كىشىلەر ھەر كۈنى ئەتىگىنى - ئاخشىمى ئۆز ئۆيىدىكى ۋاننىلىرىدا نەچچە ۋاق يۇيۇنۇپ، پاكىز دەزماللانغان كىيىملەرنى كىيىشىپ، خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى چېچىشىپ يۈرۈشىدۇ. كەچلىرى ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى - ئەرلىرى چوقۇم كاستيۇم-بۇرۇلكىلىرىنى، ئاياللىرى ئۆزى خالىغان يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ تىياتىرخانىلارغا بېرىشىدۇ. ئادەملەرنىڭ تىياتىرخانىلاردا ئولتۇرۇشلىرىغا قارىسىڭىز شۇنچىلىك مەستلىكىڭىز كېلىدۇ. ئۇلار قالايمىقان ۋارقىراشمايدۇ، ئۆزئارا كۇسۇلداشمايدۇ، ھەممە كىشى جىمجىت ئولتۇرۇپ، دىققەت بىلەن كونسېرتلاردىن ھوزۇرلىنىدۇ. زوررۇر تېپىلغاندا چاۋاك چالىدۇ ۋە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خالىغان ئارتىسقا گۈل تەقدىم قىلىدۇ (ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ تەقدىم قىلىدىغىنى بىزنىڭكىدەك سۇنئىي گۈل ئەمەس). ئۇلارنىڭ كىنو-تىياتىرخانىلىرىنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئەگەر قىش كۈنلىرى بولسا، سىز تاشقىرىقى ئىشىكتىن كىرىپلا بىرىنچى بولۇپ پەلتويىڭىزنى سېلىپ، باش كىيىمىڭىزنى ئېلىپ گاردىروپكا (كىيىم ساقلايدىغان جاي) غا تاپشۇرىسىز-دە، پوپايكا ياكى كاستيۇم-بۇرۇلكىڭىز بىلەنلا ئولتۇرۇپ تىياتىر كۆرىسىز. بىز تەرەپتە بولسا تامامەن باشقىچە، تىياتىرغا بارغاندا ياسىنىشقا ئانچە دىققەت قىلمايدۇ. تىياتىرخانىدا ئەرلەر ئاشۇ سىرتتا كىيىپ يۈرۈدىغان شىلەپىلىرى بىلەن، ھەتتا قولاقچىلىرىنى كىيىپ، پەلتولىرىغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئەلۋەتتە مەن بۇنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى ئۈرۈمچى تىياتىرخانىلىرى، رېستورانلىرى، جامائەت سورۇنلىرى، ھەتتا ئىدارە-ئورگانلار، مەكتەپلەردە بىردەك ھالدا گاردىروپكا تەسىس قىلىنمىغان. يېڭىلىشمىسام، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40-، 50-يىللىرىدا بىزدە بۇ مەدەنىيەت بارئىدى. ئۇيغۇرلىرىمىز ياۋروپا يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ (سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە ۋە باشقىلار ئارقىلىق) تەسىرىنى ئاللىقاچان قوبۇل قىلىپ، ئاياللىرىمىز ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيالارنى كىيىپ، چاچلىرىنى بانتلاپ، ئەرلىرىمىز كاستيۇم-بۇرۇلكىلارنى كىيىپ، چاچلىرىنى مايلاپ ياكى دوپپىلىرىنى ياراشتۇرۇپ كىيىشىپ لېرىك ۋالىس كۈيىگە پىرقىرىشاتتى. دېمەكچىمەنكى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان شۇنداقلا ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئىگە خەلق بولغاچقا، ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ھەرقانداق مەدەنىيەت شامالّلىرىغا يەنىلا ئېرەنسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلسا كېرەك. يەنە بىرياقتىن، بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىمىزغا ۋە مىللىي پىسخىكىمىزغا باغلىق بولۇپ، ياۋروپالىقلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ئۇيغۇرلار غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلالايدىكەن ھەم شۇنىڭغا پىسخىكا جەھەتتىن يېقىنلىقى بار خەلق ئىكەن.

دېمىسىمۇ، 80-يىللاردا جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشى بىلەن ئۆزئارا بېرىپ-كېلىش باشلانغاندىن كېيىن، ياۋروپا مەدەنىيىتى (ئەلۋەتتە مەن بۇ يەردە نوقۇل ھالدا مەدەنىيەتنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆزدە تۇتىمەن) ئالدى بىلەن غۇلجا، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا قايتا نامايەن بولدى. ئۇيغۇر بوۋاي-مومايلىرى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شەكىللەنگەن ياۋروپا مودىسىدىكى كىيىملىرىنى بىراقلا 70-، 80-يىللارنىڭ ياۋروپا پاسونىغا ئۆزگەرتتى. ئۇيغۇر قىز-يىگىتلىرى، ئوتتۇرا ياشلىقلىرى سوۋېت پەلتولىرى، ئۆتۈكلىرى، كاستيۇم-بۇرۇلكىلىرىنى كىيىشىپ، بىر مەھەل كىيىم-كېچەكتە ياۋروپالىشىش دولقۇنى قوزغىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ماگىزىنلىرى سوۋېت ماللىرى بىلەن تولدى. ھەممە ياقتا ئۆزبېكچە، تۈركچە، روسچە، ھەتتا ئېنگلىزچە ناخشىلار ياڭرىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئاتالمىش سوۋېت ماللىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا گېرمانىيە، فرانسىيە، چېخ، رومىنىيە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ماللىرى ھەم ئۇلارنىڭ يېڭى-يېڭى پاسونلىرى ئىدى.

ئۆخلىماقچى بولۇپ يېشىندىم. لېكىن مېڭەمدىن خىياللار ھېچ كەتمەيتتى. ئەكسىچە، خىياللار تېخىمۇ كۆپىيىشكە، تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىشكە باشلىدى...

## ئاڭلانماس ئاۋازلار

ھەربىر مىنۇتنى ساناپ يۈرۈپ دېگۈدەك بىرىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىنى تۈگەتتىم. ئەمدى موسكۋا مەن ئۈچۈن تونۇشلۇق بىر شەھەرگە ئايلاندى. مۇئەللىم مېنى پىكاپ بىلەن ئايلاندۇرغان ئاشۇ كوچىلارنى ئۆز ئاياغلىرىم بىلەن تەنھا ئارىلىدىم. بۇ يەرگە خاس ياشاش ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم. ئۇزۇن ئۆچىرەتلەردە سەۋرچانلىق بىلەن كىتاب ئوقۇغاچ نۆۋەت كۈتۈشكىمۇ كۆنۈپ قالدىم. بەلكىم روسلار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئۆز نۆۋىتىنى كۈتۈش سەۋرچانلىقى جەھەتتە دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان خەلق بولسا كېرەك. روسلارنىڭ تەشكىلچانلىقى يۇقىرى خەلق، ئۇلارنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. سىز موسكۋا كوچىلىرى، ماگىزىنلىرى ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك ئۇزۇن-ئۇزۇن ئۆچىرەتلەر توپىنى ئۇچرىتىسىز. ئۆچىرەتتە تۇرغاندا ئەگەر كىمكى ئۆز نۆۋىتىنى باشقىلارغا دەپ قويماي كېتىپ قېلىپ، كېيىن قېتىلىۋالىمەن دېسە ۋە ياكى خالىغانچە قىستىلىپ كىرىمەن دېسە دۇپدۇگىلەك، سىپمىز روس مومايلىرىنىڭ تىل-ھاقارىتىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا ھەممە ئۆز نۆۋىتىنى چىڭ قوغدايدۇ. ئۇلارنى تەشكىللەش كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاقىت قارىشى شۇنچىلىك كۈچلۈككى، پۈتۈشۈپ قويغان ۋاقىتقا چوقۇم بىر مىنۇتمۇ كېچىكمەي ئۈلگۈرۈش شەرت. بىزلەردەك «سائەت مانچىدە» دەپ پۈتۈشسە «ئانچىدە» سوزۇلۇپ كېلىدىغان، قىسقىسى، كېلىشىۋالغان پەيتكە كېچىكىدىغان ئىشلار ئۇلاردا مەۋجۇد ئەمەس. بىزدە تەشكىلچانلىقمۇ يوق. ئىختىيارى تەشكىلچانلىقىمىز پەقەت ھەر ھېيت نامىزى كۈنىلا تولۇق ئايان بولىدۇ. ئەگەر ھەممە ئۇيغۇر ئادەتتىكى كۈنلىرىمۇ ئاشۇ ھېيت نامىزى، بولۇپمۇ قۇربان ھېيت نامىزى كۈنى نامازغا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ۋە ئالدىرىغان چاغدىكىدەك ھېسسىياتتا بولسا ئىدى كاشكى، بىزدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، چېچىلاڭغۇلۇق تۈگىگەن بولار ئىدى. ئەگەر ئاشۇ ھەر ھېيت نامىزىدىن يانغان چاغدىكىدەك ئۆزئارا تونۇشمايدىغانلارمۇ بىر-بىرىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۆزئارا ئاللادىن خاتىرجەملىك تىلەشكەندەك باشقا كۈنلەردىمۇ بىر-بىرىمىزگە شۇنداق دوستانە، سەمىمىي تىلەكلەرنى تىلەشسەكمۇ كاشكى، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولار ئىدى. قىسقىسى، بىز چېچىلاڭغۇلۇقىمىز، ئىتتىپاقسىزلىقىمىز، ھەسەتخورلۇقىمىز تۈپەيلى ھەر قاچان ئۆزىمىزنى گۈللەندۈرۈش، دۇنياغا تونۇتۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك بىر ئىدىيە، بىر مەقسەت ئۈچۈن تەشكىللىنەلمىدۇق. مېنىڭچە، تەشكىلچانلىقى ۋە ئۇيۇشقاقلىقى يوق خەلقتە ئىستىقبالمۇ بولمايدۇ. بۈگۈن ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان، ئاقسۇ، خوتەن كوچىلىرىدا چىرايىمىزدىن توپا ياغقان، ئوبرازىمىز خۇنۇكلەشكەن، قاتۇرۇپ كىيىۋالغان كاستۇم-بۇرۇلكىلىرىمىزدىن يەنىلا ئەسكى جەندە پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان شۇ ئېتىبارسىز ھالەتلىرىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەنە شۇ قەيت قىلىنغان تەرەپلەردىن بولغان بولسا كېرەك.

روسىيەدە ئاسپىرانتۇرا تۇرمۇشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئاسپىرانتلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا يېقىن دوستلۇق، مېھرىبانلىق ئالاھىدە گەۋدىلىك ئەھۋال. ھەر كۈنى كەچتە ھەممە ئاسپىرانتلار كۇتۇپخانىلار ۋە ئىش ئورۇنلىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر-بىرىنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ چاي ئىچكەچ پاراڭ سوقۇشىدۇ. بەزىدە بۇ سۆھبەتلەر قىزغىن ئىلمىي مۇنازىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ قىز ئاسپىرانتلار مۇنازىرىگە تېخىمۇ ئامراق كېلىدۇ. ئۇلار گۈزەل-لاتاپەتلىك ۋە قائىدە-يوسۇنلۇق، شۇنداقلا جەلپ قىلارلىق بولۇپ، سانىمۇ كۆپ، ئىلمىي سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى. ئۇلار ھامان دادىللىق بىلەن ئۆز پىكرىنى، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن ئۇلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى، ئايال كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىشلىرى، يەنى ئۆي ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلارنىڭ (بۇ يەردە تەپسىلىي توختىلىپ ئولتۇرمايمەن) ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقارمايدۇ. قىسقىسى، ئۇلار ياخشى بىر ئالىم، ياخشى بىر ئانا ھەم ياخشى بىر رەپىقە بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار كۆپ ئوقۇيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىق روھى ئەرلەرنىڭكىدىنمۇ ئۈستۈن. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى ئاياللار تەشكىل قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە قىزلىرىمىزنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. بىزنىڭ قىزلىرىمىزمۇ مەيلى ئەقىل - پاراسەت، گۈزەللىك ۋە ئەخلاق-پەزىلەتتە بولسۇن، دۇنيادىكى ھېچقانداق قىزلاردىن قېلىشمايدۇ.

ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆتكەنلىكى كوچىلار، ئۇلار دەسسىگەنلىكى تۇپراق، ھوزۇرلانغان مەنزىرىلەر ۋە چاچلىرىنى يۇيۇپ-تارىغان دەريا-كۆللەر، قىسقىسى، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قەدىمى تەگكەن ھەرقانداق يەردىن مەڭگۈ مۇھەببەت ۋە باھارھىدى پۇراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مەن ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە مۇنداق خاسىيەتلىك قىزلىرىمىزنى ئاسراشنى، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى، ھالىغا يېتىشنى، ئۇلارنىڭ قەدرىنى، ھۆرمىتىنى كۆتۈرۈشكە ھەرقاچان تەييار تۇرۇشنى تىلەيمەن. ئۇيغۇر قىزلىرى بىزنىڭ سىڭىللىرىمىز، ھەدىلىرىمىز ھەم ئانىمىز. ئۇلارنىڭ ھاياتتا خورلىنىپ، بىزلەرگە نەپرەت، سەسكىنىش، يىرگىنىچ بىلەن قارىشىنى كۆرۈپ تۇرۇش نېمىدېگەن ئازابلىق ئىش-ھە؟! شۇڭا مەن دوستلىرىمغا مىللەتنىڭ ئانىسى بولغان ئۇيغۇر قىزلىرىمىز ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىزنى دەڭسەپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

گېپىمىزگە كەلسەك، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ياتاقخانىلىرىدىكى ئاسپىرانتلار ئارىسىدىكى

بۇ قىزغىن مۇنازىرىلەر دائىم دىگۇدەك كۆلكە-چاقچاقلارغا ئايلىنىپ، نەچچىلىگەن شامپانىسكى - ۋىنولارنىڭ قۇرۇقدىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئارقىدىن ئۇدارلىرى كۈچلۈك دىسكو مۇزىكىسىنىڭ دولقۇنلىرىغا جۆر بولۇپ، ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن دىسكوغا چۈشىدۇ. چارچىغاندىن كىيىن بولسا رومانتىك، يىنىك مۇزىكىلار قويۇلۇپ، تىنچ تانسا ئوينىلىدۇ. قىسقىسى، بىزدىكىدەك سىپىق، ئاچچىق60گرادۇسلۇق ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، بىرى چاقچاق قىلسا كۆلدۈم دەپ تۈكىنى ئارتقان ئۆچكىدەك سەت مەرەيدىغان، ئارقىدىن ھۆ-ھۆدەپ قۇسىدىغان، ھاراقنى زورلايدىغان قىلىقلار بۇ يەردە مەۋجۇد ئەمەس. سابىق سوۋىت ئىتتىپاقى بويىچە ئەڭ ئالىي ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى بولغان بۇ ئاكادىمىيىنىڭ ئىشىكى ھەممە مىللەت ئۈچۈن داغدام ئىچىۋىتىلگەن. بۇ يەردە ھەرقايسى سابىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەردىن ئاسپىرانتلار، بىلىم ئاشۇرغۇچىلارشۇ يەرنىڭ يەرلىك مىللىتىنى ئاساس قىلىپ كۆپلەپ ئەۋەتىلىدۇ ياكى ئۆز ئىختىيارلىرى بويىچە ئىمتىھان بىرىپ كىرىدۇ. بۇ يەردە قازاق-قىرغىزلارنى، ئەزەربەيجان، تاجىك، موڭغۇل، تۈركمەن ۋە ئۆزبىكلەرنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يىتىشىپ چىققان نۇرغۇنلىغان دوكتور ۋە كاندىدات دوكتورلارئۆز جۇمھۇرىيەتلىرىدە ھەتتا سابىق سوۋىت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بەزىبىر تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سابىق سوۋىت ئىتتىپاقىدا سانى ئاز ھىسابلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 249مىڭ بولۇپ، سابىق سوۋىت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەت مەلۇماتى بويىچەپۈتكۈل ئىتتىپاقتىكى 130دەك مىللەتنىڭ ئىچىدە 60-ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلاردىمۇ ھازىرغىچە500دەك دوكتور ۋە كاندىدات دوكتور يىتىشىپ چىققان. ئەگەر بۇنى نوپۇس بويىچە سۇندۇرساق ھەر بەش-ئالتە يۈز ئۇيغۇرغا بىردوكتور ۋە ياكى بىركاندىدات دوكتور توغرا كىلىدۇ. پەقەت موسكۋا ۋە سانكىت-پىتىر-بورگنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا تەخمىنەن 80گە يىقىن ئۇيغۇر ئالىمى (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دوكتور، پروفىسسور ۋە دوتسىنت) ئىشلەيدۇ. مەسىلەن، موسكۋا ئۇنىۋىرسىتىتىنىڭ پروفىسسورى، فىزىكا پەنلىرى دوكتورى، موسكۋا ئۇنىۋىرسىتىتى ئاتوم-يادرو تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، دۇنياغا داڭلىق ئالىم ئالىكساندىر رەخىموف، روسىيە فىدىراتسىيىسى (سابىق سوۋىت ئىتتىپاقى) ئالەم بوشلۇقى تىخنىكىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ پروفىسسورى، تىخنىلوگىيە پەنلىرى دوكتورى، ئالەم كىمىلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ماشىنىسى مۇتەخەسسىسى ، ئاتاقلىق ئالىم تىلىمان كەرىمبايىف، سانكىت-پىتىربورگلىق مەشھۇر ئالىم، پروفىسسور، دوكتور دەمىر ئىسمائىلوف، جەمئىيەتشۇناس پروفىسسور، دوكتور ئابلەھەت قاھارۇف، موسكۋا دۆلەتلىك كونسىرۋاتورىيە-سىنىڭ پروفىسسورى، ئاتاقلىق دىرىژور ئەزىز دۇگاشىف ۋە باشقىلار. ھىلىمۇ ئىسىمدە، بىر كۈنى دەل ئەنەشۇنداق چايلارنىڭ بىرىدە، مىتىۋن قىلارلىق قارا كۆزلىرى ھەممىگە قىزىقىش ۋە مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان، ئىقتىسادشۇناس، ئۆزبىك قىزى χχ ماڭا:

- روسلار مەرد خەلق، سەن ئۇلار بىلەن چىقىشىشنى بىلسەڭ سەندىن ھىچنىمىسىنى ئايىمايدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىچى تارلىق قىلمايدۇ. ئىچىدە بىر ئادەمگە ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ. ئەگەر سىنىڭ قابىلىيىتىڭ بولسا سىنى ھىچنىمىدىن چەكلىمەيدۇ. لىكىن چوڭ ئىشلاردا ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايدۇ. ئۆزبىكىستاندا ھەر1000 ئادەم ئىچىدە 860 ئادەم ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن. قىرغىزىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستاندىمۇ بۇ سانلار ئانچە پەرق قىلمايدۇ. دىمەكچىمەنكى، بىزنىڭ مىللىي مائارىپىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى خىلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ئىلىم-پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاكادىمىك، دوكتور، كاندىدات دوكتورلىرى بار. ھازىر تىخىمۇ كۆپەيمەكتە. بىر ئۆزبىكىستاندىن ھەر يىلى تەخمىنەن 20 مىڭ ئەتراپىدا ئادەم موسكۋادىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ۋە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىدۇ، -دىدى. ئۇ، بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن مەغرۇرانە ئالامەتلەرنى ياغدۇرۇپ سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا قادالدى،

-ئۈنىڭىز ئىچىگە چۈشۈپ كەتتىغۇ؟ سىلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردىمۇ ئاكادىمىك، دوكتور، كاندىدات دوكتورلارمۇ بەك جىققۇ دەيمەن؟! سىلەر ئۇيغۇرلارمۇ بىيجىڭ، شاڭخەيلەرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ۋە ئالىي تەتقىقات مەركەزلىرىدە كۆپلەپ تەربىيە ئالامسىلەر، ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى خىلى كۆپمۇ ؟-دىدى.

مىنىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەن نىمىدەپ جاۋاپ بىرىشىمنى بىلەلمەي بوينۇلىرىمغىچە قىزىرىپ، ئۆز-ئۆزۈمگە ئۆكۈندۈم. . . قايسىدۇر بىر ماتىرىيالدىن كۆرگەن سانلىق مەلۇمات ئىسىمگە كەچتى. بىزدە ھەر 10مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەنلەرتۆت - بەش ئەتراپىدا. خەلقىمىزدە ساۋاتسىزلار كۆرمىڭ. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋەباشقا جايلاردا ھازىرمۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۇچرىتالايسىز. يىزىلاردىكى ئادەملىرىمىز دۇنيادىن بىخەۋەر، ئۇلار ئۆزىنىڭ تىخىچىلا ئاشۇ ئوتتۇرا ئەسىر تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرى بىلەن ياشىماقتا. . . مەن: «بىزدە ھازىر ئاز بولسىمۇ دوكتوردىن بىر نەچچىسى چىقتى. بىيجىڭ، شاڭخەيلەردە ئوقۇۋاتقانلار بولسا، كۈنسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ. ھەقىقەتەن شۇ ئۆزبىكىڭىزنىڭ بەختى بارئىكەن. ئاللا سىزلەرنى تىخىمۇ بەختلىك قىلغاي» دىمەكچى بولدۇمىيۇ، ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم ۋە گەپنىڭ تىمىسىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتىم. ئۇمۇ مىنىڭ نىيىتىمنى چۈشەندى بولغاي، مىنى ئارتۇقچە قىستىمىدى.

مەن موسكۋاغا كەلگەن دەسلەپكى كۈنلىرىمدە مۇئەللىم مىنى ئىنىستىتۇتتىكى ئالىملارغا

www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇرغاندا: «ئۇيغۇر ئاسپرانت» دېگەن ئىزاھاتنى بەرمەي قالمايتتى. مەن تونۇشقان بۇ ئالىملارمۇ ئەللىمىنىڭ تولۇقلىمىسىنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن قولۇمنى چىڭ سىقىپ، مېنى قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېنى «ئۇلۇغ مىللەتنىڭ پەرزەنتى» دەپ سۈپەتلىگەندە، مەن روسلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇرلارنى ياخشى بىلسە كېرەك، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئەپسۇسكى، ئىش مەن ئويلىغاندەك چىقمىدى. كېيىن مەن ھەرخىل سورۇنلاردا تونۇشۇپ قالغان ھەر خىل كەسىپ ۋە ھەر خىل تەبىقىگە تەۋە روسلارغا ئۆزۈمنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ دېگەن جايىدىن كەلگەنلىكىمنى ئېيتسام، ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن: «سىز جۇڭگولۇقلارغا ھېچ ئوخشىمايدىكەنسىز، ئاتا-بوۋاڭلار جۇڭگوغا قاچان بېرىپ قالغانىكەن؟» دېگەندەك بىمەنە سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ئېيتسام، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ سوئاللارنى قويۇشتى. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغان ئادەملەرنى بەكلا ئاز ئۇچراتتىم. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى يىراق شەرق ۋە ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ياكى خىزمەت قىلغانلار ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلارنى ۋە مۇشۇنداق بىر مىللەتنىڭ يەر يۈزىدە بارلىقىنى بىلىدىغان بىرەر ئادەمنى ئۇچراتسام، قەۋەتلا ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم. بولۇپمۇ بۇ يەردىكى ياشلار «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەتنىڭ يەرشارىدا بار-يوقلىقىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئۇيغۇر دېگەن نېمە ئۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى بېرىپمۇ قوياتتى. ھەتتا مەن بىلەن بىرگە ئوقۇۋاتقان ئاسپرانتلار ئىچىدە موڭغۇل ۋە ئافغانلاردىن باشقىلىرى «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە مەن ياتىقىمغا دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى ئېسىپ قويدۇم ۋە ئۈرۈمچىدىن شىنجاڭغا، ئۇيغۇرغا ئائىت ھەر خىل رەسىملىك ماتېرىياللارنى ئەكەلدۈردۈم. خىيالىمدا، ياتىقىمغا بىرەر مېھمان كىرىپ قالسا، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ساۋاتقا ئىگە بولسۇن، ھېچبولمىغاندا نوپۇسى 8 مىليون، دۇنيادىكى 2000 مىللەت ئىچىدە نوپۇسى جەھەتتە 94-ئورۇندا تۇرىدىغان، قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەت ھېسابلانغان بۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئازراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ قالسۇن ، ئەڭ بولمىغاندا بۇ مىللەتنىڭ نامىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ قالسۇن، دېگەن ئويغا كەلدىم. 90-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رومىنىيە، بولغارىيە، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئايلاندىم، ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئۇيغۇر دېگەننى پەقەتلا بىلمەيدىكەن. دېمەك، غەربىي ياۋروپا، ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى قاتارلىق جايلارغا بارساڭ بىزنى بىلمەيدىغانلار تېخىمۇ كۆپ. مەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، بۇ يەرگە كەلمىگەن بولسام، مەنمۇ ئەشۇ ئۇيغۇر قېرىنداشلاردەك: «بىز ئۇيغۇرلارنى پۈتكۈل دۇنيا بىلىدۇ، دۇنيادا بىزدەك ئۇلۇغ خەلق يوق» دەپ مەيدەمگە مۇشتلاپ ، كېرىلىپ يۈرۈۋەرگەن بولاتتىم. ھازىر شۇنداق ئويلايمەنكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇلۇغ خەلق، پەخىرلەنگۈچىلىكىمىز بار. لېكىن بىز دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن مۇزىكا ئورۇپپىسى بولغان «12 مۇقام» نى بولۇشىچە ياڭرىتىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قەدىمكى گۈزەل سەنئەت غارلىرى بولغان مىڭئۆيلىرىمىزگە كىرىپ ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، دۇنيا بويىچە بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا كۆپ ئادەم ئوينايدىغان «ساما» ئۇسسۇلىمىزنى قەشقەر ھېيتگاھىمىزنىڭ ئالدىدا تازا كۆچەپ، ئەسەبىيلەرچە ئوينىساقمۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى «ئىدىقۇت شەھىرى» نىڭ ئەڭ ئېگىز خارابە مۇنارىسى ئۈستىگە چىقىپ، ئۆزۈملىرىمىزنى يېگەچ يىراقلارغا كېرىلىپ نەزەر سالساقمۇ، ئۈرۈمچىدىكى «قىزىلتاغ» مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، يىراقلارغا : «مەن پالانچى، بىزنىڭ مەھمۇد قەشقەرىي ، يۈسۈپ خاس ھاجىپىمىز، پەخىرلەنگۈدەك پالانى، پوكۇنىلىرىمىز بار...» دەپ جارسالساقمۇ، جاھان ئەھلى بىزگە: «سەن كىم؟» دېگەن سوئالنى بېرىۋېرىدۇ...

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مانا موسكۋادا بەش يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئەمدى ماڭا موسكۋانىڭ ھېچنېمىسى يات ئەمەس. بۇ يىللاردا ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولدۇم. لېنىننىڭ قاتۇرۇلغان دىدارىنى كۆردۈم. قىزىل مەيداندا تۇرۇپ، كرېمل سارىيىنىڭ ئەڭ ئېگىز مۇنارىسى ئۈستىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل بايرىقىنىڭ بىرپاي ئوقسىز قانداق چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. س س س رنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى زۇڭتۇڭى مىخائىل گورباچېفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلانغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنىڭ تاماملانغانلىقى توغرىسىدىكى ئاخىرقى نۇتقىنى ئاڭلىدىم. قىسقىسى، مەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىپ، ئۆزگەرگەن روسىيە فېدېراتسىيىسىدە قالدىم. ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم: قېنى، تارىختىكى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى؟ قېنى، ئەجدادلىرىمىز قۇرغان ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى؟ قېنى، شۇ ئالېكساندىر ماكېدونسكىينىڭ قۇرغان ئىمپېرىيىسى؟ قېنى شۇ قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسى؟... دېمەك، تارىخ چوقۇم ئۆز تەرەققىيات يولى بويىچە ماڭىدۇ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ، ئەمما ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلىشى مۇمكىن، خالاس. مەن كۆرگەن شۇنچە قۇدرەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقى ھېچبىر شەپىسىزلا دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى. بۇنى كىم قىلدى، بۇنىڭغا كىم ئەيىبلىك؟ مېنىڭچە، بۇنىڭغا ھېچكىم ئەيىبلىك ئەمەس، بەلكى بۇ ئىنسانىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئادىل ھۆكمى. بۇنداق ھۆكۈمدىن ھېچقانداق كۈچ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، تارىخ رەھىمسىز ۋە ئەڭ ئادىل سوتچىدۇر. مەن بۇ قىممەتلىك بەش يىلدا 2-قېتىملىق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. گەرچە 1917-يىلىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ قىشلىق سارايغا قانداق ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، لېكىن

www.uyghurkitap.com

1993-يىلى 4-ئۆكتەبىردە توپ ئوقلىرىنىڭ ئاق سارايغا قانداق تەگكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئادەملەرنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ۋە كۆردۈم. بۇ، ھەقىقەتەن بىر دەھشەتلىك مەنزىرە ئىدى.

مانا يەنە بىر سوۋغا — 1995-يىلى 9-ماي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 50 يىللىق خاتىرە كۈنى. سوۋېت تارىخىدا مۇنداق كاتتا بايرام پەقەت ئىككى قېتىم بولغان. بىرىنچىسى، 1945-يىلى 9-ماي، ئىككىنچىسى مانا بۇ يىل. موسكۋا كوچىسىدا قاينام-تاشقىنلىق بايرام كەيپىياتىنى موسكۋالىقلار بىلەن بىرگە سۈردۈم. بۇ كۈنى كوممۇنىستلارنىڭ، دېموكراتلارنىڭ ئادەملىرى يول-يولدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ھازىرقى روسسىيە دۆلەت تۈزۈمىگە بولغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. يەنىلا ھەممەياقتا «ھۇررا، ھۇررا» دېگەن سادالار ئاڭلىناتتى. بۇ بەئەينى يېڭى ئىنقىلابقا ئوخشايتتى. بۇ كۈنى كوچىلارغا ھازىر روسسىيەدە مەۋجۇد بولغان ھەممە پارتىيە-گۇرۇھلار ئۆزلىرىنىڭ پىلاكاتلىرىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، ئۇلار ھەرخىل گېزىت، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتاتتى. بۇنىڭغا قاراپ روسلار سىياسىي قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى خەلق ئوخشايدۇ دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە، سانسىزلىغان تاماشىبىنلار سىياسەت بىلەن قىلچە كارى بولماستىن، سەيلە قىلىشاتتى، ئارتىسلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرەتتى. كۈلكىلىك يېرى شۇكى، سىياسىي نۇتۇق ئاڭلاشنى خالىماي، ئارتىسلارنىڭ سىياسىي تۈس ئالغان ناخشىلىرىنى ئاڭلايتتى. بۇ كۈنى قىزىل مەيداندا ۋە «ھۆرمەت بىلدۈرۈش تېغى»دا ھەيۋەتلىك پارات ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭغا 40 نەچچە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. مەن يەنىلا ئۆزۈم يالغۇز بايرام كەيپىنى سۈردۈم. ئويلىدىمكى، ھېچكىممۇ مۇشۇ مىڭلىغان مېھمانلار ئارىسىدا بىر ئۇيغۇرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغاندۇ، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەندۇ. بىرەرى سوراپ قالسا ئۇنىڭغا: «مەن ئۇيغۇر» دېسەم، تايىنلىق ھەيران قالار، بەلكى «سېنىڭ نېمەڭ قايسى فرونتتا ئۆلۈپتىكەن» دەپ ئادەتتىكىدەك سوئال قويار، بەلكى يەنە شۇ ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشەندۈرۈپ قىيىنىلارمەن. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىغا 200 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر قاتنىشىپ، يېرىمى دېگۈدەك جەڭدە قۇربان بولغان. ئۇيغۇر يىگىتلىرى موسكۋا، لېنىنگراد (سانكت-پېتېربورگ)، كىيېف، ستالىنگراد، مىنىسكىي، ئودېسسا قاتارلىق كۆپلىگەن چوڭ شەھەرلەردىكى دەھشەتلىك جەڭلەردە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى گېرمان فاشىستلىرىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. ھەتتا ئۇلار بېرلىن، كراكوۋ، ۋارشاۋا، بۇداپېشت، بۇخارىست، پىراگا قاتارلىق نۇرغۇن ياۋروپا شەھەرلىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، تىللاردا داستان بولغىدەك مەردلىكلەرنى كۆرسەتكەن. نۇرغۇن ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ جەسەتلىرى ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ جەڭ خارابىلىرى ئارىسىدا تاشلىنىپ قالغان. ھازىرمۇ شۇ شەھەرلەرگە بارساڭ كۆڭلۈڭدە بىرخىل ئاجايىپ ئىللىق سەزگۈلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ بەلكى ئەشۇ يىگىتلەرنىڭ ئاققان ئىسسىق قانلىرىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. بۇ ئۇرۇشتا ئاز نوپۇسلۇق ئۇيغۇرلاردىن ئۈچ نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى، بىر نەپەر پولشا جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى ۋە بىر نەپەر قازاقىستان خەلق قەھرىمانى چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا، لېنىن ئوردېنى، قىزىل يۇلتۇز ۋە باشقا يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوردېن-مېداللارغا ئېرىشكەنلەر ناھايىتى نۇرغۇن. ھەتتا كۆپلىگەن ئۇيغۇر يىگىتلىرى 1945-يىلى ئاۋغۇستتا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىدە شەرقىي شىمالغا كېلىپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ياپون فاشىستلىرىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزغان ئەمەسمۇ؟ كىم بىلىدۇ، شەرقىي شىمالنىڭ بىپايان زېمىنىدا نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ جەسەتلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندۇ؟!

## بايقال سۈيى

1990-يىلى ئىيۇندا يازلىق تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئانا ۋەتىنىمگە قاراپ يولغا چىقتىم. مەن بۇ سەپەردە موسكۋا-بېيجىڭ تۆمۈر يولىنى تاللىۋالدىم. 1990-يىلى 16-ئىيۇن كەچتە موسكۋانىڭ يارۇسلاۋسكىي ۋوگزالىدىن چىققان پويىز شەرققە قاراپ ئۆز سەپىرىنى داۋام قىلدى. بىر ئۇخلاپ ئويغانسام، پويىز يېشىل ۋادىلارنى ئارىلاپ تېزسۈرئەت بىلەن كېتىۋېتىپتۇ. دېرىزىدىن ئەتراپقا نەزەر سالدىم. شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىنىڭ مەخمەلدەك يېشىل ۋادىلىرى، ئورمانلىرى، دەريالىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان بۇ پويىز دېرىزىسىدىن ئەتراپقا قاراش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى.

كۆز ئالدىمدا تېز-تېز غايىب بولۇپ، ئۆز ئارا ئالمىشىپ تۇرغان سۈرەت كەبى گۈزەل مەنزىرىلەر، دېرىزىدىن ئۇرۇلۇپ كىرىۋاتقان ئەتىگەنلىك نەمخۇش — ساپ ھاۋا مېنى پەپلەپ قايتىدىن شېرىن ئۇيقۇ قوينىغا ئېلىپ كەتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن، پويىزنىڭ سىلكىنىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام سەپەرداشلار — بىر پولەك، بىر ھونگىر، بىر بومباساقاللىق قېرى روس (تۆمۈريول خادىمى) سىرتقا مېڭىۋېتىپتۇ. ياش ھونگىر سەپەردىشىم ماڭا ئىستانسىغا كەلگەنلىكىمىزنى، پويىزنىڭ 15مىنۇت توختايدىغانلىقىنى ئېيتتى. پويىزدىن چۈشۈپ ئۇياق-بۇياققا يۈرۈپ، بىردەم ھەرىكەتلەندىم. بىردەمدىن كېيىن پويىز يەنە قوزغالدى. مەن پويىز رېستورانىغا كىرىپ ئەتىگەنلىك ناشتا قىلدىم، ئاندىن ۋاگونغا كىرىپ جايىمنى تېپىپ ئولتۇردۇم. قارىسام بومباساقاللىق روس ۋوتكىسىنى تىكلەپ قويۇپ، قارا ئارپا نېنىنى كېسىپ، ئۇنىڭغا سېرىق ماي بىلەن ئاق ماي سۈركەپ يەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا بىر ئىستاكانغا ۋوتكا قۇيۇپ ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنى گۈپپىدە

كۆتۈرۈۋەتتىم. قېرى رۇس مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ، ئاغزىمغا ئۆز قولى بىلەن ھېلىقى زاكۇسكىلىرىدىن سېلىپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن ھونگىر بىلەن پولەك پەيدا بولدى. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ، سومكىلىرىدىن بىردىن بوتۇلكا چىقاردى. شىرە ئۈستىدە ھەش-پەش دېگۈچە ھونگىر ۋىنوسى بىلەن پولەك ۋوتكىسى پەيدا بولدى. مەنمۇ سومكامدىن ئۈرۈمچىگە ئەكېتىپ دوستلارغا خاتىرە قىلاي، دەپ ئېلىۋالغان رۇس ۋوتكىسىنى چىقاردىم. بىردەمدىلا شىرە ھەرخىل زاكۇسكىلار بىلەن توشتى.

شۇنداق قىلىپ، سەپىرىمىزنىڭ ئىككىنچى كۈنى باشلاندى.

قېرى رۇس تولىمۇ قىزىق ئادەم ئىدى. ئۇ ئەسلى دون كازاكلىرىدىن بولۇپ، ئۇلان ئۇدە شەھىرىدىكى تۆمۈريول ئىدارىسىدا خىزمەت قىلىدىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئۇكرائىنىيىگە بېرىپ، موسكۋا ئارقىلىق ئۆيىگە قايتىش سەپىرى ئىكەن. ھونگىر بوداپېشتلىق ئىشچى بولۇپ، ئاتپوسكا ئېلىپ موڭغۇلىيىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېتىۋېتىپتۇ. ئۇ، رۇس تىلىدا يامان ئەمەس سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، موڭغۇلىيىدە قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان ھونلار ياشاپتۇدەك. ئۇ شۇ ئانا تۇپراقنى كىچىكىدىن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان بولۇپ، مانا بۈگۈن شۇ جايغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. پولەك كىشى سودىگەر بولۇپ، جۇڭگودىن مال ئېلىپ، ئۇنى موسكۋا ئارقىلىق پولشاغا يۆتكەپ ساتىدىكەن. بۇ ئۇنىڭ جۇڭگوغا ئونىنچى قېتىم بېرىشى ئىكەن.

بىز بىر ياقتىن ئىچكەچ پاراڭلىشىپ خېلى چىقىشىپ قالدۇق. ھاراقنىڭ كەيپى تۇتقانسېرى چىرايلىرىمىز ئېچىلىپ يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ كەتتۇق. بولۇپمۇ رۇس بوۋاي مېنىڭ تارىخقا قىزىقىدىغىنىمنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۆزىنىڭمۇ ئەڭ چوڭ ئارزۇسىنىڭ ئەسلىدە تارىخچى بولۇش ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى ئۇرۇش پارتلاپ، جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىپ، بەش يىل قانلىق جەڭدىن ساق چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغاچقا، تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئۇلان ئۇدەگە كېلىپ، تۆمۈر يول مەكتىپىدە ئوقۇپ شۇ يەردە قالغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ نەگە بارسا شۇ يەرنىڭ تارىخىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان مىجەزىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ، ئۇيغۇرلۇقۇمنى بىلگەندىن كېيىن، ماڭا ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر قانچە مۇھىم ۋەقە ۋە دۆلەتلەرنى ئاتاپ بەردى. بۇ مەن ئۇچراتقان ئاددىي رۇس پۇقرالىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا ئازراق بولسىمۇ ساۋادى بار تۇنجى رۇس كىشىسى ئىدى. مەن ئۇنى ۋاسىلىي بوۋاي دەپ ئاتىدىم. ئىچىمدە بۇ ھاراقكەش بوۋايغا ھۆرمىتىم قوزغىلىپ قالدى. ئايلىنىپ-چۆرگىلەپ، گېپىمىز يەنىلا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بولۇپ قالدى. ۋاسىلىي بوۋاي تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋېتىپ:

— بىلەمسەن ھونگىر، يېنىڭدىكى بۇ يىگىت كىم؟ سەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسەن، —دېدى رۇس بوۋاي مەسخىرە قىلغاندەك ۋە ئىشەنچ بىلەن

، — بۇ سېنىڭ تۇغقىنىڭغۇ، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ تارىخىي مەنبەلەرنى ئوبدان ۋاراقلاپ باق، ھونلار دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر دېمەكتۇر. ئالىملار بۇ ئۇيغۇر دېگەن سۆز بىلەن باغلىنىشى بار، دېيىشىدۇ. قىسقىسى، كۆپلىگەن ئالىملار ھونگىرلار قەدىمكى ھونلارنىڭ ئەۋلادى بولغان بولسا، ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشاشلا ئەشۇ ھونلارنىڭ ئەۋلادى، دېيىشىدۇ. دېمەك، سىلەر تۇغقان خەلقسىلەر.

ھونگىرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ راستمۇ؟ دېگەندەك قىلىپ ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى ۋە مەندىن:

— سىلەر قاراچاچلىق، قارا كۆزلۈك، بىز سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، بىزنىڭ قىياپەتلىرىمىز تامامەن باشقىچە تۇرسا، قانداقسىگە تۇغقان بولىمىز؟ — دەپ سورىدى. بۇ سوئالغا يەنىلا ۋاسىلىي بوۋاي جاۋاب بەردى:

— ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ، لېكىن ئازراق موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى ئارىلىشىپ قالغان، بۇلار قەدىمدە تېخىمۇ روشەن ياۋروپا ئىرقلىق خەلق ئىدى، ھەتتا كۆكۈچ كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق، ئاق يۈزلۈك، قاڭشارلىق خەلق ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار موڭغۇل ئىرقى ۋە باشقا ھىندى-ياۋروپا خەلقلىرى بىلەن ئارىلىشىش نەتىجىسىدە ۋە تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلىدىن بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كەلگەن. خاتالاشمىسام، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قەدىمكى بۇ ھالەتلەر ھازىرمۇ مەۋجۇدقۇ دەيمەن؟ -دېدى.

بېشىمنى لىڭشىتتىم. بوۋاينىڭ بىلىمىنىڭ كۆپلۈكىگە قايىل بولدۇم. بىز ئۇنىڭدىن كەلگەنلىكى شەھەرلەرنى سورىساق، ئۇ، بۇ شەھەرنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرەتتى. مەن مۇشۇنداق قىزغىن سەپەرداشلىرىمنىڭ ھەمراھلىقىدا زېرىكىشنى ئۇنتۇپ، پويىز ئۈستىدە ھەش-پەش دېگۈچە ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. چەكسىز تايگا ئورمانلىقىنى ئارىلاپ يۈرۈپ 3-كۈنى چۈشتىن كېيىن بايقال كۆلى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. پويىز بايقال بويىدىلا 6سائەت يۈردى.

بوۋاي دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىپايان بايقال سۈيىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كۆتۈرەڭگۈ، بوم ئاۋازدا بايقال توغرىسىدىكى كازاك ناخشىلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى. پويىز ئاخىرى بايقال بويىدىكى بىر ئىستانسىدا توختىدى. پويىزنىڭ بۇ يەردە توختاش ۋاقتى10مىنۇت بولغاچقا، ئادەملەر گۈزەل بايقال مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن پويىزدىن يۈگۈرۈشۈپ، قىستىلىشىپ دېگۈدەك چۈشۈشتى. بۇ يەردە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپمۇ ئۈلگۈردى. بوۋاي ھايت-ھۇيت دېگۈچەيوغان بىر باكقا بايقال سۈيىنى قاچىلاپ پويىزغا چىقتى. پويىز يەنە قوزغالدى. بوۋاي ھەممىمىزگە بايقال سۈيىدىن قۇيۇپ بېرىپ:

— ئىچىڭلار ئاغىنىلەر، بۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ پاكىز، تاتلىق كۆل سۈيى، تەنگە داۋا، قانغۇچە ئىچىۋېلىڭلار، —دېدى. ئۇ يەنە ماڭا ۋە ھونگىرگە قاراپ، — سىلەر تېخىمۇ كۆپ ئىچىڭلار.

چۈنكى، سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارمۇشۇ سۇدا ئاتلىرىنى سۇغارغان ۋە ئۆزلىرىمۇ ئىچىپ مۇشۇنداق باتۇر ئوغلان بولۇپ يېتىشكەن! ـ دېدى.

بىز سۇدىن قانغۇچە ئىچىشتۇق، ھاراقتا زاكۇسكا قىلدۇق. بۇ سۇ بىلەن ھاراق ئىچسەم ئۆزۈمنى پەقەت مەست بولمايدىغاندەك ھېس قىلدىم. بەدىنىمگە يېڭى كۈچ-قۇۋۋەت كىرگەندەك بولدى. پويىز ئالغا يۈرمەكتە، بەزىدە ئەتراپتىكى پاكار تاغلار ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، بۇ تاغلار ئارىسىدىكى ئايلانما يوللاردا يۈگۈرسە، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆل مەنزىرىسى غايىب بولاتتى. مەن كۆز ئالدىمدىن توختاۋسىز ئۆتۈۋاتقان بۇ تاغلار مەنزىرىسىگە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. بۇ تاغلار قارىماققا ئانچە ئېگىز-ھەيۋەتلىك ئەمەس ئىدى. لېكىن زىچ ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، كىشىگە سىرلىق تىلسىماتقا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. قانچىلىك ۋاقىت مۇشۇنداق قاراپ ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا بوۋاينىڭ يوغان قوللىرى مۈرەمگە چۈشكەندە خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئەندىكىپ بوۋايغا قارىدىم.

— نېمىگە بۇنچىۋالا ھاڭۋېقىپ قالدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى بوۋاي. ئۇ خېلىدىن بېرى مېنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك، ـ سەن نېمانچىۋالا خىيالچان بالىسەن، كۆزلىرىڭدە ئوي-خىيالدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ئېيتقىنچۇ، بۇ تاغلاردىن نېمە ئۈچۈن كۆز ئۈزەلمەيسەن، بۇ تاغلاردىن سەن زادى نېمە ئىزدەيسەن؟ بىرەر گۈزەل قىز ئىزدەمسەن يا؟ قىز دېگەن موسكۋادا قالدى! ـ چاقچاق قىلدى بوۋاي.

— ۋاسىلىي ئىۋانوۋىچ، ـ دېدىم جاۋابەن ئۇنىڭغا، ـ قەدىرلىك ۋاسىلىي بوۋا، بولدى، چاقچىقىڭىزنى قويۇڭ. مەن بۇ تاغلارغا خېلىدىن بېرى سوئال قويۇۋاتىمەن، ئۇلار ھېچ جاۋاب بەرمەيدۇ، كۆڭلۈمدە شۇ تاپتا زور بىر ئېچىنىش ۋە ماتەم تۇيغۇسى بار، بوۋا.

— نېمە ئىش، دېگىنچۇ ئوغلۇم؟ مەن ساڭا ياردەم قىلارمەن. ھېچ بولمىغاندا بۇ تاغنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەرمەن، ـ دەپ كۈلدى بوۋاي يەنىلا چاقچاق ئارىلاش.

— تامامەن ئەكسىچە ۋاسىلىي ئىۋانوۋىچ، ـ دېدىم ئۇنىڭغا جىددىيلىك بىلەن، ـ ئەكسىچە، مەن بۇ تاغنىڭ ھېكايىسىنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي. بىلەمسىز، بۇ تاغنى پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى مۇشۇ تاغلار 1949-يىلى 28-سېنتەبىردە بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ باشلامچىسى، ئۈچ ۋىلايەتمىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەھمەتجان قاسىمى قاتارلىق سۆيۈملۈك ئوغلانلىرىمىزنى يۇتۇپ كەتكەن. ئاشۇ ئورمانلار ئارىسىدا ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ روھلىرى كېزىپ يۈرگەندۇ...

مەن بوۋايغا ئەھمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئاشۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پاجىئەسى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ھېكايەمنى ھونگىرمۇ، پولەكمۇ قىزىقىش ۋە زور ئېچىنىش بىلەن ئاڭلىدى ھەم ئۆزلىرىمۇ ئىختىيارسىز ئاشۇ تاغلارغا قارىشىپ سۆزسىز ئولتۇرۇشتى. ئاخىرى يەنىلا بوۋاي سۈكۈناتنى بۇزدى:

— يىگىتلەر، بولدى قىلىڭلار، قېنى، ئاشۇ تارىخ ئۈچۈن بىر رومكىدىن قېتىۋېتەيلى! ئال رومكىنى نەبىجان، ـ دېدى ئۇ. ئارقىدىنلا كۈپپىدە ئىستاكانىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

سەپىرىمىز داۋاملىشىۋەردى. پويىز ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. يېرىم كېچە بولغاندا ۋاسىلىي بوۋاي مېنى ئويغاتتى. ئۇ ماڭا يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن پويىز ئۇلان ئۇدە شەھىرىگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دېمەك ۋاسىلىي بوۋايدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىت كەلگەنىدى. ئۇ، يېنىمدا ئولتۇرۇپ ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن سىنچىلاپ قاراپ، بىر بوتۇلكىنى سۇندى.

— ئال بۇنى، بۇ بايقال سۈيى، ـ دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن، ـ بۇنى قانغۇچە ئىچ، بۇ سېنىڭ ئەجدادلىرىڭ ئىچكەن سۇ. سېنىڭ ئەجدادلىرىڭ مۇشۇ سۇنى ئىچىپ باتۇر بولغان، ئاتلىرىمۇ مۇشۇ سۇنى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن بولىشىچە چېپىپ ئاسىيادىن ياۋروپاغا بېسىپ ئۆتكەن. بۇ، خاسىيەتلىك سۇ. بۇ سۇنى ئىچكىنىڭدە قەھرىمان ئەجدادلىرىڭنىڭ قانلىرى تومۇرلىرىڭدا قايتىدىن دولقۇنلايدۇ. شۇ چاغدا مەن تارىختىكى سېنىڭ بوۋىلىرىڭ — باتۇر تەڭرىقۇتنى، ئوغۇزخاننى، مويۇنچورنى، سۇلتان سۇتۇقنى كۆرگەندەك بولىمەن!...

بىز قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. ھونگىرمۇ، پولەكمۇ ئويغاندى. بوۋاي يېرىمداپ قالغان بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنى تۆتكە بۆلۈپ تەڭ قىلىپ قۇيدى. بىز بوۋاي بىلەن خوشلىشىش ھارىقىنى ئىچىشتۇق. كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن ئاخىر پويىزنىڭ ئۇلان ئۇدەگە يېتىپ كەلگىنىنىمۇ بىلمەي قاپتۇق.

بىز بوۋايغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن پويىزدىن چۈشۈپ بىردەم پاراڭ سوقۇشتۇق. ئاخىرى گۇدۇك چېلىندى. بوۋاي ئۈچىمىزنى بىر-بىرلەپ سۆيۈپ چىقتى ۋە ھەر بىرىمىزنىڭ يەلكىسىگە تېخى مۇشتلىرى بىلەن نوقۇدى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى بىلىملىك، چىقىشقاق ۋاسىلىي بوۋاي بىز بىلەن كۆز قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى.

ئۈچىمىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ ئۈن-تىنسىز كارۋاتلىرىمىزغا چىقىپ يېتىشتۇق. قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئويغانسام تاڭ يورۇپ، ۋاگوندا يولۇچىلارنىڭ پاراڭلىرى، رادىئودىن ناخشىلار ياڭراپ كېتىپتۇ. ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر سالدىم. پاھ! پويىز كاتتا بىر دەريانى بويلاپ كېتىۋېتىپتۇ. دەرھال يېنىمدا ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك خەرىتىلەر توپلىمىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ دەريانىڭ ئىسمىنى تاپتىم. بۇ دەل ئاشۇ مەشھۇر ئانا دەريا — ئورخۇن دەرياسى، كىتابلاردىن تولا ئوقۇپ قەلبىم قېتىغا چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ياۋروپا — ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ئالەمشۇمۇل رول ئوينىغان ئۇيغۇر-تۈرك قەبىلىلىرىنى ھاياتلىق ۋە مەردلىك سۈيى بىلەن سۇغارغان ئۇلۇغ ئانا دەريائىدى! مانا بۈگۈن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. قىرغاقلىرى قويۇق

ئورمانلىق ۋە چاتقاللىقلار بىلەن يۆركەلگەن دەريا، سۈيىنىڭ شۇنچىلىك ئۇلۇغ بولۇشىغا باقماي تولىمۇ تېز ئاقاتتى. بەزى جايلىرى خېلى كەڭرى بولۇپ، بەزى جايلىرى چوڭقۇر قايناملارنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئادەتتە بۇنداق جايلارنىڭ كەڭلىكى سەل تارراق بولسىمۇ، لېكىن بىرخىل سىرلىق ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. پويىز ئۈرخۈن بويىدا ئالاھەزەل ئىككى سائەتچە ماڭدى. پويىز جەنۇبقا قاراپ يۆركەنسېرى دەريانىڭ ئېقىش دائىرىسىنىڭ تارىيىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئېقىش تېزلىكىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئىدى. بارا-بارا ئورمانلار ۋە سۇ يۈزىگە ساڭگىلاپ چىلىشىپ تۇرغان چاتقاللار ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېگىز، قويۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر ئىگىلىدى. دېمەك، دەريا ئەمدى بىپايان يايلاقنى ئىككىگە بۆلگەن ھالدا ئاقماقتا ئىدى. يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن توپ-توپ قوي پادىلىرى، يوغان سىيىرلار ۋە يىلقىلارنىڭ دەريانىڭ بىرقانچە ئاراللارغا بۆلۈنگەن كەڭرى بىر جايىدا سۇ ئىچىۋاتقان مەنزىرىسى نامايەن بولدى. پاكار ئاتلار ئۈستىدىكى موڭغۇل مالچىلار قامچىلىرىنى ئاسمانغا شىلتىپ، بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشاتتى. بۇ يەردە ھېچقانداق بىر ھازىرقى زامان تۇرمۇشىغا ئائىت نەرسىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا بۇ مەنزىرىلەر كىشىنى يىراق قەدىمكى چاغلارغا ئېلىپ كېتەتتى.

مەن دېرىزە يېنىدىكى قاتلىما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ھاياجان بىلەن ئۈرخۈن ۋادىسىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلماقتىمەن. پويىز تېز سۈرئەتتە ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. پويىز چاقلىرىنىڭ رېلىسقا ئۇرۇلۇپ قاتتىق گۈپۈلدەشلىرىمۇ ھېچ قۇلىقىمغا ئاڭلانمايتتى.

تۇيۇقسىز يادىمغا بىر ئوي كېلىپ قالدى، ئۇ بولسىمۇ ئاشۇ ئانا سۈتىدەك پاك ئۈرخۈن سۈيىدىن بىر بوتۇلكا قاچىلاپ، ۋاسلىي بوۋاي بەرگەن بايقال سۈيى بىلەن بىرگە ۋەتەنگە ئېلىپ كېتىش ئىدى. پويىزنىڭ ئۈرخۈن بويىدىكى بىرەر بېكەتتە توختىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلدىم. لېكىن ئۈرخۈن بويىدا بىرەرمۇ ۋوگزال يوق ئىكەن. دېمەك ئالدىمىزدىكى چوڭ ۋوگزال موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتۇر شەھىرى ئىدى. لېكىن، يەنىلا ئەپسۇسلانمىدىم. چۈنكى ئۈرخۈن سۈيى ئاخىرقى ھېسابتا بەرىبىر بايقال كۆلىگە قۇيۇلاتتى. دېمەك بايقال سۈيى چوقۇم ئاشۇ ئۈرخۈن سۈيىدىن كۆپەيگەن، بايقال سۈيى مەردلىك قەتىرلىرىنىڭ توپلىنىشى ئىدى.

پويىز ئۇلانباتۇر شەھىرىگە كېلىپ توختىدى. سوۋېت پاسونىدا سېلىنغان بىنالار بىلەن بېزىلىپ، سوۋېت شەھەرلىرىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يايلاق شەھىرىنىڭ بۇ ۋوگزالى كۆزگە تولىمۇ سۈرۈن كۆرۈنەتتى.

بۇ شەھەرنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن بىرخىل چۈشكۈنلۈك بىلەن غايىۋى مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. بۇ يەردە يېرىم سائەتتىن ئوشۇق توختىغاندىن كېيىن پويىز قايتا سەپەرگە ئاتلىنىپ، بىپايان يايلاقلارنى، ئېگىز تاغلارنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، ئىككىنچى كۈنى چۈشتە بېيجىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ۋاسلىي بوۋاينىڭ بۇ يادىكار سۈيىنى بېيجىڭغىچە، ئۈرۈمچىگىچە ئېلىپ كەلدىم ھەم دوستلىرىمغا، ۋەتەنداشلىرىمغا ئىچكۈزدۈم. شانلىق تارىخنى ئەسلەپ، قەھرىمان ئەجدادلارنى ياد ئېتىپ بۇ سۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۈرۈمچىدىن ئۇچتۇرپانغىچە بولغان سەپىرىمدە يوللارغا، بىپايان ئېتىز-داللارغا، تارىم دەرياسىنىڭ باشلىنىشى بولغان ئاقسۇ، توشقان دەريالىرىغا چېچىۋەتتىم.

## ئۇيغۇر ناۋايخانىسىدىكى چۈشلۈك چاي

موسكۋانىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرى بولغان ۋولگاگراد يولىدا پېكاپىڭىزنى سائىتىگە 80 كىلومېتىرتېزلىك بىلەن ھەيدەپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ، تېكىستىلشىكى (توقۇمىچىلار) مېتروسىغا يېقىن كەلگىنىڭىزدە، يول بويىغا ئورنىتىلغان ئېگىز ئېلان تاختىسىغا كۆزىڭىز چۈشمەي قالمايدۇ. بۇ ئېلان تاختىسى يېنىدىن كۈنىگە نەچچە ئون مىڭلىغان ماشىنىلار ئۇچقاندەك ئۆتۈپ تۇرۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نەچچە يۈز مىڭلىغان كۆزلەر بۇ ئېلان تاختىسىغا تەڭلا تىكىلىدۇ. مەن گېزىتلەردە نامىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بۇ ئېلان تاختىسى يېنىغا ئاخىرى يېتىپ كەلدىم. كۆز ئالدىمدا يوغان روسچە خۇشخەت بىلەن يېزىلغان «ئۇيغۇر - خلېب» دېگەن سۆز چاقناپ تۇراتتى. دېمەك، مانا بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خېلىلا مەشھۇر بولۇپ قالغان موسكۋادىكى ۋە پۈتكۈل روسىيىدىكى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتكۈل ياۋروپادىكى بىردىنبىر «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى»نىڭ ئېلان تاختىسى بولۇپ، مەن ئاشۇ ئېلان تاختىسىدا كۆرسىتىلگەن سىترېلكا بويىچە سول تەرەپكە ئالاھەزەل 3-2 يۈز مېترچە ماڭغاندىن كېيىن، كونا پاسوندا سېلىنغان ئون قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىغا كەلدىم. بۇ بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋەتلىرى ماگىزىن بولۇپ، ئۈستۈنكى قەۋەتلىرى ئائىلىلىكلەر ئىدى. مانا بۇ بىنانىڭ ئىككى قەۋىتى «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى»غا تەۋە بولۇپ، ماگىزىنىنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە يوغان قىلىپ يېزىلغان «ئۇيغۇر - خلېب» دېگەن سۆزلەرنى خېلى يىراقتىن تونۇۋېلىش مۇمكىن. مەزكۇر ناۋايخانا شۇ رايوندىكى نەچچە ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرنى كۈندىلىك نان ۋە باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەيتتى. مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن ئۇرغۇۋاتقان ھۆرمەت، سۆيۈنۈش ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ماگىزىن سىرتىدىكى ئاشۇ «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى» دېگەن سۆزلەرگە تىكىلىپ خېلى ئۇزاق تۇردۇم. ماگىزىندىن سومكىلىرىغا نان قاچىلاپ، كۈنسايىن شىددەت بىلەن ئۆسۈۋاتقان مال باھاسى ۋە ئۆزگىرىشچان ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى، روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن ياكى زۇڭلى چېرنامىردىن ۋە ياكى ژىرونوۋسكىي قاتارلىقلار توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلغاچ ئۆيلىرىگە قايتىشقان خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. تۇيۇقسىز «ئوغلۇم، نان ئېلىشىمغا ياردەم قىلىڭ!» دېگەن تىترەك ئۆتۈنۈش

www.uyghurkitap.com

ئۇي-خىياللىرىمنى بۆلۈۋەتتى.

يېنىمدا نۇرسىز كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرغان، چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر موماي خرىستوسقا چوقۇنغان ھالدا ئۈمىد بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى. يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئۇ، شۇ تاپتا كۆزۈمگە رۇس موماي ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مومايدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بىزنىڭ ئاشۇ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر تىلەمچى مومايلىرىمىزغا بەكمۇ ئوخشايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ پەرقى، بىرسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى تىلغا ئالسا، يەنە بىرسى ھەزرىتى ئەيسانىڭ نامىنى تىلغا ئالاتتى. بىرسى ئالقىنىنى ئېچىپ دۇئا قىلسا، يەنە بىرسى قولىنى ئىككى مۈرىسى، پېشانىسى ۋە يۈرىكىگە ئاپىرىپ دۇئا قىلاتتى. مەن دەرھال يانچۇقۇمدىن ئون مىڭ رۇبلى (بۇنىڭغا ئون نان كېلەتتى) چىقىرىپ مومايغا بەردىم. موماي ماڭا قايتا-قايتىلاپ رەھمەت ئېيتىپ، ئۆز ئادىتى بويىچە دۇئا قىلىپ، ئاللادىن ئۆزۈن ئۆمۈر ۋە باياشادچىلىق تىلىدى ھەمدە ماگىزىنغا كىرىپ كېتىپ ئىككى نان كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ مېنىڭ تېخىچە ماگىزىن ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ قورۇق باسقان چىرايىدىن كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا ماڭا قاراپ:

— ئاللا سىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى.

توساتتىنلا كاللامغا بۇ موماي بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىش خىيالى كىردى. مەن:

— موما، بۇ نان يېيىشلىكمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بەك يېيىشلىك، بەك تەملىك، مەن بۇ ناۋايخانىنىڭ نېنىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى موماي جاۋابەن.

— ئۆيىڭىز مۇشۇ ئەتراپتىمۇ؟ — سورىدىم يەنە.

— شۇنداق، ئوغلۇم.

— ئۇنداقتا، سىز بۇ ناۋايخانىنىڭ نېنىنى يەۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بوپتۇ-دە.

— ھەئە. ئىلگىرى بۇ ناۋايخانا باشقا نام بىلەن ئاتىلاتتى. نېنىنىڭ تەممۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. نەچچە يىل بولدى، ناۋايخانىنىڭ نامىمۇ، نېنىنىڭ تەممۇ ئۆزگەردى. مېنىڭچە، بۇنىڭغا يېتىدىغان مەززىلىك، يۇمشاق نان ھېچيەردە يوق، — دېدى موماي ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ.

— ئۇنداقتا، نېمىشقا «ئۇيغۇر — خلېب» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇر دېگەن سۆز نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، — دەپ سورىدىم ئەتەي. مەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ شۇنداق گەپ تەشكەندىم.

— نېمە مەنىنى بىلدۈرەتتى؟ ناننىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ، — دېدى موماي ئېرەنسىزلا.

تۇرۇپلا غۇزژىدە ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى بۇ موماي مېنىڭ ئۇلۇغ مىللىتىمنى ھازىرغىچە يەيدىغان نىرسە دەپ بىلىپ كەپتۇ ئەمەسمۇ! لېكىن، باشقىلار بىزنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ئەيىبلەشكە ئاساسىم يوق. چۈنكى بىز... مەن ئالدىمدا مۇلايىم كۈلۈپ تۇرغان مومايغا سىنچىلاپ قارىدىم. نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۇ بۇ يېمەكلىكنى يەپ ھايات كەچۈرگەن. بۇ يۇمشاق، تەملىك نان ئۇنىڭغا ھايات لەززىتى بەرگەن، ئۇنىڭ ئاجىز تېنىگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن «ئۇيغۇر» ناملىق بۇ ناننىڭ خاسىيىتىنى تولۇق بىلگەن. شۇڭا مەن يەنىلا مومايدىن سۆيۈندۈم، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقۇم كەلدى. لېكىن موماي ماڭا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئەسلىدە رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىكى مەن ئىدىم. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاكى ئۇنىڭ قارىسى يۈتكىچە قاراپ تۇردۇم. توساتتىن مېڭەمدە بىر خىيال، ئاجايىپ بىر پىكىر ۋۇللىدە پەيدا بولدى. «دېمىسىمۇ بۇ ھەزرىتى ئەيسا مۇرىتلىرىغا ‹بۇ مېنىڭ تېنىم› دەپ ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن ناندەك ناھايىتى ئېسىل، تەملىك ئەمەسمۇ؟»

مەن باش-ئايىغى يوق خىياللارغا چۆمگەن كاللامنى سىلكىۋېتىپ ماگىزىنغا كىردىم. 2-قەۋەتتىكى ئىشخانىدا مېنى ئۇيغۇر ناۋايخانىسىنىڭ خوجايىنى — موسكۋادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر يىگىتى نارىمان مۇھەممەت ئوغلى قۇچىقىنى ئېچىپ كۈتتۈۋالدى. كۆكۈش كۆزلۈك، ئاق تەنلىك، قاڭشارلىق، يوغان چاسا يۈزلۈك، گەۋدىلىك كەلگەن بۇ ئۇيغۇر يىگىتىنى كۆرۈپ كۆز ئالدىمدا بىزنىڭ ئاشۇ باتۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ سىماسى پەيدا بولدى. ئۇ، ئۇيغۇر تىلىنى ئانچە راۋان سۆزلىيەلمىسىمۇ، لېكىن ئىمكانقەدەر ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە تىرىشاتتى ۋە ئۇيغۇرچە قائىدە-يوسۇنلار بويىچە مۇئامىلە قىلاتتى.

— سىزنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىز مۇناسىۋىتى بىلەن مەن بۈگۈن ناۋايخانىمىزغا يەنە بىر قانچە موسكۋالىق مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىملارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ قويغانىدىم. مانا ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بوپقالدى، — دېدى ئۇ سائىتىگە قاراپ.

دەل شۇ چاغدا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بەرگەن ھالدا 60ياشلار چامىسىدىكى سالاپەتلىك بىر كىشى ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق.

— بۇ كىشى ھۆرمەتلىك پروفېسسور تېلمان كەرىمبايېف ئاكىمىز بولىدۇ، — دەپ ماڭا ئۇنى تونۇشتۇردى نارىمان مۇھەممەت ئوغلى ۋە ئارقىدىنلا مېنىمۇ پروفېسسورغا تونۇشتۇردى:

— بۇياق ئۆتكەندە سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن شىنجاڭلىق يىگىت نەبىجان بولىدۇ.

پروفېسسور مېنى چىڭ قۇچاقلاپ ھاياجان بىلەن: «كەلگىنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، بالام. سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن» دېدى.

بىز قىزغىن كەيپىياتتا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. باشقا مېھمانلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن كىرىپ كېلىشتى. ئۆي ھەش-پەش دېگۈچە ئون نەچچە ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن تولدى. مەن ئۆزۈمنى گويا ۋەتەندە - ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ ئۇيغۇر دۇنياسىدا ياشاۋاتقاندەك

ھېس قىلدىم. ھەقىقەتەنمۇ يىراق چەت ئەل شەھەرلىرىدە بىر يەرگە يىغىلىپ مۇشۇنداق ئۆز ئانا تىلىمىزدا ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەڭ-كۇشادە پاراڭ سېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش كەم نېسىپ بولىدىغان غەنىيمەت پۇرسەت ھېسابلىناتتى. بۇ يالغۇز مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئانا ۋەتەندىن ئايرىلغان پۈتكۈل مۇساپىرلار ئۈچۈن ئورتاق تۇيغۇ ئىدى. مەن ھەيران قالغان نەرسە شۇ بولدىكى، بۈگۈن مەن بىلەن بىر داستىخانغا جەم بولغان بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نەچچىسى موسكۋادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ھەتتا نەچچىسىنىڭ ئانىسى رۇس، بىر قانچىسىنىڭ موسكۋادا ياشاپ خىزمەت قىلغىنىغا 40 يىللاردىن ئاشقانىكەن، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئانا تىلى - ئۇيغۇر تىلىدا ياخشى سۆزلەيتتى، ھەتتا بار ئىمكانىيەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەشكە، بىرەرمۇ رۇسچە سۆز ئارىلاشتۇرماسلىققا تىرىشاتتى. بىر قانچىسى ئۆزلىرىنىڭ كىچىكىدىنلا رۇس مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت ئائىلىسىدىكىلەر بىلەنلا سۆزلىشىپ ۋە كېيىن موسكۋادا ياشاپ يۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەش كۈچى ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىنى، سۆزلىگەندە قىينىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن بەك ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، ۋاقىت چىقىرىپ مەندىن ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش ئويلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشتى. مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم. ئۇلارنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم...

مەن بۇنداق ئەھۋالنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتتىم ۋە ئاڭلىدىم. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قېرىنداشلىرىمىز دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىغا چېچىلىپ كەتكەنلىكى ھەممىگە ئايان. مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولسۇن، مەيلى تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردە بولسۇن، بىزنىڭ ئۇيغۇر مۇساپىر قېرىنداشلىرىمىز ھەرقانچە باياشاد تۇرمۇش كەچۈرمىسۇن ئۇلارنىڭ كۆڭلى سۇنۇق. ئۇلارنىڭ قەلبى ھەر ۋاقىت-ھەر مىنۇت ۋەتەنسىزلىك ئازابى بىلەن ئۆرتىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى، ھەر بىر ھۆجەيرىسى «ۋەتەن» دىن ئىبارەت بىرلا مۇقەددەس ئۇقۇمغا مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەردىن چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ چوڭقۇر. دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر بۇلۇڭىغا بارسىڭىز بىرەر ئۇيغۇرنى ئۇچراتماي قالمايسىز. ئېنىقكى، بۇ ئۇيغۇر ئۆز ئانا تىلىدا ئاددىي بولسىمۇ سۆزلەيدۇ ياكى سۆزلەشكە تىرىشىدۇ. ئۇيغۇر ئانا تىلىغا ئاغزى كېلىدىغانلىكى بالىلارنىڭ 12 مۇقام ۋە باشقا ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن دىققەت قىلىپ ئاڭلايدىغانلىقىنى كۆرىسىز. مەن ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئۇچراتقىنىمدا دەرھال ئۈرۈمچى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئاپتوبۇسلاردا، تىياتىرخانىلاردا، يوللاردا، قىسقىسى، ھەممە سورۇنلاردا ھەر ۋاقىت ھېلىقى يېرىمى ئۇيغۇرچە، يېرىمى خەنزۇچە، ھېچبىر گىراماتىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق باغلىنىشى بولمىغان، ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرۈدىغان ۋە ئېچىندۇرىدىغان جۈملىلەرنى ئاڭلىغىنىمدا، شۇ جۈملىلەرنىڭ ئىگىلىرىگە يىرگىنىش ۋە ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن قارايمەن. ئۇلار ئۆزبېچە كالتە-كۇسەي خەنزۇچە سۆزلەپ، خەنزۇچە ئىپادىلىيەلمىگەننى ئامالسىز ئۇيغۇرچە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، خۇددى خەنزۇ تىلىنى تولۇق بىلىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىپ كېرىلىپ يۈرۈشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلگەن تەقدىردىمۇ يۇقۇرىراق تەلەپ بىلەن ئېيتقاندا، يالغۇز خەنزۇچىغا مۇكەممەل بولۇشنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈنچىۋالا كېرىلىپ كەتكۇدەك ئىش ئەمەسلىكىنى بىلمىسە كېرەك. بىزدە ئىشتىن سىرت ئىككى-ئۈچ خىل چەت ئەل تىلى ئۆگىنىپ بولۇپمۇ داۋراڭسىز يۈرۈۋاتقان ياشلىرىمىز ئازمۇ؟ ئەجەبا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇچىنى چالا-بۇلا سۆزلىگىنىنى ئۈچۈن قىلچە ئۇيالمىسا-ھە؟! ئۆزىنى سۆيمىگەن، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشنى، قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەمنى ئۆزگىلەرمۇ ھەر قاچان ئېلىشۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قىلمايدۇ. ئۇنى پەقەت ئەخلەت-چاۋار قاتارىدىلا كۆرىدۇ، خالاس.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر كۈنى ئۈرۈمچىدە كۆپ يىل تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن بىر چەت ئەللىك ئالىم ماڭا: «سىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدەك ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك، چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان، شۇنداقلا خەلقئارادا ئەھمىيەتلىك، يەنى ئېچكىرى جۇڭگودىن تارتىپ غەربتە تاكى ياۋروپاغىچە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكازىيە، ئېدىل-ئورال، شۇنداقلا كىچىك ئاسىيا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە بولغان دائىرىدە زور ئىشلىتىش رولى بولغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارغا ئىگە تىل ئاز ئۇچرىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىختىكى خەلقئارالىق ئورنى ۋە ئەھمىيىتى شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى بۇ مەسىلە پۈتكۈل دۇنيادىكى ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەرگە ھەممىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسىغا ئايدىڭ مەسىلە دەپ ئويلايمەن. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، مەن ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا، ئۈرۈمچىنىڭ ھەممىلا سورۇنلىرىدا ئۆز تىلىنى بۇزۇۋاتقان، ئۆز تىلىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋاتقان، ئۇنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتقان ‹چالا ئۇيغۇر› لارنى بەك كۆپ ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كىچىكىدىن ئۇيغۇر مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئۇيغۇر تىلىدا ئالىي مەكتەپ تۈگەتكەن زىيالىيلار» دېگەنىدى.

دېمىسىمۇ ئېغىز تىلىنى قويۇپ تۇرۇپ، يېزىق تىلىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتقان فىلىملەرگە، ئەسەرلەرگە ۋە ھەر خىل يېڭى ئاتالغۇلارغا قارايدىغان بولساق، ئەھۋال ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. تەرجىمانلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىزمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئىشلەتسە، ئەسىرى پاساھەتلىك چىققاندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنى ساپلاشتۇرۇش جەھەتتە

ئۆزبېك، قازاق قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەردەك بولالمايۋاتىدۇ. ئائىلىۋق، بىز ھاۋارايىدىن مەلۇمات بەرگەندە نۆلدىن تۆۋەن مانچە گرادۇس، نۆلدىن يۇقىرى مانچە گرادۇس دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىمىز. قازاقلار بولسا، «نۆلدىن تۆۋەن، نۆلدىن يوقۇرى» دېگەندەك مىنۇس، پىلۇس (مەنپىي ۋە مۇسبەت) تىن تەركىب تاپقان ماتېماتىكىلىق چۈشەنچىنى چىقىرىپ تاشلاپ، «بۈگۈن مانچە گرادۇس ئىسسىق بولىدۇ ياكى مانچە گرادۇس سوغۇق بولىدۇ» دېگەندەك ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، جانلىق ئالىدۇ. مېنىڭچە، يېڭى كىرگەن سۆزلەرنى مانا شۇنداق جانلىق، ئېغىز تىلىغا يېقىن ئېلىش كېرەك. چۈنكى خەلقىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يېزا-قىشلاقلاردىكى دېھقانلار، ئۇلارغا بۇنداق مۇجمەل تۇيۇلىدىغان ئىلمىي ئاتالغۇلار ئانچە ياقمايدۇ. بۇنداق سۆزلەر خۇددى «يولداش» دېگەن بەزى تېگىشلىك سۆزلەردەكلا تىلىمىزغا ھەقىقى ئۆزلەشمەيدۇ.

يەنە ئائىلىۋق، قازاقلار تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرنى ئىخچام، ئوبرازلىق قىلىپ: «كۆرۈرمەنلەر» دەپ ئىشلىتىدۇ. بىز بولساق«تاماشىبىنلار ياكى تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر» دېگەندەك قولايسىز ئاتالغۇ بىلەن ئىستېمال قىلىمىز. قازاقلار كىتاب ئوقۇغۇچىلارنى «ئوقۇرمەن» دەپ ئىشلەتسە، بىز «كىتابخان» دەپ ئالىمىز (گەرچە بەزىلەر «ئوقۇرمەن» سۆزىنى تېخى يېقىندىلا ئاندا-ساندا ئىشلىتىپ يۈرگەن بولسىمۇ). بۇنداق مىساللار تالاي.

يەنە بەزى تەرجىمانلىرىمىزنىڭ ئۆلۈك-جانسىز تەرجىمىلىرىمۇ يېزىق تىلىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ. مەن يېقىندا بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭدا، بىر نەچچە دوستلىرىنى تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ دەرھال قېچىشقا دەۋەت قىلغاندا: «ئاتقا چىقايلى!» دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم. بىر تۇرۇپ كۈلگۈم، بىر تۇرۇپ ئېچىنغۇم كەلدى. بەلكىم ئۇيغۇر ئەمەس، ھەتتا خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدىغان خەنزۇ تەرجىمانمۇ بۇنداق سۆزلىمەس بولغىيدى.

ئۆز مىللىتىنى سۆيگەن كىشى ئانا تىلىنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدۇ، قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن كۆرۈشىدۇ. موسكۋادىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئەنە شۇنداق ئۆز ئانا تىلىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. لېكىن يۇرتىمىزدىكى خېلى كۆپ ئۇيغۇر قىزلىرى ھېچ ھاجەتسىزلا ئۆز تىلىنى باشقا تىللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇزۇپ سۆزلەيدۇ. ئۇلار ئاشۇنداق ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىگەندە خەنزۇلار مېيىقىدا مەسخىرىلىك كۈلۈشىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئۆز قەدىر-قىممىتىنى، ئىززەت-غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىق. مەن بەش يىل مابەينىدە نۇرغۇن دۆلەتلەردە بولدۇم، نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتىم. بۇنداق ئۆز ئانا تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەيدىغان ئەھۋاللار پەقەت بىزنىڭ شىنجاڭدىلا مەۋجۇد ئىكەن. ئەگەر بىز ئۆز تىلىمىزنى ئاسرىمىساق دىلىمىزنى، روھىمىزنى ئاسرىيالمايمىز. بىر مىللەتنىڭ راۋاجلانغان ئەدەبىي ۋە ئاغزاكى تىلى، ئورتاق ئېتىقاد ۋە

ئۆزىگە خاس مىللىي روھى، خاراكتېرى بولۇشى كېرەك. بۇ بىزدە مەۋجۇد بولسىمۇ، لېكىن بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدە.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋە روسىيىدىكى شۇنچە كۆپ مىللەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار روس تىلى ۋە روس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ھەم بېسىمى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ياشاپمۇ يەنىلا ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇمىغان. ئېيتايلۇق، قازاق، تاجىك، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، باشقىرت، قۇمۇق، چېچەن، چېركەس ۋە باشقا مىللەت كىشىلىرى ئۆزئارا بىر-بىرى بىلەن ياكى تولۇق ئانا تىلىدا ياكى تولۇق روس تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىمۇ شۇنداق. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىشىشى 98% ، تۈركمەن ۋە تاجىكلارنىڭ 99%؛ قىرغىز، قازاقلارنىڭ بۇنىڭدىن سەل تۆۋەنرەك ئىكەن. ئەگەر باللار كىچىكىدىنلا روس تىلىدا ئوقىغان بولسا ئامال يوق، ئۇلار چوقۇم روس تىلىدا سۆزلەشمەي مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئۇلار ئۆز ئاناتىلىنى ھامان ئىگىلىۋالايدۇ. بىزدەك ئىككى تىلنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىمەيدۇ. ئەلۋەتتە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر ۋە تىل شارائىتى بىزگە قارىغاندا كۆپ مۇرەككەپ، بۇنىسى ھەممىمىزگە ئايان.

قىسقىسى، ئۆز ئانا تىلىنى قەدىرلەش، باشقا تىللاردىن قانداق پايدىلىنىش بىر ئادەمنىڭ مىللىي ئەخلاقى ۋە ئاڭ سەۋىيىسىگە باغلىق. ئۆز خەلقىنىڭ ئۆتمۈشى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇغان، يۈرىكىدە ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق ئەسلىمىلىرى قالمىغان ئادەم مەنىۋى گادايلىقتا، مەنىۋى ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر. ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز خەلقىنى، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشى تەبىئىي، چۈنكى بۇنداق سۆيگۈ ھەر بىر ئىنساننىڭ تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قانلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان. بىر مىللەتكە نىسبەتەن تىل يالغۇزلا يېزىق تىلى ۋە ئېغىز تىلى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەندە، مىللەتنىڭ تاشقى تىلى ۋە ئىچكى تىلىمۇ مەۋجۇد، بەلكى بۇلار مۇھىم تەرەپ. تاشقى تىل - تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى بىلەن، تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن بېزىلگەن بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئومۇمىي تارىخى، مىللەتنىڭ ئىچكى تىلى - شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى - ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس يوشۇرۇن ئىستىكى - روھىي تارىخى. مىللەتنىڭ تاشقى تىلى تارىخ بىلەن، ئىچكى تىلى سەنئەت بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ، شۇڭا، ھەربىر شەخس ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ مىللىي تىلى ئۈچۈن كۈرەشكۈچى ۋە تۆھپە ياراتقۇچى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ھەممىلا ئۇيغۇر بىلگەندەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ قەدىمىي تىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىق ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىش كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى بولغان شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىلىك، تېكستولوگىيىلىك ۋە تارىخشۇناسلىق

www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە دۇنيادا قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئېلىپبەلىك يېزىق قوللىنىلغان جايلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىش بىلەن بىرگە يەنە قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى»دا ئەجدادلىرىمىز ۋە باشقىلار تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغانلىقى ، ئۇيغۇر يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە خەلقئارالىق يېزىق ۋە تىل سۈپىتىدە شەرقتە ئىچكى جۇڭگودىن تارتىپ غەربتە ياۋروپاغىچە ، جەنۇبتا مىسىرغىچە قوللىنىلغانلىقى ئىسپاتلاندى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قولىيازمىلار ۋە ھۆججەتلەر پارچىلىرى چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن شەھەرلەردە ساقلانماقتا. روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىنىڭ سانكت-پېتربورگ شۆبىسى مەخسۇس تەسىس قىلغان دۇنيادىكى قەدىمكى قولىيازمىلار فوندىنىڭ بىرسى «قەدىمكى ئۇيغۇر قولىيازمىلىرى فوندى» بولۇپ، بۇفوندىدا روس شەرقشۇناسلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناسلىرى ئولدېنبورگ، كىرانكوف، مالوف قاتارلىقلار تەرىپىدىن تېپىلغان ۋە توپلانغان 4228پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلار ۋە قولىيازما پارچىلىرى ساقلانماقتا. بېرلىن شەھىرىدە، گېرمانىيە ئۇيغۇرشۇناسلىرى گىرۈنۋېدىل بىلەن لېكوك تەرىپىدىن 1902-1914- يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان تۆت قېتىملىق تۇرپان ئېكىسپېدىتسىيەسى نەتىجىسىدە توپلانغان 8مىڭ پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازما ۋە قولىيازما پارچىلىرى ساقلانماقتا. يەنە لوندوندىكى ئۇلۇغ بېرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ئاۋرېل ستېيىن تەرىپىدىن توپلانغان كۆپ ھەجىمدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر قولىيازمىلىرى ساقلانماقتا. بۇ قولىيازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام شارائىتىدا ، شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل-ئورال، ئىران قاتارلىق جايلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقى بىلەن يېزىلغان (مىلادى 11-15-ئەسىرلەرگىچە) قولىيازمىلار ياۋروپادىكى بىر قانچە چوڭ شەھەرلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرى ۋە مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. يۇقىرىدىكى قولىيازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرتىل-يېزىقىنىڭ خەلقئارالىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇل ئىستىبلاسى دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ بىرىنچى ئۇستازى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. موڭغۇل شاھزادىلىرىنىڭ ، بەگلىرىنىڭ ئوقۇش، يېزىش ۋە باشقا مەمۇرىي ، ئىقتىسادىي ، ھەربىي باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە رول ئوينىغانلىقى، جۈملىدىن موڭغۇللارغا يېزىق ئىجاد قىلىپ بەرگەنلىكى دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان تارىخىي پاكىت. ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارنىڭ گۈللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ھەمدە موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئەتىۋارلاپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا قويۇشى، ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، ئەلۋەتتە. تاتاتۇڭا، قارابۇقا، مۆڭگۈز، شىبان، ئانىزالڭ، ئوردوتېگىن، ئارغۇن سالى قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار چىڭگىزخاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئوت چىگىن، چىڭگىز ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ يېنىدا كاتىبلىق، تەرجىمانلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ھەم ئۇلارغا ئۇستاز بولۇپ ئىلىم ئۆگەتكەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ، خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ 47 نەپەر ئۇيغۇر ئەزاسى بولغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئالىملىرى، شائىرلىرى، تەرجىمانلىرى، تىلشۇناسلىرى، تېۋىپلىرى، شۇنداقلا سانغۇنلىرى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار يۈەن ئوردىسىدا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن سىرت جاي-جايلارغا دارىخاچ ۋالىي قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، يۈەن دەۋرىدىكى موڭغۇللار تەبىقە ئايرىغاندا ئۇيغۇرلارنى موڭغۇللاردىن قالسا 2-دەرىجىلىك ئىمتىيازلىق مىللەت قاتارىدا كۆرگەن. سۇي-تاڭ دەۋرى، بولۇپمۇ يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغاندى.

ئۇيغۇرلار چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن ھىلاكوخاننىڭ ئىراندىكى ھۆكۈمرانلىقى، باتۇنىڭ ئالتۇن ئوردا خاندانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەتلىرىدىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر تىل-يېزىقى بۇدۆلەتلەردە دۆلەت يېزىقى ۋە مەمۇرىي تىل تەرىقىسىدە قوللىنىلدى. ئومۇمەن، ئۇيغۇرتىل-يېزىقى پۈتكۈل موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە مۇھىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي رول ئوينىدى، شۇنداقلا، موڭغۇل خاندانلىقلىرى بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقە ئىشلىرىدا ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينىدى. بۇ ھەقتە غەربىي ياۋروپالىق ساياھەتچى ۋىلگىلىم دې روبروك، ئىرانلىق جۇۋەينى، رەشىدىددىن قاتارلىقلار ناھايىتى ياخشى مەلۇمات بېرىدۇ. ئىران تارىخچىسى جۇۋەينىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، موڭغۇللار ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشنى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قاراپ، بۇيېزىقنى ئۆگىنىشنى ئۆزلىرىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنىمۇ تەشەببۇس قىلغان. ئىلىخانلار دەۋرىدە ئۇيغۇر يېزىقى ئىلىخانلار دۆلەت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئىرانلىق مەمۇرلارمۇ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان. ھەتتا ئەينى دەۋردە ئىلىم-پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان خۇراساندىمۇ قىرغىندىن ساق قالغان ئالىملار ۋە پۇقرالار ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆگەنگەن .

رەشىدىددىننىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ھىندىستان ۋە خۇراسانلاردىمۇ ئەمىر-پەرمانلار ئۇيغۇر تىل-يېزىقى بىلەن چۈشۈرۈلگەنىكەن. تۈرك تارىخچىسى زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ

قارىشچە، ھىلاكوخان ھازىرقى تۈركىيىدىكى كونىيە قاتارلىق جايلارغا تۆللۈك باقشى ئىسىملىك بىر ئۇيغۇركىشىنى ئەۋەتىپ، بۇ جاينىڭ باش ۋالىيسى قىلغان. بۇ جايلارغا ئىلىخانلاردىن مەلىكشاھ ۋالىي بولغاندا كۆپلىگەن تۇرپانلىق ئۇيغۇرلار (ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار) ۋە قەشقەرلىك، كۇچالىق، خوتەنلىكلەر (ئەينى يىللاردا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلار) كونىيە ۋە ئىگدى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ يەرلىكلەشكەن. ئىلىخانلاردىن ئەبۇسەئىد زامانىدا ئۇيغۇر ئەرتەنەبەگ پۈتكۈل ئاناتولىغا باش ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن. قىسقىسى، ئاناتولىي، ئەزەربەيجانلاردا ئۇيغۇر تىلى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان. ئومۇمەن ئىلىخانلار دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ تەسىرى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتكە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ھەتتا ئىلىخانلارنىڭ ئارغۇن خانى فرانسۇز كارولى فىلىپ Ⅳ كە ئەۋەتكەن دۆلەت خېتىنى موڭغۇل تىلىدا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يازغانىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە دۇنيادا ئەڭ كەڭ قوللىنىلغان چوڭ تىل-يېزىقلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەگەر بىز بۇ ھەقتە سۆزلەپ كەلسەك تالاي پاكىتلارنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن.

موسكۋادىكى ئۇيغۇر ناۋايخانىسىغا يىغىلغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلكە-چاقچاقلىرى يەنىلا ئانا ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن سۇغۇرۇلغاچقا، ھەممىنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلدى. چۈنكى ئانا ۋەتەن تۇپىسىنىڭ ھىدى ۋۇجۇدۇم ۋە جىسمىمدىن مانا مەن دەپ پۇراپ تۇراتتى.

- سىزنى يەنە بىر سۆيۈپ قوياي، - دېدى پروفېسسور، دوكتور ئېلمان كەرىمبايىف ئاكا، - سىزنى سۆيسەم ئاشۇ ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمنى سۆيگەندەك بولىمەن. چۈنكى سىز شۇلارنىڭ ۋەكىلىسىز. مەن ئەنجان شەھىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. دادام شۇ ئۇلۇغ قەشقەردىن چىققان. ۋەتەن تۇپرىقىنى كۆرگىنىم يوق، لېكىن قان-قېنىمدا بىرلا نەرسە يەنى دادامنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت، مۇھىمى ئۇنى بىر كۆرۈش، شۇ مۇقەددەس تۇپراقنى تۇتىيادىنمۇ ئەزىزبىلىپ كۆزۈمگە بىر سۈرتۈش ئارزۇسى بار. مېنى تەتقىقات ئىنستىتۇتىمىزدىكى ۋە پۈتكۈل ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى ساھەسىدىكى ھەممە ئالىملىرىمىز ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنى مەن ئارقىلىق تونۇيدۇ. 40 يىل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە روسىيە ئۈچۈن ئىشلىدىم. 20 نەپەردىن ئارتۇق دوكتور ۋە كاندىدات دوكتور تەربىيىلىدىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن روسلار. نۇرغۇن خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتناشتىم. ھازىرمۇ قول ئاستىمدا 200 نەپەردىن ئارتۇق ئالىم ئىشلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتساق، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، روسىيىنىڭ ئالەم كېمىسى مەنىسىز ئاسمانغا چىقمىغان. ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ يۇقىرى مائاش بىلەن ھەمكارلىققا تەكلىپ قىلىشىۋاتىدۇ. لېكىن بىرلا نەرسىگە ئېچىنىمەن، تا ھازىرغىچە ئاناۋەتەن ئۈچۈن بىرەر ئۇيغۇر بالىسىنى تەربىيىلەپ، ئۇنى ئالەم تېخنىكىسى مۇتەخەسسىسى قىلىپ يېتىشتۈرەلمىدىم.

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كاللىسىمۇ بۇنداق تېخنىكىغا ئوبدان ئىشلەيدۇ. ھازىرغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇشۇ كەسپى بويىچە ئوتتۇرىغا يېقىن ئۇيغۇر ئالىمى تەربىيىلىنىپ چىقتى. ھازىرمەن بىلەن بىرگە دوكتور كامىلجان كەرىمبايىف، يەنى مېنىڭ چوڭ ئىنىم بىرگە ئىشلەيدۇ. ئىنىم بىلەن ئىككىمىز - موسكۋادىكى بىر مەركەزدە ئىككى ئۇيغۇر ئالىم ئىشلەۋاتىمىز. ھەي. ئىسىت، تارىخچى بولماي تەبىئىي پەن مۇتەخەسسىسى بولغان بولسىڭىز، سىزنى مەن ئۆزۈملا تەربىيىلىگەن بولاتتىم، - دېدى.

نارىمان مۇھەممەت ئوغلى قائىدە بويىچە مېھمانلارنى يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ سورۇننى «چۈشلۈك چاي زىياپىتى» دەپ ئاتىدى. تونۇشتۇرۇشتىن قارىغاندا، ئۇ، بۇيەرگە موسكۋادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزى يېقىن ئۆتىدىغان ۋە دائىملىق مۇناسىۋەت قىلىدىغانلاردىنلا ئاشۇ 15 كە يېقىن ئادەمنى يىغقانلىقىنى ئېيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالىملار بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز تەتقىقات ئورۇنلىرىدا بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوكتور ۋە كاندىدات دوكتورلار بولۇپ، بىرقانچىسى پروفېسسور ۋە دوتسېنت ئىدى. نارىمان يەنە بۈگۈنكى چايغا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاتوم يادرو تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، فىزىكا پەنلىرى دوكتورى ئالېكساندىر رەخموفنى ۋە باشقا يەنە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيدىغان ئىككى ئۇيغۇر پروفېسسورنىمۇ تەكلىپ قىلغانلىقىنى، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ بەك ئالدىراش ئىشى چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

سۆھبەتلەر ئارىسىدا نارىمان مۇھەممەتنىڭ ئايالى گۈلبەھرەم ئۆيدە تەييارلىغان لەغمەن ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىپ داستىخان راسلىدى. توققۇز ياشلىق قىزى ئىسكىرىپكا بىلەن بىر قانچە ئۇيغۇرچە مۇزىكا ئورۇنداپ بەردى. ئۇماقىنە كەلگەن بۇ قاراقۇمچاق قىز موسكۋا شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ رويال چېلىش مۇسابىقىسىدە ئۆزى ئىشلىگەن مۇزىكىسىنى ئورۇنداپ 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. موسكۋا تېلېۋىزىيىسى بۇ قىز ۋە بىر قانچە ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن مەخسۇس كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ھەم بۇھەقتە خەۋەرلەر بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى» دىكى بۇ چۈشلۈك چاي ئاخىرىدا مەشرەپ تۈسىگە ئايلىنىپ، بىر قانچە بوتۇلكىلارمۇ بىكار بولدى. كەيپىيات تېخىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ھەر بىر ئادەم بىر قەدەھتىن كۆتۈرۈپ قىزىقچىلىق ۋە ياكى بىرەر شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشتى. جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور ئابلەھەت قاھاروف قەدەھ سۆزى سۆزلەپ، موسكۋادىكى ئۇيغۇرلارغا ۋەكالىتەن شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىغا، شۇنداقلا ماڭا بەخت ۋە ئۇتۇق تىلىدى؛ ئاندىن ئۇ شۇنداق دېدى:

- موسكۋادا ياشايدىغان، ھازىرچە ئېنىق

بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسەن مىڭ ئائىلە دەپ پەرەز قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان بۇ يەرگە كېلىپ، مۇشۇ يەردە ئوقۇپ، ئالاھىدە نەتىجە يارىتقانلىرى، قىسقىسى، تاللانغان ـ سەرخىللىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ تەركىبى ھەرخىل، يەنى ئاتاقلىق يازغۇچىلار، رەسساملار، ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى، ئارتىسلار، شۇنداقلا زاۋۇت-كارخانا باشلىقلىرى ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي-مەمۇرىي ئورگانلىرى خادىملىرى، شەخسىي شىركەت ئىگىلىرى ۋە تېخنىك ئىشچىلار. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، موسكۋا، سانكىت ـ پېتربورگنىڭ ھەر قايسى ئىلمىي ئورۇنلىرىدا 80 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئالىم (پروفېسسور، دوتسېنت، دوكتور، كاندىدات دوكتورلار) ئىشلەيدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ھەتتا خەلقئارادا كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملار. بۇلاردىن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئالىم نوبېل مۇكاپاتى لائۇرىياتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن. ئەزىز دۇگاشېف، مۇرات ناسىروف قاتارلىق ئارتىسلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز موسكۋا، سانكىت-پېتربورگ جۈملىدىن پۈتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سەنئەت مۇخلىسلىرىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. مۇرات ناسىروف سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە روسىيە بويىچە بىر قانچە قېتىم 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا سازاۋەر بولدى. ھازىر ئۇنىڭ ناخشا-مۇزىكا ئەترىتى-«يېڭى پورت» موسكۋادا خېلى داڭ چىقارغان بولۇپ، مۇرات ناسىروف ئالدىنقى قاتاردىكى ناخشىچىلار سېپىگە ئۆتتى. سپارتاك ئەخمىتوف قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى موسكۋا ئوقۇرمەنلىرىگە يېقىندىن تونۇشلۇق. قىسقىسى، موسكۋا ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل-پاراستى بىلەن جامائەتنى قايىل قىلدى. ئەپسۇسكى سانسىزلىغان روسلار بىز ئۇيغۇرلارنى بىلمەيدۇ. ئازساندىكى بىلگەنلىرى بولسا بىزنى ئىنتايىن ئۇلۇغ، ئىلغار ، ئەقىل-پاراسەتلىك مىللەت دەپ چۈشىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى موسكۋادا ياشىغان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز غورۇرى ۋە ئابرويىنى قاتتىق قوغدىغانلىقىدا بولسا كېرەك. . .

پروفېسسور ئابلەھەت قاھاروف سۆزىنى ئەمدىلا توختىتىشىغا ئىشىك چېكىلدى.

نارىمان مۇھەممەت ئوغلى بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگىنىچە ئاۋئاتسىيە خادىمى فورمىسىنى كىيگەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

ـ مانا، مانا، ئاخىرى كەلدى، ـ دېدى نارىمان خۇشاللىق بىلەن، ـ سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ ياق ئابلىكىم بولىدۇ. قازاقىستان ھاۋا يوللىرىنىڭ داڭلىق ئۇچقۇچىسى ، يەنى ئايروپىلان باشلىقى.

ئوتتۇرا بويلۇق بۇ ئادەم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا قەدەھ سۆزى بېرىلدى. ئۇ، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ، ھازىرلا ئالما-ئاتادىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكى، بۈگۈن بىر كۈن دەم ئېلىپ ، ئەتە يەنە ئۇچىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇ سورۇنغا ئۈلگۈرۈپ كەلگىنىگە ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىدى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدۇق. ئۇ، پاراڭ ئارىلىقىدا ماڭا قازاقىستان ئاۋئاتسىيىسىدە ئون نەپەر ئۇيغۇر ئۇچقۇچى، 20دەك كوتكۇچى قىزنىڭ بارلىقىنى، ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ھازىر ئايروپىلان باشلىقى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى سوۋېت ئارمىيىسىدە قىرغۇچى ئايروپىلان ھەيدەپ، كېيىن كەسىپ ئالماشقانلىقىنى، ھازىر ئىل-86، تۇ-154 تىپلىق ئايروپىلانلارنى ھەيدەيدىغانلىقىنى، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان ئاۋئاتسىيىسىدىمۇ ئۇيغۇر ئۇچقۇچى ۋە كوتكۇچى قىزلارنىڭ، شۇنداقلا تېخنىك خادىملارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەن ئويلىنىپ قالدىم. پروفېسسور، دوكتور ئالېكساندىر رەخموف سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە بۈگۈنكى روسىيىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئاتوم-يادرو تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاتوم يادرو تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى بوپتۇ. ئۇ، قول ئاستىدىكى نەچچە يۈزلىگەن كۈچلۈك ئالىملارغا، روسىيە ئاتوم يادرو تەتقىقات ساھەسىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپتۇ. پروفېسسور، دوكتور تېلىمان كەرىمبايېف سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى (ھەم بۈگۈنكى روسىيە) ئالەم بوشلۇقى تەتقىقات مەركىزىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، 200 دەك ئالىمغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئالەم كېمىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. پروفېسسور، دوكتور دەمىر ساتتاروف سانكىت-پېتربورگدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئوپتىكا تەتقىقات مەركىزىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، بۇ ساھەدە پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئەڭ داڭلىق ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپتۇ. دوتسېنت، دوكتور قەھرىمان نامېتوف موسكۋادىكى روسىيە ئوپتىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا بۆلۈم باشلىقى ھەم لابورانت بولۇپ ئىشلەپ، بۇ ساھەدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە موسكۋا قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور م. روزىن، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماتېماتىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى، پروفېسسور، دوكتور ناتالىيە تۇرسۇن قىزى، ئېلېكترونلۇق مېگە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، پروفېسسور پولات ئاخمېتوف، تېمىريازېۋ نامىدىكى يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي خادىملىرى ـ دوتسېنت، دوكتورلار، ئاكا-سىڭىل شۆھرەت مۇتەللىپوف بىلەن مارىيە مۇتەللىپ قىزى ھەم ئاكادېمىيىنىڭ يەنە بىر ئالىمى، دوكتور شەۋكەت ۋە مېدىتسىنا پەنلەر دوكتورى، پروفېسسور بۇرھان شۇنداقلا باشقا نۇرغۇنلىغان ئىستېداتلىق ئالىملار يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئاتاقلىق دىرىژور، پروفېسسور ئەزىز دۇگاشېف دۇنياغا داڭلىق ئاشۇ «بالشوي تىياتىر» (چوڭ تىياتىر) دا ئىشلەپ ، بۇ تىياتىر سەھنىسىدە ياۋروپا كلاسسىك مۇزىكىلىرىغا، سىمفونىيىلىرىگە دىرىژورلۇق قىلىپ ، پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىنى قايىل قىلىپ، بەش ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

«خەلق ئارتىسى» دېگەن نامغا سازاۋەر بولۇپتۇ. مۇرات ناسىروف پۈتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە داڭقى كەتكەن ناخشىچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. سانكىت-پېتربورگدا ياش رەسسام ئازات مۇھەممەدوف سەنئەت مۇخلىسلىرىنى قايىل قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى يىراق-يىراقلارغا تونۇتالاپتۇ. قىرغىزىستانلىق ئايتۇرغان تۆمۈر قىزى پۈتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا داڭقى كەتكەن كىنو چولپىنىغا ئايلانغان بولۇپ، 20دىن ئارتۇق فىلىمدا باش رول ئېلىپ، دۆلەتلىك كىنو مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇپتۇ. مەشھۇر كومپوزىتور، پروفېسسور قۇددۇس غوجامياروف سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنياغا داڭلىق كومپوزىتور بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ ھەمدە «سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئارتىسى» نامىغا سازاۋەر بولۇپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھۆكۈمەت موسكۋادىكى چوڭ تىياتىردا مەخسۇس ئۇنىڭ مۇزىكا - سىمفونىيىلىرىنى ئورۇندىتىپ تەبرىكلەپتۇ. ئەگەر بىز ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى نەقىل كەلتۈرسەك، مەخسۇس توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە پەقەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا داڭقى كەتكەن بىر قانچە ئالىملارنىلا مىسال قىلدۇق، خالاس. پۈتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ئالىمى ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسى بويىچە ئاكادېمىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن، قىرغىزىستانلىق ئەزىز نارىنبايېف، قازاقىستانلىق خوجائەخمەت سەيدىۋاققاسوف ۋە مۇرات ھەمرا-يوف؛ تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدىمۇ ئۈچ نەپەر ئالىم شۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن پروفېسسورلار ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرىدە ۋە سابىق س س س ر دا زور ئابرويغا ئېرىشكەن. 60نەپەردىن ئارتۇق ئارتىس ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ «خەلق ئارتىسى»، «خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس» نامىغا سازاۋەر بولغان. 20نەپەردىن ئارتۇق رەسسام بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتلىرىغا ۋە پەخرىي ناملىرىغا سازاۋەر بولغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلىرىدىن سوۋېت ئارمىيىسى ھاۋا، تانكا، قۇرۇقلۇق، ئىچكى ئىشلار تارماقلىرى بويىچە گېنېرال، پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىك، مايور قاتارلىق يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋاندىكى ئوفىتسېرلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە تۈركىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ئىستىبداتلىق ئۇيغۇر كىشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بولالمايمىز. . .

پەقەت ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويغۇم كېلىدۇ: بىز ئۇيغۇرلار راستىنلا چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلالمامدۇق؟ قالاقلىق، قاشاقلىق بىزگە ئاللا تەرىپىدىن بەخش ئېتىلگەنمۇ؟ شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىلغار ئىنسانلار توپىدىن قېلىشمايدۇ. ئۇلار باشقا ئىنسانلارغا تامامەن ئوخشاش. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆتمۈش زاماندىكىدەكلا ھەسسە قوشۇش ۋە يېڭىدىن يېڭى شانلىق تارىخ يارىتىشقا ھەقلىق، بۇ تامامەن ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئۆزىنى تەرەققىياتتا ئالغا كەتكەن ئىلغار مىللەتلەرگە سېلىشتۇرۇش روھىلا كېرەك، خالاس. ئادەم ھەممىگە قادىر. دېمەك ئادەم شارائىتنى يارىتىدۇ. ئۆزى نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋانىڭ ساپ بولۇش - بولماسلىقى يەنىلا ئادەمگە باغلىق. ئىرادىسىز-قورقۇنچاق ئادەملەرگە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىرادىسىز خەلققە ھېچقاچان بەخت يار بولمايدۇ.

«ئۇيغۇر ناۋايخانىسىدىكى چۈشلۈك چاي» مەن ئۈچۈن قانچىلىك زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يېزىپ ئولتۇرمايمەن. مېنىڭچە، بۇ ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىگە ئايان. دېمەكچىمەنكى، بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردىمۇ ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنىنىڭ ئەڭ ئىلغار، ئەڭ يېڭى تەپەككۇرىنىڭ ئىگىلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما تالايلىغان ئادەملىرىمىز تېخىچە قالاق تەپەككۇر دۇنياسىدا ياشاۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئېڭى ۋە ياشاش ئۇسۇلى تېخىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا. بۇ نېمىدېگەن زور پەرق-ھە؟! بىزگە ئوخشاش ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان باشقا مىللەتلەر قانچىلىك؟. . .

نېمە سەۋەبتىن موسكۋا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى شۇنچە زور تۆھپىلەرنى يارىتالايدۇيۇ، بىز شۇلاردەك بولالمايمىز؟ شۇلارنىڭ قېنىدا ئاشۇ ئەقىللىق، بېجىرىم ئەجدادلارنىڭ گېنى تۇگىمىگەن. بىراق بىزدىچۇ؟ . . . بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمىدە؟. . . ئىچكىرىلەپ ئويلىغانسېرى خىياللىرىم چىگىشلىشىدۇ. بولدى، بەس!

«ئۇيغۇر چايخانىسىدىكى چۈشلۈك چاي» مېنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ «چاي» مېنىڭ موسكۋانى تېخىمۇ چۈشىنىش، ئاشۇ ئۇيغۇر مىللىتىمنى تېخىمۇ سۆيۈش ئىستىكىمنى ئاشۇردى.

كەچ سائەت ئونلاردا «چاي» تارقاپ، ھەممە تەرەپ-تەرەپلەرگە، ئۆيلىرىگە قايتىشتى. يەر ئاستى پويىزنىڭ تېز سۈرئەتتە يېنىك سىلكىنىشىگە ئەگىشىپ ئولتۇرۇپ، نارىمان مۇھەممەت ئوغلىنىڭ «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى»دا بولۇپ ئۆتكەن بۈگۈنكى «چاي» زىياپىتى ۋە ئانا ۋەتەندىكى ئۈستى چەللە بىلەن يېپىلغان سانسىزلىغان قاپقاراڭغۇ ناۋايخانىلار، چايخانىلار، ناۋايلارنىڭ دوزاققا ئوخشاش كۆيدۈرگۈچ ئوتنىڭ تەپتىدىن قىزارغان قىپقىزىل يۈزلىرى، توختىماي شۇرۇلداپ قويۇلۇۋاتقان مونچاق-مونچاق تەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن ئۈستىباشلىرى، ئىشلەتكەن قاپقارا لۆڭگىلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ھەممىسى ئوخشاش بىر ئۇيغۇر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ روھى، ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشىغىچە پەرق ھەقىقەتەن زور ئىدى.

## ئۇزۇلمەس مۇقام ساداسى

موسكۋانىڭ تۋېرسكىي كوچىسىغا جايلاشقان

مەركىزىي پوچتىخانىنىڭ تېلېگراف بىناسىدا 1991-يىلنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە گەپ-سۆزلەر ياڭرىدى. تېلېفون كۈتۈش زالىدا تېلېفونىستلارنىڭ: «ئۈرۈمچى!»، «ئۈرۈمچى!» دەپ چاقىرغان ئاۋازلىرى باشقا دۆلەت ۋە شەھەرلەرنىڭ نامىنى چاقىرغان ئاۋازلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. پوچتىخانا خادىملىرىنىڭ تىلى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاتۇش، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلىرىمىزنىڭ نامىغا خېلىلا كۆنۈپ قالدى.

روس تېلېفونىست قىزلار بۇ ئىبارىلەرنى ئانچەقىينالمايلا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇر تەلەپپۇزىدا ئىشلەتكەچكە دەرھاللا ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇيغۇر قىزلىرى كېلەتتى. سۆزلىشىش نۆۋىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ھەر دۆلەت، ھەر ئىرقتىكى ئادەملەر بۇ ئىبارىلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئىگىلىرىگە قىزىقسىنىپ قارىشاتتى.

تۇرمۇش تىرىكچىلىكى يولىدا تىجارەت بىلەن بۇ شەھەرگە كېلىشكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىش ۋە سۆيگۈسى ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم كۈچلۈك كېلىدۇ. ئۇلار كۈندە دېگۈدەك مانا مۇشۇ پوچتىخانىغا كېلىپ ئۆز يۇرتلىرىدىكى ئاتا-ئانىلىرى، خوتۇن-بالىلىرىغا تېلېفون بېرىپ ئۇلارنىڭ ۋە يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇشنى ئادەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار بەس-بەستە سودا ئۇچۇرى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئادەتتە بويىچە بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئانچە-مۇنچە تىللاپ تۇرۇشقىنى بىلەن، بىر يەرگە جەم بولسا، بولۇپمۇ بۇ پوچتىخانىدا ئۇچراشقاندا ئۆزئارا ئەھۋال سورىشىپ، قۇچاقلىشىپ يېقىن ئاغىنىلەردەك مۇئامىلە قىلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە يەنىلا ئۆزلىرى بىلمىگەن «دەردى» يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ دەردلەرنىڭ تۈپ ئاساسى يەنىلا ئۆزئارا كۆرەلمەسلىك ۋە ھەسەتخورلۇقتىن باشقانەرسە ئەمەس، لېكىن ئۇلار بۇنى ھەرگىزمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىدۇ. ئۇلار سودىدىن سىرت پاراڭلىرىدا دۇنيانىڭ كۈندىلىك سىياسىي ۋەزىيىتى، مۇسۇلمانلار دۇنياسى بىلەن ياۋروپانىڭ ئۆزئارا ئىقتىسادىي، دىنىي پەرقى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۆزگىرىش توغرىسىدا ئۆزى بىلگىنىچە تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ. ئايلىنىپ، چۆرگىلەپ، دۇنيادا ئۇيغۇرلاردەك ئۇلۇغ مىللەت، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدەك ياخشى ئۆرپ-ئادەت يوق.

ئۇيغۇرلار تارىختا دۇنيا بويىچە ئەڭ يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان. مەھمۇدقەشقەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار كىتاب يازغان چاغلاردا روسلار تېخى ئىشتان كىيىشنى بىلمەيتتى. بىز ھازىر قالاق، مەدەنىيەتسىز، ئىتتىپاقسىز، پەقەت ئۆزئارا بىر-بىرىمىزگىلا كۈچىمىز يېتىدۇ، دېگەندەك خۇلاسىگە كېلىشىدۇ. قەشقەرلىك قەشقەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدىن پەخىرلەنسە، ئاتۇشلۇق ئۆز يۇرتىنىڭ تارىختىكى ئورنىدىن ھەمدە ھازىرقى ئاتۇشلۇقلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن چىققان «يەھۇدىي» ئىكەنلىكىدىن سۆز ئېچىپ، ئۆزلىرىنى ئۇچۇرسا، غۇلجىلىق يېقىنقى زامان تارىخىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىدىن ماختىنىدۇ. ئۇنداق تالىشىپ، مۇنداق تالىشىپ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاشلا ھەممىلا يەردە قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ يۈرۈشىدىكى سەۋەب ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقسىز-لىقىدىن، چېچىلاڭغۇلۇقىدىن بولغان دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار بۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ خۇيىنى تاشلىمايدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتمەيدۇ. بىر كۈنى مەلۇم بىر مەشھۇر روس ئۇيغۇرشۇناسى ئۇيغۇر تارىخى ۋە تىلى ئۈستىدىكى ئىلمىي مۇزاكىرىدە ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بايان قىلىۋېتىپ دېگەنلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى، ئۇلارنىڭ ئورتاق، مۇستەھكەم يۇرتۋازلىق پىسخىكىسىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدا. باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە ئېغىر. ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتۋازلىق پىسخىكىسى ھەرقاچان ئۇلارنىڭ ئورتاق روناق تېپىشى، ئورتاق گۈللىنىشىگە ۋە باشقا نۇرغۇن مۇھىم ئىشلىرىغا توسقۇن بولغان. ئۇيغۇرلاردىكى ئورتاق پىسخىكا، ئۆزلىرىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىدىن ھەددىدىن زىيادە پەخىرلىنىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇد ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار خەلق ھېسابلاش روھىنىڭ ھەر بىر قانائەتچان ئۇيغۇرنىڭ قەلب قېتىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكىدە. ئەگەر زامانىۋى ئەقىل-پاراسەت بىلەن مۇشۇنداق روھ بىرلەشسە، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق روھى بىلەن ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تەشكىللىيەلىسە، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ روھىيىتىدىكى بارلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ، پارلاق كېلەچەككە قاراپ ماڭغان بولاتتى!...»

1993-يىلى ئەتىيازدا ئۆزبېكىستانغا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بارغان چېغىمدا، تاشكەنتنىڭ «مۇستەقىللىق مەيدانى»دا كېتىۋېتىپ تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان بىر ئۆزبېك شەرقشۇناس پروفېسسور، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى توغرىسىدا مەن بىلەن مۇنازىرە قىلىپ: «دۇنيادا ئۆز مىللىتىنى، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمىگەن ئادەمنى قانداقسىگە ئادەم دېگىلى بولسۇن؟! مېنىڭ قارىشىمچە، دۇنيادا ئۆزبېكىستانىمدەك ئۇلۇغ جاي يوق، مەيلى ئامېرىكا، مەيلى شىۋېتسارىيە ۋە ياكى يەنە باشقا كاتتا جايلار يەنىلا مېنىڭ قەدىردان ئۆزبېكىستا-نىمدەك ئەمەس، چۈنكى ئۆزبېكىستان مېنىڭ شۇنداقلا ئەجدادلىرىمنىڭ قېنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس ئانا تۇپراقىم. بىزلەر ئىلگىرى سەمەرقەنتلىك، بۇخارالىق، تاشكەنتلىك، نامەنگەنلىك دېيىشىپ، بىر-بىرىمىزگە نەپرەت كۆزلىرىمىز بىلەن قاراشقانىكەنمىز. شۇنىڭ بەدىلىگە بىزلەر خارابلاشتۇق. مەگەركى، ھازىر كىم سەن ئۇيەرلىك، مەن بۇيەرلىك دەپ يۇرتۋازلىق قىلسا، مەن شۇنى مىللىتىمنىڭ دۈشمىنى ھېسابلايمەن» دېگەنىدى. ئۇ يەنە غەزىسىنى قاتتىق بىر شورىۋېتىپ: «ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ خەلق، بىزلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىردۇر. قاراڭ، بىز ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى يۈزدە يۈز چۈشىنەلەيمىزكەن. بۇيەردە ھېچكىم سىزنى ئۇيغۇر دېمەس، بەلكى مەن سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلارغا بارسام، مېنى كىشىلەر ھېچ ئۆزبېك

www.uyghurkitap.com

دېمەس، قىسقىسى، بىر-بىرىمىزنى ئۆز كۆرەرمىز، خالاس. كەچۈرۈڭ، دوستۇم، بىر گەپنى سىزگە ئېيتقۇم بار. سىلەر ئۇيغۇرلار نېمانچە ئىتتىپاقسىز، تۆت ئۇيغۇر بىر-بىرىڭلارنىڭ كۆتىڭلارنى كولايسىلەر، شەخسىي مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن بىر-بىرىڭلارنى ساتىسىلەر. سىلەردە ھەسەتخورلۇقتىن باشقا نەرسىلەر جۇدەكەم ئىكەن. تاشكەنتتە يۈرگىنىمدە ئۇيغۇر ئورتاقلىرىم (دوستلىرىم دېمەكچى) قاتمۇقات زىددىيەتلەرگە تولغانتى. ئالما-ئاتا، بىشكەككە بارسام ئۇ يەردىمۇ بىر-بىرى بىلەن تالىشىپ، دۈشمەنلىشىپ يۈرۈشكەن ئۇيغۇرلارنى كۆردۈم. تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا جايلاردىمۇ ھەم شۇنداق. مېنىڭچە، سىلەر ئۇنداق قىلمىساڭلار بولار ئىدى. ئۆلمۈك بولمىغان مىللەتتە قانداقمۇ ئىستىقبال بولسۇن؟!...

مېنىڭچە، بۇنىڭ بىرلا سەۋەبى باردۇر، يەنى سىلەردە شەخسىي مەنپەئەت ئېڭى جۇدە كۈچلۈك، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى جۇدە كەم. بىز ئۆزبېكلەردىمۇ شەخسىيەتچىلىك ئېغىر، لېكىن بىزلەر بۇنى تۈزىتىمىز، چۈنكى، بۇ بىزدىكى دۆلەتلىك ئىسلاھات پىلانىنىڭ بىر قىسمى. سىلەردە بولسا، ئۆزۈڭلەرگە خاس خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، مەنئۇيىتىڭلارنى ئۇڭلىيالىساڭلار سىلەر روناق تاپالايسىلەر» دېگەنىدى.

ھەقىقەتەن بۇ ئالىملار دېگەندەك، ساناپ كەلسەك ئاخىرى چىقمايدىغان بىزدىكى تۈگىمەس زىددىيەتۋازلىق ئىللەتلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىمىزنى قانچىلىك پاجىئەلەرگە دۇچار قىلغانلىقىنى، بۇ پاجىئەلەردىن ئىللەتلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىپ ، گوياكى شىپاسىز كېسەللىك كەبى مىللىتىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى خارابلاشتۇرۇپ، ئاجىزلاشتۇرۇپ ھەم خۇنۇكلەشتۇرۇپ بېرىۋاتقىنى ھەر بىرىمىزگە بەكمۇ ئايان.

ئالىملار مىللىتىمىزنىڭ بۈيۈك نامى «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى ھەرخىل يېشىپ چۈشەندۈرۈپ كۆرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا «ئىتتىپاقلىق» ، «ئۇيۇشقاق» دېگەن مەنىلەرنى مۇقىملاشتۇرغاندا ، «بۇ مىللەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدە بۇمەزمۇنلار بارمۇ-يوق؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ كۆرگەن بولغىيمىدى؟ مېنىڭچە، «ئىتتىپاقلىق» ، «ئۇيۇشقاق» ، «بىرلىك» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن نام بىلەن ئاتالغان مىللەت دۇنيادا پەقەت بىرلا بىزنىڭ سۆيۈملۈك مىللىتىمىز بولسا كېرەك. ئەپسۇسلىنارلىقى، بىز ھازىر بۇنامغا مۇناسىپ ئەمەس!

بىزنىڭ ئېتنىك تەركىبىمىز ئۆزىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن بىزنى ئەقىللىق گېنېتىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك زىددىيەتلىك روھىي دۇنيايىمىزنى ۋە مىللىي پىسخىكىمىزنى شەكىللەندۇرگەن. قوپال قىلىپ ئېيتقاندا، ساۋاتسىزلىق، قاششاقلىق، ھەددىدىن زىيادە نامراتلىق قاتارلىق تەرەپلەر قوشۇلۇپ، بىزنىڭ زىددىيەتۋازلىق خاراكتېرىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئەپسۇسكى، ساۋاتسىز ئاھالىمىز بىر چەتتە قايرىلىپ قېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ روھىي

ئىنژېنېرلىرى بولغان زىيالىيلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىز، ئالىملىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز، مەمۇرلىرىمىزمۇ زىددىيەت قايىنىمىغا غەرق بولۇشتى. (ئەلۋەتتە بۇنداق كىشىلەر يەنىلا ئازچىلىق بولۇپ، ھەممىنى دېمەكچى ئەمەسمەن). يۇرتۋازلىق يەتمىگەندەك گۇرۇھۋازلىق قىلىشىپ، بىر-بىرىگە ئورا كولاپ، بىر-بىرىنى ئورىغا تىقىشنىڭ، پۇتلاشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇ يولدا قوللىنىلغان بەزىبىر رەزىل ۋاستىلەرنى ئېيتىشقا ئادەم نومۇس قىلىدۇ. ئۇ ۋاستىلەر شۇنچىلىك قەبىھكى، «ئاقنى قارا، قارىنى ئاق» قىلىپ، بىر-بىرىگە ئەشەددىي بەدنام چاپلايدۇ. بۇ بەدناملار ھەتتا بىر-بىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى، شەخسىيىتى، ئىجتىمائىي سالاھىيىتى، سۆز - ھەرىكىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇنىڭ تۈپ مەنبەسى نېمە دېگەن سوئالنى قويغاندا: «شەخسىي مەنپەئەت» دەپ جاۋاپ بېرىش مۇمكىن. «قۇربان بېرىش روھى» بولمىغان ئادەمدىن ۋاپا، ساداقەت ۋە ياخشىلىقمۇ كەلمەيدۇ. بۇنداق ئادەملەردىن تەركىب تاپقان مىللەتتە ئابرويمۇ بولمايدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردىكى «سۇ بېشىدىن لاي بولىدۇ» دېگەن ماقالنىڭ ھەقىقەتەن توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم. «ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قويۇپ كۆلگە سىيەر» دېگەندەك، ئاڭلىق ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى بىلگەننى قىلىشى، كۆرمىڭلىغان ساۋاتسىز خەلقنىڭ روھىيىتىدىكى كېسەللىكلەرنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. فرانسۇزلار، ئېنگلىزلار، ياپونلار، روسلار، تۈركلەر ۋە گېرمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىش روھى ھازىرچە بىزگە تېخى تولۇق ئايان بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ شانلىق ئىجادچانلىق، ئەركسۆيەر، ئۆزىنى قۇربان بېرىش روھى بىزگە ناتونۇش ئەمەس. بىز ھەرۋاقىت، ھەرمىنۇت ئۆزىمىزنى ئاشۇ كۈچلۈك، قۇدرەت تاپقان مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشىمىز كېرەك. مەن بەزىدە شۇنداق ئارزۇ قىلىمەن:

مېنىڭ سۆيۈملۈك خەلقىم - مىللىتىمنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆز كېلەچىكىگە گۆر قېزىۋاتقان ئاشۇ ئىتتىپاقسىزلىق، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر بىراقلا يوقالسا، مىللىتىم دۇنياغا قايتىدىن بىر تۆرەلگەن بولسا-ھە!

لېكىن مەن نېمە ئۈچۈندۇر يەنە بۇ كېسەلچان مىللىتىمنى بەك ئەيىبلەشنى خالاپ كەتمەيمەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا يەنىلا ئالىيجانابلىقنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلىكىنى ئىگىلەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىمەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ ئەقىل-ئىدراكنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. بەزىدە ئۇنىڭدىكى شەخسىي رىقابەت ئىجابىي رولمۇ ئويناپ قالىدۇ. ئۇ يەنىلا قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي رىقابەت روھىنى چىڭ ساقلىغانىدى.

تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى تارىخنىڭ تەكرارلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ: قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئوينىغان ئۇلۇغ رولىنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى

سوۋېتتە 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا بىزنىڭ ساۋاتسىز تىجارەتچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ «ئىرسىيەت خاراكتېرلىك سودا تالانتى»نى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلدى. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىمىز ئاغزىدىن قوپال ئىبارىلەرنى ياغدۇرۇپ تۇرۇپ، ھەتتا بىر-بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ يۈرۈپ، بىر مەھەل موسكۋانىڭ مەركىزىي پوچتىخانىسى ۋە موسكۋادىكى «ئۆزبېكىستان»، «باكۇ»غا ئوخشاش ئاساسلىق رېستورانلارنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى بولۇپ قالدى. كىيېۋسكىي، قازانسكىي، سانكت-پېتېربورگ پويىزۋوگزاللىرىنى، شېرمېتېۋا، دامادېدوۋا، ۋنوكوۋا قاتارلىق خەلقئارالىق ۋە ئىچكى ئايروپورتلارنى كونترول قىلدى. «ئۆزبېكىستان» رېستورانىنىڭ ئالدىدىكى «گۈلزارلىق كوچا»نىڭ چىرايلىق تۆمۈر رېشاتكىلىرى ئۈستىدە خۇددى دۆڭكۆرۈكتە ئولتۇرۇشقاندەك تاماكىلىرىنى پۈرۈلدىتىشىپ چېكىشىپ، توپ-توپ بولۇپ ئولتۇرۇشتى. «ئۆزبېكىستان» رېستورانىدا ئۇيغۇر مۇقام-كۈيلىرى ياڭرىدى. رېستوراننى ئۇيغۇرچە پاراڭلار قاپلىدى. بۇ جاي بىراقلا پۈتكۈل دۇنيا ئۇيغۇرلىرى (ئاساسلىقى تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار)نىڭ ئۇچرىشىدىغان مەركىزىگە، شۇنداقلا پۈتكۈل چېچەن، گروزىن، ئەزەربەيجان، ئۆزبېك، رۇس مافىيىلىرىنىڭ «تىجارەت تەقدىرى»نى پىچىدىغان مەركىزىگە ئايلاندى. بىزنىڭ ئاشۇ ئۆز ئات-جۆنىنىمۇ تۈزۈك يازالمايدىغان تىجارەتچىلىرىمىز ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى تاقىلدىتىپ ئۇرۇپ، ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان چالا-پۇلا رۇسچە گەپلەر بىلەن ھەرخىل ئىما-ئىشارەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ رۇس تىللىق كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتى ياكى يەرلىك سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ۋە ياكى ئۆزبېك باللىرىنى تەرجىمانلىققا ياللاپ ئىشلەتتى. موسكۋادا ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر، تۈركمەنلەر ھەتتا قازاقلارمۇ موسكۋاغا كېلىشىپ، بۇ رېستورانلارنىڭ ئالدىغا توپلىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا تورى تېخىمۇ كېڭىيىشكە يۈزلەندى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدى. قىزىق يېرى شۇكى، ۋوگزالغا ياكى ئايروپورتقا بارسىڭىز، ئۇ يەردىكى خادىملار، ھەتتا ساقچىلارمۇ بىر قاراپلا ئۇلارنى تونۇۋېلىپ، ئىللىق مۇئامىلە قىلىشىدىغان بولدى. بۇ تىجارەتچىلەر ماللىرىنى دەسلەپ شەرققە - بېيجىڭغا ماڭدۇردى. بۇ يول ئېتىلسە غەربكە - ۋارشاۋا، سوفىيە، بۇداپېشت، پراگالارغا ماڭدۇرۇشتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى تەگمىگەن جايلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ياۋروپا شەھەرلىرى ۋە يول ئۈستىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەھەرلىرىدە، رومىنىيىنىڭ چۆللىرىدە، ئۇكرائىنىيىنىڭ پاتقاقلىق سازلىقلىرىدا، بېلورۇسىيىنىڭ ئورمانلىرىدا، ۋارشاۋانىڭ ئەترگۈللۈك كوچىلىرىدا، سوفىيىنىڭ ۋوگزاللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قالدى.

بىر ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىر كۈنى بىر تونۇش تىجارەتچىنىڭ ئۆيىگە باردىم. بۇ ئۆيگە ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردىن چىققان يەتتە-سەككىز ئادەم يىغىلىپ قاپتۇ. قىزغىن پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇشتۇق. قەشقەرلىك بىر ھاجىم بازار ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ، يېڭى بازار ئېچىشنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ياشانغانراق ھاجىم سومكىسىدىن پۈرلىشىپ كەتكەن دۇنيا خەرىتىسىنى چىقىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە يايدى-دە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش دۆلەتلەرنى، ئۇلار بىلەن تۇتىشىدىغان يوللارنى ئىزدەشكە باشلىدى ۋە تۆمۈر يول بولماي قالسا، تاشيول بىلەن مال يۆتكەيدىغانلىقىنى، ئۇمۇ بولمىسا دېڭىز ئارقىلىق يۆتكەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. دېمەكچىمەنكى، بۇ بوۋاي خەرىتىدىكى خەتلەرنى ئوقۇيالمايتتى، ئەمما شۇ خەرىتىدىكى بەلگىلەر ئارقىلىق تۆمۈر يول، تاشيوللارنى پەرق ئېتەلەيتتى، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يول تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىزدىنىش روھى ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلاتتى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە بۇ ئادەملەر ستىخىيىلىك تۈردە بولسىمۇ موسكۋانى مەركەز قىلىپ، ئۇنى شەرقتە سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن، غەربتە شەرقىي ياۋروپا بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئەكىلىپ كىچىك ئاسىيا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى، جەنۇبىي ئاسىيا شۇنداقلا ئىستانبۇل ياكى سوفىيە ئارقىلىق سىنگاپورغا، سىنگاپور ئارقىلىق شياڭگاڭ، ياپونىيە، تايلاند، مالايسىيا قاتارلىق رايون ۋە دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرۇپ، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ چوڭ بىر سودا چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇيغۇرلار ھەرخىل سودىدىن تەركىب تاپقان بۇ ھازىرقى زامان «يىپەك يولى» بىلەن ياۋروپا - ئاسىيانىڭ ھاۋا بوشلۇقى، قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرۇپلا قالماي، تىنچ ئوكيان، ھىندى ئوكيان، كاسپىي دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزلاردا ئۈزدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئۇيغۇرلار گەرچە ئاللىقاچان موسكۋانى تاشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەسىرى خېلى ئادەملەرنىڭ ئېڭىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئۆزبېك ئالىمىنىڭ سۆزى مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇرسا، تىجارەتچىلىرىمىزدىكى سودا ماھارىتى مەندە يېڭى ئۈمىدلەرنى پەيدا قىلاتتى: ھەقىقەتەنمۇ تارىختىن بۇيان ئىتتىپاقسىزلىق ئاساسلىق ئامىل سۈپىتىدە تەقدىرىمىزنى خانىۋەيران قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان بولمىش پاكىت. نادانلىق، شەخسىيەتچىلىك، چىرىكلىك، ساتقىنلىق خاراكتېرى بىلەن ئىتتىپاقسىزلىق ئىللىتى بىرلىشىپ بىر - بىرىمىزگە ئۆز-ئارا ھالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان مىجەزلەر شەكىللەندى. بۇ، بىز ئۈچۈن چوڭ بەختسىزلىك بولدى. بۇ بەختسىزلىكىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان بىردىنبىر يول، نادانلىقنى تۈگىتىپ، 20-ئەسىرگە خاس ئاڭلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىلغار تەپەككۇرلۇق، مىللەت - خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە، دۇنياغا يۈزلەنگەن، سىرتقى مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار ئۇيغۇربولۇپ شەكىللىنىش ئىدى.

يەنە بىر ياقتىن ئالغاندا، ئەگەر ئاشۇ تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ ئىلغار تەرىپى بولغان جاندىن كېچىپ رىقابەتلىشىدىغان، ھامان يېڭى يول ئىزدەيدىغان روھى مىللىتىمىزنىڭ ئورتاق مىللىي پىسخىكىسى بولسا ۋە ياكى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئاتۇش خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىكلىكى، خوتەن خەلقىنىڭ ئىرادىلىك، سۆزىدە چىڭ تۇرىدىغان روھى، ئىلىلىقلارنىڭ مەدەنىيەتپەرۋەر، يېڭىلىقپەرۋەر روھى، قەشقەرلىكلەرنىڭ ھوشيار، تاكتىكىچانلىق مىجەزى، ئاقسۇلۇقلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يەكەنلىكلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا پۇختا مىجەزى، قۇمۇل - تۇرپانلىقلارنىڭ ئوچۇق - يورۇق، جەڭگىۋار روھى بىلەن كەلپىنلىكلەرنىڭ ئىتتىپاق - ئۆملۈكى، ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى، ئالتاي-چۆچەكلىكلەرنىڭ ئەركىن، مەردمىجەزى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىمىز ۋە يەرلىك پىسخىكىلىرىمىز قوشۇلۇپ، يۇغۇرۇلۇپ، بىر ئورتاق مىللىي پىسخىكىغا ئايلانسا، ئۇيغۇر خەلقى چوقۇم قايتا گۈللىنىش ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ.

## كىرىمىل تېمى يېنىدىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن»

لېنىن مۇزېيى يېنىدىكى كىرىمىل سارىيى تېمىنى بويلاپ ئارقا ئىشىكىچە بولغان ئارىلىقتا مەشھۇر ئالېكساندىروۋسكىي باغچىسى جايلاشقان. موسكۋا شەھىرىنىڭ ئەڭ مەركىزىدىكى بۇ باغچا ئانچە چوڭ، ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ داڭقى پۈتكۈل دۇنياغا پۇركەتكەن. ھەر يىلى باش يازدا بۇباغچىدا خىلمۇ - خىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايرىشىدۇ. ئۇ، سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن تاماشىبىنلار-نى ئۆز قوينىغا تارتىدۇ. گۈللۈكنى چۆرىدەپ ياسالغان ئورۇندۇقلاردا ئادەملەر گۈللەرنى تاماشا قىلغاچ دەم ئېلىشىدۇ ياكى جۈپ - جۈپ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ گۈلدەك ھايات ۋە گۈزەل ئەسلىمە لەززىتىگە چۆمۈلىشىدۇ. ئادەملەرگە مۇھەببەت ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدىغان بۇ باغچا توغرىسىدا كۆپلىگەن شائىرلار يارقىن مىسرالارنى، مۇزىكانتلار ئەڭ لىرىك مۇزىكىلارنى قالدۇرۇشقان. قىز-يىگىتلەرنىڭ ئورتاق ھاياتقا بولغان تۇنجى قەدىمى مۇشۇ باغچىدا بېسىلىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ توي قىلغانلىقى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. چۈنكي، بۇ باغچىدا، يەنى كىرىمىل تېمىنىڭ يېنىدا مەرمەر تاشتىن ياسالغان سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «يۇلتۇز» دىن ئاجايىپ كۈچلۈك بىر ئوت يالقۇنلاپ تۇرىدۇ. بۇئوت ئادەملەردە ھاياتقا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئويغىتىدۇ. مانا بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرىسى ئۈچۈن يېقىلغان دۇنياغا مەشھۇر «مەڭگۈلۈك يالقۇن» دۇر. ئالېكساندىروۋسكىي باغچىسىغا كىرگەن كىشى مۇشۇ ئوتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىرپەس ئېغىر سۈكۈتتە قاراپ تۇرماي قالمايدۇ. بەزىلەر دەستە - دەستە گۈللەرنى قويۇپ، كۆزلىرىدىن تارام- تارام ياش تۆككەن ھالدا ئۇن - تىنسىز ماتەمگە چۆمىدۇ.

بۇ يەردە كۈنىگە سانسىزلىغان خاتىرە سۈرەتلەر تارتىلىدۇ.

ئورتاق ھاياتقا قەدەم قويغان قىز-يىگىتلەر توي كۈنىنىڭ بىرىنچى سائىتىدە بۇ يەرگە كېلىپ گۈل قويىدۇ ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدۇ. بۇنداق رەسمىيەت پۈتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خارەكتېرلىك بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ - كىچىك شەھەرلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇشۇنداق قەھرىمانلار خاتىرىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بولۇپمۇ ھەر يىلى 9 - ماي «غالىبىيەت بايرىمى» كۈنى بۇ خاتىرە سۇپىسى گۈللەرگە پۈركىنىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياكى روسىيىگە زىيارەتكە كەلگەن دۆلەت ئەربابلىرى بۇ يالقۇن يېنىغا كېلىپ ئېغىر قايغۇ ئىچىدە تەزىيە بىلدۈرۈپ، گۈل تەقدىم قىلماي كەتمەيدۇ. بۇ خىل ئادەت خەلقئارالىق دىپلوماتىيە رەسمىيەتلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلانغان. 1990 - يىلى لى پېڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا كەلگەندە «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ، ماتەم بىلدۈرۈپ گۈل تەقدىم قىلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر سۈپىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەتمۇ قاتناشقان ۋە موسكۋا ئاخبارات ساھەسى بۇھەقتە بەس.- بەستە خەۋەر بەرگەنىدى. ئاخبارات ئۇچۇرلىرىدا لى پېڭ زوڭلى بىلەن تۆمۈر داۋامەتنىڭ نامى ۋە سالاھىيەتلىرى ئالاھىدە تەكىتلەنىدى. چۈنكى بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ، 1950 - يىلى ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ۋەكىللەر ئۆمىكى (ئۆمەك تەركىبىدە سەيپىدىن ئەزىزىمۇ موسكۋاغا كېلىپ، ماۋزېدۇڭ بىلەن بىرگە «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ ماتەم بىلدۈرگەن) دىن كېيىن 2-قېتىم بۇ ئوت ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرۇشى ئىدى. 1990-يىلىغا كەلگەندە جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى نورماللىشىپ، تۇنجي قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۇچرىشىشىدا سەممىمي دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق قايتىدىن تەكىتلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلانغانلىقى جاكارلاندى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ موسكۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن باشلىنىپ، سەيپىدىن ئەزىزى جۇڭگو - سوۋېت دىپلوماتىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ستالىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇپ، تېگىشلىك ھۆججەتلەرگە قول قويغان بولسا، تۆمۈر داۋامەت س س س ر نىڭ ئاخىرقى ۋە تۇنجى زوڭتۇڭى بولغان گورباچېفنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇپ قالدى. جۇڭگو - سوۋېت دىپلوماتىيە تارىخىدىكى بۇ ئىككى قېتىملىق دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يۇقىرى

دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشىدا ئۇيغۇر ۋەكىللىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك سىياسىي ۋەزىپىلەر يۈكلەنگەنلىكى، سوۋېت مەتبۇئاتلىرىنىڭ شۇنداقلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ خەۋەربېرىشتىكى قىزىق تېمىلىرىغا ئايلانغانىدى. ئەلۋەتتە، جۇڭگو ۋەكىللىرىنىڭ تەركىبىدە، بولۇپمۇ لى پېڭ زۇڭلىنىڭ يېنىدا بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا يارىشىملىق ئاق كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، قاپقارا قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان بۇ 2-دەرىجىلىك ھوقۇقلۇق جۇڭگو ئەربابى مانا مەن دەپلا گەۋدىلىنىپ، ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. ھەتتا مۇخبىرلارنىڭ جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا لى پېڭ زۇڭلىغا ۋەكالىتەن جاۋاب بېرىپ، پارتىيىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى يورۇتۇپ بەرگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بىر قانچە يىللار ئىچىدە دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ موسكۋادا زىيارەتتە بولغانلىقىنى موسكۋا «ماياك» رادىئوسىدىن ئاڭلىغانىدىم.

1994-يىلى ئەتىيازدا ئىسمائىل ئەھمەد لى پېڭ زۇڭلى بىلەن بىرگە يەنە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە زىيارەتتە بولدى. لى پېڭ زۇڭلىنىڭ زور سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ ستراتېگىيىلىك زىيارىتىدە ئىسمائىل ئەھمەدمۇ خۇددى تۆمۈر داۋامەتكە ئوخشاشلا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇنداقلا روسىيە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغانىدى. ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىدە بەلگىلىك دەرىجىدە سىمۋوللۇق رول ئويناش بىلەن بىرگە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياغا جاكارلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ، شۇنداقلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ جۇڭگوغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇشتا كاتتا رول ئوينىدى. بۇ قېتىمقى زىيارەتتە ئىسمائىل ئەھمەد ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پايتەختلىرىدىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن» خاتىرىسى ئالدىدا ماتەم بىلدۈرۈپ، گۈل تەقدىم قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى خالايمەنكى، بىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەدكە ئوخشاش پېشۋالىرىمىز دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى بىلەن شۇ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا قەھرىمانلارغا بولغان قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ تەزىيە گۈلى تەقدىم قىلغان بولسا، مەنمۇ ئوخشاشلا جۇڭگودىن كەلگەن ئۇيغۇر ئاسپىرانت بولۇش سۈپىتىم بىلەن قەھرىمانلار خاتىرىسىگە ئاتاپ گۈل قويغانىدىم.

مەن ھەر قېتىم ئالېكساندروۋسكىي باغچىسىغا كىرگىنىمدە، كرېمېل سارىيىنىڭ يېنىدىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىغا كېلىپ، لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇنغا بىردەم قاراپ تۇرۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. «مەڭگۈلۈك يالقۇن» خاتىرە سۇپىسى يېنىدىكى موسكۋا، لېنىنگراد (سانكىت - پېتېربورگ) ستالىنگراد، ئودېسسا، مىنىسكىي... قاتارلىق ئون «قەھرىمان شەھەر»نىڭ ئازاد قىلىنغان ۋە قوغداپ قېلىنغانلىق خاتىرىسى ئۈچۈن قويۇلغان ئون كىچىك مەرمەردىن ياسالغان خاتىرە تاشقا قايتا - قايتا قارايمەن. قەھرىمان سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇندەك ئوتلۇق يۈرىكى ۋە ئوتتەك ئىسسىق قانلىرى، شۇنداقلا لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇن كەبى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، ئەركىنلىك سۆيەر روھى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزى، زوراۋانلىقى، قۇل قىلىنىشىدىن ساقلاپ قالغانىدى. بەش يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ قەھرىمانلىقلار، سوۋېت جەڭچىلىرىنىڭ، سوۋېت خەلقىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش، قۇربان قىلىشتەك پىداكارانە روھى پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇرۇپ، بۇ روھ دۇنيا خاراكتېرلىك رىۋايەت، داستانلارغا، ناخشىلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مەن ھەر قېتىم ئاشۇ يالقۇن ئالدىغا كەلگىنىمدە سانسىز قەھرىمانلارنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ، تومۇرلىرىمدا قانلار ئۇرغۇيدۇ. بۇ نېمىدېگەن مۇقەددەس روھ - ھە! ھەرقانداق بىر مىللەت، ھەرقانداق بىر خەلق ئوغلانى ۋەتىنىنى سۆيسە ئەنە شۇنداق سۆيۈش كېرەك، ئەركىنلىكنى سۆيسە ئەنە شۇنداق سۆيۈش كېرەك!

ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە ئەنە شۇنداق ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈش روھىغا ئىگە كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر! «جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتمەس» دېگەندەك، ئەنە شۇنداق پىداكارلىق روھ بولغاندىلا، خۇددى ماتروسوف پىلموتنى مەيدىسى بىلەن توسۇپ غەلىبىگە يول ئاچقاندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر - شىرىيۈرەك ئوغلى سۇلھى لۇتپۇللىن ئۆزى يالغۇز ئاخىرىغىچە جەڭ قىلىپ، بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالمىغاندىمۇ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، گېرمانلارنىڭ 18 تانكىسىنى بىتچىت قىلغاندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلى مەسۇم ياقۇپوف بەدىنىنىڭ ئون نەچچە يېرى يارىلىنىپمۇ ئۆزى يالغۇز جەڭ قىلىپ، نۇرغۇن گېرمان ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىستىھكامنى قوغداپ، پۈتكۈل ئۇرۇش سېپىنى ئوڭشىغاندەك ئاجايىپ قەھرىمانلىق روھى بولغاندىلا ۋەتەننى باسقۇنچىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن قۇتقۇزۇپ قالغىلى، خەلقنىڭ قەددىنى، ئوبرازىنى تىكلىگىلى بولىدۇ. سوۋېت خەلقى ناھايىتى توغرا يەكۈنلىگەن بۇ زاكوننى پۈتكۈل ئېزىلگۈچى خەلقلەرگە تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاشۇ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا باش ئېگىپ، بۇ ئوغلانلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە بىزگە تەقدىم قىلغان ئاشۇ قەھرىمانلىق روھىغا

www.uyghurkitap.com

تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، گۈل تەقدىم قىلىمەن، ئەڭ ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەش يىللىق ۋەتەن ئۇرۇشىدا يېقىنقى ئەڭ يېڭى سان بويىچە تەخمىنەن 20 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بولغان بولۇپ، جەمئىي 11618 ئادەمگە «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك ـ ئالىي نام بېرىلگەن. بۇ 11618 مەشھۇر قەھرىماننىڭ بەش نەپىرى ئۇيغۇر، 96نەپىرى قازاق، 69 نەپىرى ئۆزبېك، 18 نەپىرى تۈركمەن، 14نەپىرى تاجىك، 12 نەپىرى قىرغىز ئىكەن. سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ بەش نەپەر ئۇيغۇر قەھرىماننىڭ خاتىرىسىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش يۈزىسىدىن موسكۋا، ئالما ـ ئاتا، تاشكەنت، ئەنجان، يەركەت، چونجى قاتارلىق شەھەرلەردىكى بىرقانچە چوڭ ـ كىچىك كوچىلار، مەكتەپ ۋە باشقا ئاممىۋى مەركەزلەرگە ئۇلارنىڭ نامىنى بەرگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك خاتىرە مۇنارلىرىنى تىكلىگەن، ھەيكەللىرىنى ئورناتقان.

ھەر يىلى 9 ـ مايدا پۈتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە «غالىبىيەت بايرىمى» بولغاندا، ئۇرۇش قاتناشچىلىرىغا كۆرسىتىلىدىغان ئالىي ھۆرمەتلەر، خاتىرە پائالىيەتلەر، ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىشلار داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇپائالىيەتلەرنى كۆرگەندە، سىز يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكەن روھنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلماي قالمايسىز. . . سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن بۇخىل بايرام كەيپىياتلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا سەل ئازلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھۆكۈمەت ۋە باشقا كىشىلەر بار ئىمكانىيىتى بويىچە ئۇرۇش قاتناشچىلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. مەيدىلىرى لىقمۇلىق مېدال ـ ئوردېنلار بىلەن تولغان بوۋاي ـ مومايلارنىڭ گەرچە بۈگۈنكى كۈندە سىياسىي، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن بىر بولكىغىمۇ قۇربى يەتمىگىدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا تېتىك روھ بىلەن قەددىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر يۈرۈشكىنىنى، ئۇلارنىڭ يەنىلا ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرىدىكىدەك جەڭ مارشىنى ياڭرىتىپ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، روسىيە ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى، نامايىش ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

دېمەك، ئۇلار تا ھازىرغىچە ۋەتىنىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى، جۈملىدىن ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى توختاتمىغان. بۇلارنىڭ نەزىرىدە، ۋەتەندىن باشقا مۇقەددەس، ئۇلۇغ بىلىدىغان ھېچنەرسە يوق. ۋەتەن غېمى ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم.

1995ـيىلى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا 9ـماي خاتىرىسى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن چاي پائالىيىتىگە بىردىنبىر چەت ئەللىك ئاسپىرانت سۈپىتىدە تەكلىپ بويىچە قاتناشتىم. ئۇرۇش قاتناشچىلىرىغا گۈل تەقدىم قىلىندى، قەدەھلەر كۆتۈرۈلدى، مەدھىيىلەر ئوقۇلدى، نۇتۇقلار سۆزلەندى، شۇ قاتاردا ماڭىمۇ سۆز بېرىلدى. مەن قەدەھ سۆزى سۆزلىدىم. ئاخىرىدا: «سىلەرنىڭ ئاشۇنداق ھەممىنى قۇربان قىلىش روھىڭلار، مىللەت ـ خەلقىنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرىنى قوغداش روھىڭلار مەڭگۈ ئىنسانلارنىڭ تارىخى بىلەن بىرگە ياشايدۇ» دەپ سۆزۈمنى خۇلاسىلىغىنىمدا، بېرلىنگىچە جەڭ قىلىپ بېرىپ، رەيىخستاگ سوقۇشىدا بولغان بىر پروفېسسور مېنى قۇچاقلاپ، رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، كۆپچىلىككە ئۆزى بىلەن بىرگە غەربىي ئوكرائىنىيە جەڭ فرونتىدا مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان بىرجۈپ ئاكا ـ ئۇكا ئۇيغۇرنىڭ جەڭدىكى ئاجايىپ قەھرىمانلىقى، پۈتكۈل دىۋىزىيە بويىچە داڭق چىقارغانلىقى، ئۇلارنىڭ «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغانلىقى، ئۇلار جەڭدە بىرىنچى بولۇپ ماڭىدىغانلىقى، چېكىنگەندە ھەممىنىڭ كەينىدە سوقۇشۇپ چېكىنىدىغانلىقى، ئەڭ قىيىن ۋەزىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ رازۋېتچىك ئىكەنلىكى، بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ بىرسى سازەندە بولۇپ، راۋابىنى ئاپتومات بىلەن بىرگە كۆتۈرۈپ يۈرۈپ جەڭ قىلغانلىقى، ئارام ئېلىش ۋاقتىدا راۋاب چېلىپ جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغانلىقى، ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقى، ئۇلار كۆپ قېتىم دەھشەتلىك جەڭلەرگە قاتنىشىپ ھىتلېرنىڭ ئۇۋىسى بولغان رەيىخستاگ بىناسىغا ھۇجۇم قىلغاندا ئەڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، ھىتلېرچىلارنىڭ ئۈزۈلكېسىل مەغلۇب بولغانلىقىنى پۈتكۈل دۇنياغا جاكارلايدىغان بۇ ئەڭ ئاخىرقى جەڭدە قۇربان بولغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ھەممىنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. ئاخىرىدا ئۇ يەنە:

ـ ئۇيغۇرلارنى مەن ئاشۇئىككى ئاكا ـ ئۇكا دوستلىرىمدىن بىلگەنىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق باتۇر كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار ئىسسىق قېنى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ، مىللىتىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى تىكلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئارىمىزدىن بىر روس جەڭچى بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكىغا چاقچاق قىلىپ: «سىلەردىن مەخسۇس بىر دىۋىزىيە تەشكىللەپ، بىر بۇيرۇق بىلەن بېرلىنغا ھۇجۇمغا ئەۋەتسە، ئۇدۇل بارغانچە ھىتلېرنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ ئەكەلگۈدەكسىلەر» دېگەنىدى. گەرچە بۇ بىر چاقچاق بولسىمۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەھرىمانلىقىغا، سوۋېت زېمىنىنى فاشىستلاردىن قوغداشتا نەقەدەر باتۇرلۇق ـ پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكىگە ئوقۇلغان مەدھىيە ئىدى. كېيىن مەن ئاسپىرانت بولدۇم. مەخسۇس شەرق تارىخىنى ئۆگەندىم. شۇ چاغدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى، مەدەنىيەتلىك، ئۇلۇق بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن ئاشۇيىگىتلەر كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقتىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاشۇنداق قەدىمىيلىكى، مەدەنىيەتلىكلىكى، قىسقىسى، ئۇلۇغ بىر مىللەت بولغانلىقىدىن بۇ قەھرىمانلىق روھنىڭ بۇ مىللەتكە ئەسلى تۇغما ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. قىسقىسى، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋە قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، قاراقالپاق ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ماددىي، مەنىۋى، جىسمانىي ياردىمى بولمىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبىسى

بولمىغان بولاتتى، - دېدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلىرى نوپۇسىنىڭ ئاز بولۇشىغا باقماي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشىدا ۋەتەننى ئازاد قىلىش ۋە ياۋروپا خەلقىنى گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر ئۈلۈش هەسسىسىنى قوشتى. جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەركىزىدىكى باتۇرلۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە مەدەنىيەتلىك، ئاق كۆڭۈل خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشىغا فاشىزمغا قارشى مىللەتلەر قاتارىدا قاتنىشىپ، شەرقتە ياپون فاشىزمىنى (يەنى جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلار گەرچە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن خەلق ئاممىۋى سەپەرۋەرلىك بىلەن ئىئانە توپلاپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك هەسسىسىنى قوشتى ۋە چوڭ ئارقا سەپنى جان پىدالىق بىلەن قوغدىدى)، غەربتە گېرمانىيە فاشىزمىنى گۇمران قىلىش ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىنى قىلچە ئايىماستىن تۆكتى ۋە كۆپ قۇربانلارنى بەردى.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى «هەممە فرونت ئۈچۈن!» دېگەن شوئارغا بىنائەن، قېرى - ياش، خوتۇن - قىزلارغىچە هەتتا باللارغىچە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى هەمدە ياۋروپانىڭ جەڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئۆز هەسسىسىنى قوشتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېهقانلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئۈچ - تۆت هەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كاپالەتلەندۈردى. ئوش ئوبلاستىنىڭ ئۇيغۇرلىرى 1مىليون رۇبلى يىغىپ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تانكا قىسمىغا ياردەم قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ياردىمى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن قىلىنغان ئەڭ چوڭ ياردەملەرنىڭ بىرى هېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق هاياجانلانغان ستالىن ئەينى ۋاقىتتا ئوش ئۇيغۇرلىرىنىڭ خالىسانە ياردەم قىلىش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئىمىن ئاخۇن ئەهمىدۇۋفقا: «مېنىڭ قېرىنداشلارچە چوڭقۇر سالىمىمنى ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ رەهمىتىنى ‹مېهنەتكەش ئۇيغۇر› نامى بىلەن 1مىليون 100مىڭ رۇبلى ئەۋەتكەن ئوش ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇڭ» دەپ تېلېگىرامما يوللىغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قىرغىزىستان جالالئاباد رايونىدىكى ئۇيغۇرلار 359مىڭ 227رۇبلىنى ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان قىزىل ئارمىيىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇلار ستالىنغا يازغان خېتىدە: «سىزگە خەت يازغۇچى قىرغىزىستان س س س ر نىڭ جالالئاباد رايونىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلاردۇرمىز. بىز سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا ئۇزۇندىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بىز هەممىمىز قەشقەردىن كەلگەن، ئاچلىق ۋە موهتاجلىق بىزنى بۇيەرگە قوغلىغان. بىز پەس كۆرۈلگەن، خارلانغان هالدا ئىش ئىزدەپ يۈرگەنىدۇق. بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولغانىدى. بىز هازىر هەممە باراۋەر گىراژدانلارمىز. بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزگە فاشىستلار باستۇرۇپ كەلگەندە بىز فاشىستلارغا قارشى جەڭگە ئاتلانماي تۇرالمايمىز. مالال كۆرمەي ئاز بولسىمۇ بۇ سەممىي ئىئانىمىزنى قىزىل ئارمىيە فوندىغا قوبۇل قىلغايسىز ۋە شۇ ياردەملەرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارارسىز». ستالىن بۇ خەتكە جاۋاب تېلېگىرامما يېزىپ، ئۆزىنىڭ ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ رەهمىتىنى بىلدۈرگەن.

يەنە قازاقىستاننىڭ تالقار رايونىدىكى «قىزىل غەيرەت» كولخوزى 4800پۇت ئاشلىقنى قىزىل ئارمىيە فوندىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. چېلەك رايونىدىكى سەئىدۇللايوف، دارۋاتقۇلوف دېگەن كىشىلەر ئۆزلىرى يالغۇز 100مىڭ رۇبلىنى قىزىل ئارمىيە فوندىغا ئەۋەتىپ، ستالىننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇيغۇر رايونى 140مىڭ رۇبلى ئىئانە قىلغان.

ئۇيغۇر خەلقى ۋەتەن ئۇرۇشى ئۈچۈن ماددىي جەهەتتىن ياردەم قىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە 200 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرى جەڭگە ئاتلىنىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك ئاجايىپ قەهرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى ۋە سوۋېت ئارمىيىسى ئارىسىدا زور شۆهرەت قازانغان.

ئۇيغۇر جەڭچىلىرى پۈتكۈل ئۇرۇش سەپلىرىدە، شۇنداقلا موسكۋا، لېنىنگراد، ستالىنگراد، سېۋاستوپول قاتارلىق چوڭ شەهەرلەرنى قوغداش ۋە ئازادقىلىش جەڭلىرىدە ئاجايىپ قەهرىمانلىق كۆرسەتكەن. يەركەتلىك جەڭچى لوقمان ئىسهاقوف قوشۇنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇش سالاهىيىتى بىلەن ئاجايىپ زور تەشكىللەش ۋە ئىلهام بېرىش قابىلىيىتى، شۇنداقلا باتۇرلۇقى ئارقىلىق جەڭچىلەر ئارىسىدا يۇقىرى هۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئۇ، ستالىنگراد ئۈچۈن بولغان جەڭدە ئۆزىنىڭ مەردلىكى، باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ ئاخىرىغىچە سوقۇشۇپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ هەر خىل ئوردېنلىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن. ئىنژېنېر تاهىر ئىمىنوف ۋە ئەكرەم دوغانوفلارنىڭ قەهرىمانلىقى هازىرغىچە سوۋېت پۇقرالىرى ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە. بۇلار باشقا ئۇيغۇر جەڭچىلىرى بىلەن بىرگە موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان.

موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىدا داڭق چىقارغان يەنە بىر ئۇيغۇر جەڭچىسى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كوماندىرى شەۋكەت بىر قېتىملىق جەڭدە 50تىن ئارتۇق گېرمان ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىستېهكامنى ئۆزى يالغۇز قوغداپ قالغان هەم چېكىنمەي جەڭ قىلىپ، پۈتكۈل ئۇرۇش سېپىنى قوغداپ ئاخىرى مەردلەرچە قۇربان بولغان. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ئۈچۈن «قىزىل يۇلتۇز» ۋە «قىزىل بايراق» ئوردېنلىرى بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن بۆلەك يەنە مەرگەن ئوسمان توختايېف، ياقۇپ ئەهمىدۇۋف قاتارلىق جەڭچىلەرگىمۇ يۇقىرىقىدەك ئوردېنلار بېرىلگەن. قىسقىسى، موسكۋا بوسۇغىسىدا نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى ئاققانىدى.

سوۋېت ئارمىيىسىدە يۇقىرى خىزمەت ئۆتىگەن ئوفېتسېرلاردىن 192-دىۋىزىيىنىڭ

www.uyghurkitap.com

سىياسىي كومىسسارى ئابدۇللا باقىيوۋ بەش يىللىق جەڭدە ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ، سوۋېت ئارمىيىسى تەركىبىدە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا ياپون كانتون ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسى ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم «ۋەتەن ئۇرۇشى» ئوردېنى بىلەن «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنى ۋە باشقا مېداللارنى تەقدىم قىلغان. ئالما - ئاتادا تەشكىللەنگەن پانفىلوف دىۋىزىيىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبى ئۇيغۇرلار بولۇپ، بۇ دىۋىزىيىنى كىچىكىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭ بولغان گېنېرال پانفىلوف ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭدىكى باتۇرلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ تەشكىللىگەن. كېيىن بۇ دىۋىزىيىنى موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرغان. بۇدىۋىزىيە ھەقىقەتەنمۇ موسكۋانى قوغداش جېڭىدە ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن . مانا مۇشۇ دىۋىزىيىدىكى باتۇر جەڭچىلەرنىڭ بىرى، ئۇيغۇر پەرزەنتى باتۇر شەرىپوف باتۇرلۇق بىلەن سوقۇشۇپ بىر قانچە قېتىم ياردار بولسىمۇ سەپتىن چېكىنمەي، ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنى نامايەن قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامى بىر قەھرىمانلىق رىۋايىتىگە ئايلانغاندى. «ھەربىي چاقىرىق» گېزىتىدە ئۇنىڭ ئىش- ئىزلىرى مەخسۇس ئۈچېرك قىلىپ بېسىلغان. ئۈچېركتە «باتۇر شەرىپوف جەڭلەردە ھەر قاچان بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ئۇنىڭ ھەربىي پەلتوسى ئوق زەربىسىدە ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ تىتىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدۇ، ئۇ، ئاپتوماتنى ئېلىپ فاشىستلار ئارىسىغا كىرىپ دۈشمەننى خۇماردىن چىققىچە قىرىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق روھى ئالدىدا ئۆلۈم ئۇنىڭغا ھامان بوي سۇنىدۇ. . . » دەپ مەدھىيىلىگەن. بۇ ئەزىمەت موسكۋادىن ئاكى بېرلىنغىچە بولغان مۇساپىدە ئاجايىپ زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ئۇرۇشتىن ساق - سالامەت قايتقان ھەم 1945-يىلى 24-ئىيۇلدا قىزىل مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن غەلىبە پاراتىغا شەرەپ بىلەن قاتناشقان.

1941-يىلى 22-ئىيۇن گېرمان فاشىستلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغان تۇنجى كۈنى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى مۇداپىئە توسۇقى بولغان مەشھۇر چېگرا پونكىتى-بىرېتس قورغىنىنى قوغداش ئۇرۇشىدا ئۇيغۇر يىگىتلىرىدىن ئى. كامالوف، ئا. سوپىيوف، ك. تۇردىيوف قاتارلىق جەڭچىلەر باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوردېنلار بىلەن تەقدىرلەنگەن. گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن بىخەۋەر تۇرغان سوۋېت ئارمىيىسى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە زور بەدەل بېرىش بىلەن بىرگە سەپ بويىچە گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىپ ،نۇرغۇن يەرلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىرىنچى ھۇجۇم لىنىيىسى بولغان بىرېتس قورغىنىنى گېرمانلار ئۇزاققىچە ئىشغال قىلالمىغان. بىرېتس قورغىنىنى قوغداش جېڭى سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشىدا مەشھۇر مۇداپىئە ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرېتس ئۈچۈن بولغان جەڭدىكى سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ قەھرىمانلىقى، تىز پۈكمەس روھى ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتقان دېيىلگەندە، بۇ ئۇرۇشتا ئاخىرقى بىر پاي ئوق قالغىچە سوقۇشۇپ، قۇچاقلاشما جەڭ قىلىپ، گېرمانىيە ئەسكەرلىرى بىلەن تەڭ ھالاك بولغانلار يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدۇر. بۇ يىگىتلەرنىڭ مەردلىك - باتۇرلۇق روھى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشى، جۈملىدىن بىرېتس ئۇرۇشى توغرىسىدىكى تارىخىي ئەسلىمىلەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ مەدھىيىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ،لېنىنگراد ئۈچۈن بولغان جەڭدە ئۇيغۇر ئوغلى نىزامىددىنوف زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ «1-دەرىجىلىك ۋەتەن ئۇرۇشى ئوردېنى» ، «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنى ۋە باشقا باتۇرلۇق مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.

سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئۇيغۇر كوماندىرلىرىدىن شاماخۇن ئۆزىنىڭ قىسمى بىلەن بىر قېتىملىق ۋەزىپە ئورۇنداش جېڭىدە دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ، قورشاۋدا ئەسكەرلىرىگە باتۇرلۇق بىلەن توغرا قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىپ قەتئىي تىز پۈكمەيدۇ. ئۇلار ئوقلىرى تۈگىگىچە سوقۇشۇپ، ئاخىرى گېرمانىيە ئەسكەرلىرى بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ قىلىپ ھەممىسى قىرىلىدۇ. شاماخۇن پىلىموتنى كۆتۈرۈپ دۈشمەن توپىغا ئېتىلىپ بېرىپ، بىراقلا دۈشمەننىڭ 60 نەچچە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرىدۇ ، ئاندىن ئوق تۈگىگەندە قۇچاقلاشما جەڭ قىلىپ قۇربان بولىدۇ. شاماخۇننىڭ باتۇرلۇقى، تىز پۈكمەس روھى ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنى ئالىي دەرىجىلىك ئوردېنلار بىلەن تەقدىرلىگەندىن باشقا پۈتكۈل سوۋېت مەتبۇئاتلىرىدا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندۇ.

دنېپر دەرياسى بويىدىكى كىيېفنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا سوۋېت ئارمىيىسى پاراشوتچى قىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇر ئوفىتسېرى مەسۇم ياقۇپوف پۈتكۈل ئۇرۇش سېپىنى قوغداپ كىيېفنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاجايىپ زور تۆھپە قوشقىنى ئۈچۈن «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا ئىگە بولغان.

1943-يىلى سىنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئارمىيىسى گېرمانىيە ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ دنېپر دەرياسى مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كىيېفقا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى باشلايدۇ. مۇستەھكەم ئىستىھكام ۋە دولقۇنلۇق دنېپر دەرياسىنىڭ سۇيىدىن ئىبارەت تەبىئىي توساق بىلەن مۇستەھكەم مۇداپىئەلەنگەن گېرمانىيە فاشىستلىرى دەريا يۈزىنى يامغۇردەك پىلىموت ئوقلىرى ۋە زەمبىرەك ئوقلىرىغا تۇتۇپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قارشى قىرغاققا ئۆتۈشىگە قەتئىي يول قويمايدۇ. ئەنە شۇنداق ھايات - ماماتلىق پەيتتە، مەسۇم ياقۇپوف 24نەپەر جەڭچىنى باشلاپ

، قولۋاق بىلەن دەريادىن ئۆتۈشتىن ئىبارەت خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدۇ. يامغۇردەك پىلىموت ئوقلىرى ۋە توپ ئوقلىرىنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرى ئىچىدە ئاخىرى دەريادىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ مۇداپىئە توسۇقىنى ئىشغال قىلىپ، دۈشمەنگە ئوت ئېچىپ سەپنى كېڭەيتىدۇ. دۈشمەن بۇ ئەترەتنى يوقىتىش ئۈچۈن نەچچە ئون قېتىملاپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، لېكىن مەسۇم ياقۇپوف ئەترىتى دۈشمەننىڭ بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ ئىستىھكامنى بىر سوتكا قوغداپ، پۈتكۈل باتالىيوننىڭ دەريادىن ئۆتۈۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. باتالىيون دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، گېرمان فاشىستلىرى بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ دەريا بويىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، پۈتكۈل سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كىيېف شەھىرىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشىغا ئاساس يارىتىدۇ. باتۇر مەسۇم ياقۇپوف باشچىلىق قىلغان ئەترەت ۋە باتالىيون بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئاجايىپ زور تۆھپە يارىتىدۇ. مەسۇم ياقۇپوف ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ، سەپتىن قالماي ئىلگىرىلەپ ئۆزى يالغۇز دۈشمەن بىلەن سوقۇشۇپ 12 نەپەر گېرمان ئەسكىرىنى ئەسىر قىلىپ، پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئېلىپ كېلىدۇ. مەسۇم ياقۇپوفنىڭ تىللاردا داستان بولارلىق بۇ ئاجايىپ قەھرىمانلىقى پۈتكۈل سوۋېت ئارمىيىسىدە زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا دەرھال «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دەپ ئالىي نام بېرىدۇ. ئەڭ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ باتۇر جەڭچى چالا ئۆلۈك ھالەتتە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنىپ ، داۋالانغاندىن كېيىن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ يۇرتى ئالما-ئاتاغا قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ. چۈنكى پولك كوماندىرى ئۇنى ئۆلدى، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. كۆپ ئىزدەشلەر ۋە سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن، ئارىدىن 15 يىل ئۆتۈپ ئاخىرى بۇ قەھرىمان تېپىلىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مەسۇم ياقۇپوفقا ئالما-ئاتادا چوڭ - داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن ئوردېننى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ ۋە ئالما-ئاتادىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، جۈملىدىن بىرقانچە كوچىلارنىڭ نامىنى مەسۇم ياقۇپوف نامى بىلەن ئاتاشنى بۇيرۇيدۇ.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە يەنە داداش باباجانوف، سولھى لۇتپۇللىن كەبى تىللاردا داستان بولغىدەك قەھرىمانلار يېتىشىپ چىققان. داداش باباجانوف سىۋاستوپول ئۈچۈن بولغان جەڭدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ، جاھىللىق بىلەن مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان دۈشمەننىڭ ئىستىھكامىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئۈچ جەڭچى قاتارىدا ئەۋەتىلىپ، ئىككى جەڭچى قۇربان بولغاندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز دۈشمەننىڭ ئاساسىي ئىستىھكامىنى پارتلىتىپ تاشلاپ، بىراقلا 40 دۈشمەننى يوقاتقان ۋە ئارقىدىنلا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان دۈشمەن زەمبىرەك ئىستىھكامىغا باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنى پارتلىتىپ تاشلىغاندىن باشقا، تىرىك قالغان دۈشمەننى ئەسىر ئېلىپ، چوققىغا ئۆزى يالغۇز قىزىل بايراق قاداپ غەلىبە تەنتەنىسىنى نامايىش قىلغان. داداش باباجانوفنىڭ قەھرىمانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن. سولھى لۇتپۇللىن ئۆزى يالغۇز گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ 18 تانكىسى ۋە بىر نەچچە برونېۋىكلىرىنى پارتلىتىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. بۇيەردە يەنە بىر ئاجايىپ قەھرىمان، «پولشا جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەھرىمانى» دەپ نام بېرىلگەن قاھار شەرىپوفنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇ، گېرمانىيە فاشىستلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن پولشادىكى يىغىۋېلىش لاگېرىدا ياتقان. ئاخىرى ئۇ تۆت نەپەر سەپدىشى بىلەن لاگېردىن قېچىپ، پولشا پارتىزانلىرىغا قوشۇلغان ۋە ئالتە قېتىم يارىدار بولغان بولسىمۇ ھەر قېتىم قوشۇنغا قايتقان. ئۇ، پولشا پارتىزانلىرى بىلەن بىرگە گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ كۆۋرۈكلىرىنى بۇزغان، پويىز، ھەربىي مۇلازىمەت ئاپتوموبىللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن. ھەتتا بىر قېتىم گېرمانىيە ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشۈپ-قېلىپ قەتئىي تىز پۈكمىگەن. ئۇنى جازا مەيدانىغا ئاتقىلى ئېلىپ چىققاندا ئەپچىللىك بىلەن قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ يەنە قېچىپ كەتكەن. پولشا ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇ پولشا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن لىگونا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقى ئۈچۈن پولشا ھۆكۈمىتى ئۇنى ئەڭ ئالىي ئوردېن «پارتىزانلىق ئالتۇن كرېست»ى بىلەن تەقدىرلىگەن، «پولشا جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى» دەپ قارىغان ھەم ئۇنىڭ شەرىپىگە لىگونا شەھىرىگە ئۇنىڭ ئېگىز مىس ھەيكىلىنى ئورناتقان. يەنە ھاكىم ئېيسايىفنىڭ نامى چوقچەكلەردىكى قەھرىمانلاردەك تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ، بېلورۇسسىيىنىڭ ئورمانلىرىدا بېلورۇسسىيىدىكى تۆت چوڭ پارتىزان ئەترىتىنىڭ بىرسىدە مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇرۇش جەريانىدا ئۇ ئىككى پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا لېنىنگراد (سانكت - پېتربورگ) قا قايتىپ كېلىپ ئىشلىگەن.

يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ۋە ئاتالمىغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ قاتارىدا قەمەرە جامال ئەلىيېۋا، رىزۋانگۈل قادىروۋا، روشەن قادىروۋا قاتارلىق ئۇيغۇر قىز ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى تاكى بېرلىنغىچە جەڭ قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقى ئەينى ۋاقىتتا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنغانىدى.

ھازىرمۇ ئالما-ئاتا، بىشكەك قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە بارسىڭىز ئاشۇ قانلىق ئۇرۇشنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ، مەردلىكنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە مەيدىسىگە لىق ئوردېن - مېداللارنى تاقاپ، كۆكرەكلىرىنى كېرىپ يۈرگەن، يېشى 70-80 لەردىن ئاشقان بولسىمۇ

ۋۇجۇدىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت، مەردانىلىق ئۇرغۇپ تۇرغان ئۇيغۇر بوۋايلارنى كۆرىسىز. بۇ بوۋايلار بىلەن پاراڭلاشسىڭىز ئۇلاردىكى ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك ـ مەردانىلىق، مەردلىك بولۇپ، ھەر كۈن، ھەر ۋاقىت بالىلارغا تەربىيە بېرىپ ، قانداق ئۇيغۇر بولۇش كېرەكلىكىنى سۆزلەۋاتقانلىقىنى، قىسقىسى، پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئۆز مىللىتى ئىشقىدا كۆيۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

مەن 1994-يىلى ئالما-ئاتادا 9-مايدىكى «غالىبىيەت بايرىمى»غا قاتناشتىم، قازاقىستان خەلق ئارتىسى، شۇنداقلا لېنىننىڭ رولىنى ئويناپ پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە شۆھرەت قازانغان ئارتىس، ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى مەخپىر ئاكىنىڭ ئۆيىدە مېھماندا بولدۇم. ئايالى ـ قازاقىستان خەلق ئارتىسى ، مەشھۇر سەنئەت ئەربابى روشەنگۈل ئىبلاخونوۋا پىشانەمدىن سۆيۈپ، مېنى قىزغىن قارشى ئالدى. شۇ كۈندىكى بايراملىق چايغا ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتناشقان، يېشى 80 لەر ئەتراپىدىكى، مەيدىسى لىق ئوردېن ـ مېداللار بىلەن تولغان ئوندەك ئۇيغۇر بوۋايلار، يەنى پىشقەدەم جەڭچىلەر كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى توكۇر، بىرسى چولاق بولسىمۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن يەنىلا باتۇرلۇق، مەردلىك ئۇرغۇپ تۇراتتى.

شۇنىسى قىزىقكى، بوۋايلار شۇنچە كۆپ ھاراق ئىچىپمۇ يەنىلا جەڭگىۋار ھالەتتە ئىدى. ئۇلار زادىلا مەست بولمىدى. شۇ چاغدا مەخپىر ئاكىنىڭ: «ئۇيغۇر بولساڭ باتۇر بول، بولمىسا يوق بول» دېگەن سۆزى تا ھازىرغىچە قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلايدۇ.

مەن ھەر قېتىم مېترولاردا، چوڭ رەستىلەرنىڭ پىيادىلەر يوللىرىدا، باغچىلاردا، ھەر خىل جامائەت سورۇنلىرىدا مەيدىسىگە ئوردېن - مېداللارنى تاقىۋالغان بىر پۇتى ياكى قولى يوق مېيىپ تىلەمچى بوۋايلارنى، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن ئاجىز موماي‌لارنى كۆرگىنىمدە، ئۇلارنى دىۋانە كۆرگىنىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چەكسىز ھۆرمەتلىگىنىم ئۈچۈن پۇللارنى ئايىماي بېرىمەن. شۇ ۋاقىتتا ئاشۇ كىرېمىل تېمى يېنىدىكى «مەڭگۈلۈك يالقۇن» كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ ئوردېن - مېدال تاقاپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان بىچارە بوۋاي - موماي‌لارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۆرسەتكەن پىداكارلىق روھلىرى ئاشۇ «مەڭگۈلۈك يالقۇن روھى» بىلەن بىر ئىدى ئەمەسمۇ؟!

ھازىر روسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كرىزىسى تۈپەيلىدىن بۇ روھنى ئاغزىدا قۇرۇقتىن - قۇرۇق مەدھىيىلىگەنى بىلەن مەيدىسىگە ئوردېن - مېدال تاقىغان بوۋاي موماي‌لارنىڭ كوچىغا تاشلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولماقتا. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادى قايسى شەخسلەرنىڭ بانكىسىغا ۋە يانچۇقىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن بۇ ئوردېن-مېدال تاقىغان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ-نەپرەت ئۇچقۇنى چىقىۋاتقانلىقىنى ھەركۈن، ھەر مىنۇت رادىيو - تېلېۋىزور، گېزىت ۋە يىغىلىشلاردا سۆزلەشسىمۇ، بەرىبىر بۇ دۆلەت تارىخ ئاتالغان تەقدىر يولىدا پەقەت بىز كېلەچەكتىلا خۇلاسە چىقىرالايدىغان نەتىجىگە قاراپ كېتىپ بارماقتا.

لېكىن، ئادەملەر يەنىلا شۇ روھقا ئاتاپ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» ئالدىدا باشلىرىنى ئېگىپ، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى تەقدىم قىلىشىدۇ.

مەن 1994 - يىلى غۇلجىغا بارغاندا تونۇشۇمنىڭ قورۇسىدىكى گۈللۈكتە پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىل گۈللەردىن بىر دەستە تەييارلاپ باغچا تەرەپكە ماڭغىنىمدا، ئادەملەرنىڭ ماڭا ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن قاراشقانلىقىنى سەزگەندىم. ھەتتا بەزىلەر ماڭا بۇ گۈلنى قايسى جانانغا تەقدىم قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى سوراپ ئۈلگۈردى. مەن بۇ گۈللەرنى بىزنىڭ ئۆز تۇپرىقىمىزدا بىز ئۈچۈن ئاشۇنداق مۇقەددەس روھنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەھمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئوغلانلارنىڭ قەبرىسىگە قويدۇم. گەرچە بۇيەردە كېچە-كۈندۈز يېنىپ تۇرىدىغان «مەڭگۈلۈك يالقۇن» بولمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا قەبرىلەردىن «مەڭگۈلۈك يالقۇن» نىڭ تەپتىدىنمۇ كۈچلۈك سىرلىق ئوت يالقۇنلاپ تۇراتتى.

مەن بۇ قەبرىلەر ئالدىدا تۇرۇپ ئويغا پاتتىم. كىرېمىل تېمى يېنىدىكى ئاشۇ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» خاتىرىسى ھەر قاچان گۈللەر بىلەن بېپىلىدۇ. ئەپسۇس، بىزدىكى بۇ قەبرىلەر ساڭا گويا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراۋاتقان ئادەمدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە بۇ قەبرىلەرمۇ ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت گۈللەر بىلەن بېپىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟!

بىزنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغان، ھەتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى ئالدىدا خىجىل بولىدىغان يەرلىرىمىز خېلى كۆپ. ئېيتايلۇق. بەخت - سائادىتىمىز ئۈچۈن شېھىت بولغان تالاي ئوغلانلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىگە گۈل قويالىدۇقمۇ؟ يامان يېرى شۇكى، بىز ھەتتا بۇ قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرى نەدە ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىلمەيمىز . . .

1995 - يىلى غۇلجىغا يەنە بىر قېتىم باردىم ۋە باغچىغا بىر دەستە گۈل ئېلىپ كىرىپ، ماڭا تونۇش بولغان قەبرىگە چوڭقۇر سېغىنىش ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە گۈللەرنى قويدۇم، قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈردۈم. دەل شۇ چاغدا ئاپئاق توي كىيىمى كىيىپ، قولىدا قىزىل ئەتىرگۈل كۆتۈرگەن نازاكەتلىك قىز بىلەن قاملاشقان، قارا بۇرۇتلۇق يىگىتنى ئارىغا ئالغان، قوللىرىدا گۈللەر كۆتۈرۈشكەن بىر توپ ياشلار قايغۇ ۋە شادلىق ئارىلاش ۋاڭ - چۇڭلىرى بىلەن قەبرە يېنىغا كېلىشتى - دە، سۈكۈتتە تۇرۇشتى. قىز بىلەن يىگىت گۈللەرنى ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ قەبرىسىگە قويدى ۋە ئارقىدىن ھەممەيلەن قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى. مەنمۇ ئىختىيارسىز شۇلار بىلەن بىرگە بۇ توي مۇراسىمىغا قاتناشتىم. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن روھى ھامان ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. ئۇ، كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، ئۈلغىيىپ، يېڭى ئەۋلادلارنىڭ تومۇرىدىكى قانلار بىلەن بىرگە ئاقىدۇ!

www.uyghurkitap.com

خىياللارغا پاتتىم. خىياللىرىمنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان. مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ قىزىل مەيدانغا بارغۇم كەلدى. چۈنكى قىزىل مەيدان بىزنىڭ ئىنستىتۇتتىن پىيادە 20 مىنۇتلۇق يول ئىدى. قىزىل مەيداننى بىر دەم ئايلاندىم. كېيىن قەدىمىم ئاستا - ئاستا كىرېمىل سارىيى يېنىدىكى ئالېكساندىروۋسكىي باغچىسىغا قاراپ تاشلاندى. يەنىلا شۇ ئادىتىم بويىچە گۈل سېتىۋېلىپ «مەڭگۈلۈك يالقۇن» نىڭ قېشىغا بېرىپ گۈل قويدۇم - دە، چوڭقۇر خىياللارغا پاتتىم...

## ئەتىرگۈل ۋە كىتاب

1990 - يىلىنىڭ بېشى ۋە س س س ر پارچىلانغان دەسلەپكى يىلى - 1991 - يىلى موسكۋا ھەققىدىكى خىياللىرىم تېخىمۇ مۇرەككەپلەشكەن چاغ بولدى. ھەممە يەردە ئۆچىرەت، ماگىزىنلاردا مال، بولۇپمۇ يېمەك - ئىچمەك خېلىلا كەمچىل ئىدى. بەزى تاۋارلار ئىسكىلاتقا سولانغان، موسكۋا شەھىرىدە بىرخىل جىددىيچىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. لېكىن ئىككىلا نەرسە ھەممىلا يەردە ھاياتقا گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇراتتى. بۇ نەرسە -ھەرخىل گۈللەر ۋە روسلارنىڭ ھاياتىدا ئىككىنچى بولكا (نان) دەپ ئاتالغان كىتاب ئىدى. رەڭگىرويىدىن ئېغىر روھىي بېسىم چىقىپ تۇرغان روس كىشىلىرى پەقەت بىرلا نەرسىدىن يەنى كىتابتىن ئۆزلىرىگە تەسەللىي تاپالايتتى. ئاپتوبۇس، تىرامۋاي، مېترو، ساماليوت، تاكسىلاردا كېتىۋاتقان ھەتتا پىيادە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ قولىدىن گېزىت، كىتابلار چۈشمەيتتى. (ئۇلار تېز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دۇنيانىڭ ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدىن تولۇق ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇشقا تىرىشاتتى. ئەگەر بىرەر كۈن تېلېۋىزور ياكى گېزىت خەۋەرلىرىنى كۆرەلمەي قالسا، خۇددى بىر كۈن ئاچ قالغاندەك ئەپسۇسلۇقتىن ئىچى سىقىلاتتى). شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مېترو، تىرامۋايلاردا، ئاپتوبۇس، تاكسىلاردا ھەمدە پىيادە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەر خىل چىرايلىق گۈللەرنى كۆتۈرۈۋالغىنىنى، شۇنداقلا چىرايىدىن بىر خىل خۇشاللىق ياكى ئاللىقانداق جىددىيلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ، جۈملىدىن روس خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ھەر خىل خاتىرە كۈنلىرىدە ئۆزئارا گۈل تەقدىم قىلىش، ياش يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ سۆيگەن قىزلىرىغا دائىم گۈل سوۋغا قىلىپ تۇرۇش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان. مۇنداق چاغلاردا قىز تەرەپنىڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈللىرى ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزئارا دوستلۇق، ھەرخىل ھېيت - بايرام، بولۇپمۇ «ئاياللار بايرىمى» ھەمدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا مەلۇم نەتىجە قازانغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ گۈل تەقدىم قىلىنىدۇ. ئۇلاردىكى يەنە بىر ئېسىل ئەنئەنە، بىزگە ئوخشاشلا كونسېرتلاردا ئۆزلىرى خالىغان ئارتىستلارغا گۈل تەقدىم قىلىشتىن سىرت خىزمەت، ئىلمىي ئەمگەكلەردە زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارغىمۇ گۈل تەقدىم قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. (بۇ خىل گۈل تەقدىم قىلىش گاھىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىنمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەلبەتتە). گۈل تەقدىم قىلىشنىڭمۇ ئۆز قائىدىسى بولۇپ، تاق سان ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئادەتتە تەقدىم قىلىنىدىغان گۈللەر 3 ياكى 5، 9، 11 تالدىن تىزىلىدۇ. مەيلى قانچىنى تەقدىم قىلىڭ، خۇشاللىق، ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن تاق سان بولۇش كېرەك. جۈپ سان چوقۇم قايغۇدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ ۋە مۇسىبەت خاتىرىسى ئۈچۈن مۇشۇ جۈپ سان بويىچە گۈل قويۇلىدۇ.

قىسقىسى، گۈل تەقدىم قىلىش روسلارنىڭ، جۈملىدىن ياۋروپالىقلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، سىمۋول خاراكتېرلىك بىر ئەنئەنە. ئەينى ۋاقىتتا موسكۋاغا كەلگەن جۇڭگولۇقلارمۇ روسلارنىڭ بۇ ئادىتىنى ئۆگىنىپ، ئۆزئارا گۈل تەقدىم قىلىدىغان بولۇشقانىدى. ھەتتا گۈل تەقدىم قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ رومانتىك ئالاھىدىلىكىدىن مەستخۇش بولغان، ئەمما بۇ ھەقتىكى قائىدىلەرنى پىششىق بىلىشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن جۇڭگولۇق بىر ساۋاقدىشىم موسكۋاغا كېلىپ كېيىنكى ھەپتىسىلا بىر گۈزەل روس قىزىغا گۈل تەقدىم قىلغانىكەن، ئەپسۇس، ئۇ، قىزنىڭ تەشەككۈرىنى ئەمەس، ئەكسىچە تىل - ئاھانىتىنى ئاڭلاپتۇ. ئەسلى ساۋاقدىشىم ئوقۇشماسلىق بىلەن ئۇ قىزغا تۆت تال گۈل تەقدىم قىلىپ قويغانىكەن. بۇ گۈللەرگە خۇش بولۇش ئەمەس، ئەكسىچە خاپا بولغان ئۇ قىز: «كىمىڭگە شۇملۇق تىلەيسەن، كۆتۈر بۇ نېمەڭنى!» دەپ ۋارقىراپ گۈللەرنى بېشىغا ئاتقاندا، جۇڭگولۇق بۇ ساۋاقدىشىم داڭقېتىپ قېلىپ يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي نەچچە كۈنگىچە بېشىنى سىلىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ، پەرىشانلىق ئىچىدە ئەھۋالنى ماڭا ئېيتقاندا، مەن ئۆزۈمنى باسالماي كۈلۈپ كەتكەنىدىم. ئىككىمىز چىرايلىق بەش تال ئەتىرگۈل ئېلىپ ھېلىقى قىزنىڭ قېشىغا يەنە باردۇق. مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم، ئوقۇشماسلىق بولغانلىقىنى ئېيتتىم، «بىزنىڭ جۇڭگودا ئوغۇللار قىزلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ جۈپ ساندا گۈل تەقدىم قىلاتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ قائىدىسى بويىچە سىزگە تۆت تال گۈل تەقدىم قىپتۇ» دەپ ئەسكەرتىش بېرىپ قويدۇم. قىز خۇشاللىق بىلەن گۈلنى ئالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ قىز بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. كېيىن بۇ ھېكايە ئاسپىرانتلار ئارىسىدا تارقىلىپ لەتىپىگە ئايلىنىپ كەتتى.

گۈلدىن ئىبارەت تەبىئىي گۈزەللىك ئارقىلىق ئىنسانلار ھاياتلىقىنى بېزەيدۇ، قەدىرلەيدۇ ۋە سۆيىدۇ. يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكەندەك، ياۋروپالىقلارنىڭ، جۈملىدىن روسلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا شۇنچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان گۈل، ئەلبەتتە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. گۈل

ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، شۇنداقلا گۈل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پاك - سەممىي تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەش بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ بىرى. يىگىتلىرىمىز پۇرەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈلنى ياكى ئەتىرگۈلنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ چېچىغا قىستۇرۇپ قويۇش ياكى قىزلىرىمىز چېچىغا گۈل قىسىپ يۈرۈش ئەنئەنىۋى گۈزەل ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى. ھاياتىمىزدا گۈل شۇنچىلىك قەدىرلىك بولغاچقا، قىزلىرىمىزنىڭ ئىسمىغىمۇ «گۈل» ئىبارىسىنى قوشۇپ ئاتايمىز. بۇ ئادەت مېنىڭچە، بىزگىلا خاس بولسا كېرەك. ھەتتا ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكىمىزدىمۇ كۆپلىگەن دورىلارغا قىزىلگۈل قېتىپ ياساپ ئىستېمال قىلىمىز، قىزىلگۈلدىن ئېسىل ئىچىملىك ياسايمىز. ئۆلۈم - يېتىم بولغاندا، قۇرۇتۇلغان قىزىلگۈل بەرگىنى تاۋۇت ئىچىگە چاچىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي قول سانائىتىمىزدىمۇ گۈلنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ رەختلەر، گىلەملەر، تەگلىمات كىگىزلەرگە گۈل باسىمىز. رەختلەرگە ئېسىل گۈل نۇسخىلىرىدىن كەشتە ئىشلەيمىز. ئۇيغۇر مىمارچىلىقىدىمۇ گۈل نەقىشلىرى ئىشلەش بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىمىز. شۇڭا تارىختا ئۆتكەن كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن لۇتپى، نەۋائىي، خىرقىتىي، زەلىلىي، نىزارىيلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ گۈل توغرىسىدا قالتىس ئېسىل مىسرالارنىڭ قالدۇرۇلغانلىقى ھەممىگە ئايان.

ئەپسۇسكى، ھازىر بىزنىڭ گۈلگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئېسىل ئادەتلىرىمىز يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. پاك مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قىزلىرىمىزغا گۈل تەقدىم قىلىدىغان ئادەتلىرىمىز ئاساسىي جەھەتتىن يوقالغان. (گەرچە قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ). بىزنىڭ گۈلنى شۇنداق قەدىرلىگەنلىكىمىز ئەسلىدىنلا ئانا تەبىئەتنى ۋە تەبىئىي گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ئاق كۆڭۈل، ساپدىل، سەممىي، تىنچلىقپەرۋەر خەلق ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. نىيىتىمىزنىڭ ساپلىقى، كۆڭلىمىزنىڭ ئاقلىقىدىن يۇرتىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەرقانداق مېھماننى دەستە - دەستە گۈل تەقدىم قىلىپ كۈتىۋالىمىز ھەمدە چىن سەممىيلىك بىلەن سورۇننىڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلىپ ئۆزىمىز پەگادا ئولتۇرىمىز ئەمەسمۇ؟ بار نەرسىمىزنىڭ ھەممىسىنى ھەم ئىچ سىرىمىزنى قوشۇپ ئايىماي مېھماننىڭ ئالدىغا تۆكۈپ، ئۆزىمىز ئاچ - زېرىن يۈرۈشكە رازى ئەمەسمۇ؟... قىسقىسى، گۈل مەنىۋى كامالەتكە تەلپۈنگۈچى ئۇيغۇر روھىنىڭ ئەڭ يارقىن سىمۋولى.

مەن موسكۋادا ياشاش جەريانىدا قانچىلىك گۈل تەقدىم قىلغانلىقىم ۋە باشقىلارنىڭ ماڭا قانچىلىك گۈل تەقدىم قىلغانلىقى ئېسىمدە يوق. بىر مەنزىرە تاھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

1991 - يىلى قارلىق كەچ. مەن مېھماندارچىلىقتىن يېنىپ ياتىقىمغا قايتىپ كېتىۋېتىپ، ئۇن نەچچە قەدەم نېرىدا ئىت يېتىلەپ كېتىۋاتقان زىلۋا بويلۇق بىر قىزغا كۆزۈم چۈشتى. قىز يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشىدىن تاماكا سورىۋېدى، ئۇ كىشى تاماكا يوقلۇقىنى ئېيتتى. يەنە بىرسىدىن سورىغانىدى، ئۇ كىشى تاماكا چىقىرىپ قىزغا بەردى ھەم قىزنىڭ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەرگەچ قىزغا پوخورلۇق قىلدى. قىز ئەمدىلا بىر شورىغان تاماكىنى ئاغزىدىن شۇ زامات يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە تاشلىدى - دە، كېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن قىز يەنە تاماكا چېكىپ كېتىۋاتقان بىر ئېگىز بويلۇق يىگىتتىن تاماكا سورىدى، يىگىت تاماكىدىن بىر تال بېرىپ ئوت تۇتاشتۇرغاچ قىزغا بىرگە سەيلى قىلىش تەكلىپىنى قويدى. قىز بىرنېمىلەرنى دەپ قارشىلىق بىلدۈرگەندەك قىلدى. يىگىت ئۇنىڭغا يەنە گەپ ئاچتى. ئاخىرى قىز تاماكىنى تاشلاپ، ئويناقلاپ - تېپچەكلەپ كېتىۋاتقان كۈچۈكىنى سىلكىپ تارتقىنىچە كېتىپ قالدى. دېمەك بۇ قىزنىڭ بەك خۇمارى تۇتقان بولسىمۇ، تاماكا ئالاي دېسە يېنىدا پۇلى يوق، چەكمەي دېسە ئامالسىز قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاخىرى مەن قىزغا يېتىشىۋالدىم - دە، ئۇنى توختاتتىم. قىز ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن خاپا چىراي ھالەتتە قارىدى.

- كەچۈرۈڭ، - دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەكەللۇپ بىلەن، - مېنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ. بىر مىنۇت مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرسىڭىز، مەن سىزگە تاماكا ئەكىلىپ بېرەي.

قىز ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ قارىدى. كوچا چىرىغىنىڭ نۇرىدا ئۇنىڭ مۈرىسىگە چۈشكەن ئالتۇن چاچلىرى جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئەگمە قاشلىرى قاڭشارلىق بۇرنىغا خوپ ياراشقان، ئۇزۇن كىرپىكى يوغان، چوڭقۇر كۆزلىرىگە قوشۇلۇپ ئادەمگە بىر خىل سېھىرلىك تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. ئەمدىلا 17-18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىزنىڭ جىددىي ئەمما سەممىيلىك يېغىپ تۇرغان كۆزىگە پاكلىق ۋە ھاياتىي كۈچ يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ ماڭا ئىشەنچسىزلىك بىلەن كۆزلىرىنى يالت قىلىپ تىكتى - دە:

- مەن سىزدىن تاماكا سورىمىدىم، كەچۈرۈڭ، ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، رەھمەت، - دېدى ئۇ رەت قىلىپ.

- مېنى باياتىنقى ئادەملەرگە ئوخشاتماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، - دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

- ھە، سىز ھەممىنى كۆرۈپسىز - دە؟ بولدى، ئەمدى خۇمارىم بېسىقتى، - دېدى قىز.

بىز ئاشۇنداق پاراڭلاشقاچ مېترونىڭ يېنىغا كېلىپ قالدۇق. مەن دەررۇ بېرىپ بوتكىدىن ئىككى قاپ تاماكا، بىر دانە چاقماق ئالدىم - دە، ئۇنى قىزغا بەردىم ھەم تاماكىغا ئۆز قولۇم بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەردىم. قىز تاماكىنى شورىغاچ ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇ مەندىن ھېلىقى ئادەملەرگە ئوخشاش تاماكىنى بېرىپلا ئاللىقانداق بىرەر شەرت قويىدۇ دەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ ئۇ، تاماكىنى ئارقا-ئارقىدىن شوراپ سورىدى:

- سىز تاماكا چېكەمسىز؟

www.uyghurkitap.com

مەن تاماكا چەكمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ، خىجىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ تاماكا چېكىشىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى، ئىمكان بار تاماكىنى تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا بىردەم كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، چىرايلىق ئېچىلغان ئەتىرگۈلدىن ئۈچنى سېتىۋېلىپ، قىزنىڭ يېنىغا باردىم. قىز كەتمەي مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا مەن قىزمېنى ساقلىماي كېتىپ قالارمۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەكسىچە ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، مەن گۈلنى قىزغا بەردىم. قىز تېخىمۇ ھەيرانلىق بىلەن گۈلنى ئالدى ـ دە، ماڭا قاراپ سۆزسىز تۇرۇپلا قالدى. سۆھبەت ئارىلىقىدا قىز مەندىن:

ـ سىز ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمنى ئېيتسام، قىز ھەيرانلىق بىلەن:

ـ مەن سىزنى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۆزبېك ياكى قازاق دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. راستىنى دېسەم، سىز جۇڭگولۇققا ئوخشىمايدىكەنسىز، ـ دېدى.

مەن قىزغا ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمـ. نى، جۇڭگودا كۆپ مىللەت بارلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگودىكى چوڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن قوشنا ۋە نۇرغۇن جەھەتتە ئورتاقلىقى ئىكەنلىكىمىزنى سۆزلەپ بەردىم.

ـ بۈگۈن ئىنتايىن خۇشالمەن، ـ دېدى قىز ھاياجان بىلەن، ـ بوۋام دەل ئۇيغۇرشۇناس ئىدى. ئۇ، ۋاپات بولۇپ كەتكەن. مەن ئۇنىڭ يازغان كىتابلىرىنى ئوقۇغان. ئېشقىلىپ، بوۋامنىڭ شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە خېلى داڭلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بىز ھازىرچە ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ساقلاۋاتىمىز. قارىسىڭىز ھەممىسى شەرقشۇناسلىققا ئائىت كىتابلار. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ شەرقتىكى نۇرغۇن جايلارغا بارغانلىقىنى ئېيتقان ھەتتا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ماڭا كۆپ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن. ئويلىمىغان يەردىن بوۋام سۆزلەپ بەرگەن مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۇچرىتىپ قاپتىمەن. بەك ياخشى بولدى. خالىسىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ، مەن سىزنى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە تونۇشتۇراي. بوۋامنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈپ بېقىڭ. قىزىقسىڭىز ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇڭ، ـ دېدى.

ـ مەنمۇ بەكلا خۇشال بولدۇم، ئۇيغۇرشۇناسـ. نىڭ نەۋرىسى بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالىدىغانلىقىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن، ـ دېدىم مەن.

مەن قىزغا خۇشاللىق ۋە ئامەت تىلەپ خوشلىشىپ، مېترو تەرەپكە ماڭدىم. مېترو ئىشكىدىن كىرىشتىن ئىلگىرى ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، ئۇ قىز گۈلنى تۇتقىنىچە ماڭا قېتىپ قالغاندەك قاراپ تۇراتتى. شۇ چاغدىلا مەن ئۇ قىزغا دادىللىق بىلەن ئېغىز ئېچىپ، ھەتتا گۈل تەقدىم قىلىپ ياخشى قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ يارىشىملىق، لاتاپەتلىك پىگورىسى كۆزۈمگە تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈندى. ئۇنىڭ ماڭا

مېتروغا كىرىپ كەتكىچە قاراپ تۇرغىنىدىن شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، ئۇ ئۆيىگە بارغاندا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭدىن بۇ گۈلنى كىم تەقدىم قىلدى؟ دەپ سورىسا، بۇنى بىر ئۇيغۇر تەقدىم قىلدى دەر. ئائىلىسىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ناھايىتى خۇشال بولار. ئۇ قىز ھەتتا ساۋاقداشلىرىغا، دوستلىرىغا ئۇلار ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئۇيغۇر مىللىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەر.

تەقدىرنىڭ ئەلك قىزىق يېرى شۇكى، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، مەن موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگوشۇناسلىق سىنىپىغا دەرس بەرگىنىمدە، ناتاشا ئىسىملىك بۇ قىزمۇ موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەنىدى. ئۇ قىز سىنىپتا ئەلاچى بولۇپ ئوقۇپ كەپتۇ. شۇ سائەتلىك دەرستە مەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ئۇرۇمچى ۋە قەشقەرنىڭ سۈرەتلىك ئالبوملىرىنى كۆرسەتتىم. شۇنداقلا رۇس ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردىم. ئىلگىرى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغان بۇ ياش ئوقۇغۇچىلار مانا ئەمدى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدى. كېيىن ئۇ قىز ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرشۇناس بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ناتاشا بىكار ۋاقىتلىرىدا رۇس ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى كىتابلىرىنى خېلى كۆپ ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمى سىنىپ بويىچە خېلى مول ئىدى. ناتاشا ۋە سىنىپتىكى بىر قانچە بالا ئۇيغۇرشۇناس بولۇشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، بۇ ساھەدە بۇرۇنقىلارنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

دېمەكچىمەنكى، ئاشۇ قارلىق كېچىدىكى ئاددىيغىنە بىر دەستە گۈل ئېيتمىدىگەن خاسىيەتلىك ـ ھە! ئاشۇ ئاددىيغىنە گۈل ناتاشانىڭ قەلبىدە قانچىلىك ئورۇن تۇتقان بولسا، ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئاشۇ گۈل ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغانىدى.

رۇسلارنىڭ (باشقا خەلقلەردىمۇ بار، ئەلۋەتتە) كىتابقا بولغان مۇھەببىتى نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى رۇس زېمىنىغا تۇنجى بولۇپ ئاياغ باسقان كىشى چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايدۇ. رۇسلار كىتابنى مەنىۋى بايلىق شۇنداقلا ماددىي ئوزۇقلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشەنگەچكە، كىتابقا «2 ـ بولكا» دەپ نام بەرگەن.

دېمەكچىمەنكى، رۇس ھاياتىدا بولكا (نان) بىلەن كىتاب تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. مەيلى ئىشچى، دېھقان ياكى ئالىم بولسۇن، كىتابقا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر. ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرسىڭىز مەخسۇس كىتاب جاۋىنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇلار ئادەتتە سىز بىلەن پاراڭلاشقاندا چوقۇم ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەر ياكى مەلۇم بىر يازغۇچى توغرىسىدا

قىزغىن سۆھبەتلىشىدۇ.

روسلاردا بىر - بىرىگە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىتابنى تەقدىم قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. ھەتتا قىز - يىگىتلەرمۇ دوستلۇق ۋە مۇھەببەت خاتىرىسى ئۈچۈن ياخشى يېزىلغان كىتابلارنى تەقدىم قىلىشىدۇ.

يېقىنقى ۋاقىتلاردا بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن مەخسۇس كىتابپۇرۇچلار، كىتاب ۋە نەشرىيات سودىگەرلىرى كۆپەيدى. كۆپلىگەن نەشرىياتلار ۋە فوتوگرافىيە ئورۇنلىرى شەخسلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى ياكى ھۆددىگە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە نەشرىياتچىلىقىدا يېڭى بۆسۈش دەۋرى باشلىنىپ، نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ سۈپىتى، تۈرى تېخىمۇ ئاشتى، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى. بۇرۇنقى ئىدېئولوگىيە كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان نەشرىيات سودىگەرلىرى ۋە نەشرىياتچىلار بازار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ھەر خىل تېمىدىكى كىتابلارنى تارقىتىش بىلەن بىرگە، بازارغا جىددىي ئېھتىياجلىق كىتابلارنى كۆپلەپ باستى. شۇڭا ھازىر موسكۋانىڭ ھەرقانداق كوچىسىدا، ھەر قانداق مېترو ئىستانسىسى زاللىرىدا كۆپلىگەن كىتاب يايمىچىلىرىنى كۆرىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاخبارات ساھەسىنىڭ ئەركىنلەشتۈرۈلۈشى بىلەن يېڭى - يېڭى گېزىتلەر نەشر قىلىنىدى. بەزىلىرىنىڭ ناملىرى ئۆزگەرتىلىپ مەزمۇن، سۈپەت جەھەتتىن تامامەن يېڭىچە تۈس ئالدى. ئاشۇ كۈندىلىك چىقىۋاتقان گېزىتلەرنى تولۇق ئوقۇپ چىقىش مۇمكىن بولسا ئادەمنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، روسىيە ۋەزىيىتى، دۇنيا ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى خېلى يېتەرلىك ھالدا ئۆسكەن بولاتتى. ھازىر بۇ يەردىكى ئادەملەر غەرپ دۆلەتلىرىگە ئوخشاشلا گېزىت ئوچۇرلىرى بويىچە ئىش ئىزدەيدىغان، ئۆزلىرىگە جۆرە تاپىدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىر قانچە يىلنىڭ ئىچىدىلا بارلىققا كەلدى.

روسىيىلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۈستۈن بولۇشى مەدەنىيەت سەمەرىسى بولغان كىتابنى قەدىرلەش ۋە سۆيۈش بىلەن بىرگە ئۆز تۇرمۇشى، ھاياتى، مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەر خىل سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىدىن بولغان. سىز بۇ يەردە مەيلى بوۋاي - موماي ۋە ياكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسۇن، ھەر قانداق كىشىدىن روسىيە ۋەزىيىتى، بولۇپمۇ ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان كىشىلەر توغرىسىدا سوئال سورىسىڭىز، شۇ زامات سىزگە ئۆز كۆزقارىشىنى ئوچۇق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. ناتىقلىق، سۆزمەنلىك، نۇتۇققا ئەھمىيەت بېرىش روسىيىلىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر قانداق كىشى ئۆز سەۋىيىسى بويىچە چىرايلىق، راۋان جۈملىلەر بىلەن ئۆز كۆزقارىشىنى ئەركىن بايان قىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى بىزگە سېلىشتۇرساق، ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدە ناتىقلىق ئالاھىدىلىكى ناھايىتى كەمچىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىز، خىزمەتچىلىرىمىز، باشلىقلىرىمىز ئاساسىي جەھەتتىن قەغەزگە قارىماي تۇرۇپ مىكروفون ئالدىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئەركىن، دۇدۇقلىماي بايان قىلالمايدۇ. ئادەتتىكى سۆھبەتتىمۇ بۇ ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆزلەش ئۇسۇلىمىز، سۆزلەرنى ئىشلىتىشىمىز ۋە تەلەپپۇزىمىز، سۆزلىگەن چاغدىكى روھىي كەيپىياتىمىز كۆپىنچە ھاللاردا يېقىمسىز، قوپال تۈس ئالغان: بىز سىيلىق، مۇلايىم، ئىلمىي، ئەدەبىلىك سۆزلەشنى بىر خىل ئاجىزلىق، ئۇ، «ئەرلەرگە خاس ئەمەس» دەپ قارايمىز. ھەتتا ئاخبارات خادىملىرىمىز، يەنى مۇخبىرلىرىمىز، رادىيو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى رىياسەتچىلىرىمىز، دىكتورلىرىمىزدىمۇ بۇ خىل قوپاللىق ياكى پىكرىي مەجرۇھلۇق (مۇھەررىرىدىن) كەيپىياتلىرى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ.

يەنە بىر نەرسىنى ئېيتىش كېرەككى، ھەر بىر مىللەت ئۆزىگە خاس مىللىي پىسخىكا ۋە تىلغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ. شۇڭا بىز دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ھەرخىل ئېسىل ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز، مەدەنىيەت ساپاسى ئۈستۈنرەك بولغان مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئەگەر سىز تاشكەنت كوچىلىرىدا يۈرسىڭىز، ئۆزبېكلەرنىڭ شۇنچە يۇمشاق - سىيلىق، ئىلمىي يوسۇندا بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشىشىنى، تىنچلىق سوراشقانلىقلىرىنى كۆرىسىز. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرسىڭىز دىكتورلار شۇنچە لاتاپەتلىك سۆزلەيدۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىگە پۇختا بولۇپلا قالماي، بىلىملىرىنىڭ ئاجايىپ مول ۋە ئەتراپلىق ئىكەنلىكى، كۆپلەپ كىتاب ئوقۇغانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇرىدۇ.

يامان يېرى شۇكى، بىزدە كىتابقا يامان كۆز بىلەن قاراش، ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئەقلىي ئەمگەكنى قەدىرلىمەسلىك خاھىشى ئېغىر، بۇ بىزنىڭ ئەڭ نومۇس قىلارلىق ئاجىزلىقىمىز. بىزدە 80% ئادەمنىڭ كىتاب ئوقۇمايدىغانلىقى ئېنىق. ئىلمىي خادىملار، كىتابخۇمار كىشىلىرىمىزنى كىتاب مەستانىسى ياكى كىتاب خالتىسى دەپ مازاق قىلىدىغان، كىتاب سېتىۋالغۇچىلارنى كۆرسە، مەسخىرىلىك قاراپ قويىدىغان ئىش پەقەت بىزدىلا مەۋجۇد بولسا كېرەك. كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان، بىلىم ئىشقىدا يۈرگەن ئادەملەرنى پەس كۆرىدىغان ئىللەت بىزدىلا بار، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كىم بەك تىرىشسا، كىم كېچە - كۈندۈز كىتاب كۆرسە ئۇنى ئارىغا ئالمايدىغان، ئۇنىڭغا ھەرخىل لەقەملەرنى قويىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئەھۋال ئەۋج ئالغان. ئۇنداق باللار ھەر جەھەتتىن چەتكە قېقىلىدۇ، ھاقارەتلىنىدۇ، مازاق قىلىنىدۇ. ئۆي - ئوچاقلىق كىشىلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەھۋالدا يەنە زور پەرق يوق؛

www.uyghurkitap.com

بەزى ئاياللار ئېرى هاراق ئىچسە، قىممەت باهالىق تاماكىلارنى چەكسە شۇنىڭغا چىدايدۇكى، بىرەر كىتاب سېتىۋالسا، چىدىمايدۇ، تاپا - تەنە قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇ كىشى ئايالىدىن يوشۇرۇن كىتاب سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. . . بۇ نېمىدېگەن زور پاجىئە - هە؟! بۇنداق پاجىئە پەقەت بىزدىلا مەۋجۇد. ئەگەر سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى يۈكلەنگەن ئاشۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ يامان ئىللەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانماقتا. . .

خەلقىمىز ساۋاتسىزلىق، نادانلىق، كەمبەغەللىك، كېسەللىك دەردىدىن بارچە ئۈمىدىنى ئاشۇ جەسۇر، قانلىرى قايناپ، جىسمانىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا - ئاشۇ ئوت يۈرەك ياش ئەۋلادلارغا يۈكلىگەن تۇرسا، ئۇلار تېخىچە ئۆزلىرىنىڭ خەلق، مىللەت، شۇنداقلا كېلەچەك ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىنى ئۇنتۇپ، يەنىلا بىر - بىرىنى هاقارەتلەپ يۈرۈشمەكتە ۋە تەستە قولغا كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتماي، چۈشكۈن - نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئالدىغا ئەمەس ئارقىغا قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ساۋاتسىز ئادەملەردەك قوپال، گېپىنىڭ تۇتامى، باش - ئاخىرى يوق، ئەركىن پىكىر بايان قىلىشنى، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنەلمەيدۇ. روس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، هەتتا پۈتكۈل دۇنيا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالى بولسا ئۇنداق ئەمەس.

موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئۆتۈش، 1991 - يىلىنىڭ بېشىدا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا - ئافرىقا ئىنستىتۇتىدا يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم لېكسىيە ئاڭلاش، شۇنداقلا ئالما - ئاتا ۋە تاشكەنت، سانكىت - پېتىربورگ قاتارلىق شەهەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا كۆپ نەرسىلەرنى هېس قىلدىم.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى پىسخىكا ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەهەتلەردىن سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. نەتىجىدە مەن ئىككى دۆلەتنىڭ مائارىپ جەهەتتىكى ئۆزگىچە مېتودىكىلىق پەرقلىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا، روس ئوقۇغۇچىلىرىدا ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىق يۇقىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ ناهايىتى كەڭرى، بىلىمىنىڭ چوڭقۇر، مۇستەقىل - ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش روهىغا باي ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بۈگۈنكى روسىيىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەهەتتىكى هەددىدىن زىيادە ئېغىر بېسىم تۈپەيلىدىن زور قىيىنچىلىققا يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن زور كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار يەنىلا چىداشلىق بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار روسىيە جەمئىيىتىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان پاجىئەلىك تەقدىرىگە ئېچىنىپ، روس مىللىتىنى كرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش ئىشەنچلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، يەنىلا تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ. هەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى، ئەقىل - پاراسىتىنى ئورتاق مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن قۇربان قىلىۋاتىدۇ. كېسىپ ئېيتىمەنكى، روس ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىيىنچىلىققا چىداش روهى بىزنىڭ ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭكىدىن كۈچلۈك. روس ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش - ئۆگىنىش، قىسقىسى، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بىر ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىش هەر بىر ياشنىڭ مەجبۇرىيىتى، دەپ قارايدۇ. بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن روسىيىدە كەمبەغەللەر بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن چوڭ بولدى. هەممە ئادەم ياشاش ئۈچۈن پۇل تېپىشقا، چوڭ - كىچىك سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى. زىيالىيلارنىڭ مائاشى بىراقلا چۈشۈپ، جان بېقىش ناهايىتى تەسكە توختايدىغان بولۇپ قالدى. هەممە جايدا زىيالىيلار، مائارىپچىلار تەبىقىسى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، تەسەۋۋۇرلىگۈسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى. ئىلىم ئەهلىنىڭ ئىناۋىتى ۋاقىتلىق يەرگە ئۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى تۈپەيلىدىن، پۇل تاپقان هەرقانداق باي، مەنسەپدار، هەتتا قاراقچىنىڭمۇ بىلىملىك ئادەم ئۇچرىسا، ئۇلارغا تەكەللۇپ قىلىۋاتقان، ئەهۋال سوراۋاتقان، هۆرمەت قىلىۋاتقانلىقىنى هەممىلا يەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن. نۇرغۇنلىغان سورۇنلاردا يەنىلا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا، ئەسكەرلەرگە ئېتىبار بېرىش، ئۇلارنى هۆرمەتلەش پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئادەت. چۈنكى باي - مىليونېر بولسۇن ياكى قاراقوللار گۇرۇهىنىڭ ئادەملىرى ۋە ياكى ئىشچى - دېهقانلار بولسۇن، هەممىسىنىڭ نەزەرىدە بىرلا نەرسە، يەنى «ۋەتەن»، «روسىيە» دېگەن مۇقەددەس ئۇقۇم مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلىدۇ. هەممىلا جايدا، هەتتا ئاپتوبۇس، مېترولاردىمۇ روسىيىنىڭ بۈگۈنكى سىياسىتى، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىپ، بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشىپ، مۇشتلىشىپ كەتكەن كىشىلەرنى دائىم ئۇچرىتىش مۇمكىن. روس ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، جۈملىدىن روس زىيالىيلىرى ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئەڭ باش قاتۇرىدىغان زور كۈچ. ئۇلار ئېگىلمەس - سۇنماس روه - ۋەتەن - مىللەت مەنپەئەتىنى هەممىدىن ئەلا بىلىدىغان روهقا ئىگە. روس زىيالىيلىرىدا بىزدىكىدەك ئىتتىپاقسىزلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئۆز مەنپەئەتىنى ۋەتەن - مىللەت مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويىدىغان ساختىپەزلىك ياكى ئىرادىسىزلىك، بوشاڭلىق، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئىللەتلىرى مەۋجۇد ئەمەس. نادان خەلقنى ئالدايدىغان، روس خاراكتېرىگە ئاسىيلىق قىلىدىغان، پىشقەدەملىرى بىلەن ياشلىرى بىر - بىرىگە ئورا كولايدىغان،

بىر - بىرسىنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىپ تۆھپىلىرىنى ئىنكار قىلىشىدىغان، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن مەشھۇر خەلق رەھبەرلىرى، ئالىم، شائىر - يازغۇچىلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنى، ئەمگىكىگە توغرا، ئىلمىي باھا بەرمەستىن، ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ئەخلاقسىز قىلمىشلار، قوپاللىق ئېيتقاندا، قارا قورساقلىقلار مەۋجۇد ئەمەس. ھازىر بىزدە پۇلى بارلار بىلەن ئىلمى بارلارنىڭ، ھوقۇقى بارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق ئىنتايىن زور. بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەتلا «نادانلىق» تىن ئىبارەت بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بۈگۈن بىزنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇشىغا قارىماي بىر - بىرىنى يارىتىشمايدىغان بىر تۈركۈم «بىچارە» زىيالىيلىرىمىز (ئەلۋەتتە، بىر تۈركۈم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى) ئۆتكەنلەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، دۇنيادىكى ئىلغار زىيالىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، مىللەتنىڭ يۈز - ئابرويى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزلىرىنى شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن قۇربان قىلماقتا.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىنى چوقۇم باشقىلارغا سېلىشتۇرۇشى كېرەك. جەنۇبىي كورىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلىم ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان قاتتىق سۆڭەك روھى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىق روھى، غەربلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش روھى، رۇس ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيا ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش روھى بىزگە ئۆرنەك بولۇشى كېرەك. پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىز بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ياش، ياش زىيالىيلىرىمىز بولسۇن چوقۇم كاللىسىنى سەگىتىپ، باشقىلار قانداق، مەن قانداق؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆرۈشى لازىم.

ئەگەر بىز ئىلگىرى ھېچقانداق مەدەنىيەت ياراتمىغان ياۋايى بىر مىللەت ئەۋلادلىرى بولساق ئىدۇق، چۈشكۈنلىشىپ كەتسەكمۇ ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، تارىختا جاھان مەدەنىيىتىنىڭ تاكامۇللىشىشىغا شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەتنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىمىزگە ۋە كەلگۈسىمىزگە جاۋاب بېرەلمىسەك، دۇنيادا بىز ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ جىنايەت يوق!

لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مىللىتىمىز ئاشۇ قىزىل ئەتىرگۈلدەك گۈزەل، ھەم ئاشۇ گۈل تۇيغۇلىرىدەك سەممىي، پاك ۋە غۇبارسىزلىقى بىلەن چوقۇم نادانلىق، قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، دۇنياغا تېخىمۇ گۈزەللىك ئېلىپ كېلىدۇ، جاھان مەدەنىيەت گۈلزارلىقىدا تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلىدۇ. گۈل مىللىتىمىزنىڭ سىمۋولى بولسا، مەرىپەت - مەدەنىيەت مىللىتىمىزنىڭ ھاياتلىق - مەۋجۇدلۇق نىشانىدۇر.

## موسكۋا ئاخشىمىدىكى تۋېرسكى كوچىسى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 50-يىللاردا پۈتكۈل دۇنياغا داڭقى كەتكەن «موسكۋا ئاخشىمى» ناملىق ناخشىسىنى بىزنىڭ چوڭلىرىمىز ئەينى چاغلاردا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئېيتقان، شۇ ناخشىنىڭ مېلودىيە دولقۇنىغا جۆر بولۇپ، رومانتىك خىياللارغا چۆمۈشكەندى. مانا بۈگۈن مەنمۇ گۈزەل كەچقۇرۇنلۇقى موسكۋانىڭ مەركىزىدىكى ئەڭ چوڭ، ھەشەمەتلىك، رومانتىك تۋېرسكىي كوچىسىدا كېتىپ بارماقتىمەن. موسكۋالىقلار بۇ كوچىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بۇ كوچىنىڭ داڭقى موسكۋانىڭ تارىخىي مۇساپىلىرى بىلەن بىرگە پۈتكۈل دۇنياغا تارالغان بولۇپ، موسكۋانىڭ ھايات رېتىمى ۋە ئوبرازىنى مۇشۇ كوچىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

ياش قىز - يىگىتلەر جۈپ-جۈپ بولۇشۇپ، ياز كۈنلىرىنىڭ سالقىن شاماللىق ئاخشاملىرى، ھەتتا قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ قار-شىۋىرغانلىق سوغۇق ئاخشاملىرىدىمۇ بۇ كوچىدا سەيلى قىلىشىدۇ. بۇ كوچىدا ھەر خىل ئىرقتىكى چەت ئەللىكلەرمۇ توپ - توپ يۈرۈشىدۇ. تۋېرسكىي كوچىسى موسكۋادىكى قەدىمىي كوچىلارنىڭ بىرى. بۇ كوچا بۇرۇن - ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى تۋېرسكىي كوچىسى، دەپ ئاتالغان، كېيىن ماكسىم گوركىي نامىغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن يەر ناملىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، بۇ كوچا يەنە شۇ ئەسلىدىكى تۋېرسكىي نامى بىلەن ئاتالدى. موسكۋاغا كەلگەن ھەر بىر كىشى بۇ كوچىدا چوقۇم بىرەر قېتىم ماڭماي قالمايدۇ. بۇ كوچىدا قانچىلىغان دۆلەت ئەربابلىرى، داھىيلار، سىياسىيئونلار، خەلق قەھرىمانلىرى، بۈيۈك يازغۇچى - شائىرلار، سەنئەتكارلار ۋە ئالىملارنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى قالغان. شۇنداقلا، ئۆز مەۋقەسى ئۈچۈن كۈرەشكەن سانسىزلىغان ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى ئاققان، ئادەملەرنىڭ مەغرۇرانە ۋارقىراشلىرى، نالە-پەريادلىرى، «ھۇررا» سادالىرى ھەم شۇنداقلا ئاككاردىيون - بايانلارنىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق سادالىرىمۇ قالغان.

مەن بۇ كوچىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى ئۇ خاسىيەتلىك كوچا. مانا بۈگۈن مەن بۇ كوچا ئارقىلىق ماياكوۋسكىي مەيدانىغا قاراپ ئەركىن قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن. شۇ تاپتا خىيال قۇشلىرىم قاناتلانغانىدى. بۇ كوچىدا ئەينى يىللاردا بىزنىڭ ئەھمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۇلۇغ ئوغلانلىرىمىزمۇ ماڭغانىدى. بەلكى، ئاشۇ ئوغلانلىرىمىز بۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئاجايىپ ئېسىل رومانتىك خىياللارغا، غايىۋى ھېسلارغا چۆمۈشكەن بولغىيتتى. بەلكى بۇ كوچىدا قىزىل بايراقلارنىڭ لەپىلدىگىنىنى كۆرۈپ، «ھۇررا» سادالىرىنى، پۈتكۈل ئېزىلگەن مەھكۇم خەلقلەرگە بېرىلگەن «ئازادلىق» ۋەدىلىرىنى ئاڭلاپ قانلىرى ئۇرغۇغان، قەلبى ئۆز خەلقىنىڭ شانلىق كېلەچىكىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن تولغان،

شۇنداقلا قەلبىدە ئۆز خەلقى ئۈچۈن جان بېرىش ئىستەكلىرى يېلىنجىغان بولغىيتتى. مەن ئاشۇ ئوغلانلار ئارزۇ قىلغان ئەمما كۆرەلمەي كەتكەن بۈگۈنكى كۈنلەرنى ئويلاپ، ئېغىر خۇرسىنىش ئىچىدە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان ھالدا كېتىپ بارماقتىمەن. تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا ئۇيغۇرچە گەپلەر ئاڭلانغاندەك بولدى. ھەيرانلىق بىلەن ئەتراپىمغا قارىسام، ئون نەچچە قەدەم ئالدىمدا قارا چاچلىق ئىككى ئادەم ئۈنلۈك پاراڭلاشقاچ كېتىۋېتىپتۇ. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان بۇ ئىككى ئۇيغۇر كىشىگە تېز-تېز قەدەم تاشلاپ يېتىشىۋالدىم. ئۇلار شۇنچىلىك ئۈنلۈك ۋارقىرىشىپ سۆزلىشەتتىكى، ئاۋازلىرى ھەتتا ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرىنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ياشىراقىنىڭ مۈرىسىنى تۇتتۇم. ئۇ ئىتتىك بۇرۇلۇپ، ئەجەبلەنگەندەك سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى. مەن: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېدىم، ئۇلارمۇ تەئەججۇپ ئىچىدە ئالدىرىشىپ: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىشتى. بىز خۇشاللىق بىلەن قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئەسلىدە ئۇلار خوتەندىن چىققان سودىگەرلەر بولۇپ، تىجارەت بىلەن تۈركىيىگە مېڭىش سەپىرىدە موسكۋاغا چۈشۈپ ئۆتۈشى ئىكەن. بىز قىزغىن پاراڭلاشتۇق، ئۇلار ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كېتىشتى. بىز بۇ كوچىدا بىرەر سائەتچە ئايلانغاندىن كېيىن مەن ئۇلارنى «ئۆزبېكىستان» رېستورانىغا باشلاپ كىردىم. تاماق يېگەچ پاراڭىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇاڭجۇ-شاڭخەيلەردە كۆپ يىل تۇرۇپ تىجارەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن خېلىلا تۈزۈك بايۋەچچىلەر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئۇلار شۇ يۇقىرى ئاۋازلىرى بىلەن ئەتراپىمىزدىكى باشقا شىرەلەردە ئولتۇرۇپ تاماقلىنىۋاتقان كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە قاراشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇلار بىزارلىق ۋە مەسخىرە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بىزگە قارايتتى، ئەمما ھەمراھلىرىم بۇنىڭدىن قىلچە خەۋەرسىز ھالدا تاماقنى شالاپشىتىپ يېگەچ پاراڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. مەن خىجىللىق ئىلكىدە تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسامۇ، يات مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەسخىرىلىك قاراشلىرىدىن خورلۇق ھېس قىلىپ، ئۇلارنى سەممىي ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش نىيىتىدە ئاخىر ئېغىز ئاچتىم. مەن ئۇلارغا ئادەملەرنىڭ بىزگە قاراۋاتقانلىقى، مازاق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇلاردىن چوڭى تىترەپ كەتتى ۋە كۆزلىرىنى ئالايتىپ:

- ئۇنداق سېسىق ئورۇسلار بىلەن نېمە كارىمىز؟ تاماق يېسەك ئۆزىمىزنىڭ پۇلىغا يېدۇق، بۇنداق نېمىلەردىن پەرۋايىمىز پەلەك، - دېدى. ئاندىن مېنى تەنقىد قىلىپ شۇنداق دېدى،

- ئۇكام، سىز مۇشۇ سېسىق ئورۇسلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىمەن، دەپ ئاۋارە بولماڭ، مەدەنىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىز ئۇلارغا ئۆگىتىپ قويىمىز. بۇ ئورۇسلار بىزنى نېمە كۆنەلەرگە قويمىدى، دەيسىز؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلاردىن يەنە نېمىشقا تەپ تارتاتتۇق!

مەن ئۇلار بىلەن ئارتۇقچە گەپ تالاشماي ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم-دە، ئۈندىمىدىم. ئۇلارمۇ جىم بولۇشتى ۋە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تاماق يېيىشنى داۋاملاشتۇردى. ئەمدى بايىقى ھەممىنى ئۆزىگە قاراتقان ئاۋازلار يوقالغانىدى. ئارىمىزدا خېلى ۋاقىت جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇلارنىڭ تاماق يېيىشى تولىمۇ ئەدەبلىك تۈسكە كىردى. ئاخىرى جىمجىتلىقنى ياش بايۋەچچە بۇزدى:

- توغرا گەپ قىلدىڭىز، - دېدى ئۇ خىجىللىق بىلەن، - ئوقۇغان ئادەملەر زادى بىزدىن پەرقلىنىدۇ. بىز كۆپ ئىشلارغا دىققەت قىلمايدىكەنمىز. بىز ئوقۇيالماي قالغانلار تەتۈررەك كېلىمىز، خاپا بولماڭ. بىزدىمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايدىغان ئاجايىپ قائىدە-يوسۇنلار بار. ئاتا-ئانىمىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا بىزگە تاماقنى ئاۋاز چىقارماي ئەدەپ بىلەن چىرايلىق يېيىش، كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قاراپ چۈشكۈرمەسلىك، ئەسنىمەسلىك، يۆتەلمەسلىك، قالايمىقان ۋارقىرىماسلىق، سىلىق-سىپايە بولۇش قاتارلىق قائىدىلەرنى ئۆگەتكەنىدى. بۈگۈن بىز بۇ قائىدىلەرنى بۇزۇپ قويدۇق. ھەقىقەتەن بىزنىڭ نۇرغۇن ئېسىل قائىدە-يوسۇنلىرىمىز بۇزۇلۇپ كەتتى. ئەجدادلىرىمىز، ئاتا-بوۋىلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىمىز، قائىدە-يوسۇنلىرىمىز ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. مەيلى مېھماندارچىلىققا بارايلى، سەپەرگە چىقايلى، قانداقلا بولسۇن، ھەر قانداق جايدا ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنغا دىققەت قىلغان تۈزۈك.

مەن يەنىلا جىم ئولتۇردۇم. ئۇ كىشى ھەقىقەتەن توغرا سۆزلەۋاتاتتى. ئىچىمدە ئۇ كىشىگە ھۆرمىتىم قوزغالدى...

مەن شۇنىڭغا ھەيران بولدۇمكى، مېنىڭ بۇ ئىككى ھەمراھىم ئۆزلىرى دېگەندەك ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئاشۇ بىر قاتار ئەدەب-قائىدىلىرىنى بىلىدىكەنۇ، نېمىشقا ئۇنىڭغا رىئايە قىلمايدۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرىچە ئاشۇ «سېسىق ئورۇسلار» بىلەن تەڭلەشمەكچىمۇ؟ لېكىن ئۇلارنىڭ ئەقىللىق يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما ئېتىبارسىز قاراش تۇيغۇسى ھامان ئۇلارنى خاتالىققا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇ «سېسىق ئورۇسلار» نىڭ مېھماندارچىلىقتىكى سالاپىتى، رېستوراندىكى ئولتۇرۇشى، ئۆزلىرىنى تۇتۇشى، قانداق ئوزۇقلىنىشىغا دىققەت بىلەن بىر زەن قويغان بولسا قانداق بولاتتىكىن؟! مېنىڭچە، ھەقىقەتەن شۇ يىگىت ئېيتقاندەك ئاشۇ «سېسىق ئورۇسلار» دىن ھېچنېمىمىز قېلىشمايدۇ. ئەسلىدە مەدەنىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىز شۇلارغا ئۆگەتكەن. بۇنىڭغا رۇسلار ئۆزلىرىمۇ ئىقرار. ھەتتا شۇنداق ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالايمەنكى، بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز، قىزلىرىمىز ئۇلاردىن گۈزەل، ئۇلاردىن قامالاشقان. يامان يېرىمىز شۇكى، بىز توي-تۆكۈن ۋە باشقا سورۇنلارغا گويا كىنولاردا

سۈرەتلەنگەن ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىدەك كىرىپ، ئۇنىڭدىن مەست - ئەلەس، دەلدەڭشىپ يىنىپ چىقىمىز ئەمەسمۇ؟! سورۇنلاردا بىز ھەر قانچە ئۆزىمىزنى پەردازلاپ كىيدىيىشىپ ئولتۇرۇپ، شۇ تۇگىمەس «تاڭگو» لارغا دەسسىسەك، «ۋالىس» لارغا پىرقىرىساقمۇ، بەربىر گەپ - سۆزىمىز، يۈرۈش - تۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنى تۇتۇشىمىزدىن بىچارىلىق، نادانلىق، ئەخمەقلىق ۋە چۈشكۈنلۈك، پۈتمەس - تۈگىمەس غەم - غۇسسە، ئەندىشە مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نىمە؟ بىر مىللەت خارابلاشقاندا ياكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلىرىنى يوقاتقاندا شۇنداق بولامدۇ يە؟... نىمىلا دېگەنبىلەن بىز يەنىلا مېنىڭ ئاشۇ ھەمراھلىرىم ياراتمىغان «سېسىق ئورۇس» لاردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىكمىز. لېكىن روسلارمۇ بۈگۈنكى كۈندە خارابلاشقان، چۈشكۈنلەشكەن، شۇنداقلا نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلىرىنى يوقاتقان ۋە يوقىتىۋاتقان خەلق بولىسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ھۆرىيەتپەرۋەر، ۋەتەن سۆيەر. ئۇلار ئۆز غورۇرى ۋە ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى تىكىشتەك ئېسىل خىسلەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇنداق ئالىيجاناب خىسلەتكە تەن بەرمەسلىككە ئامالىمىز قانچە؟!

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر روس پىسخولوگى، پەيلاسوپى ن. ئولوسكىي ئۆزىنىڭ «روس خەلقىنىڭ خاراكتېرى» دېگەن كىتابىدا، روسلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق روس جەمئىيىتىنى ياۋروپا جەمئىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، روسلارنىڭ چۈشكۈنلەشكەن، قاششاق ھالىتىگە خاتىمە بېرىش، روس مىللىتىنى زاۋاللىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى تېپىش ئۈچۈن، روسلارنىڭ گۈللىنەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە روسلاردا ساقلانغان يامان ئىللەتلەرنى رەھىمسىز ھالدا ئېچىپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەددىدىن زىيادە ھاراقكەشلىك، ئۇرۇشقاقلىق، مەنمەنچىلىك، چېقىمچىلىق، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق بىر قاتار ئىللەتلەر روس مىللىتىنى زاۋاللىققا ئېلىپ بارىدىغان ئېغىر مەنىۋى كېسەللىك ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ مانا مۇشۇ ئىللەتلەر ۋە باشقا كونكېرت سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن روس ئىمپېرىيىسى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇب بولدى، روس مىللىتىنىڭ غورۇرى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى.

بۈگۈن مەن بۇ خىل ئىللەتلەرنى ئۇيغۇرۇمنىڭ - ئۆز خەلقىمنىڭ جىسمىدىن كۆرۈۋاتىمەن. بىز بۇ ئىللەتلەرگە يەنە ساختىپەزلىك، ئىچى تارلىق، ھەشەمەتچىلىك، قارىغۇلارچە دورامچىلىق، نەيرەڭۋازلىق، سۇخەنچىلىك، ساتقىنلىق، ۋىجدانسىزلىق، شەھۋانىيلىق، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئىللەتلىرىنى قوشۇپ، ئۇلارنى ئۆزگىلەردە ساقلانغان يامان ئىللەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىتىمىزگە ھالاكەت چىللاۋاتقانلىقىمىزنى سەزمەيۋاتىمىز. قىسقىسى، بىز ئۆزىمىزنى تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆزۈلكېسىل ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا، كېلەچەكتە ئەۋلادى يوق، نەسلى قۇرۇغان، خۇددى بۈگۈن بىز پەقەت تارىخنامىلارنى ۋاراقلىغىنىمىزدىلا ئۇچرىتىدىغان ئاشۇ كىدانلار، سىيانپىيلار، جورجانلار ۋە باشقا يوقىلىپ كەتكەن مىللەتلەرگە ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار قىلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز. بۇ خىل پاجىئەلىك تەقدىرنىڭ سەۋەبكارى پەقەت ئۆزىمىزلا، خالاس!

بۇنىڭدىن شۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇكى، بىزنىڭ مىللىتىمىز يامان تەرەپىنى تېز ئۆگىنىدىغان، چىرىكلىكنى تېز قوبۇل قىلىدىغان، جىن - شاياتۇنلارنىڭ دېيىغا ئاسان ئۇسسۇل ئوينايدىغان مىللەتمۇ؟! ئەلۋەتتە، بۇ ئىللەتلەر پۈتكۈل مىللەتتىكى ئىللەت ئەمەس، لېكىن قىسمەنلىك ئومۇمىيلىق ئىچىدە مەۋجۇد بولىدۇ، شۇڭا بۇ ئىللەتلەرگە قارىتا پۈتكۈل مىللەت باش قاتۇرۇشى كېرەك.

بىز رېستوراندىن چىقتۇق. ئۇلارنى مەن ئۆزلىرى چۈشكەن مېھمانخانىغىچە ئۇزىتىپ قويدۇم. بىز خېلىلا چىقىشىپ قالغاندۇق. مەن ئۇلارغا ئۆزۈم ياتقان ياتاقنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ بەردىم. ئەپسۇسكى، ئۇلار مېنى ئىزدەپمۇ كەلمىدى. بەلكىم، ئۇلار مەندىن رەنجىگەندۇ ياكى ماڭا ئۆچ بولۇپ قالغاندۇ. ئەگەر ئۇلار «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەن ئاتىلار سۆزىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان بولسا، چوقۇم مەندىن رەنجىمەيدۇ، ماڭا ئۆچ بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

مەن تۋېرسكىي كوچىسىدا كۆپ ماڭدىم. ھەر قېتىم مۇشۇ كوچىدا ماڭغىنىمدا يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرىمەن. ئۈچ - تۆت يىلنىڭ ئالدىدا كىشىگە بىر خىل تىنچلىق، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىغان بۇ كوچا ھازىر تامامەن ئۆزگەرگەن. ھازىر بۇ كوچىدا ئاۋات، قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرە بىلەن رەڭگا - رەڭ چىراغلار، ھەر خىل رەڭلىك ئېلان تاختىلىرى بىلەن قەدەمدە بىر دېگۈدەك رېستوران، قەھۋەخانا، كېچىلىك بەزمىخانا، تىياتىرخانىلار ئۇچرايدۇ. بۇ كۈلۈبلارنىڭ تاملىرىغا ئاجايىپ - غارايىپ ئېلانلار چاپلانغان بولۇپ، بەزىلىرىدە قويۇق شەھۋانە تۈس ئالغان سۈرەت بولسا، يەنە بەزىلىرىدە ئاياللارنىڭ قىپيالىڭاچ سۈرەتلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، سىزگە كۆزىنى قىسىپ قارايدىغان ئۇزۇن پاچاقلىق روس گۈزەللىرىنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيگەن بولۇپ، ئۇلار ھەر قەدەمدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىزگە سۈۋۈنىدۇ، سىزنى سەيلى قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 16ياشتىن 20ياشقىچە بولغان قىزلار بولۇپ، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز.

ئۇلارنىڭ بۇ گۈزەل جىسمىدىن قاراتەنلىكلەر، سېرىق تەنلىكلەر ۋە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئادەملىرى خالىغانچە ھوزۇرلىنىدۇ. بۇ گۈزەللەرمۇ چەت ئەللىكلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى چەت ئەللىكلەرنىڭ يانچۇقى تومدە! موسكۋاغا كەلگەن چەت ئەللىكلەرنىڭ تولىسى روس گۈزەللىرىنىڭ ئېسىل پارىژ ئەتىرلىرى بىلەن ئېپىق پۇرىقى چىقىپ تۇرغان ئاشۇ لاتاپەتلىك، ئاپئاق جىسمىدىن ھوزۇرلانماي كەتمەيدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ موسكۋادا كۆپىيىشە-

www.uyghurkitap.com

گە ئەگىشىپ، بۇ گۈزەللەر ئۆزلىرى بۇرۇن ياراتمىغان ئاشۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ يوشۇرۇن شەھۋانىي ھېسلىرى بىلەن بىر خىل يالغان تارتىنىش ھەم ئىشەنچسىز مەردلىكى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگىمۇ مەسخىرە ئارىلاش قارايدىغان بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن سودا - سېتىق، ئىش ئىزدەش ۋە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن روسىيىگە جۇڭگولۇقلار مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ كىرىشكە باشلاپ، بىردىنلا موسكۋا شەھىرىنىڭ مېتروللىرى، چوڭ - كىچىك كوچىلىرى، مېھمانخانىلىرى، كىنوخانىلىرىدا توپ - توپى بىلەن ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ، ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ يۈرۈشىدىغان بولدى. ھەتتا سەككىز - ئون يەردە ئۇلارنىڭ توپ تارقىتىش بازىرى شەكىللەندى. بۇلارنىڭ بازىرى دەل ئۈرۈمچىدىكى توپ تارقىتىش بازىرىغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر توپ جۇڭگولۇق قاراقول قاراقچىلىرى پەيدا بولۇپ، ئالدى بىلەن جۇڭگولۇقلاردىن باج، ئالۋان ئېلىپ، ھەتتا پۇل بەرمىگەنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، موسكۋانى زىلزىلىگە سالدى. ئۇلار تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ پۈتكۈل روسىيىگە تارالدى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگىچە يېتىپ باردى. موسكۋادىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ قارا قول گۇرۇھى شۇنچىلىك زىلزىلە پەيدا قىلدىكى، ۋەھشىيلىكتە داڭق چىقارغان «چېچىن قارا قول گۇرۇھى» مۇ بىر چەتتە قالدى. شۇ ۋاقىتلاردا موسكۋادا كۈچلۈك چېچەن مافىيىسى (گۇرۇھى) جۇڭگو مافىيىسىنىڭ ئالدىدا پىئونېرلارغا ئوخشايدۇ، دېگەن گەپ كەڭرى تارقىلىپ يۈردى. ھەتتا بىر مەزگىل جۇڭگولۇقلار بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر - بىرىدىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان، ھەتتا روسلارمۇ جۇڭگولۇقلارنى كۆرسە سەسكىنىدىغان، نەپرەتلىنىدىغان ۋە ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان مەنزىرە شەكىللەندى؛ نۇرغۇن جامائەت سورۇنلىرىدا، ۋوگزاللاردا جۇڭگولۇقلار زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى، موسكۋادىكى چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى بىردەك جۇڭگو پاسپورتلىرىنى چۆرۈپ تاشلىدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، جۇڭگو قارا قوللار گۇرۇھلىرى تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ «بېيجىڭ گۇرۇھى»، «شەرقىي شىمال گۇرۇھى»، «جەنۇب گۇرۇھى»، «شاڭخەي گۇرۇھى» دېگەندەك گۇرۇھلار بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى بۇلاپ - تالىدى، بىر - بىرىنى ئۆلتۈردى. يەنە ئۇلار ئۆز ئارا بىرلىشىپ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ روسىيە پۇقرالىرىغا ھۇجۇم باشلىدى. بولۇپمۇ 1993 - 1995 - يىللىرى بىر مەھەل موسكۋا - بېيجىڭ پويىزىنى قالايمىقان قىلدى. ئۇلار يەرلىك روس ساقچىلىرى ۋە روس قاراقچىلىرىنى سېتىۋېلىپ، موسكۋادىن يولغا چىققان پويىزغا ئاپتومات، تاپانچىلار بىلەن چىقىپ، يولۇچىلاردىن قايسى دۆلەتنىڭ ئادىمى بولۇشتىن قەتئىينەزەر مەجبۇرىي پۇل يىغدى، ماللىرىنى بۇلىدى، يولۇچىلارنى ئۇرۇپ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى. روس ئاخباراتچىلىرىنىڭ يېزىشىچە، مۇنداق ھەرىكەت روس - سوۋېت تارىخىدا، جۈملىدىن ھازىرقى زامان قاتناش تارىخىدا بولۇپ باقمىغان ۋەقە ئىكەن. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر مەھەل «موسكۋا - بېيجىڭ پويىزى» قۇرۇق مېڭىشقا، يولۇچىلار ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇشقا مەجبۇر بولدى. جۇڭگولۇق قاراقوللارنىڭ بۇ خىل رەزىل قىلمىشلىرىغا روس جامائەتچىلىكى ئاخبارات ۋاستىسى ئارقىلىق قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. روسىيە گېزىتلىرىدە جۇڭگولۇق قاراقوللارنىڭ ھەرخىل قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى خەۋەر - ماقالىلەر كۆپلەپ بېسىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، روسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالغا بىر مەھەل سۈكۈت قىلىپ تۇردى. كېيىن روسىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ قاتتىق چارە قوللىنىپ، پويىز قاراقچىلىرىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن يىغىشتۇردى. يۇقىرىقى ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن بىر مەھەل موسكۋا كوچىلىرىدا جۇڭگولۇقلار خاتىرجەم ماڭالمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى.

بۈگۈندىن ئىلگىرى تۋېرسكىي كوچىسىدىكى مېھمانخانىلار، رېستورانلار، كېچىلىك ئىشرەتخانىلاردا جۇڭگولۇقلار ياۋروپا بايلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئاشۇرۇپ ھوزۇر - ھالاۋەت سۈرەتتى. رېستوران، كېچىلىك ئىشرەتخانىلاردا، ياۋروپانىڭ ئىلغار پاسونىدىكى ھەشەمەتلىك ئىشرەتخانىلاردا جۇڭگولۇقلارنىڭ «گاۋشىڭ» ئويناپ ۋارقىراشقان ئاۋازى ياڭرايتتى. ئۇلار تۇتام - تۇتام پۇللارنى تەڭلەپ ئارتىسلارغا ناخشا زاكاز قىلاتتى. شەھۋانىي ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان ئىشقىۋاز قىزلارنىڭ لىپتىكلىرى ئارىسىغا پۇللارنى مەردلەرچە قىستۇرۇپ قويۇشاتتى. ياۋروپالىقلار ۋە باشقا دۆلەت بايلىرى مېيىقىدا كۈلۈشۈپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ خىل «مەرد» لىكىدىن ھوزۇرلانسا، روسلارنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىدىن غەزەپ نۇرلىرى چاقناپ كېتىشەتتى.

تۋېرسكىي كوچىسى ئادەملەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئاجايىپ ھوزۇر - ھالاۋەت بېغىشلىدى. قىسقىسى، 20 - 30 - يىللاردىكى روس ياشلىرىنىڭ ئاۋانگارت ناخشىلىرى، 40 - يىللاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك سادالىرى، قەھرىمانلىق كۈيلىرى، 50 - يىللاردىكى، رومانتىك ھېسسىياتلارغا چۆمۈشكەن جۈپ - جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار، چىرايى، تەققى - تۇرقىدىن ئىلمىيلىك، ئېتىقاد ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان موسكۋالىقلار ئەمدىلىكتە تۋېرسكىي كوچىسىدىن مەڭگۈ يىتكەنىدى. ئەكسىچە، ئەمدىلىكتە ئۇ يەردە 70-80- يىللاردىكى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پۇراقلىرىدىن باشلىرى ئايلىنىپ، ئاتا - ئانىلىرى، بوۋىلىرى، مومىلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن كۈنلىرىگە مازاق قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ياشلىرى گاڭگىراپ يۈرۈشەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئىگە بولغان «دېموكراتىيە» بۇ كوچىغا زور يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى. بۇ خىل «دېموكراتىيە» روسلارنىڭ چۈشكۈنلىشىپ، ئىناۋىتى دەپسەندە

بولۇپ ئېرىشكەن «مۇۋەپپەقىيىتى» بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن تۋېرسكىي كوچىسىدا يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىشلەر بولغاندىن باشقا كوچا تاملىرىغا ھەر خىل شەھۋانىي سۈرەتلەر، «قىز تونۇشتۇرىمەن»، «بىر كېچىلىكىمنى بىر ياش بايۋەچچىگە تەقدىم قىلىمەن»، «بىزگە كىرىڭ»، «لاتاپەتلىك - گۈزەل نازىنىنلار سىزگە مەڭگۈلۈك بەخت ۋە ھاياتقا ئىشەنچ بەخش ئېتىدۇ» دېگەندەك «قىز شىركەتلىرى» نىڭ ئېلانلىرى ئۇلارنىڭ تېلېفون نومۇرلىرى بىلەن بىرگە چاپلاندى. بۇنىڭدىن سىرت، گېزىت، رادىئو - تېلېۋىزىيە ۋاستىلىرى ئارقىلىقمۇ بۇنداق ئېلانلارنى كۆپلەپ خەۋەر قىلىنىش بىلەن بىرگە مەخسۇس «ئەيدىز»، «يەنە بىر قېتىم»، «شەخسىي تۇرمۇش» دېگەندەك گېزىتلەر چىقىرىلىپ، شەھۋانىيلىق مەخسۇس تەشۋىق قىلىنىدى. ھەتتا «موسكۋا ھەقىقىتى»، «موسكۋا كومسومولى» دېگەندەك گېزىتلەرمۇ بۇنداق ئېلانلارنى كۆپلەپ باستى. خەلقنىڭ دېموكراتىيە تەلىپى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن بولسا، دېموكراتىيىنىڭ تۇنجى غەلىبىسىگە ئېرىشكەن روسلارنىڭ باشلىرى گاڭگىراپ، ئەركىنلىك بىلەن دېموكراتىيىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىراقلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسىدى. ئاخباراتچىلار، ژۇرنالىستلار، نەشرىياتچىلار، زىيالىيلار ئۆز ئىدىيىلىرى، كۆز قاراشلىرىنى خالىغانچە بازارغا سالدى. سىياسىئونلار ئۆز كۆزقاراشلىرىنى تىكلەش ئۈچۈن كۈچەپ تەشۋىقات - تەرغىبات بىلەن شۇغۇللاندى. قىسقىسى، دېموكراتىيە چۈشەنچىسىنىڭ دۆلەت ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئېڭىدا ئۆز ئورنىنى تېپىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن 70 يىلدا كىشىلەرنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ شەكىللەنگەن بىر خىل ئىدېئولوگىيىنى ئۆزگەرتىش، روس خەلقىنى قايتىدىن تەربىيىلەش كېرەك ئىدى. ئومۇمەن، بۇ دۆلەتتە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ھەققىدە چۈشەنچە ھەر خىل ۋە قالايمىقان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۈگۈنكى كۈندە روسىيىدە 43 پارتىيە - گۇرۇھ ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەرغىب قىلىپ، پارلامېنتتا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن تىرىشماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېموكراتىيە (ئەلۋەتتە ئۆز كۆزقاراشلىرى بويىچە) نى كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەن يەنىلا شۇ تۋېرسكىي كوچىسىدىكى ئۇزۇن پاچاقلىق روس گۈزەللىرىنىڭ «دېموكراتىيە» نىڭ ھەقىقىي غەلىبىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

موسكۋادىكى دۇنياغا داڭلىق بۇ تۋېرسكىي كوچىسىدا كىملەر ماڭمىغان دەيسىز. ھازىر بۇ كوچىدىن كۈندە نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەم مېڭىپ ئۆتىدۇ. بۇ كوچىدا ئەينى يىللاردا لېنىنمۇ ماڭغان، ستالىنمۇ ماڭغان، ھەتتا نۇرغۇن چەت دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتارىدا، ماۋزېدۇڭمۇ موسكۋاغا قىلغان زىيارىتىدە بۇ كوچىدا ماڭغان. 30 - يىللاردا كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرى قاتارىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، خەلق چىن دىلىدىن سۆيىدىغان رەھبەر ئەھمەتجان قاسىمىمۇ ماڭغان. بۈگۈن مەن تەنھا ھالدا مۇشۇ كوچىدا ئاشۇ زاتلارنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى بېسىپ كېتىپ بارماقتىمەن. ئېھ، ئاشۇ ئۇلۇغ زاتلار بۇ كوچىدىن ئۆتكەندە بۇ كوچىنىڭ بۈگۈنكى مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولغىيمىتتى؟ مانا بۇ بىر تارىخىي تراگېدىيە! ئۇ ھەممىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر!

مەن يازلىق تەتىلدە ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە، ئاشۇ رومانتىك «موسكۋا ئاخشىمى» دېگەن ناخشىنى ئۈرۈمچىدە موسكۋادىكىدىنمۇ كۆپرەك ئاڭلىدىم. موسكۋالىقلار بۇ ناخشىنى ئۇنتۇپ قالغان بىلەن، بىزنىڭ جۇڭگولۇقلار ئېسىدە چىڭ ساقلىنىغانىدى. ئۈرۈمچىدە تۋېرسكىي كوچىسى بولمىغىنى بىلەن، ئۆز ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە كوچىلار بار. بۇ يەردە يۇقىرىقىدەك گېزىت، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئېلانلىرى بولمىغىنى بىلەن قاۋاقخانا، كېچىلىك كۇلۇب، رېستورانلار سىزگە تولىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدۇ. بەلكى بۇ ئىشرەتخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى موسكۋادىكىدەك گېزىت، تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىنى چىقىرىشنى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تايلاندلاردىكى رەڭگا - رەڭ چىراغلارنىڭ بۇ يەردىمۇ يېنىپ، كۆزلەرنى قاماشتۇرۇۋېتىشىنى قانچە ئارزۇ قىلىدىغاندۇ - ھە؟!

ئاشۇ تۋېرسكىي كوچىسىدا روس گۈزەللىرىنىڭ نازاكەتلىك جىسمى ئۆز ئىقتىدارىنى قانداق كۆرسەتكەن بولسا، بۇ يەردە بىزنىڭ قىزلىرىمىزنىڭ گۈزەل، لاتاپەتلىك جىسمى ئۈرۈمچى قاۋاقخانىلىرىنىڭ، كېچىلىك كۇلۇبلارنىڭ، مېھمانخانىلارنىڭ زىننىتى بولماقتا. ئەڭ پاجىئەلىك يېرى شۇكى، بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئەرزان بولغىنى ئۈچۈن، تولا ئادەم بۇ زىننەت بۇيۇمىنى خالىغان يەرلىرىگە ئېسىۋالغۇسى كېلىدۇ.

بۇرۇن ئۇيغۇر قىزلىرىدىن خۇش بۇي ئوسما پۇرىقى بىلەن قىزىل ئەتىرگۈل ھىدى پۇراپ، كىشىگە باھار تۇيغۇسى بەخش ئەتسە، ھازىر بۇ پۇراقلار يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەرخىل ماركىدىكى يۈز مېيىنىڭ كىشىنىڭ نېرۋىلىرىنى سۈنئىي غىدىقلايدىغان كۆڭۈلسىز ھىدى ئالماشقان. كىشىگە رومانتىك مۇھەببەت تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىغان، پارىژ ئەتىرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى پەردازلىغان تۋېرسكىي كوچىسىدىكى روس گۈزەللىرى بىلەن ھەر خىل ماركىلىق يۈز مېيى ۋە گىرىم بۇيۇملىرى بىلەن سولغۇن، ئۈمىدسىز چىرايىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئۇيغۇر قىزلىرىنى سېلىشتۇرغۇم كېلىدۇ.

تارىخ 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا روس مىللىتىنى چۈشكۈنلىشىش، خارابلىشىشقا ئېلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ چۈشكۈن ئىدالىرى غەرب ۋە ئۇنىڭغا قوشنا باشقا دۆلەتلەرنىڭ كۈلقەقەلىرىنى ئېچىۋەتتى. بىر مەھەل «شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقلىرى» دەپ نام ئالغان روسلارنىڭ دەھشەتلىك ھەم كۈچلۈك ھۆركىرەشلىرى مانا بۈگۈن بىراقلا ئاجىز ئىڭراشقا ئۆزگەردى. روس جامائىتىدە كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىۋاتقان روس

uyghurkitap.com

مىللىتىنىڭ مىللىي غورۇرى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر بىۋاسىتە روس قىزلىرىنىڭ شەھۋانىي ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىغا سېتىلىپ ۋە ياكى يالللىنىپ، «تىجارەت» ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىغا قارىتىلغان.

پۈتكۈل تۈركىيە، جۇڭگو ۋە باشقا غەربىي، شەرقىي ياۋروپا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە مىليونلىغان روس قىزلىرى ئېقىپ بېرىپ، ئىپپىتىنى سېتىش بەدىلىگە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقى روس تارىخىدا كۆرۈلمىگەن ھادىسە بولۇپ، ئاقىۋەتتە كىشىلەر ئېغىزىدا «روس ئاياللىرىنىڭ ئىشتانبېغى بوش» دېگەن گەپنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەمەلىيەتتە روسلارنىڭ مىللىي غورۇرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. يەنە روسىيە ئاخباراتلىرى جۇڭگونىڭ قانچىلىغان رېستوران، قاۋاقخانىلىرىدا روس قىزلىرى يالللىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەرخىل قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەنلىكى، روس قىزلىرىنى رېستوران، قاۋاقخانىلاردا ھەر خىل «پائالىيەت» كە قويۇپ مېھمان كۈتۈش بىر مودا بولۇپ قالغانلىقىنى ئېچىنىش بىلەن خەۋەر قىلغانىدى. بۇ پاجىئەلىك قىسمەت ئەمدىلىكتە بەزى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بېشىغىمۇ چۈشتى. ئىچكىرى ئۆلكە، بولۇپمۇ دېڭىزياقىلىرى رايونلىرىدىكى شەھەرلەردە بەزى بەلگىلىمىگە خىلاپ رېستوران، تانسىخانا، قاۋاقخانىلار ئوخشاشلا ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن بەزى ئۇيغۇر قىزلىرىنى يالللاپ ئىشلىتىپ، ئۇلارنى «ئۈچتە ھەمراھ بولۇش» يوسۇنى بويىچە ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە گىرىپتار قىلغانلىقىنى پۈتكۈل جەمئىيەت بىلىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھازىر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن قاۋاقخانىلارنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە ئازلاۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇر قىزلىرى بۇ قاۋاقخانىلارنىڭ ئەڭ كۆپ خېرىدارچاقىرىدىغان، ئەڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچىمىش. ئۇلار ئۆزىنىڭ چىرايلىق، پاك جىسمى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزمەكتە، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكتە. ئەگەر بىز تارىخىمىزنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك، تارىختا بۇنداق ئىشلار ھەرگىز بولۇپ باققان ئەمەس. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە ئەرزىمەس، ئېتىبارسىز خەلققە ئايلىنىپ قالىمىز. شۇنى تەكىتلەشنى خالايمەنكى، ياۋروپالىقلار سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن شەكىللەنگەن يېڭى مەدەنىيەت تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ تەخمىنەن ئۈچ ئەسىرلىك جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بارا - بارا بۈگۈنكىدەك ھازىرقى زامان ياۋروپا ئەدەب - ئەخلاق چۈشەنچىسى، ئېتىقاد چۈشەنچىسى، جىنس چۈشەنچىسى دەۋرىگە كەلگەن. تۇنۇگۈنلا تېخى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەتلىك مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسىنىڭ زەنجىر - كىشەنلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان جۇڭگولۇقلاردىن بەزىلەر ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى تېز، غەلىتە راۋاجلىنىشنىڭ زەربىسى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى قارىغۇلارچە تېز قوبۇل قىلىپ، بىراقلا چىرىكلىك ناخشىسىنى ئېيتىشتى. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان بۇ جۇڭگولۇقلار تېخى تۇنۇگۈنلا «ھېسسىيات» ئادالىقى بىلەن فېئودالللىق ئەخلاقنىڭ قۇربانلىرى ئىدى. بىزنىڭ مىللىتىمىزمۇ ئەنئەنىۋى ئەخلاق - پەزىلەت چۈشەنچىسى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىتلار ساغلام تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. مانا بۈگۈن تۇيۇقسىزلا پارتلاش خاراكتېرلىك ئەخلاق بۇزۇلۇشىغا دۇچ كېلىپ، كىشىنى سەسكەندۈردى. ئاياللارنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ ئېسىل پەزىلىتى، دىيانىتى، شەرم - ھاياسى بۇزۇلدى. بۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەممىلا قاتلىمىدا كىشىنى ئويغا سالىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى. مەن ھەرگىزمۇ قىزلىرىمىز (ئاياللىرىمىز) نى ئەيىبلەشنى خالىمايمەن. چۈنكى ئۈرۈمچىدىكى ئاشۇ ھەشەمەتلىك، كاتتا χχ مېھمانخانىسىنىڭ 2-قەۋىتىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقلاردا قاتىرىسىغا ئولتۇرۇشۇپ مېھمان كۈتۈشكە تەييار تۇرغان ئۇيغۇر قىزلىرى ۋە باشقا مېھمانخانىلارنىڭ مەخپىي، ئاشكارا قارا تىزىملىكلىرىدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ، چوڭ - كىچىك كۇلۇب ۋە قاۋاقخانىلاردىكى «ئۈچتە ھەمراھ» بولغۇچىلار قاتارىدىكى مەخسۇس «ئۇخلاشقا ھەمراھ» بولغۇچى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بۇ خىل قىسمەتلىرىنىڭ روشەن سەۋەبى بار، ئەلۋەتتە! ئەمما بۇ سەۋەب ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنى مۇقەررەرلەشتۈرەلمەيدۇ!

## يىللارنىڭ سوۋغىسى

يىللار ئىنسانىيەتكە ھەممىنى سوۋغا قىلىدۇ. ئىنسانىيەت يىللار بىلەن قېرىيدۇ ۋە يا شىرىدۇ. خۇددى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئېيتقاندەك: «يىللار سېخىي، قورۇق كەلمەيدۇ، ئەكىلىپ بېرىدۇ قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال!»

يىللارنىڭ ماڭا مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد، شۇنداقلا ئىرادە سوۋغىسىنى ئاتا قىلغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا، مەن يىللارغا چىن قەلبىمدىن چەكسىز تەشەككۈر ئېيتقۇم كېلىدۇ.

1995-يىلى 17-مارت ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك ۋە ئەڭ شەرەپلىك كۈن ئىدى. چۈنكى مەن شۇ كۈنى موسكۋادىكى جاپالىق بەش يىللىق ئەجرىم بەدىلىگە ئىلىم - پەن مۇنبىرىدە قەد كۆتۈرگەن تۇنجى كۈنۈم ئىدى. ئاشۇ 17-مارتتىكى ئۇنتۇلماس مەنزىرىلەر، پاساھەتلىك نۇتۇقلار، ئىلمىي باھا ۋە تەنقىدلەر دائىم قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلايدۇ.

17-مارت ئەتىگەن سائەت توققۇز يېرىمدا روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى) شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي كېڭەش زالىدا روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەخسۇس دىسسېرتاتسىيە ياقلاش كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ سۈرلۈك، ئەمما ئېغىر - بېسىق تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇشلىرىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، دىسسېرتاتسىيە ياقلاش كومىتېتىنىڭ باشلىقى، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، پروفېسسور

بۇنگارت لىۋىننىڭ رىياسەتچىلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئېلان قىلىشى بىلەن مۇنبەرگە چىقىپ، دىسسېرتاتسىيەمنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم.، زال ئىچى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. ھەر خىل رەڭدىكى كۆزلەر ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشقان دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتا، دىسسېرتاتسىيىنى كۆرۈپ بېكىتكۈچى ئالىملاردىن مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس، پروفېسسور چىۋىرخانىم، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئانتروپولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، مەشھۇر ئېتنوگراف، پروفېسسور باسلىيىف، شەرقشۇناسلاردىن پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى قاھاروف، ئۇيغۇرشۇناس دوكتور ژۇتوف، دوبروۋىسكايا، كابىلوف، كېلياشتورنىي قاتارلىق كاتتا ئالىملار دىسسېرتاتسىيەم توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. قىزغىن پىكىر بايان قىلىش ۋە سوئاللارغا جاۋاب بېرىشلەردىن كېيىن، ئىلمىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەخپىي چەك تاشلىشى ئۆتكۈزۈلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىلمىي كېڭەش رەئىسى نەتىجىنى ئېلان قىلدى.

ئاكادېمىك بۇنگارت لىۋىن بۈگۈنكى دىسسېرتاتسىيىنى باھالاش ئەھۋالىدىن خۇلاسە چىقىرىپ:

- بۈگۈن يېڭى ئۇيغۇر ئالىمى دۇنياغا كەلدى - روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا تۇنجى قېتىم دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ، ئالىملىق دەرىجىسىگە ئېرىشكەن ياش ئالىم مەيدانغا كەلدى. بۇ بىزنىڭ روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەھمىيەتلىك ۋەقە. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قىزىقارلىق ۋەقە شۇكى، مەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان تالاي قېتىم دىسسېرتاتسىيە ياقلاش كېڭىشىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ ھېچ كۆرمىگەن بىر ئىش، بىزنىڭ 23 كىشىلىك ئىلمىي كېڭەش ئەزالىرى نەبىجاننىڭ دىسسېرتاتسىيىسىگە 25 بەش بىلەت تاشلىغان. بۇنىڭ ئۆزىلا دىسسېرتاتسىيە ئاپتورىغا بېرىلگەن يۇقىرى باھا. مەن نەبىجان تۇرسۇنغا، جۈملىدىن نەبىجان تۇرسۇننىڭ دۆلىتىگە ھەم بۇ ئالىمنى تەربىيىلىگەن ئاتا - ئانىسىغا زور مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت - سائادەت تىلەيمەن.

رىياسەتچىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىش بىلەن زال ئىچىدە قىزغىن چاۋاكلار، «ھۇررا!» سادالىرى ياڭرىدى. ئاخىرىدا مۇنبەرگە ئىلمىي رەھبىرىم دىمىترىي ۋاسلىيېف تەكلىپ قىلىندى.

ئۇ، چوڭقۇر ھاياجان بىلەن:

- نەبىجان تۇرسۇن ئۆزىنىڭ بەش يىللىق جاپالىق ئەجرى، تىرىشچانلىقى بىلەن بۈگۈنكى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. مەن ئۇنىڭ پۈتكۈل جاپا - مۇشەققەتلىك ئۆگىنىش جەريانىنىڭ گۇۋاھچىسىمەن. مەن ۋە بىزنىڭ تەتقىقات بۆلۈمىمىزدىكىلەر ئۇنى سۆيىمىز، چۈنكى ئۇ ئەقىل - ئىدراكى، ئېسىل ئەخلاقى - پەزىلىتى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ھەممىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، ھەممىمىزنى قايىل قىلدى. مەن ئۈرۈمچىگە بارغان، ئۇ يەردە مەن نەبىجاننىڭ مىللىتىنىڭ ھاياتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

مەن شۇ چاغدا ئۇيغۇر مىللىتىنى سۆيگەنلىكىمدىن پەخىرلەنگەنىدىم. ئۇيغۇرلار ئېسىل، ئاق كۆڭۈل مىللەت، سېخىي مىللەت، بۇ مىللەتكە نەبىجاندەك ئالىملار تولىمۇ زۆرۈر. نەبىجان خەنزۇ، پارس، تۈرك، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مەنبەلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇرلار تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارغا باھا بەردى ۋە بۇ تەتقىقاتنى سىستېمىلاشتۇرۇشقا قارىتا ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىشىنىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىن زور نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. نەبىجاننىڭ نامى دۇنيا شەرقشۇناسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئاخىرىدا مەن بۇ پەخىرلىك ئوقۇغۇچۇمنىڭ تۇرمۇشىغا بەخت، ئۇنى تەربىيىلىگەن ئاتا-ئانىسىغا سالامەتلىك تىلەيمەن.

ئاكادېمىك بۇنگارت لىۋىن ئاخىرىدا خۇلاسە نۇتقى سۆزلەپ، ئىلمىي كېڭەشنىڭ بىردەك ھالدا ماڭا تارىخ، پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ئۇنۋانىنى بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى ھەم مېنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ دىسسېرتاتسىيە ياقلاش كېڭىشىنىڭ قارارىنى ۋە مېنىڭ بارلىق ماتېرىياللىرىم (خاراكتېرىسكا، دىسسېرتاتسىيىنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى، ئىلمىي كېڭەشنىڭ پىكرى، ئىنستىتۇتنىڭ پىكرى، تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ پىكرى، ئالىملارنىڭ باھا سۆزلىرى، شۇنداقلا باشقا ماتېرىياللار) نى روسىيە فېدېراتسىيىسى ئالىي ئۇنۋان بېرىش كومىتېتىغا يوللايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. رىياسەتچىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئىلمىي رەھبىرىم، تەتقىقات بۆلۈمى شۇنداقلا دوستلىرىم مېنى تەبرىكلەپ گۈللەرنى تەقدىم قىلدى.

شۇنى قوشۇمچە قىلماي بولمايدۇكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئومۇملاشقان بىر ئادەت، بىرەر كىشى دىسسېرتاتسىيە ياقلىغاندا، دىسسېرتاتسىيە ياقلىغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك كۈننى خاتىرىلەپ، ئۇستازلىرى ۋە ئىلمىي ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بەرگەن مۇتەخەسسىسلەر ھەمدە دوستلىرىنى ئالاھىدە چايغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇستازلىرى ۋە دوستلىرىمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىختىيارىي ھالدا ساھىبخانغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي ئىشلىرىغا زور ئۇتۇق ۋە تۇرمۇشىغا بەخت تىلىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ سورۇن ناخشا - ساز، ئۇسسۇلسىز بولمايدۇ.

روسىيە زىيالىيلىرىنىڭ نەزەرىدە بۇ ئەڭ ئەھمىيەتلىك خاتىرە پائالىيەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىزدە بۇنداق چاي پائالىيىتى تېخى شەكىللەنمىگەن. چۈشىنىشىمچە، بۇ ئەنە شۇنداق مەدەنىيەت ساپاسى ئۈستۈن، ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلغان مىللەتكە خاس پائالىيەت بولۇپ، بۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ياۋروپالىقلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ھەر خىل شەكىلدىكى چايلىرىمىزغا يېتىشىپ بولالماي ئۆزىمىزدىن ۋە دۇنيادىن زارلىنىپ يۈرىمىز ئەمەسمۇ؟

مەن شۇ كۈنى چۈشتە ئىنستىتۇتنىڭ

كىچىك زالىدا چاي تەييارلىدىم، دوستلىرىم ۋە خىزمەتداشلىرىم ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. مەن تەكلىپ قىلغان ئالىملار ۋە مۇناسىۋەتلىك زاتلار، شۇنداقلا موسكۋادىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ چايغا ۋاقتىدا كېلىپ قاتناشتى. موسكۋادا ياشىغىنىغا 40 يىل بولغان، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كان مىنىستىرلىكى كان چېرتيوژلىرىنى لايىھىلەش ئىنستىتۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، كان ئىشلىرى بويىچە كاتتا مۇتەخەسسىس، ئالىي ئىنژېنېر شېرىپجان ئەھمىدى ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئارزۇگۈل ھەدە ئۆزىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتتى. ئارزۇگۈل ھەدە چېۋەر قوللىرىدا تەييارلىغان پولۇ، مانتا ۋە باشقا سوغۇق سەيلەر سورۇن ئەھلىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتتى. ئۇيغۇر مىللىتىنى بىر ئۆمۈر تەتقىق قىلىپ، تېخى ئۇنىڭ تامىقىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان روس ئالىملىرى ئۇيغۇر مۇقام ساداسىدىن ھوزۇرلىنىپ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇردى. تائاملارنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. بۇ سورۇنغا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خەلقئارا شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناسلاردىن تاجىكىستان ۋە ئىتالىيە پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىنىڭ ئاكادېمىكى، پروفېسسور لىتۋىنسكىي، تۈركىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەخرىي ئاكادېمىكى د. ۋاسلىيېف، ھىندىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەخرىي ئاكادېمىكى، پروفېسسورل. ئالايېف، يەنە پروفېسسور باسلىيېف ۋە باشقا ئۈچتەك ئۇيغۇرشۇناس، تۈركشۇناس قاتناشتى. چاي ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات، كۈلكە - چاقچاقلار ئىچىدە ئۆتتى.

## شىنجاڭ ھەققىدە تەتقىقاتلار

### 1. روس ساياھەتچى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچى ئالىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى

19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، شىنجاڭ رايونى غەربىي ياۋروپا ۋە روسىيە ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىپ، ياۋروپادا بىر مەيدان «شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى»نى قوزغىدى.

بۇنىڭغا يەنىلا ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ باي، قەدىمىي مەدەنىيىتى، ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە ئۇنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا سىياسىي جۇغراپىيىسى (گېئوپولىتكا) دە تۇتقان ئورنى سەۋەب بولغانىدى. گەرچە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ رايون ياۋروپا ئىلىم-پەن ۋە دىپلوماتىيە ساھەسىگە تېخى ئانچە تولۇق مەلۇم بولمىغان ھەمدە بۇ ساھەلەر ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس، دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ بېرىتانىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا جۈملىدىن ھىندىستان، ئافغانىستانغا قاراتقان سىياسىتىگە زىتلىشىپ قېلىشى بىلەن شىنجاڭ رايونى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دىپلوماتىيىسىدە نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسەتتى. ئەينى ۋاقىتتا روسىيە، ئەنگلىيە ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي مەنپەئەتى بىۋاسىتە شىنجاڭ رايونىدا توقۇنۇشتى. بولۇپمۇ لىششىپ قالغان مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ زېمىنغا بولغان كونتروللۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە زوراۋانلىقى، تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن خەلقنىڭ ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش، قىسقىسى، بۇ رايوننى ئۆز خەرىتىلىرىگە كىرگۈزىۋېلىشقا ئورۇنۇشتەك خەلقئارا ۋەزىيەت شەكىللەندى.

يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، روسىيە ۋە غەرب دۆلەتلىرى بۇ رايونغا نىسبەتەن كەڭ كۆلەملىك ئېكسپېدىتسىيە ۋە ساياھەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دىپلوماتىيە، ئىقتىسادىي، ھەربىي ھەمدە ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرماقچى بولدى.

غەربىي ياۋروپالىقلاردىن تۇنجى بولۇپ گېرمانىيىلىك ئا. شگالئۋىت 1857 - يىلى كەشمىر ئارقىلىق قەشقەرگە كەلدى. 1863-1869 - يىللىرى ئەنگلىيىلىك شوۋ بىلەن گرورد قەشقەرگە كېلىپ، مول ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يەنە شۋېتسىيىلىك مەشھۇر ئالىم سۋېن ھېدىن، گېرمانىيىلىك ئا. گرونۋېدېل، ئا. فون لېكوك، فرانسىيىلىك د. رېنىس ۋە ف. پېللىئوت، ياپونىيىلىك ئوتانى فانىدۇ، ئىتالىيىلىك ف. دې فىلىپپىن ۋە ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستېيىن (تۆت قېتىم) قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە زور ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئاۋرېل ستېيىن، ئا. گرونۋېدېل، ئا. فون لېكوك ھەم ف. فېللىئوت قاتارلىق بىر قانچە ئالىمنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. بولۇپمۇ ئا. ستېيىن ئۆزىنىڭ تۆت قېتىملىق شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيىسىدە توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا 20 نەچچە توملۇق كىتاب ئېلان قىلدى.

ئا. ستېيىن ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئافغانىستان، ھىندىستان، جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلدى. ئۇ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە خاس ئارخېئولوگىيىسى، جۇغراپىيىسى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، تارىختىكى دىنلار ۋە تىل - يېزىقلار توغرىسىدا ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ياۋروپادا شىنجاڭ توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ تېخىمۇ ئەۋج ئېلىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى. ئاۋرېل ستېيىنىنىڭ مول ھوسۇللۇق ئىلمىي ئەمگىكى ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل غەرب دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان بولۇپ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىلھامى بىلەن ياۋروپادا ئېكسپېدىتسىيە نەتىجىسىدە توپلانغان سوغدى يېزىقى يادىكارلىقلىرى (بۇ ساھەدە لىيودبىرسا، گوتىيو، سىلۋانا، گىرىنبىلى قاتارلىق ئالىملار)، ساك، توخار يازما يادىكارلىقلىرى (لىيودبىرسا، سىلۋانا، راسپورت سىبنار قاتارلىقلار)، قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا (تومسېن، مىۋللىر قاتارلىقلار) كەڭ كۆلەمدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغانىدى.

شىنجاڭغا، جۇملىدىن قەشقەرىيىگە روسلارنىڭ ساياھىتى ۋە ئېكسپېدىتسىيىسى ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، روسلاردىن بىرىنچى بولۇپ، 16 - ئەسىردە روس پادىشاھسى ئىۋان گروزنىنى جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدىن كازاك ئاتامانلىرى ئىۋان پېتروف، بۇرناش، يامبىشىف قاتارلىقلار كەلگەن. كېيىن - 1774-يىلى روسىيە ئوفىتسىرى ف. ئېفرېمىف قىرغىزلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ، بۇخارا ئارقىلىق قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ، بۇ يەر ئارقىلىق ھىندىستانغا كەتكەن ۋە شۇ يەر ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتىپ، «ئېفرېمىفنىڭ كۆرگەنلىرى» ناملىق كىتابىنى يازغان. بۇنىڭدا قەشقەرىيە توغرىسىدا قىممەتلىك، مول ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن دانىل ئاتانوسوف تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 19-ئەسىرنىڭ بېشىدا گروزنىلاردىن ر. دانىگاشۋىل قەشقەرىيىگە كېلىپ ماتېرىيال توپلىغانىدى. 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا روسىيىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئېھتىياجى تېخىمۇ روشەنلەشتى. چۈنكى «ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن قازاقىستاندا ئۆزىگە يېڭى يەرلەرنى قارىتىۋېلىش بىلەن بەنت بولىۋاتقان روسىيە بۇ رايوندا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرگە بىپەرۋا قارىمايتتى. سەۋەبى، روسىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ۋە تۇنگانلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ تەسىرى خەۋپلىك ئىدى. بولۇپمۇ ياقۇپبەگنىڭ ئۇلۇغ بىرىتانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى روسلارنى تېخىمۇ خەۋپلەندۈرۈپ، ئۇلارنى باشتىن ئاخىر بۇ رايونغا نىسبەتەن سوغۇققان مۇئامىلە قىلىش ھەمدە دىپلوماتىيىلىك يول بىلەن بۇ رايوننىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى كۆچەپ ئىگىلەپ، پەيتى كەلگەندە ئۇنى بىراقلا ئىشغال قىلىش ۋە ياكى مەزكۇر رايوندا مۇستەقىل بىرەر ھاكىمىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە قەتئىي يول قويماسلىق قارارىغا كەلتۈردى. بۈيۈك بىرىتانىيە پادىشاھلىقىمۇ 1876-يىلى ئاۋغۇستتا ھاكىمىيەتنى ياقۇپبەگنىڭ قولىدا قالدۇرۇشقا ھەم شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدا ئۆز پوزىتسىيىلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە لوندون روسىيە ھۆكۈمىتىگە يەتتە شەھەرنىڭ ‹مۇستەقىللىقى›نى ئىناۋەتكە ئېلىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنمىغاندىن كېيىن، يەنە يەتتە شەھەرنى ‹بىتەرەپ دۆلەت› دەپ تونۇش تەكلىپىنى بەردى. بىراق، بۇ تەكلىپمۇ قوبۇل قىلىنمىدى» (داۋۇت ئېيسىيىف: «يەتتە شەھەر دۆلىتى»، 92-بەت).

مانا مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، روسىيىنىڭ شىنجاڭ ئۈستىدىكى تەتقىقاتىغا روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئىشلار مەھكىمىلىرى، شۇنداقلا روس سانائەتچىلىرىنىڭ ھەر خىل تەشكىلاتلىرى، جۇملىدىن روسىيە سودا-سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەمئىيىتى، تاشكەنت سودىگەرلەر جەمئىيىتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەخسۇس ئىلمىي ئورگانلاردىن روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى، سانكىت - پېتربورگ ۋە قازان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ شەرق فاكۇلتېتلىرى، كېيىنرەك يەنە شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيا تەتقىقاتى بويىچە روسىيە كومىتېتى قاتارلىق ئورگانلار قاتناشتى. ئەمما بۇ تەتقىقاتتا روسىيە ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسى بىلەن روسىيە جۇغراپىيە تەتقىقات جەمئىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، زور نەتىجە قازاندى. ئۇلار شىنجاڭ توغرىسىدا سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت، ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيىلىك ۋە باشقا كۆپلىگەن تەرەپلەردىن مول ماتېرىياللارغا ئېرىشتى. قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف 1858 - 1859-يىللىرى قەشقەرگە سودىگەر قىياپىتىدە كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئېتنوگرافىيىسى توغرىسىدا مول ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى روسىيە شەرقشۇناسلىقىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيا شەرقشۇناسلىق تارىخىدا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ تەتقىقات ماتېرىياللىرى ھەمدە ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللىرى كېيىن توپلىنىپ كۆپ توملۇق «چوقان ۋەلىخانوف ئەسەرلىرى» بولۇپ، بىر قانچە قېتىم نەشر قىلىندى. 1867-يىلى روسىيە مەركىزىي قوماندانلىق شتابى كاپىتان رېينتالنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. 1870-يىلى روسىيە مەركىزىي قوماندانلىق شتابىنىڭ كاپىتانى كولبارس قەشقەرگە كەلدى. 1876-يىلى ن. كوروپاتكىن شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەرىيە توغرىسىدا سىستېمىلىق ماتېرىياللارغا ئېرىشىپ، «قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئالتۇن مېدال بىلەن تەقدىرلەندى. روس تەتقىقاتچى، ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇننى مەشھۇر بوتانىك، جۇغراپىيەشۇناس ن. م. پىرژىۋالىسكىي ئىگىلەيدۇ. ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىياغا قېدىرىپ تەكشۈرۈشكە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيە-سى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسى توغرىسىدا قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەمگەكلىرى قاتارىدا «غۇلجىدىن تەڭرىتاغنىڭ ئۇ تەرىپىگىچە ۋە لوپنۇرغىچە»، «ساياھەت خاتىرىسى» (1876-يىلى) قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى يازدى. پىرژىۋالىسكىي بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئا. سوسنوۋىسكىي باشچىلىقىدا ۋراچ پ. يا. پىياسېسكىي، توپوگراف ئە. ل. ماتوسوۋسكىي

قاتارلىق ئۈچ نەپەر روس ساياھەتچىسى قۇمۇل رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك، قۇمۇللۇقلارنىڭ ئېتنوگرافىيەلىك ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1876-، 1877-يىللىرى گ. ن. پوتانىن موڭغۇلىيىگە قىلغان ساياھىتىدە قۇمۇلدىن ئۆتۈپ، قۇمۇل توغرىسىدا ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان.

1885-يىلى چاررۇسىيە مەركىزىي ھەربىي قوماندانلىق شتابىنىڭ كاپىتانى گالكىن قەشقەرگە كېلىپ، مەخسۇس تۆردە چەك ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردىكى ھەربىي ئەھۋالى توغرىسىدا ماتېرىيال توپلىدى. 1885 ۋە 1891-يىلى پ. ل. گرومبېچېۋسكىي قەشقەرىيىدە قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە بولدى ۋە بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن «ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى» ناملىق ئۈچ توملۇق كىتاب يازدى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پولشادا پولەك تىلىدا نەشر قىلىندى.

بۇ يەردە يەنە بىر روس ساياھەتچىسى، جۇغراپىيەشۇناس، تارىخشۇناس گرۇم گرژىمايلوفنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. بۇ ئالىم 1886-، 1889-، 1890-يىللىرى شىنجاڭ بويىچە قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخ، ئېتنوگرافىيە ۋە جۇغراپىيىسىگە، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ئائىت مول ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئۇ، «غەربىي جۇڭگو ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئا. ن. كراسنوف (1886-يىل)، م. ئا. پېۋسوف (1876 ۋە 1889-يىللىرى)، ۋ. ئى. روبوروۋسكىي، ن. ف. بوگاياۋلېنسكىي، د. ئا. كېلىمېنتىس، ۋ. ۋ. رادلوف، س. ف. ئولدىنبورگ (1909-، 1910-، 1914-، 1915-يىللىرى)، ن. ئوبرېچېف، م. م. بروزوۋسكىي، ن. ف. پېتروۋسكىي، ن. ن. گرادكوف قاتارلىق كۆپلىگەن شەرقشۇناس ئالىملار شىنجاڭغا كېلىپ، قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتى. بۇلار ئىچىدە گرۇم گرژىمايلوف، س. ئى. مالوف، ۋ. ۋ. رادلوف، س. ف. ئولدىنبورگ، ن. ف. پېتروۋسكىي قاتارلىق ئالىملار توپلانغان ماتېرىياللار ئاساسىدا مەخسۇس تۈردە شىنجاڭنىڭ تىلشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيىلىك تارىخىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈلدى.

م. ئا. پېۋسوف «ئاسىيا چۆللىرىدە» دېگەن كىتابىنى يازدى. ۋ. ئى. روبوروۋسكىي قاتارلىقلار بولسا، مەخسۇس جۇغراپىيىلىك ھەمدە تارىخىي مەدەنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. روس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئىچىدە كىلېمېنتىس تۇرپان رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۆز دەۋرىدە تۇنجى قېتىم تۇرپان ئارخېئولوگىيىسى توغرىسىدا يۇقىرى سەۋىيىدە ئىلمىي ئوبزور ئېلان قىلدى، شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئاساس سالدى. ئومۇمەن، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي، ھەربىي، ئېتنوگرافىيىلىك، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەر زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن نەتىجىلىنىپ، شەرقشۇناسلىق جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور ئىلگىرىلەتكۈچ رولىنى ئوينىدى. مەزكۇر قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە زور مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ۋە باشقا قەدىمىي تىللاردىكى يازما يادىكارلىقلار توپلىنىپ ھەمدە بىر قىسىم يېزىقلار ئوقۇپ چىقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تارىخى ئۈستىدىكى تونۇشتا يېڭى بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنىغا يۇقىرى باھا بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك يەرلىك خەلق ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

گەرچە بەزى روسىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ھەربىي ئاخبارات توپلاش، روسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن روس ئالىملىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا توپلىغان مول ماتېرىياللىرى بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى دەۋرلەر تارىخىنى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنى چۈشىنىشىمىزدە بىرىنچى قول ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

## سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى تەتقىقاتتىن قىسقىچە بايان

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، لېنىننىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتكۈل روسىيە تېررىتورىيىسىدە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مىللىي جۇمھۇرىيەتلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ۋە قانۇنىي ئورنى پرىنسىپلىرى تەكىتلەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەتلەرنىڭ ناملىرى قايتا بېكىتىلىپ، ئۇلارنىڭ تەۋەلىك چېگرىلىرى كۆرسىتىلىپ، ئالدى بىلەن ئۆز شەھەرلىرى بويىچە ئاتىلىپ، بىر-بىرىدىن ئېتنىك نام جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈلمىگەن ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ، «قىرغىز» ۋە ياكى «قارا قىرغىز» نامى بىلەن ئاتالغان قازاق-قىرغىزلارنىڭ ئېتنىك نامى ۋە چېگرىلىرى بەلگىلەندى. دېمەك، لېنىن ۋە ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ئالدى بىلەن بۇرۇنقى روسىيە پەنلەر

www.uyghurkitap.com

ئاكادېمىيىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى دەپ ئۆزگەرتتى ۋە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شەرق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدە شەرق مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەر تەسىس قىلدى. مەسىلەن، ئاكادېمىك س. ف. ئولدېنبورگ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تاجىكىستان شۆبىسىگە مەسئۇل بولدى. مەشھۇر ئالىم ئې. ئە. بېرتېلس (1890ـ1957) تارىخ ـ فىلولوگىيە بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرلەر تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللاندى. مەشھۇر تۈركولوگ ئا. ن. سامايلوۋىچ (1880 ـ 1938) قازاقىستان ئىلمىي تەتقىقات شۆبىسىگە مەسئۇل بولۇپ، تۈركىي تىللار مەسىلىسى بىلەن شۇغۇللاندى. 1936-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارار چىقىرىپ، س س س ر خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۆزبېك، تۈركمەن، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ تارىخ تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى كۆپلەپ نەشر قىلىشنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، شەرق خەلقلىرى تارىخى تەتقىقاتى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ئومۇمەن، 20- 40-يىللاردا بىر ئەۋلاد پېشقەدەم شەرقشۇناسلاردىن ۋ. ۋ. بارتولد، ن. ي. مار، س. ف. ئولدېنبورگ، پ. ي. ۋلادىمىرسوف، س. ئې. مالوف، ئا. ن. بېرنېشتام، ئا. ن. سامايلوۋىچ، ئې. ئە. بېرتېلس، ئا. يۇ. ياكوپوۋسكىي، كىسلىيوف قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملار ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى مەسىلىلىرى تەتقىقاتىغا ئاساس سېلىش بىلەن بىرگە، بىر ئەۋلاد يېڭى ئالىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

30-يىللاردا ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە مەشھۇر ئالىم س. ئې. مالوف ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان تىل مەسىلىسى بىلەن پاراللېل ھالدا يەنە قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيىسى بويىچە نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەك سىڭدۈردى. ئومۇمەن ئۇ مەدەنىيەتشۇناسلىق، فىلولوگىيىلىك نۇقتىئىنەزەرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنىغا باھا بەردى. س. ئې. مالوف ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم شىنجاڭغا ۋە گەنسۇدىكى سالالار ، سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تەكشۈرۈشكە كېلىپ، تىل، ئېتنوگرافىيە، ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ، بۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەكلىرى (1914 - يىل) ، «سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شامانىزم قالدۇقلىرى» (1919-يىل) ، «ئۇيغۇرچە ئىككى ھۆججەت» (1927-يىل) قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي تەتقىقات مېۋىلىرى 1950-يىللاردا ئېلان قىلىندى. بۇنىڭغا «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى تېكىستلىرى ۋە تەتقىقات» (1951-يىل) ، «لوپنۇر تىلى تېكىستلىرى ۋە تەرجىمە لۇغەت» (1956-يىل) ۋە باشقا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. 30- 40-يىللاردا مالوفنىڭ زامانىدىشى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئا. ن. بېرنېشتام سوۋېت ئىتتىپاقى تۈرك-ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدا تالانتلىق ئارخېئولوگ، تارىخشۇناس سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى.

ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، مەدەنىيىتى، ئارخېئولوگىيىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى توغرىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ، قىسقىغىنە ئىلمىي ھاياتىدا ھونلار توغرىسىدا «ھونلار تارىخىنىڭ ئوچېركى» (1951-يىلى) ناملىق مونوگرافىيىسى ۋە باشقا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى، تۈرك - ئۇيغۇرقاغانلىقى دەۋرى توغرىسىدا «8-ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ ئۇرۇقداشلىق قۇرۇلمىسى» (1934-يىلى) ، «5 -، 8 - ئەسىرلەردىكى تۈركلەردە دۆلەت ۋە سىنىپلارنىڭ شەكىللىنىشى» (1936-يىلى) ، «5 -، 8 - ئەسىرلەردىكى ئورخۇن، يېنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى» (1946-يىلى) ناملىق مونوگرافىيىسى، «ئۇيغۇر قول يازمىلىرىدىكى رۇنىك يازمىلىرى» (1938-يىلى) ، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئېتنوگېنىزىدىكى قەدىمكى تۈرك ئېلېمېنتلىرى» (1947-يىلى) قاتارلىق ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى كۆپلىگەن نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ يەنە مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدىمۇ تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئوچېركى» (1951-يىلى) ناملىق كىتابىنى ۋە باشقا ماقالىلەرنى يازدى. شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئارخېئولوگىيىسى، بولۇپمۇ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇنىڭغا مىسال قىلىپ «شىمالىي قىرغىزىيىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئوچېركلىرى» (1941-يىلى) ، «تەڭرىتاغ، پامىر، ئالاينىڭ تارىخىي، ئارخېئولوگىيىلىك ئوچېركى» (1952-يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ۋە باشقا كۆپلىگەن ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئا. ن. بېرنېشتام ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى يەرلىكلىك مەسىلىسى ھەمدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئېتنىك تەركىب ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ مىللىي تەركىبى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردە پىكىر يۈرگۈزۈپ، «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئوچېركى» ناملىق ئەسىرىدە «ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا زور رول ئوينىغان. ئۇلار گاۋگۇيلار (قاڭقىللار) نىڭ ئەۋلادى» (ئا. ن. بېرنېشتام: «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئوچېركى» ، (ئالما - ئاتا،

1951-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 20-، 21-بەتلەر) دەپ خۇلاسە چىقىرىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا قەدىمكى ۋاقىتلاردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن يەرلىك خەلق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ، ئۇيغۇرلارنى ئېتنىك تارقىلىش جەھەتتىن: 1. شىمالىي ياكى سېلىنگا گۇرۇپپىسى، 2. غەربىي جەنۇبىي ياكى شىنجاڭ گۇرۇپپىسى، 3. غەربىي شىمالىي ياكى يەتتە سۇ گۇرۇپپىسى (ئا. ن. بېرنىشتام: «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئوچېركى»، ئالما - ئاتا، 1951-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 20-، 21-بەتلەر) دەپ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلىدۇ.

بېرنىشتامنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە روسىيە سوۋېت تارىخشۇناسلىقىدا ئۇزۇندىن بۇيان مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان قاراش ئىدى. روس تارىخشۇناسلىرىدىن بىچۇرىن، كازىمبېك، ۋاسلېيېف، گرىگورىيېن، رادلوف، پوزنىيېف، گرۇم گرژىمايلوف قاتارلىقلار ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ۋە تارقىلىشى شىنجاڭ بىلەن قەدىمدىنلا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمىي خەلقلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھەتتا پوزنىيېف، بىچۇرىن قاتارلىقلار چېشلار (قۇش) نىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى (ئەجدادى) ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشكەندى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مىلادىدىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغانىدى. بېرنىشتام قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىنى مەشھۇر ئالىم تىخونوف قوللىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «10-14-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى» (1966-يىل) ناملىق ئەسىرىدە، ئۇيغۇرلار خەنزۇ مەنبەلىرىدە قەيت قىلىنغان چېدى (تۇرا) لارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى (د. تىخونوف: «10-14-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى»، موسكۋا، 1966-يىل نەشرى، 22-بەت). س. ئې. مالوف بولسا «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، «ئۇيغۇرلار قەدىمكى ۋاقىتلاردىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى تەرەققىي قىلغان شەھەر ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى» (س. ئې. مالوف: «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى»، موسكۋا، 1951-يىل نەشرى، 59-بەت) دەپ خۇلاسە چىقاردى. ئەرەب، پارس مەنبەلىرى بويىچە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر تارىخى، بولۇپمۇ قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلغان مەشھۇر ئالىم ئا. يۇ. ياكوبوۋسكىي ئۆزىنىڭ «9-10-ئەسىرلەردىكى تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدىكى ئەرەب، پارس مەنبەلىرى» (1947-يىل) ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇيغۇرلارنىڭ زور بىر قىسمى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بالدۇر ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كىردى ھەم ھەممىدىن بۇرۇن شامانىزم بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئالدى بىلەن مانى دىنىنى، كېيىنرەك بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. تۈركىي خەلقلىرى ئىچىدە بالدۇر يېزىق يارىتىپ، جۇڭگو بىلەن ماۋرائۇننەھر ئارىسىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلققە ئايلاندى» (ئا. يۇ. ياكوبوۋسكىي: «9-10-ئەسىردىكى تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدىكى ئەرەب، پارس مەنبەلىرى»، «دۆلەتلىك ئېرمىتاژنىڭ شەرق سەنئىتى تارىخى، مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى»، لېنىنگراد، 1947-يىل، 4-توم، 324-، 424-بەتلەر) دېگەن خۇلاسىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىغا ئورۇنلۇق باھا بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك تەرەققىيات تارىخى ھەم مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى توغرىسىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى كۆپلىگەن مەخسۇس ۋە يانداش تۈردە سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلدى. بۇلارغا مىسال قىلىپ مەشھۇر ئارخېئولوگ س. كىسلېيېفنىڭ چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەمگىكى «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» (1951-يىلى) ۋە باشقا ئىلمىي ماقالىلىرى، مەشھۇر ئالىم ئىنوستىرانسېفنىڭ «ھۇننۇ ۋە ھونلار» (1929-يىلى)، ن. كاتانوفنىڭ «شەرق خرونولوگىيىسى» (1920-يىلى)، ن. ل. گومىلېفنىڭ «ھونلار» (1960-يىلى)، «4-ئەسىردىكى ئېفتالىتلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى» (1959-يىلى)، «قەدىمكى تۈركلەر» (1967-يىلى)، «دىڭلىڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، ل. ر. كىزلاسوفنىڭ «تۇۋانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى» (1964-يىلى) قاتارلىق كۆپلىگەن مونوگرافىيە ۋە ماقالىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ب. ئا. لىتۋىنىسكىي، س. گ. كېلياشتورنىي، بورفكوۋا، تىخونوف، گ. ئىسھاقوف قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملارمۇ مەزكۇر مەسىلە توغرىسىدا تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى.

60-70-يىللاردىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى ناھايىتى زور سىستېمىلىشىش يولىغا كىردى. كۆپلىگەن ئالىملار ئۇيغۇر تارىخىنى مەخسۇس دەۋرلەر بويىچە سىستېمىلىق تۈردە تەتقىق قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخى ساھەسىدە ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرى ئۈستىدە ن. ل. گۇمىلېف، س. گ. كېلياشتورنىي، ل. ر. كىزلاسوف، ئا. كامالوف، د. ئېيسىيېف، سوپرونېنكو ۋە باشقىلار تەتقىقات ئېلىپ باردى. يەنە مەشھۇر ئالىم، تۈركشۇناس گومىلېفنىڭ چوڭ ھەجىملىك «قەدىمكى تۈركلەر» ناملىق مونوگرافىيىسى، «ياۋروپا-ئاسىيا تارىخىنىڭ رىتىمى»، «كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىنىڭ 1000 يىللىق تارىخى» ناملىق كىتابلىرى، ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس مالياۋكىننىڭ «تاڭ تارىخنامىلىرى»، «تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىبەتنىڭ قەشقەرىيە ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرى»، «تارىختىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ناملىق كىتابلىرى ۋە كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلىرى، ئۇيغۇر ئالىمى

www.uyghurkitap.com

ئابلەھەت كامالوفنىڭ «ئۇيغۇر قاغانلىقى» ناملىق مونوگرافىيىسى، خاكاس ئالىمى كىزلاسوفنىڭ «تۇۋانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخى» ناملىق كىتابى، مەشھۇر تۈركشۇناس، ئۇيغۇر شۇناس كېلياشتورنىينىڭ «قازاقىستاننىڭ 3000 يىلى» ، «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى رولى» ناملىق مونوگرافىيىلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ «تىرفىن مەڭگۈ تېشى» ، «تەس مەڭگۈ تېشى» توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى ۋە باشقا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئاتاقلىق ئالىم، تۈركشۇناس د. ۋاسىلىيېفنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسىرى «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقى يادىكارلىقلىرى گرافىكىلىق فوندى» ، «ياۋروپا - ئاسىيا رايونىدىكى قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ توپلىمى» قاتارلىق كىتابلىرىنى، بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرشۇناسلاردىن ۋاينەشتېيىن، زوتوف، باسكاكوف، تۇگۇشېۋا قاتارلىق ئالىملارنىڭ قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تىل تارىخىغا ئائىت ماقالىلىرى ۋە مونوگرافىيىلىرىدە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي، جۈملىدىن ئېتنوگرافىيىلىك مەسىلىلىرىگە ئائىت قىممەتلىك پىكىرلەر بار.

شۇ قاتاردا ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن ئەزىز نارىنبايېفنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر پەلسەپە-ئىدىيە تارىخىدىن» ، م. روزىيېفنىڭ «قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى ئۈستىدە توختالغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسى توغرىسىدا داۋىدوۋىچ، فىدروف، كارايېف، ئەمىرنەجىب، ئىۋانوف، كونونوف، باسكاكوف قاتارلىق ئالىملار مەخسۇس رەۋىشتە تەتقىقات ئېلىپ باردى. تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى توغرىسىدا د. ئېيسىيېف، مالياۋكىن، تۇگۇشېۋا، تىخونوف، قادىربايېف، ياكوۋىسكىي، ئا. كېبىروف قاتارلىق ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ باردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيە ,ئارخېئولوگىيىلىك مەسىلىلىرى ئۈستىدە چېبوكساروف، كىسلېيېف، ئۇشانىستا، رەشتوف، لىتۋىنىسكىي، ئوكلادىنكوف ۋە باشقىلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر دەۋرى يەنى چاغاتاي خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى توغرىسىدا مۇقىنوف، مەھمۇت قۇتلۇقوف، ئىۋانوف، ئاكىموشكىن، زوتوف، يۇدىن، بېرتېلس قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملار مەخسۇس ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى بىلەن بىرگە قىستۇرما يوسۇندا تەتقىقات قىلدى. بۇنىڭغا مىسال ئۈچۈن مەشھۇر ئالىم يۇدىننىڭ «موغۇلىستاندىكى موغۇللارنىڭ ئۇرۇقداشلىق قۇرۇلمىسى ھەم ئۇلارنىڭ قازاق ۋە باشقا قوشنا خەلقلەر بىلەن بولغان ئېتنىك مۇناسىۋىتى» (1965-يىلى) ، بېرتېلىسنىڭ «نەۋائىي» (1948 - يىلى) ، «پارس -تاجىك ئەدەبىيات تارىخى» (1960-يىلى) ناملىق مونوگرافىيىلىرى ۋە ماقالىلىرى، موقىنوفنىڭ «ئاسىيا خەلقلىرى مۇزېيىدىكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار» ، مەھمۇت قۇتلۇقوفنىڭ «موغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ» ۋە «سەئىدىيە خانلىقى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئەڭ مۇھىم تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن دۇمان، كوزنىتسوف، خوجايوف، كېبىروف، دوبروۋىسكايا، گورېيىۋىچ، كولېسنىكوف، چېۋىر، ھەپىزېۋا، باسخانوف ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇلاردىن بىز خوجايوفنىڭ «چىن ئىمپېرىيىسى ۋە شىنجاڭ» ناملىق مونوگرافىيىسى، گورېيىۋىچنىڭ «18-19-ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر» ناملىق مونوگرافىيىسى ۋە كولېسنىكوف بىلەن كېلياشتورنىينىڭ «روس سەيياھلىرىنىڭ نەزەرىدىكى شىنجاڭ» ، دۇماننىڭ «18-ئەسىردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق سىياسىتى» گە ئوخشاش كۆپلىگەن كىتابلار ۋە ماقالىلەرنى مىسال قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئېيسىيېفنىڭ «يەتتە شەھەر دۆلىتى» ، چېۋىرنىڭ «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى» ، مالىك كېبىروفنىڭ «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتەسۇغا كۆچۈشى» نى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، روس ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى كۆپلىگەن كوللېكتىپ تەتقىقات ماقالىلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭغا ئۈچ توملۇق زور ھەجىملىك كىتاب «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ» (1988-1990-يىللىرى نەشر قىلىنغان) ، ئارخېئولوگىيە، سىياسىي، تارىخىي ۋە مەدەنىيەت يازما يادىكارلىقلىرى بويىچە «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1991) ، «ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيانىڭ تارىخى» (1985) ، «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى» ، «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخى» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر، شۇنداقلا يېقىنقى زامان تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى مول نەتىجە بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەزكۇر ساھەدىكى تەتقىقات قوشۇنى ساپا جەھەتتىن ئۈستۈن بولۇپلا قالماي، مول تەتقىقات تەجرىبىسىگە ۋە ئۆزىگە خاس ئىلمىي مېتودىكىغا ئىگە.

ئۇلارنىڭ كاتتا ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئالىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر تىلىنى ۋە ياكى باشقا بىر تۈركىي تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن. تەتقىقات مېتودى جەھەتتە، مەنبە شۇناسلىق پرىنسىپى بويىچە ئۇيغۇر تارىخى جۇڭگو يازما مەنبەلىرى بويىچە ئايرىم - ئايرىم تەتقىق قىلىنغان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تارىخىنى توغرا، ئەتراپلىق، ئىلمىي يورۇتۇشقا تىرىشقان. سابىق

سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى تەتقىق قىلىۋاتقان مەزكۇر تېما ئۈستىدە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ نەتىجىلىرى، كۆز قاراشلىرىنى ئۆرنەك قىلىش ۋە پايدىلىنىش بىلەن بىللە، باشقا دۆلەت ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى زۆرۈر دەپ قاراپ، تېمىنىڭ ماتېرىيال ئاساسىنى كۈچەيتكەن. يالغۇز بىرلا خىل ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ چەكلىمىگە ئۇچراپ قېلىشتىن خالىي بولغان. دېمەك، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات مېۋىلىرى، ئىلمىي مېتودىكىسى بىزنىڭ نۆۋەتتىكى بۇ ساھە ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىمىز ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## تارىخ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ

1995-يىلى 9-ماي خاتىرىسى ئۈچۈن شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن چايغا قاتناشقان قېرى پروفېسسور قورۇق باسقان ئۇششاق بارماقلىرى بىلەن قاردەك ئاپئاق چاچلىرىنى سىلاپ ئېغىر خۇرسىندى. يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينىكى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆكۈچ كۆزلىرىدىن ئېغىر ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ، قول ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئۇھ تارتتى. ئارقىدىنلا غاڭزىسىغا ئالدىرىماي تاماكا بېسىپ، ئۇنى باشمالتىقى بىلەن چىڭداپ قويۇپ، ئوت تۇتاشتۇردى-دە، ئېغىر بىر شورۇۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- شۇنداق، ئوغلۇم. بىز روسلار بەزىدە خېلىلا يۈزسىز كېلىمىز، - دېدى ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ، - مىللىتىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تارىخىي مۇساپىلىرى بىزنى ئاشۇنداق يۈزسىز، رەھىمسىز قىلىپ قويغان. ئورماندىن چىقىپ مەدەنىيەت بىلەن ئەمدىلا ئۇچرىشىپ، كىيېف روس دۆلىتىنى بەرپا قىلىپ، پۈتكۈل سىلاۋيانلارنى بىر سىياسىي بىرلىك ئاستىغا توپلاپ، دۆلەتچىلىك ھاياتىنى باشلىغىنىمىزدا، موڭغۇل، تاتارلارنىڭ بىر زەربىسى بىلەن ۋەيران بولۇپ، تەخمىنەن 300 يىلدەك ۋاقىت ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىدۇق. 15-، 16-ئەسىرلەردە موسكۋا دۆلىتى باشقا سىلاۋيان كىنەزلىكلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك قوشۇن بىلەن قىرىم خانلىقى، قازان خانلىقىنى بويسۇندۇردى. قازان خانلىقىنى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ جەڭدە ئىۋان گروزنىي روسلارنىڭ 300 يىللىق ئۆچىنى تاتارلاردىن بىراقلا ئالدى. قازاننى قانغا بوياپ، پۈتكۈل ئەر جىنسىنى ئۆلتۈردى. روسلارنىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن بويسۇندۇرۇش تارىخى بەلكى شۇنىڭدىن باشلانسا كېرەك.

روسلار روسىيە ئىمپېرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈش جەريانىدا قانچىلىغان خەلقلەرنى بويسۇندۇردى، قانچىلىغان ئۇرۇشلارنى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاياغلىرى ھەتتا ئالياسكىدىن ئۆتۈپ، ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغىمۇ يەتتى. مۇشۇ جەرياندا سىياسەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. رەھىمسىزلىك، بويسۇندۇرغۇچىلىق خاراكتېرى روس مىللىتىنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىن ئورۇن ئالدى. ئەپسۇسكى، تارىخ ئۆز تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە قانۇنىيىتى بىلەن مېڭىپ، ئەڭ ئاخىرىدا، ئېيىقتەك ھۆركىرىگەن، دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە روس دۆلەتچىلىكى بۈگۈنكى كۈندە بىراقلا ۋەيران بولۇپ، خارابلىشىش، پارچىلىنىش يولىغا ماڭدى. بەلكى بۇ تارىخنىڭ جازاسى، تۆكۈلگەن قانلارنىڭ قىساسى ياكى تارىخنىڭ ھۆكۈمرانلىق نۆۋىتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ياكى تارىخىي قانۇنىيەت دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئاشۇ تارىخنىڭ تەكرارلىنىشىدۇر! دېمەكچىمەنكى، دۇنيادا مۇتلەق مەڭگۈلۈك ئىمپېرىيە بولمايدۇ ھەم ھېچقاچان بولمىغان!

- پەرىزىڭىزگە قوشۇلىمەن، - دېدىم مەن جاۋابەن ئۇنىڭ پىكرىنى تەستىقلاپ.

بوۋاي غاڭزىسىنى شوراپ مەمنۇنىيەت بىلەن ئىللىق كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى:

- روس مىللىتىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تارىخىي كەچۈرمىشلىرى ئۇنى بۈگۈنكى يېڭىچە تۈزۈمدىكى كېلەچىكى ئېنىق ئەمەس روسىيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. روس پەيلاسوپلىرىدىن بەردىيايېف، كارامزىن، سولژېنىتسىن ۋە باشقىلار روسلارنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرىنى ئاللىقاچان پەرەز قىلغانىدى. مەن ئۆمرۈمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى شەرق مەسىلىسىگە بېغىشلىدىم. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتسام، مەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندىم. سىلەرنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغا قەدەر سىياسىي تەقدىرىڭلارنىڭ خۇلاسىسىنى ئۆگەندىم. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز روسلار سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار بىلەن تولا ئوينىشىپتۇق، بىز سىلەرنى ئويۇنچۇق قىلدۇق. سىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا دىپلوماتىيىسىدە گەۋدىلىك رول ئوينىدىڭلار. قىسقىسى، روسلارنىڭ يۈزسىزلىك خاراكتېرى سىلەرگە ناھايىتى ياخشى ئىشلىتىلدى. ئۆتكەن ئەسىر ۋە بۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى روسلار ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم ئىدىكى، بۇنىڭدىن بەزىدە ئۆز مەنپەئەتلىرى ۋە مەقسەتلىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانسا، ئوخشاشلا بەزىدە يەنە شۇ جانجان مەنپەئەتى ۋە مەقسىتى ئۈچۈن رەھىمسىزلەرچە قۇربان قىلدى.

مەن بوۋاينىڭ ئاچچىق-تەنە ئارىلاش تەھلىللىرى ۋە ھۆكۈملىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدىم. دېمىسىمۇ تارىخ ھەممىگە ئايان. تارىخ ھەسرەت، نادامەت، ئاھ-زار بىلەن تولغان.

ئەگەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەۋجۇدلۇق تارىخىنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلىسىڭىز، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھاياتىغا ئۆزلىرىنىڭ ھەسسە قوشۇشىدىن ئىبارەت پائالىيىتىنىڭ بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمىغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھايات مۇساپىسى جەڭگىۋار مۇساپە ھەم ئۆز نۆۋىتىدە قايغۇ-ئەلەملىك مۇساپە، جۈملىدىن ئىجادچانلىق، غۇرۇرلۇق، پەخىرلىنەرلىك مۇساپە، ئۆز مەۋجۇدىيىتى يولىدا غالىبلارچە ئالغا ئىلگىرىلىگەن مۇساپە ئىدى.

بىز تارىخىمىزنىڭ غالىبلىق شەجەرىلىرىدىن چەكسىز پەخىرلىنىش بىلەن بىرگە، ھەم ئۆز نۆۋىتىدە تارىخىمىزدا كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلەردىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلىشىمىز كېرەك، بۇ بەكمۇ مۇھىم.

روسلارنىڭ، ئومۇمەن ياۋروپالىقلارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۆز تارىخىنى بىلىشنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىنلا تارىخ بىلىملىرى بىلەن، جۈملىدىن ئۆز تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر مىللەتپەرۋەر قەھرىمانلارنىڭ شانلىق روھى بىلەن تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تارىخنى بىلىش، قانداق كەسىپ ئەھلى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەر بىر پۇقرانىڭ، قىسقىسى،

www.uyghurkitap.com

تەربىيە كۆرگەن ھەربىر ئىنساننىڭ ئەقىللىي بۇرچى. شۇڭا، ئۆز تارىخىدىن چەكسىز پەخىرلىنىش روھىغا ئىگە روسلار ئۆز مىللىتىدىن چىققان مەشھۇر قەھرىمانلار، سىياسىئونلار، ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، ئالىملار ئۈچۈن ھەيكەل ئورنىتىش، يەرنامىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاپ، ئۇلارنىڭ روھى ۋە نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن.

روسلارنىڭ بۇ ئادىتى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان جۇمھۇرىيەتلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، يەرلىك مىللەتلەرمۇ بۇ خىل ئادەتنى قوبۇل قىلغان. جۈملىدىن روسلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەيلى ئۇ چوڭ مىللەت بولسۇن ۋە ياكى كىچىك مىللەت بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆز تارىخىدىكى مەشھۇر ئادەملىرىگە ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە يول قويغان ۋە قوللىغان. مۇبادا سىز ئۆزبېكىستانغا بارسىڭىز، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئېگىز ھەيكىلىنى، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئۇنىۋېرسىتېت، تىياتىر، كۇتۇپخانا، باغچا، كوچا ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىنى كۆرىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرونىي، مۇقىمىي، فۇرقەت، ئاتائىي، مەشرەپ، ئايبېك، غاپۇر غۇلام، سابىر رەخىموف ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان شەخسلەرگە بېغىشلانغان بۇنداق نامايەندىلەرنى ھەممىلا يەردە كۆرىسىز.

قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستانغا بارسىڭىز ئىبنى سىنا، ئەل خارەزمى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەبۇنەسىر ئەلفارابى، ئاباي قونانباي، ماناس، بېدىل، ئابدۇراھمان جامى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي، مۇختارئەۋىزوف، سەدرىدىن ئەينى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھەم شۇ قاتاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاز مىللەت ھېسابلانغان ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمائىل تاھىروف، سوپى زاراۋاتوف (ئىنقىلاپچىلار)، ھېزىم ئىسكەندەروف، نۇرئىسرائىلوف، ئۆمەر مۇھەممەدى، خىزمەت ئابدۇللىن، قۇددۇس غوجامياروف، مۇرات ھەمرايوف، خوجائەخمەت سەيدىۋاققاسوف (ئەدىب، ئالىم، سەنئەتكارلار)، بىلال نازىم، سادىر پالۋان، نۇزۇگۇم (مىللىي قەھرىمانلار ۋە كلاسسىكلار) . . . قاتارلىق كۆپلىگەن شەخسلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى كۆرىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورگانلىرى، مەكتەپ، كوچا ھەم باشقا جامائەت سورۇنلىرىنى كۆرىسىز.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە تۆھپىسىنى مۇنداق قەدىرلەش روھى ئاساسىي ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان روس مىللىتىنىڭ مەدەنىيەتلىكلىكى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سوۋېت تارىخشۇناسى س. ماركوفنىڭ مەلۇماتىچە، 1823ـ1828ـيىللىرىدىكى مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى قەشقەر خەلق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تەخمىنەن 70 مىڭ ئادەم مانجۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، سىر دەريا ۋادىسىغا، يەنى خوجەنت، دالۋاس ۋە تاشكەنت ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان ھەمدە تاشكەنت ئەتراپىدا يېڭى شەھەر رايونى بەيدا قىلغان («چوققىغا ئۆرلىگۈچىلەر»، موسكۋا، 1968ـيىل نەشرى، 28ـبەت).

1847ـيىلىدىكى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندا يەنە 20مىڭ ئادەم قوقەنتكە كۆچۈپ كەتكەن (م. زورىيېف: «قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى»، ئالماـئاتا، 1976ـيىل نەشرى، 47ـبەت).

1878ـيىلى زوزۇڭتاڭ يەتتە شەھەرگە يۈرۈش قىلغاندا، تەخمىنەن 100مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر تۇرۇش ماللىمانچىلىقىدىن قېچىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەن (د. ئىيسىيېف: «يەتتە شەھەر دۆلىتى» ئالما - ئاتا، 1990ـيىل نەشرى، 110ـبەت). كورۇپاتكىن بۇ ھەقتە يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش جەريانىدىكى پاجىئەلىك قىسمىتى توغرىسىدا يۈزەكى بولسىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ. 1881 - يىلى «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ۋە 1878 - يىلىدىكى «جۇڭگو - روسىيە لىۋادىيا شەرتنامىسى» غا ئاساسەن ئىلى مەنچىڭ خاندانلىقىغا قايتۇرۇلغاندا، جۇڭگو - روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، 9572 ئائىلە يەنى 45373 ئۇيغۇر مانجۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، يەتتە سۇغا كۆچكەنىدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق دىرېكتورى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىك نامزاتى (مۇخبىر ئەزا) خوجائەخمەت سەيدىۋاققاسوف60ـيىللاردا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن يازغان «پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابىدا قەيت قىلىشىچە، 19ـئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسى 250 مىڭدىن 300 مىڭغىچە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوۋېت ئالىمى سولوگوفنىڭ مەلۇماتىچە، تۈركىستان گوبېرناتورلىقىدا 1915ـيىلى 279مىڭ شىنجاڭلىق كۆچمەن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار ئىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ 1926ـيىلىدىكى تەكشۈرۈش مەلۇماتىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەينى ۋاقىتتا تەخمىنەن 710 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ 500 مىڭى ئوتتۇرا ئاسىيادا، تەخمىنەن 210 مىڭى يەتتە سۇ رايونىدا ياشىغانىكەن. بۇنىڭدىن، شۇ ۋاقىتقىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستانغا كۆچۈشىنى توختاتمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئەمما، 1959ـيىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇرلار تەخمىنەن 100 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان بولسا، 1991ـيىلى 249 مىڭ دەپ ئېلان قىلىندى.

19ـئەسىردە مەشھۇر قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئېنىقلىشىچە، 1825ـيىلى جاھانگىر غوجا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قەشقەرىيىدىن قوقەنت، شەھرىخان شەھەرلىرىگە ۋە پەرغانىنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە 7000 ئەتراپىدا ئۇيغۇر كۆچكەن، كېيىن بۇ سان كۆپىيىپ 300 مىڭ ئەتراپىغا يەتكەن. 19ـئەسىرنىڭ 50ـيىللىرىدا يەنە 15 مىڭ ئۇيغۇر قوقەنتكە كۆچۈپ بارغان. قاراسۇ قاتارلىق جايلارغا 9000 دولانلىق ئۇيغۇر كۆچۈپ بارغان.

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قارىشىچە، شۇ چاغلاردا تاشكەنت شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا يەنى يېڭى شەھەرگە قەشقەرلىك ئۇيغۇر كۆچمەنلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شەھرىخان شەھىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قەشقەرلىك ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن، قاراسۇمۇ شۇنداق بولغان. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار 324 مىڭغا يەتكەن (چوقان ۋەلىخانوف: «قەشقەر خاتىرىلىرى»، ماقالىلەر توپلىمى، ئالما - ئاتا، 1962ـيىل نەشرى، 222ـ 335ـ 172ـبەتلەر).

پروفېسسور بوۋاي غالىزىسنى شوراپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. ئۇ سوئال نەزەرى بىلەن:

— ئويلىسام، تارىخ بەكلا سىرلىق ۋە ئاددىي، ئۇ ھامان سوئاللار بىلەن تولغان. بولۇپمۇ سىلەرنىڭ تارىخىڭلار ئەنە شۇنداق. نېمە ئۈچۈن مەرد يىگىت سېيىت نوچى ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ قاچماي رۇخسەت سوراپ، قەدىردان ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ خوشلىشىپ كېلىپ، ئۆلۈم مەيدانىغا ئۆزى بارىدۇ؟ «مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات! نا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە» دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئۆلۈمگە خۇشال - خۇرام ناخشا ئېيتىپ بارىدۇ. بۇنداق مەردانە كۆرۈنۈشنى دۇنيا تارىخىدىن ئىزدەپمۇ تاپالمايسىز. نېمە ئۈچۈن؟ 1932-يىلى تۆمۈر سىلىڭ قەشقەر كونا شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، ئەنگلىيە كونسۇلى ۋە سوۋېت كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىپ، بىرىگە «ناسارا»، يەنە بىرىگە باشقىچە ئات قويۇپ، «ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك» دېيىشىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ دىن قېرىندىشى بولغان تۇنگان ئەسكەرلەرنىڭ قولىدا ئۆلدى؟ نېمە ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجى گېنېرال مايورلۇق فورمىسىنى كىيىپ، دوستلىرىنى تاشلاپ دۈشمىنىنىڭ يېنىغا كەلدى؟ نېمە ئۈچۈن شېڭ شىسەيگە مۇئاۋىن رەئىس بولدى؟ شېڭ شىسەي قانداق سەھنىگە چىقتى؟

نېمە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى قەشقەردە ئەمەس، غۇلجىدا باشلىنىپ، گومىنداڭنىڭ كۈلىنى كۆككە سورىيالىدى؟ نېمە ئۈچۈن شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دۆلەت بايرىقىنى غەلىبىلىك ھالدا خانتەڭرىگە قاداپ، ئۇيغۇر خەلقىنى جۈملىدىن ھەر مىللەت خەلقىنى يېڭىچە ھاياتقا، سوتسىيالىستىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلىدى؟ دېگەن سوئاللار ھەر قاچان ئۆزىگە جاۋاپ ئىزدەيدۇ، - دېدى.

موسكۋادىكى ھاياتىم ئەنە شۇنداق سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش بىلەن ئۆتتى. كىتاب دۆۋىلىرى ئارىسىغا چۆكۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەقىقەتلىرى، تەڭسىزلىكلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرى بايان قىلىنغان ۋاراقلار ئىچىدە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. بەزىدە ئاشۇنداق قېرى پروفېسسورلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەنسەم، بەزىدە دەرسخانىلاردا، زاللاردا لېكسىيە ئاڭلىدىم. روسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسى، ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى كۇتۇپخانىسى، جۇڭگوشۇناسلىق كۇتۇپخانىسى، شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسى ۋە باشقا كۇتۇپخانىلاردا باش چۆكۈرۈپ كىتاب كۆرۈپ ۋەتەننى، مىللەتنى چۈشىنىش يولىدا تىنىمسىز ئىزدەندىم.

موسكۋا ھاياتى يەنە بىر ياقتىن ئالغاندا، مۇساپىرەتتىكى ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ زېرىكەرلىك ۋە زارىقىشلىق ئىدى. ۋەتەندىن كەلگەن ھەر بىر خەۋەر ۋە خەت ماڭا ئالەمچە كۈچ - قۇدرەت ۋە روھ ئاتا قىلاتتى.

ئادەمنىڭ ھەر كۈنى خۇشال ئۆتۈۋەرمەيدىكەن، خۇشاللىق بىلەن غەم - قايغۇ قوشكېزەك بولىدىكەن. 1994-يىل 13-دېكابىر ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈلسىز ۋە ئەڭ ئېچىنىشلىق كۈن بولدى. ياۋروپالىقلار ئۆچ كۆرىدىغان بۇ سان مەن ئۈچۈنمۇ كۆڭۈلسىز ۋە يامان سان بولۇپ قالدى. ئادەتتىكىدەك، ۋەتەن توغرىسىدا بىرەر خەۋەر كۈتۈپ تۇرغان 13-دېكابىردا، ئالما - ئاتادىن كەلگەن دوستلۇرۇم ئەڭ يېقىن دوستۇم، مەن ئۈچۈن ئاكا سۈپىتىدە كۆرۈدىغان پىكىردىشىم، قەلبدىشىم، قېرىندىشىم نەبىجان كېرىم ئوغلىنىڭ قارامايدىكى زور ئوت ئاپىتىدە قازا قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمىدىم. بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى روسىيە ئاخبارات ساھەسى بۇ ۋەقە توغرىسىدا خەۋەر بەرگەنىدى. دوستلىرىمدىن ئاڭلىغان خەۋەرنى روسىيە ئاخبارات ساھەسىنىڭ خەۋىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ، ئاخىرى ئىشەندىم. ئاھ! تەقدىرگە تەن بەرمەي نېمە ئامال. تەقدىر ئەنە شۇنداق رەھىمسىزلىكى بىلەن ھەممە نەرسىنى تارىخقا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ ئەمەسمۇ.

مەن دوستۇم توغرىسىدا كېيىن تېخىمۇ تولۇق خەۋەرگە ئىگە بولدۇم. ئۇ، ھەقىقىي يىگىتتەك، تارىختىكى مەرد ئوغلانلاردەك قۇربان بولغانىدى. ۋىجدان ئۇنى ئۆزىنى قاچۇرۇپ قۇتۇلدۇرۇشقا، باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ نارەسىدە بالىلارنىڭ ئاھ - زارىنى ئاڭلىماسلىققا يول قويمىدى. ئۇ، بىر قانچە بالىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، دەھشەتلىك ئوت ئىچىگە يەنە قايتا كىرگەن، ئۇ يەنە شۇ بالىلارنى - كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا جېنىنى تىككەن ئەمما 2-قېتىم زالدىن چىقالماي قۇربان بولغانىدى.

مېنىڭ موسكۋا خىياللىرىم، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ دوستۇمنىڭ خىياللىرى ئىدى. ئۇ، مېنى ئىلمىي بولۇش، ۋەتەن - مىللەت يولىدا تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئۈندىگەن، شۇنداقلا تۇنجى روس تىلى دەرسىنى بېرىپ، مېنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئەخلاق - پەزىلەت، تۇرمۇش تەرتىپى شۇنداقلا غايە بىلەن تەربىيىلىگەن دوستۇم ھەم ئاكام ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياردەملىرىنى ئويلىسام، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇرالمىغانلىقىمغا ئېچىنىمەن. ئۇ، ھەممىگە قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلە قىلاتتى. پايدا - مەنپەئەتكە كۆز قىزارتمايتتى، كەسكىن مىجەزلىك، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ياش زىيالىي ئىدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن 1981-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا تونۇشقانىدىم. ئۇ، مەكتەپتىكى چاغدىلا پۈتكۈل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، چىقىشقاقلىقى بىلەن ھەقىقىي ھۆرمەت ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى پۈتكۈل شىنجاڭ ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شەھەرلىرىدىمۇ قالدى. دۆلەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرېشىت، قەييۇم باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار دوستۇمنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىغا ماتەم بىلدۈردى. چۈنكى ئۇنىڭ خىزمەت تالانتى، قابىلىيىتى، ئەخلاق - پەزىلىتى ئۇلارنى قايىل قىلغانىدى.

مەن دوستۇمنىڭ پاجىئەسىدىن كېيىن ھاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشەندىم. دېمەك، ھاياتلىق تارىخ ھەم رېئاللىقتۇر. ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇنداق قايغۇ، خۇشاللىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ تارىخ ياراتقان. بىزمۇ ئۆز دەۋرىمىز بىلەن تارىخ يارىتىۋاتىمىز. مىللىتىمىزنىڭ قان - تەرى، جاپالىق ھايات مۇساپىسى، ئەمگىكى ئەنە شۇنداق بىز ھەم پەخىرلىنىدىغان، ھەم ئېچىنىدىغان تارىخىمىزنى ياراتقانىدى.

تۈنۈگۈنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى تارىخ بەتلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. مېنىڭ ئاشۇ قەدىردان دوستۇممۇ، نى-نى ئوغلانلار، ئالىيجاناب ئىنسانلارھەتتا مەلئۇنلارمۇ تارىخ قۇرلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇڭا، بىز تارىخنى ئەسلىسەك، ئۇنىڭ ئىپتىخارلىق بەتلىرىمۇ، قان - ياشلىق بەتلىرىمۇ بار. بىز تارىختىن كەچۈرۈم سورىساق. ئۇ بىزگە نەپرەت ۋە قايغۇنىدالىرى بىلەنلا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنى ۋاقىتلىق ئالداش مۇمكىن، لېكىن مەڭگۈلۈك ئالداش ئەمەس!

دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، بۈگۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى ھەقىقىي يوسۇندا بىلمەكچى بولساق، تارىخىمىزغا مۇراجىئەت قىلىشىمىز كېرەك! خەنزۇلار، روسلار جۈملىدىن ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆز تارىخىنى

www.uyghurkitap.com

قەدىرلەش، سۆيۈش روھىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، تارىخىمىزنى قەدىرلىگىنىمىز، سۆيگىنىمىز دەل ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى قەدىرلىگەنلىكىمىز ھەم سۆيگەنلىكىمىزدۇر. قىسقىسى، ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى بىلمىسەك، ئۆزىمىزنى كېلەچەك ئۈچۈن تەييارلىيالمىساق، تارىختىكى شان ـ شۆھرەتلىك ئاشۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىنى مەڭگۈ خۇش قىلالمايمىز. بىز دەسسەپ، تۆپىسدە ناخشائېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بىر ـ بىرىمىزگە ئۇراكولاپ، شەخسىيەتچىلىك، تەخسكەشلىكتە دۇنيا رىكورتى يارىتىپ ياشاۋاتقان زېمىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقىنى بىلمىسەك، چوقۇم بىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى تەقدىر ئەڭ پاجىئەلىك رەۋىشتە ئاياۋسىز قامچىلايدۇ.

خۇددى مەشھۇر روس تارىخشۇناسى، پەيلاسوپ،م. كارامزىن ئېيتقاندەك: «تارىخ كىمپەنلەرنى يىرتىپ، ئۆلۈكلەرنى ئويغاتقۇچى، قەلبلەرگە ھاياتلىق قېنىنى قۇيغۇچى، تىللارغا سۆز بەخش ئەتكۈچى، ھەشەمەتلىك سەلتەنەتلەرنى قايتىدىن ياراتقۇچى، ئۆتۈپ كەتكەن ئەسىرلەر زىلزىلىلىرىنى پۈتكۈل ھاياجانلىرى ۋە ئاپتورلىرى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىپ، ھاياتىمىز مەزمۇنلىرىنى كېڭەيتكۈچى مۆجىزىدۇر. بىز ئۇنىڭ مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن بارلىق ئۆتۈپ كەتكەن زامانلارنىڭ ئادەملىرىگە ھەمدەم ۋە ھەمنەپەس بولىمىز، ئۇلار بىلەن گاھ سۆيۈپ تۇرۇپ، گاھ كۆيۈپ تۇرۇپ، قەلبىمىزنى رىغبەتلەندۈرگۈچى ھېسلىرىمىزغا ئۇزۇق بەرگۈچى تۇرلۇك ۋەقەلەر دۇنياسىغا شېرىك بولىمىز ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلانماي تۇرالمايمىز.»

تارىخ، ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ كېسەللىك ۋارىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دەۋرلىرى ۋە خۇشاللىقلىرى، غەلىبىلىرى، مەغلۇبىيەتلىرى، يارىتىش قۇدرىتى، جاسارەت ۋە خىيانەت، ئاق ۋە قارىنىڭ شىددەتلىك توقۇنۇشلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەر پۈتۈلگەن كۈندىلىك خاتىرىدۇر.

تارىخ ئەجدادلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، كېلەچەك ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ئادەملەرگە ئەينەك، ئۆز شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئانىسىغا ئوخشاش سۆيۈملۈك بولغان ۋەتەن ـ مىللىتىنى دەپسەندە قىلغۇچى مۇناپىقلار ئۈچۈن جازا ھۆكمىدۇر!

شۇنداق، تارىخ ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ!

## يېپەك يولىدىكى ھامماللار

قىرغىزلار توغرىسىدا سۆز بولغاندا، چوقۇم ئالدى بىلەن ھەر قانداق چەت ئەل كىشىسىنىڭ خىيالىغا «ماناس» ئېپوسى ۋە ماناسىنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقى، مەردلىكى، تۈز كۆڭۈللىكى شۇنداقلا ئىنسانپەرۋەرلىكى كېلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ماناس روھى قىرغىز خەلقىگە ئەسىرلەردىن بۇيان ساغلام روھىيەت، ئەركىن، ئاقكۆڭۈل، مەردانە مىجەزنى بەخش ئېتىپ، قىرغىز مىللىي روھى، مىللىي پىسخىكىسى ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ بۈگۈنگىچە ئۇلىشىشىغا ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىرلەرگە يېڭىچە قىياپەت بىلەن كىرىشىگە مەنىۋى زېمىن ياراتتى. قىسقىسى، «ماناس روھى» قىرغىز خەلقى جۈملىدىن بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئەڭ ئېسىل، ئالىيجاناپ روھ ۋە خىسلەتلەر بىلەن سۇغۇردى.

قىرغىزىستان! نېمىدېگەن يېقىملىق ۋە جەزبىدار نام-ھە! دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى قايتىدىن سىزىشقامەجبۇرقىلغان «ماناس روھى» قىرغىزىستان دېگەن مەزكۇرنام بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولغاچقا، ھەر قېتىم كىشىلەر مۇشۇ ئىككى نامنى تىلغا ئالغاندا، كۆزلىرىگە قىرغىز خەلقىنىڭ ئەسىرىمىزدىكى ئالىي توقانبايېف، تۈگۈلبەك سىدىقبېكوف، چىڭگىز ئايتماتوف ۋە ئەسقەر ئاقايېف قاتارلىق ئېسىل ئوغلانلىرى كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنىڭ بىرى، خۇددى ئاشۇ ماناس خىسلىتىدەك «دوستلۇق، كۆيۈمچانلىق، سەمىمىيلىك ۋە تەڭ باراۋەرلىكنى قەدىرلەش» بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزكۇر خىسلەتلىرىدىن بۈگۈنكى كۈندە بەھىر ئېلىۋاتقان ئادەملەر قاتارىدا ئەلۋەتتە مەزكۇر «ماناس دۆلىتى» نىڭ مېھمىنى بولۇپ، بۇئەل تۇپرىقىدا قانۇنلۇق ھالدا ۋاقىتلىق تۇرۇپ، تىجارەت، قۇرۇلۇش ۋە باشقا كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىرغىز ئېلىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆردە ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ بار. 1991-يىلىدىن باشلاپ قىرغىزىستان بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا سودا كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇئەلگە كېلىپ تىجارەت قىلىش دولقۇنى قوزغالغاندا، كۆپلىگەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىدى. خۇددى قىرغىز خەلقىگە ئوخشاشلا روھىي دۇنياسى ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان، جاپاكەش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي پىسخىكىسىدا ئاشۇ ماناس ئەۋلادلىرىدا بار بولغان خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى!

90-يىللاردىن باشلاپ جۇڭگو بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ نورماللىششى، بولۇپمۇ سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چېگرا سودىسى ئەۋج ئالدى. جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئارىسىدىكى سودىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تىجارەت ھۆكۈمەت سودىسى شەكلىدىن شەخسىي سودا شەكلىگىچە تەرەققىي قىلىپ، ئالما ـ ئاتا، بىشكەك، تاشكەنت، ئوش، چىمكەنت، يەركەت قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردە مەخسۇس شىنجاڭلىق تىجارەتچىلەر ئۈچۈن يەرمەنكە بازارلىرى ۋە توپ تارقىتىش بازارلىرى ئېچىلدى. بۇ بازارلار ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى ئالما ـ ئاتادىكى «باراخولكا» بىلەن بىشكەكتىكى «تۇر بازار» بولۇپ، بەش يىلدىن بۇيان بۇ بازار بۇدۆلەتلەرگە چوڭ پايدا يەتكۈزدى. تۆت ـ بەش يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جايلار ئاز قالدى. بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ قەبرىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە قېپقالدى، نۇرغۇنلىغان قېرىنداشلارنىڭ بەدەنلىرىدە، ئۇچۇقراقى يۈرەكلىرىدە بۇلاڭچى ـ باندىتلارنىڭ رەھىمسىز مۇشت ـ كالتەكلىرىنىڭ جاراھەت ئىزلىرى قالدى. قانچىلىغان قېرىنداشلار خەلقىمىز تارىخىدا ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان

پۇللارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. ئامېرىكا دوللىرىنى چامادانلاپ كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدىغان، ھەر قانداق سورۇندا مەيدىسىنى تىك تۇتۇپ، مەردانە ماڭالايدىغان، ئەڭ ئىلغار، دۇنياۋى ماركىدىكى پىكاپلارنى ھەپتىدە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ ھەيدىيەلەيدىغان، زۇڭتۇڭلار ياتىدىغان ئەڭ ئالىي مېھمانخانىلاردا ياتالايدىغان بولدى. ئەپسۇسكى، بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئامەتتىن ئاڭكىراپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق كۈنلىرىنى، خەلقىمىز ئىچىدە كۈرمىڭلىغان ئادەملەرنىڭ موھتاجلىقتا سىرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلىدى. ئۇلار پۇلنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئەمەس، ئۇنىڭ قەغەز تەرىپىنى تونۇپ، روھىي ۋە جىسمانىي دۇنياسى كېسەللىك بىلەن قاپلانغان رۇس پاھىشىلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرى ئاستىغا تۇتاملاپ قىستۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى خۇددى ھاياتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك ھېس قىلىشتى. بىر - بىرىگە كۆز - كۆز قىلىشىپ، ئامېرىكا دوللىرىنى كۆيدۈردى، ئارقا پېشاپىنى ئېرتتى، قوللىرىنى سۈرتتى. قىسقىسى، نەدە. بۇزۇقچىلىق، مەنمەنچىلىك، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش بولسا، شۇ يەردە ئۇلارنىڭ پۇللىرى ئۇچۇپ يۈردى. ھەتتا پۇل تۆلەپ بىر - بىرىگە باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق زەربە بېرىپ بۇخادىن چىقىپ، پۇلنىڭ كۈچىنى كۆرگەن نوچىلىرىمىز يوقسۇزلۇق، ئىشسىزلىق تۈپەيلىدىن مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن خارلانغان قانچىلىغان ياش ئۇيغۇر قىزلىرىمىزنى ئالداپ، ئاخىرى ئۇلارنى ئىپلاسلىق كوچىلىرىغا ئىتتىرىۋەتتى.

20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا بىر مەھەل گۈركىرىگەن بۇ بىر قىسىم تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئىسمىنى يازالمايدىغان ياكى تۈزۈك باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن نادان - جاھىل ئادەملەر ئىدى. تەقدىرىمىزنىڭ پاجىئەلىك يېرى، مۇنداق پۇللار ياخشى نىيەتلىك، خەلقپەرۋەر ئادەملەرنىڭ قولىغا ئازراق چۈشتى ياكى چۈشمەي، ئەكسىچە قارا نىيەت - جاھىللارنىڭ قولىغا بەكرەك چۈشكەنلىكى ئىدى. ئاقىۋەتتە، خەير - ساخاۋەت ۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلمىگەن بۇ پۇللار شۇنچە تېز سۈرئەتتە غايىب بولدى. لېكىن يەنە شۇنداق ئېسىل ئوغلانلىرىمىزمۇ باركى، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە تاپقان پۇللىرىنى خەلقىمىزنىڭ مائارىپ - مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە پاك ئىسلام ئەخلاقى تەربىيىسى، ئاپەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى، يېتىم - يېسىرلار ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيا تىجارىتى يەنىلا داۋاملاشماقتا. ھازىر بۇرۇنقىدەك ئۇنداق كۆپ پايدىلار يوق. ئەمدى ئادەملەر ئاشۇ چاغلاردىكى پۇللارنى چۈشىدىمۇ كۆرەلمەس بولۇپ قالدى. ئاللا ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنى كۆپلەپ پۇل تېپىشقا نېسىپ قىلغاي.

مەن قىرغىزىستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى، روسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قىرغىزىستانغا كېلىپ دەرس ئۆتۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات، ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. بىشكەك شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سوۋېتسكىي كوچىسىغا جايلاشقان، ساياھەتچىلەرنىڭ يازلىق دەم ئېلىش بازىسى (ئورنى) بولغان گۈزەل باغچىنى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى مەخسۇس شىنجاڭلىق تىجارەتچىلەر ئۈچۈن توپ تارقىتىش ۋە پارچە سېتىش بازىرى قىلىپ قۇرۇپ بەرگەنىكەن. ھاۋاسى ساپ، ياپيېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان بۇ باغچىغا كىرگەن كىشى گويا بىر كىچىك ئۇيغۇر دىيارىغا كەلگەندەك بولۇپ قالىدۇ. ھەممە ياقتا ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ھىدى پۇراپ، ئۇيغۇر ناخشىلىرى ياڭراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك بەش ۋاق يېقىملىق ئەزاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئالدىراش نامازغا ماڭغانلىقىنى كۆرىسىز. قىسقىسى، بۇ يەر ئاجايىپ قايناق تاشقىنلىق، ئۆزىگە خاس بىر دۇنيا. مەن «تۇر بازار» ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، تارىخ پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور تۇردى جىرغالبەكنىڭ ئازادە ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتىم.

- قىرغىزىستان بويىچە ئەڭ چوڭ ھېسابلانغان بۇ بىشكەك «تۇر بازار» بازىرى 1993-يىلى تەسىس قىلىنغانىدى، - دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، - بۇ بازار قۇرۇلغاندىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شۇنداقلا تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانلارغا داڭقى كەتتى. بازار بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنى يېنىك سانائەت ماللىرى بىلەن تەمىنلىدى. بىز يىلىغا دۆلەتكە 40 مىليون سوم باج ۋە تاموژنا بېجى تۆلەيمىز. ھەر ئايدا كىرىدىغان ساپ پايدا 500 مىڭ سوم. بىلىشىمچە، مەملىكىتىمىزدە يىلدا دۆلەتكە مۇنداق ساپ پايدا يەتكۈزىدىغان ئورۇن پەقەتلا بىزنىڭ مۇشۇ شىركىتىمىزدۇر، - دېدى.

تۇردى جىرغالبەك ئاكىمىزنىڭ مەلۇماتىچە، «تۇر بازار» بازىرى ئېچىلغان تۆت يىلدىن بۇيان بۇ يەردىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە كەلتۈرگەن ساپ پايدىسى تەخمىنەن 160 مىليون سومدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ يەردە دائىملىق تۇرۇپ تىجارەت قىلغۇچىلاردىن ئۆز ئىختىيارى بويىچە 1 مىليون سوم يىغىلىپ، ئەسلىدىكى ئەتراپى ئوچۇق «تۇر بازار» بازىرىنىڭ 5 گېكتار دائىرىسى ئېگىز تۆمۈر رېشاتكا بىلەن قورشالغان. يەنە بىر مىليون سوم يىغىلىپ «تۇر بازار» دائىرىسىدە 36 ئېغىزلىق ماگىزىن قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، بىر قىسمى پۈتۈپ ئىشقا چۈشكەن. 250 مىڭ سوم يىغىلىپ ئاپتوبۇس بېكىتى ياسالغان. 150 مىڭ سومغا 250-300 كىلوۋاتلىق گېنېراتور سېتىۋالغان. ئۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

باشقا يەنە تىجارەتچىلەردىن يىغىلغان پۇل بەدىلىگە تىكۈچىلىك، ياغاچچىلىق، رېمونتچىلىق، ئەۋرەز يولى قۇرۇلۇشى، چۆپ ئىشلەش، ماي زاۋۇتى قاتارلىق كەسىپلەر يولغا قويۇلغان.

ـ ئۇلۇغ ئۇيغۇر خەلقى، ـ دەيدۇ ھۆرمەتلىك باش دىرېكتور، ـ مېنى ئۆزىنىڭ كۆپ ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن قايىل قىلدى. ئۇلار قىرغىزىستانغا ـ بىزنىڭ ئاشۇ پوتكول ۋۇجۇدى ۋە روھىي دۇنياسى 70 يىلدىن بۇيان بۆلۈنگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەخلاقى، تىلى، مىللىي ئەنئەنىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن قىرغىزلىرىمىزغا مەزكۇر روھنى قايتا تىكلىشىلىشىدا تېگىشلىك تۆرتكىلىك رول ئوينىدى. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشنى خالايمەنكى، بىزنىڭ بەزى كىشىلىرىمىز: «ھەممە يەرنى ئۇيغۇرلار قاپلاپ كەتتى، ئۇلار ئېلىمىزگە كېلىپ يەرلىرىمىزنى ئىگىلىۋالدى، جۇڭگونىڭ ناچار-سۈپەتسىز ماللىرىنى سېتىپ خەلقىمىزنى قاقتى-سوقتى قىلدى» دەپ زارلىنىدۇ. بۇ، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ۋە نادانلىقتۇر، بۇ پەقەت مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىگىلا ئېسىلىۋالغانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ تىجارىتى ۋە ئېلىپ كەلگەن تاۋارلىرى ئەلۋەتتەئالدى بىلەن بىزنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى ئىستېمالچىلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجى بىلەن باغلىنىشلىق. ئېلىمىزگە يېقىنقى تۆت - بەش يىلدىن بۇيان كېلىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇرلار ساناقلىقلا، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغىنىمۇ يوق دېيەرلىك. شۇنداق دېگۈچىلەر بەلكى ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك.

ئۇلارنىڭ بىز قىرغىزلاردىن كۈتۈدىغىنى «ھەقىقى دوستلۇق، سەمىمىيلىك ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش». بىزنىڭ مەشھۇر تارىخچىمىز سۇلتانايى ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ يېقىن تۇغقان خەلق ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. شىنجاڭلىق ئاتاقلىق قىرغىز تارىخچىسى ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندىمۇ قىرغىزلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ھېسابلانغان جيەنكۈن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئېتنوگېنىزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان دىڭلىڭلارنىڭ ئارىلىشىپ، بىرلەشمە قەبىلە ئىتتىپاقى بولغانلىقىنى يازىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قىرغىزلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن چەمبەرچەس باغلىنىپ ياشىغان، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى، تاغ - دەريالىرى بىر-بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلارمۇ بىزنىڭ قىرغىزلارغا ئوخشاش قۇچىقى كەڭ، مېھماندوست خەلق. ئاشۇ 1916-يىلى قىرغىزلارنىڭ بېشىغا ئېغىر پاجىئەلەر چۈشۈپ، قىرىلىپ، خانىۋەيران بولۇپ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە تەڭرىتېغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلار يېرىگە قېچىپ بارغاندا، ئۇيغۇرلار ئۇلارنى تۇركۈم - تۇركۈملەپ ئىسسىق ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاش - ئوزۇق، ئوت - چۆپ بېرىپ، ئىمكانىيەتلىرىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىپ تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىزنىڭ زور تۈركۈمدىكى خەلقىمىز ھايات قېلىپ، تىرىكچىلىك قىلدى. ئۇيغۇرلار بىرىگە مۇنداق تۈركۈملەپ قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىش 1916-يىلدىن ياكى 1944-يىلغىچە داۋاملاشتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش، ۋەتەن ئۇرۇشى قاتارلىق ۋەقەلەر كۆپلىگەن قىرغىزلارنى يەر، ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ، ئۇيغۇر يەرلىرىگە بېرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇيغۇرلار قىرغىزلارغا دوستلۇق، قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن مۇئامىلە قىلدى. مېنىڭچە، قىرغىز خەلقى ھېچقاچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ تارىخىي ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. يەنە شۇنۇقتىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، قىرغىزىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن قىرغىز خەلقى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەلۇم قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. دۆلەتتە ئىشسىزلىق، ئاچارچىلىق ئەۋج ئالدى. بەلكى ئاشۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى بولمىغان بولسا، «تۆر بازار» بولماس ئىدى. شىركىتىمىزدىكى 120 نەپەر خىزمەتچى ئىشسىز قېلىپ ئائىلىلىرى قانچىلىك قىيىنچىلىققا دۇچ كېلەر ئىدى؟! ئۇنىڭدىن باشقا، ئاشۇ جايدا تۇرۇۋاتقان 500 دىن ئارتۇق ئادەم ئىشسىز قېلىپ، ئىش ۋە نان ئىزدەپ نەلەردىمۇ يۈرەرئىدى ـ ھە؟! ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى قانداق كۈنلەرنى كۆرەر ئىدى؟! دېمەك، «تۆر بازار» دىكى ئاشۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئۆز ئەمگەكلىرى بىلەن ئاشۇ نەچچە يۈزلىگەن باللارنى قۇتۇلدۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر «تۆربازار» بولمىغان بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسىگە ھەر يىلى 40 مىليون سوم كىرمىگەن بولاتتى. قىرغىزىستان دۆلىتى قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يىلىغا 40 مىليون سوم بولسىمۇ دۆلەت خەزىنىسىگە چۈشۈشى ياخشى ئىش. مەن ئويلايمەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ۋە بۇيەرگە كەلگەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچانلىقى، تىرىشچانلىقى، جاپاكەشلىكى، شۇنداقلا ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن بۈگۈن يەنىلا شۇتارىختىكىگە ئوخشاشلا قىرغىز خەلقىگە پايدا يەتكۈزۈۋاتىدۇ، خالاس. ئەگەر ئۇلارنى زىيان سېلىۋاتىدۇ دېگۈچىلەر بولسا، مەن ئۇنىڭغا ھەر قاچان جاۋاب بېرىشكە تەييارمەن. ئەگەر كىمكى قىش - زېمىستان كۈنلىرى «تۆر بازار» غا كېلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرىنى بىر كۆرسە ھەممىنى چۈشىنىدۇ. بۇ بىچارىلەركېچە - كۈندۈز 20 گرادوسلۇق سوغۇقتا تالادا ماللىرىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، سوغۇقتا جاقىلداپ تىترەپ تۇرۇپ تىجارەت قىلىشىدۇ. نۇرغۇنلىرىنىڭ پۇت - قوللىرى ئۈششۈپ كەتكەن، ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان. ئۇلارنىڭمۇ خوتۇن - باللىرى، ئاتا - ئانىلىرى بار، ئۇلارمۇ ئادەم. لېكىن ئۇلاردىكى جاپادىن قورقمايدىغان رىقابەت ئېڭى ھېچقاچان ئۇلارنى توختىتالمايدۇ. ئەمما بىزنىڭ قىرغىزلىرىمىز بولسا، ئىككى تەڭگە تاپسا ئۇنىڭغا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، جېدەل چىقىرىپ يۈرۈشىدۇ. بەزىلەرنىڭ تاپقان پۇلى ھاراق بىلەنلا تۈگەيدۇ. ئۇنداق سوغۇقتا تۇرۇپ

پۇل تېپىشقا ئەلۋەتتە چىدىمايدۇ. «تۇر بازار» دا دائىملىق تۇرۇشلۇق مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە ھاراق ئىچىپ، مايماق دەسسىگەن ئادەمنى كەمدىنكەم ئۇچرىتىسىز. ھەممىسى دېگۈدەك بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدۇ. باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتىن قاچىدۇ. ئادىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ 80% تى دېگۈدەك ئىسمىنى يازالمايدىغان ساۋاتسىزلار بولسىمۇ، لېكىن تەرتىپ - ئىنتىزام، ئادىمىگەرچىلىك، تەشكىللىچانلىقنى، مىللەت - دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاشنى بىلىدۇ. قىرغىز خەلقىغە ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن قارايدۇ. ئەمما ئۇلار تۇرمۇشتا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئەڭ يامىنى شۇكى، بىزنىڭ بىر قىسىم يامان نىيەتتىكى ئادەملىرىمىز (ساقچىلىرىمىزمۇ بار) ئۇلارنى قورقۇتۇپ، پۇل ئۇندۇرۇش ئوبيېكتى قىلىۋالغان. بۇسودىگەرلەر بۇلاڭ - تالاڭغا ھەتتا ساقچىلارنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، بىزنىڭ قىرغىز ئېلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ياخشى ۋە يامان كۈنلىرى بار، دەپ ئويلايمەن.

تۇردى ئاكا ئېيتقاندەك، ئۇيغۇرلىرىمىز ئىچىدە بۇ دۆلەتكە ئەڭ ياخشى ئىستەكلەر ۋە تۇيغۇلار بىلەن كېلىپ، كۆڭلى رەنجىپ، يامان تەسىراتلار بىلەن كېتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ھەتتا قىممەتلىك جانلىرىدىن بىگۇناھ جۇدا بولغانلارمۇ، يۈز مىڭلىغان ئامېرىكا دوللىرىنى ئىشەنچ تۇپەيلىدىن قىرغىزىستان شىركەتلىرىگە ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئالدىنىپ قېلىپ پۇلىنى يا مېلىنى ئالالماي ۋەيران بولۇپ، خەجلەيدىغان پۇلى قالماي ئاچ - يالىڭاچ، كوچىدا قېلىپ، شىنجاڭغا قايتالماي (پۇل ھۆكۈمەت شىركەتلىرىنىڭ بولغاچقا، ئەگەر ئۇلار بارسا قولغا ئېلىپ قانۇن جازاسىغا ئۇچرايدۇ)، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس.

دىرېكتور تۇردى جىرغالبەكنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقىنىمدا كۆز ئالدىمغا يەنە بىر مەنزىرە كەلدى. بىركۈنى ئاتۇشتىن چىققان بىر ئاغىنەم مېنى بىر يەرگە مېھمانغا ئېلىپ باردى. ئۆيگە كىرسەك ئالتە - يەتتە ۋەتەندىشىمىز ئولتۇرۇپتۇ، تائام يېگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ خېلى چىقىشىپ قالدۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئاغىنەمدىن يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى قايتا - قايتا سوراپ كەتتى. چۈنكى ئاغىنەم يۇرتقا بېرىپ كەلگىلى بىر ھەپتىچە بولۇپ قالغانىدى. بىر دەمدىن كېيىن ھېلىقى كىشى ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرگەن باشقىلارمۇ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاشقا باشلىدى. ئۆي بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ماتەم تۇسىنى ئالدى. مەن ھەيرانلىق ۋە تەسىرلىنىش ئىلكىدە ئۇلارغا تەسەللىي بەردىم، بىراق مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئۇلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ ئالتە دەردمەن ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر - ئاتۇشلاردا خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن باي تىجارەتچىلەردىن بولۇپ، گۇاڭجۇ، شاڭخەي، بېيجىڭ، شۇنداقلا موسكۋا، ئىستانبۇل قاتارلىق چوڭ خەلقئارا شەھەرلەردە تۇرۇپ تىجارەت قىلىپ، بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ئادەملەر ئىكەن. بۇلار قىرغىزىستانغا كېلىپ دەسلەپتە خېلى كۆپ پۇل تاپقان. پۇل كۆپەيگەنسېرى مەغرۇرلىنىپ، قىنىغا پاتماي ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالغانىكەن. ئۇلار قىرغىزىستان تىجارەتچىلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ چوڭ كۆلەملىك تىجارەتلەرنى ماڭغۇزغان. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ۋەتەندىكى تىجارەتچىلەرمۇ دەسمىيىلىرىنى ئۇلارغا قوشۇپ پايدىغا شېرىك بولغان. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىشەنچ تۇپەيلىدىن پۈتۈن دەسمىيىلىرىنى سودىغا سېلىپ، بىراقلا لوق پايدىغا ئېرىشمەكچى بولغاندا، «ئەتكەسچىلىك» ۋە «قانۇنسىزلىق» تۇپەيلىدىن «ماللار مۇسادىرە قىلىنىدى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قىرغىز شېرىكلىرى يۈز ئۆرۈپ، بۇ سودىگەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بەزىلىرى قىرغىزىستانلىق تىجارەتچىلەرگە پۈتۈن دەسمىيىسىنى پاي قىلىپ قوشۇپ، قىرغىزىستانلىق تىجارەتچىلەر بىلەن بىراقلا ۋەيران بولغان.

جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى سودىسى باشلانغاندىن كېيىن كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە كېلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئىككى تەرەپ ئۆزئارا بىر - بىرىگە پايدا يەتكۈزۈپ، كۆپلىگەن «يېڭى بۇرژۇئازلار» پەيدا بولغانىدى. قىسقىغىنا تۆت بەش يىل ئىچىدە ئىككىلا تەرەپ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە پۇل تېپىپ بېيىپ، دۇنياۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يېتىشىۋالغان ئادەملەر كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ سودا ئالاقىسى چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلارنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇناسىۋەت، ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر تىل ۋە شەرت - شارائىتنى ياخشى بىلىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلدى. بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن ئۆز دۆلەتلىرى تەۋەسىدە ئالدىنقى قاتاردىكى بايلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. لېكىن، مۇناسىۋەت قويۇقلاشقانسېرى بەزىبىر قارانىيەت ئادەملەر سودىدىكى مەغلۇبىيەتلىرى تۇپەيلىدىن سەۋەبنى ئۆزىدىن ئەمەس، شېرىكلىرىدىن ئىزدەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك ۋە چۈشەنمەسلىك پەيدا بولدى. بىرقىسىم يامان نىيەتلىك ئادەملەر پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى سېتىپ، شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ساددا ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئالدايدىغان ھەتتا ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى بۇلايدىغان، ئۇرۇدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستانلاردا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان دىلولارنىڭ تولىسىغا ھامان شىنجاڭلىق تىجارەتچى ئۇيغۇرلار چېتىشلىق ئىكەن. شىنجاڭدىن چىققان تىجارەتچىلەر ئارىسىدىمۇ بىر قىسىم يامان نىيەتلىك ئالدامچىلار بار بولۇپ، ئۇلار يەرلىك ئۇيغۇرلارنى ئالدايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىغا بارساڭ، شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇرلارنى

www.uyghurkitap.com

ئەيىبلەيدىغان، كەمسىتىدىغان، ئىشەنمەيدىغان ئەھۋاللار شەكىللەندى. ھەتتا شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ بىر-بىرسىنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، نادانلىق تۈپەيلىدىن ئۆزئارا بىر-بىرسىنى ساتىدىغان، قاراقۇللار گۇرۇھلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئادرېسى، پۇللىرىنىڭ سانىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنى بۇلاتقۇزغاندىن كېيىن پۇخادىن چىقىپ خۇش بولىدىغان، خەلق ئىچىدە ئابرويى بار، پۇل تاپقان ئادەملەرنى كۆرەلمەي، ئۇلارغا سىياسىي بەتنام چاپلاشنى پۇل تېپىش يولى قىلىۋالغان بىر قىسىم مۇناپىقلارمۇ بولدى.

بۇ خىل رەزىللىكلەر ئىككى تەرەپ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىغىلا ئەمەس، ئۆز ۋەتەنداشلار ئارىسىغىمۇ ئېغىر سوغۇقچىلىق سېلىپ، مىللەتنى پارچىلاپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە ئىستىقبالىغا گۆر قېزىش رولىنى ئوينىدى.

تۆت - بەش يىلدىن بۇيان بەس-بەستە ئېلىپ بېرىلغان بۇ، چىگرا سودىسى بىزنىڭ كۆپلىگەن ئۇيغۇرلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق پارتلاش خاراكتېرىدە پۇل تاپقۇزغان بولسا، يەنە ئوخشاشلا چاقماق تېزلىكىدە گادايلىق قىلىپ تاشلىغانىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ سودىدىن يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار پايدا ئالدى. بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولغان قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە باشقىلار كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە پايدا ئالدى. بىشكەك، ئالما - ئاتا قاتارلىق شەھەرلەردە دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىدە سېلىنغان شەخسىي تۇرالغۇ جايلار، داچىلار كۆپەيدى. ئەگەر بۇ شەھەرلەردە كۆرۈنگەنلىكى چىرايلىق بىنا، ئېسىل شەخسىي تۇرالغۇ ياكى داچىلارنى سورىسىڭىز، بۇ، پالانچى مىنىستىرنىڭ، پالانچى گېنېرالنىڭ، پالانچى مىنىستىرنىڭ ئوغلىنىڭ ياكى قىزىنىڭ دېگەندەك جاۋابنى ئاڭلاش نورمال ئەھۋال.

قازاقىستان، قىرغىزىستانلار مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قازاقىستان، قىرغىزىستان ھۆكۈمەتلىرى قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مىللەتلەرگە سودىدا يېشىل چىراق يېقىپ بەرگەن. ئۇلار ئۇچۇن بانكىدىن ئۆسۈملۈك ياكى ئۆسۈمسىز قەرز ئېلىش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغان. بۇ ھال ئۇزاق ئەسىرلىك چارۋىچىلىق ھاياتىدا ياشاپ، سودىدىن قىلچە خەۋەرسىز قالغان قازاق - قىرغىزلارنىڭ تىجارەت ئېڭى ۋە قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ ھەم راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل - ئىدرىكىنى ئاچقان. بۇ چېگرا سودىسى ئۇلارنىڭ مىللىي ئىقتىسادى ۋە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۇچۇن تېگىشلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ھازىر بىشكەك، ئالما-ئاتا كوچىلىرىدىكى ئۇششاق تىجارەتنىڭ تولىسىنى قازاق - قىرغىزلارنىڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇيغۇر، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان ۋە باشقا سودىغا ماھىر مىللەتلەر ھازىر ئۇلارنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشىپ بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان.

مېنى مېھمان قىلىۋاتقان بۇ قېرىنداشلىرىمىنىڭ دەردلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۈچ - تۆت يىلدىن بۇيان خوتۇن - باللىرىنىڭ، قېرى، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىگەن. جۈملىدىن بۇلار ئۆزىنىڭ قايەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى ھېچكىمگە ئېيتماستىن، مەخپىي ياشاپ يۈرگەن. چۈنكى باشقىلار كۆرۈپ قالسا، قەرز ئالغان پۇلنى بەر، دەپ قىستىشىدىن، باشقا يامان ئاقىۋەتلەرگە قېلىشىدىن قورققان، ھەتتا خەجلەيدىغان پۇلى يوق بىر نەچچە كۈن ئاچمۇ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى: «مېنىڭ ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم، بىر نان بولسىمۇ باللىرىم بىلەن يۇرتتا (ۋەتەندە) بۆلۈشۈپ يەپ، شۇلارنىڭ تاتلىق گەپلىرى، ئەركىلەشلىرى، ئائىلەمنىڭ بىر كۈلۈپ قارىشىنى كۆرۈش» دەپ ھەسرەت چەكتى.

«تۇر بازار» دىكى تىجارەتچىلىرىمىز 20 گرادۇسلۇق سوغۇقتا تالادا مالنىڭ ئۈستىدە يېتىپ - قوپۇپ تىجارەت قىلىپ، بىر - بىرلىرى بىلەن پات - پات قەرز سۈرۈشتۈرۈپ جېدەللىشىش؛ نەچچە ئونمىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ماللىرىنى باشقا مىللەتلەرگە نېسىگە بېرىپ قويۇپ، ئايلاپ - يىللاپ پۇلىنى ئالالماي زەردىگۆش بولۇش؛ «تۇربازار» نىڭ سىرتىغا چىقسا، ئاچ بۆرىدەك چىشلىرىنى بىلەپ تۇرغان ساقچىلارنىڭ تىل - ھاقارىتىگە ۋە دۇمبالاشلىرىغا دۇچ كېلىش، ھەتتا قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرتۈپ، ئەپچىللىك بىلەن ئۇلارنىڭ يانچۇقىغا «نەشە» سېلىپ قويۇپ، سەندىن نەشە چىقتى، سېنى مەھكۇملۇك سولايمىز، دەپ قورقۇتۇپ، ئاخىرى نەچچە مىڭ دوللارنى ئۇندۇرگەندىن كېيىن قويۇۋېتىش؛ بىھۇدە قاماقخانىلارغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ تاياقلىرى بىلەن ھەتتا ئۆلۈپ كېتىش؛ ھەر تۈرلۈك باج - سېلىق ۋە قاقتى-سوقتىلاردىن يۈرىكى قان-زەرداپ بولۇپ كېتىشتەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھاقارەتلەرگە دۇچ كەلسىمۇ، بەرىبىر تېز سۈرئەتلىك ئوبوروت قوغلىشىپ، كۈندە دېگۈدەك نەچچە يۈز مىڭ دوللارنى جۇڭگوغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى يىۋۇ، شاسەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى كارخانىچى خوجايىنلارنىڭ قوللىرىغا ساق-سالامەت تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە پۇلى ئەرزان تاۋارلارنى سېتىۋېلىپ، 5 مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ، قىرغىزىستان ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە روسىيە شەھەرلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۇنى ئامېرىكا دوللىرىغا ئايلاندۇرۇپ يەنە جۇڭگو خەزىنىسىگە يەتكۈزۈشتىن قەتئىي باش تارتمايتتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىلغار سودا تەپەككۇرى قابىلىيىتىدىن مەھرۇم قالغان بۇ ساۋاتسىز تىجارەتچىلەر چىش چوتكىسى، ئاياغ مېيى، ھەتتا تىرناق ئالغۇچىنىمۇ ئۆز يۇرتلىرىدىن 5 مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىن ئەكېلىپ، ساتىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئەڭ ئەقەللىي، ئەڭ ئاددىي تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان بۇ مەھسۇلاتلارنى قەشقەر، ئاتۇش، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇلارنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا زاۋۇت قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورنىغا ئەنە شۇنداق ئۇزاق مۇساپىدىن مىڭبىر جاپاچېكىپ، ھەسسىلەپ زىيان تارتىش بەدىلىگە يۆتكەپ كېلىشنى شەرەپ دەپ بىلەمدۇ ياكى كالللىسىنىڭ بۇ تېخنىكىغا يەتمىگەنلىكىدىنمۇ، دېگەن سوئال

قىرغىزىستان، قازاقىستانلىقلارنىڭ كاللىسىدا ھەر قاچان مەۋجۇد. بۇ ئەھۋاللارغا دىققەت قىلغان بىر روس تىجارەتچى ماڭا: ئۇيغۇرلار «يىپەك يولىدىكى ھامماللار» بولۇشقا مۇناسىپ خەلق ئىكەن، دېگەنىدى.

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئاشۇ ئىسمىنى يازالمايدىغان تىجارەتچىلىرىمىز 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان بۈگۈنكى شىددەتلىك رىقابەت دۇنياسىدا زامانىۋى تىجارەت ئېڭى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەجدادلاردىن مىراس قالغان ئىرسىيەت خاراكتېرلىك تىجارەت گىننىغا تايىنىپ تۇرۇپ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە، ھەتتا ئەڭ زامانىۋى كومپيۇتېر ئۇچۇرى تىجارىتى بىلەن رىقابەتلەشكەن ھالدا تىجارەت ئېلىپ بېرىپ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۆرسەتتى. مېنىڭچە، ئىسمىنى يازالمايدىغان، ھېسابات ئەھۋالىنى خاتىرىلىيەلمەيدىغان، ئىككى جۈملە بولسىمۇ ھۆججەت يازالمايدىغان بۇ تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ كاللىسى كومپيۇتېردىن قېلىشمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلساق مۇبالىغە بولماس. بۇلاردىكى كۈچلۈك تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى، توختاۋسىز ئالدىن پەرەز قىلىش ئىقتىدارى شۇنداقلا ھەر ۋاقىت يۈز بېرىش مۇمكىن بولغان سۈيىقەستلەر ۋە ئالدامچىلىقلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ھەممىدىن گۇمانلىنىش پسىخىكىسى، ھەمدە كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان تەۋەككۈلچىلىك روھىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلىكى بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يەنىلا تىجارەت دۇنياسىدا ئۆز نىسۋىسىنى تېپىپ يېيىشىگە ئاساس بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئوتتۇرا ئاسىيا، يىراق شەرق ھەتتا ياۋروپادا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن شەھەرلەر يوق دېيەرلىك. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنى قولايلىق شارائىتلارغا ئىگە قىلدى. چۈنكى ئۇلار بۇ شەھەرلەردە ھېچقانداق ياتسىرىمايتتى، تەمتىرىمەيتتى. بۇ ئوخشۇشلۇق شارائىتلار بىرىنچىدىن، دىن جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تۈركمەن، قاراقالپاق قاتارلىق مىللەتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن ئېتنىك جەھەتتىن ئورتاق مەنبەداش، تۇغقانچىلىقتا ئىگە بولۇپ، مىجەز (خۇلق)، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، ئانتروپولوگىيىلىك (ئىرق) تۈزۈلۈش ھەمدە ئېستېتىك، پەلسەپىۋى قاراشلار شۇنداقلا قىممەت قارىشى ۋە تىجارەت پسىخولوگىيىسى جەھەتتىن ئاساسەن دېگۈدەك ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇيغۇرلار بىلەن بۇقېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدىكى پەرقلەر ئاساسەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن باشلاپ چوڭىيىشقا باشلىغان بولۇپ، 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۆزئارا ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈشى تۈپەيلىدىن پەرق تېخىمۇ زورايغانىدى. ئىككى خىل دۆلەت تۈزۈمى ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە ياشىغان بۇ خەلقلەر ئارىسىدا بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن . لېكىن شۇنداقتىمۇ ئەسلىدىكى ئورتاقلىق تەرەپلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇپەرقلەر ئانچە كۆپ ئەكس تەسىر كۆرسىتەلمىدى ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزالمىدى. ئۈچىنچىدىن، تىل جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، لۇغەت فوندى، فونېتىك ۋە مورفولوگىيىلىك جەھەتتىكى قىسمەن پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تىلى بىر-بىرىگە ئاساسەن چۈشىنىشلىك ئىدى. قىسقىسى، سەمەرقەنتلىك بىر ئۆزبېك تىجارەتچى ئاتۇشنىڭ شورئېرىق، ئۇچئېرىق ۋە ياكى خوتەن، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، تۇرپان، قومۇل، غۇلجا، چۆچەكنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدىن كەلگەن مەلۇم بىر ئۇيغۇر تىجارەتچى بىلەن ئەركىن سۆزلىشىپ تىجارەت قىلالايتتى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تەرجىمان ئىزدەپ ئاۋارە بولمايتتى. ئەلۋەتتە قازاق - قىرغىزلار بىلەنمۇ شۇنداق. تىل جەھەتتىكى بۇ ئوخشۇشلۇق شارائىت ئۇيغۇرلارنى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاننىڭ ئەڭ چەت يېزا-قىشلاقلىرىغىچە توسالغۇسىز ماڭدۇردى. ئۇيغۇرلار يەرلىك خەلقلەر ئارىسىغا كىرىپلا كەتسە، ئۇلارنى باشقىلار ئالدىراپ تونۇپ ئالالمايتتى. تۆتىنچى، ئوخشۇشلۇق شارائىت - مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قانداق شەھەرلىرىدە يەرلىكلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇشى ئىدى. بولۇپمۇ قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان تاجىكىستان قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلار بىر قەدە كۆپ جايلاشقاندۇر. بۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلار تو بولۇپ ئۇيۇشۇپ ياشاپ، ئۆز ئۆرپ-ئادەتلىرى، تىلى، مىجەز-خۇلقى شۇنداقلا ئۆز ۋەتىنى بىلەن بولغان بىۋاستە مەنىۋى باغلىنىشىنى پۇختا ساقلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاھالىسى تىجارەتكە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، مەلۇم تەجرىبە-ساۋاقلار ۋە مۇناسىۋەتلەرگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك روھى ئۈستۈن بولۇپ، ئاساسەن دېگۈدەك ئۆز ئانا ۋەتىنىگە چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ساقلىغان. مانا بۇسەۋەبلەر ئۇيغۇرلارنى قولايلىق سودا شارائىتى بىلەن تەمىنلىگەنىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن بۇيەردىكى باشقا خەلقلەردىن ئۈستۈن دەرىجىدە دېگۈدەك ياشاش ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. ئۇلار ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىش ۋە مەسئۇل خىزمەت ئۆتەش ھوقۇقلىرىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقالىغانىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، موسكۋادىكى كۈنلىرىمدە دائىم دېگۈدەك ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار بىلەن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك تېمىلاردا سۆزلىشىپ قالاتتىم. دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارالىق تەسىرى، گېزىت - ژۇرنال ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ كۆپىيىشى ئۇيغۇر خەلقىنى كۈندىن كۈنگە دۇنياغا تونۇتماقتا ئىدى. بولۇپمۇ دۇنيانىڭ دىققىتى ئاسىيانىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا، دۇنيابويىچە ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق ۋە ئىككىنچى چوڭ ئويمانلىق ھېسابلانغان تەكلىماكان ۋە تۇرپانغا قارىتىلماقتا. شۇسەۋەبتىن مېنىڭ كەسىپداشلىرىم - روس ئالىملىرى ماڭا سوئاللارنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. مەنمۇ ئۇلاردىن ئۇيغۇرلار توغرىلىق پايدىلىق مەسلىھەت ۋە نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ قالسام ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلايتتىم. بىر كۈنى ئاتاقلىق تۈركشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى XX ماڭا: «سىلەر ئۇيغۇرلار 21-ئەسىرنى نېمە بىلەن كۈتۈۋالماقچى؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن ئۆز جاۋابىمنى بەردىم، لېكىن ئۇنى قايىل قىلالمىدىم. ئۇ ماڭا: «ھازىر دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر 21 - ئەسىرگە ئۆز سوۋغىلىرىنى تەييارلىماقتا. سىلەر تېخى قورساق غېمىدە. تا ھازىرغىچە خانلەيلۇننى تۇۋلاپ، بىغەملىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىسىلەر. كۆرمىڭ ئۇيغۇر ساۋاتسىز پېتى ئىنسانىيەت ئالەمشۇمۇل تەرەققىي قىلىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى ۋە تەپەككۇرى پارتلاش خاراكتېرىدە يېتىلىنىۋاتقان 21-ئەسىرگە خىجىل بولماستىن كىرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يۆتىلىكاشاڭ بولماقچىمۇسىلەر» دەپ زەردە قىلغانىدى.

روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلار ئىنستىتۇتىنىڭ رەئىسى پروفېسسور، تۈركشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس XX ماڭا: «سىلەرنىڭ روھىي دۇنيايىڭلار چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغانىكەن. چىراي - تۇرقىڭلاردىن بىر خىل مەنىۋى گادايلىق بىلەن جىسمانىي تەڭپۇڭسىزلىق چىقىپ تۇرىدۇ. كۈلكەڭلەردە ياسىمىلىق كۆپ. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھەرقانچە خۇشال-خۇرام تۇتساڭلارمۇ تېگى-تېگىڭلاردىن بىر خىل مەيۈسلۈك، غەم-قايغۇ، ئېھتىيات ۋە ئەندىشە چىقىپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، سىلەردە 20-ئەسىر ئادەملىرىگە خاس روھ كەم ئىكەن. بۇنداق شارائىتتا 21-ئەسىردىكى ھالىتىڭلارنى ئالدىن پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. خۇددى جۇڭگو تارىخنامىلىرىدا خاتىرىلەنگەندەك: ‹ئۇيغۇرلار باتۇر-مەردانە، ھاكاۋۇر خەلق ئىدى›، دېگەن خاراكتېردىن ھازىر سىلەر تامامەن يىراقتا ئىكەنسىلەر. بۇ ھالدا 21-ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشتىن نومۇس قىلىشىڭلار كېرەك» دېگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

يەنە بىر ئاتاقلىق روس ئالىمى ئاچچىق بىلەن: «سىلەردە مىللىي روھتىن يۇرتۋازلىق روھى كۈچلۈك ئىكەن. مەن ئۇيغۇر دېگەننىڭ ئورنىغا مەن قەشقەرلىك، مەن خوتەنلىك، مەن غۇلجىلىق ۋە ياكى مەن ئاتۇشلۇق دېگەننى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ئېيتىدىكەنسىلەر. ئاڭلىسام، سىلەر ئوغۇل ئۆيلىگەن، قىز چىقارغاندا ئالدى بىلەن يۇرتىنى سۈرۈشتە قىلىدىكەنسىلەر. سىلەر مىللىتىڭلاردىن پەخىرلەنمەي يۇرتۇڭلاردىن، شەھىرىڭلاردىن پەخىرلىنىدىكەنسىلەر، مانا مۇشۇنداق ئۆز مىللىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز يۇرتى، ئۆز شەھىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان خەلقتىن مېنىڭچە، دۇنيادا پەقەت سىلەرلا ئېشىپ قالدىڭلارغۇ دەيمەن. بىر-بىرىڭلارغا شەپقەتسىزلىك ۋە خائىنلىق قىلىدىغان، شەخسىي مەنپەئەت ۋە ئابروي ئۈچۈن مىللىي مەنپەئەتنى - ئومۇم مەنپەئەتنى ساتىدىغان يامان ئىللەتلىڭلار بىلەن سىلەرنى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايدۇ. ھازىر دۇنيادا تەرەققىي قىلغان، ئىلغار ھېسابلانغان مىللەتلەر ئالدى بىلەن ئۆز ئىللەتلىرىنى تونۇش، تۈزىتىش بەدىلىگە ئۆز قەددىنى تىكلىگەن. سىلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق ئادىتىنى 21-ئەسىرگە سۆرەپ كىرىشكە ئۇرۇنۇپ، ئۆزۈڭلارنى گۇمران قىلماقچىمۇ؟» دەپ تەنە قىلغانىدى. كېيىن ياپونىيىلىك بىر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ماڭا: «سىلەر بەك ئارقىدا قاپسىلەر. خەلقىڭلار ئومۇميۈزلۈك نادان ئىكەن. سىلەرنىڭ پۇلغا بولغان مۇھەببىتىڭلار مىللەتكە بولغان مۇھەببىتىڭلاردىن كۈچلۈك ئىكەن. شۇنداق، مىللەتكە پۇل كېرەك، لېكىن پۇلنى مىللەتنىڭ ئاستىغا ئەمەس، بەلكى ئۈستىگە قويۇش سىلەرنىڭ خاراكتېرلىك تەرىپىڭلار ئىكەن. بىز ياپونلار بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن ئىككى كۈن ھەرىكەت قىلىمىز؛ ياپون بالىلىرى كۈندە 12 سائەت ئۆگەنمىسە ، ياپونىيىلىك بىر كۈندە 16 سائەت ئىشلىمىسە، ياپونىيىنىڭ كېلەچىكى بولمايدۇ، ياپون مىللىتى يەر شارىدىن يوقۇلىدۇ، دېگەن مەنتىقە بىلەن ياشايمىز. سىلەر ئۇيغۇرلار كۈنىڭلارنى يەپ-ئىچىش، غەيۋەت-شىكايەت، تانسا-مەشرەپ، ئاچچىق ھاراق، ناخشا-ئۇسسۇل بىلەن ئۆتكۈزمىسەك ئۇيغۇرغا ئوخشىمايمىز دېگەندەك مەنتىقە بىلەن ياشايدىكەنسىلەر. تارىخىڭلارنى ۋاراقلاپ كۆرسەڭلار، بېشىڭلاردىن ئۆتكەن ھەر بىر پاجىئەلەر مانا مۇشۇنداق نادانلىق، مەرىپەتسىزلىك، ئىتتىپاقسىزلىق، بوشاڭلىق قاتارلىق ئىللەتلىرىڭلار تۈپەيلىدىن سادىر بولغانىدى. تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، 21-ئەسىرنى كاللاڭلارنى سىلكىۋېتىپ كۈتىۋالمىساڭلار، بۇ ئەسىر باشقا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ھوقۇقىنى تالىشىدىغان ئەسىرى بولسا، سىلەرنىڭ يوقىلىش ئەسىرىڭلار بولىدۇ» دېگەنىدى.

شۇنداق. بۇ ئالىملارنىڭ باھالىرى خاھى يۇرتىمىزدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، ياكى بىشكەكنىڭ «تۇر بازار»، ئالما-ئاتانىڭ «باراخولكا»، تاشكەنتنىڭ «خەنزۇ بازىرى» دا پۇل ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇرغا - مەيلى ئۇ شىنجاڭلىق بولسۇن ۋە ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولسۇن ھەممىسىگە ماس كېلىدۇ. چەت

ئەللەردىكى ئۇيغۇرلىرىمىز، مەيلى ئېگىز بىنالارنىڭ، چوڭ زاۋۇتلارنىڭ خوجايىنلىرى بولسۇن، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاستىدا بىردىن «مېرسىدىس 500» ماركىلىق ئالىي دەرىجىلىك پىكاپى بار بولسۇن، مەيلى ئوتتۇراھال ياكى كەمبەغەل سەۋىيىدىكى كىشىلەر بولسۇن، روھىي دۇنياسى ئاشۇ يۇقىرىقى پروفېسسور-ئالىملارنىڭ ھۆكۈملىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ چوڭ گادايلىق ھېسابلانغان سىياسىي مەھكۇملۇق تۈپەيلىدىن ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە ۋەتەن تەرەپكە قاراپ خىيال سۈرىدۇ، ۋەتەن تەرەپكە قاراپ يىغا-زار قىلىدۇ. ئۆزلىرىنى يېتىم بالىدەك، سەرگەرداندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ ئازغىنا ئۇيغۇر دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە تېرىقتەك چېچىلغان ۋە چېچىلماقتا. قايسى جاي، قايسى دۆلەتكە بارمىسۇن ئۇيغۇر ئۆزىدىكى ئەنە شۇنداق كەمچىلىكلىرى تۈپەيلىدىن مۇساپىرلىق، بىچارىلىق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ يۈرۈشمەكتە. بۇ مۇساپىرلارنىڭ بەزىلىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاللاغا دۆڭگىمەكتە، بەزىلىرى بولسا دۆڭگەيدىغان سەۋەب ئىزدەپ قىينالماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زىيالىي دوستلىرىم ئىچىدە قىرغىزىستانغا زىيارەتكە كېلىپ، يامان تەسىراتلار بىلەن كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ يىل قىشتا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئىككى دوستۇم: «ئىككىنچى بۇ ئەلگە دەسسىمەيمىز» دېگەن ئاچچىق بىلەن كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كەلگىنى شۇ بولدىكى، بىر كۈنى ئۇلار ماگازىنلارنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىپ يۈرسە، ئىككى ساقچى ئالدىنى توسۇپ، پاسپورت-ۋىزىلىرىنى چىقىرىپ كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار رەسمىيەتلىرىنى تولۇق كۆرسەتكەن. ساقچىلار بۇلارنىڭ قولىدىكى رەسمىيەتلەرنىڭ تولۇقلىقىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ قولىنى كۆتۈرتۈپ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرغان. بۇنىڭغا چىدىمىغان ئىككى ۋەتەندىشىم: «بىزنىڭ رەسمىيەتلىرىمىز تولۇق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قوپاللىق قىلىسىلەر» دېسە، ئۇلار بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي ساقچىخانىغا ئېلىپ بېرىپ سولايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئاخىرى بۇ ئىككى ۋەتەندىشىم ساقچىغا 1000 سومدىن 2000 سوم بېرىپ قۇتۇلغان. مېنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئىككى دوستۇم ماڭا: «مەن قىرغىزلارنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى ياخشى بىلىمەن، ئۇلار توغرىسىدا كۆپ ئوقۇغان، شۇڭا ئۇلارغا ھۆرمەت ھېسسىياتىم يۇقىرى ئىدى. قىرغىزىستاننى بىر قېتىم كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلغانىدىم. مانا كۆردۈم، بۇ دۆلەتكە بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتىم بىلەن كېلىپ، يامان تۇيغۇبىلەن كەتتىم. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە قىرغىز ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارمۇ كۆپ بارىدۇ. ئۇلار قانۇن جەھەتتىن قوغدىلىدۇ. ھېچكىممۇ ئۇلارنى قاقتى-سوقتى قىلمايدۇ ۋە قىلالمايدۇ. بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ، ھەتتا ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن قىزغىن مېھمان قىلىدۇ» دېيىشتى. مەن ئۇلارغا: «بۇ ئىشلار قىسمەنلىك، سىلەرنى بوزەك قىلغان بۇ كىشىلەر پۈتكۈل قىرغىز خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. قىرغىزىستان يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەت، بۇلاردا تېخى مۇنتىزىم قانۇن يوق. قىسقىسى، ھاكىمىيەت، قانۇن تېخى تازا مۇكەممەللىشەلمىگەن. بارا-بارا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. ئادەملىرىنىڭ ئېڭى ئۆسۈپ، دېموكرات، ئىنسانپەرۋەر بولىدۇ، قىرغىزىستان تېخىمۇ گۈللىنىدۇ» دەپ چۈشەندۈردۈم. ئۇلار سۆزۈمگە قايىل بولدى.

مەن شۇنداق قىلىپ، تۇردى جىرغالبەك ئاكا بىلەن كۆپ مۇڭداشتىم. ئۇنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئىشەنچىمىز كامىلكى، ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قىرغىز خەلقى چوقۇم چىن يۈرىكىدىن بىر-بىرىنى سۆيۈپ، بىر-بىرى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدۇ. ئۇيغۇر بىلەن قىرغىز بىر يىلتىزنىڭ دەرەخلىرى، ئۇلار بىلەن تەقدىرداش. خۇددى جان بىلەن تەن، قان بىلەن تومۇرغا ئوخشاش. قىرغىزغا ئۇيغۇر كېرەك، ئۇيغۇرغا قىرغىز كېرەك. ئاللا بۇ رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۈملىدىن بۇ ئىككى قېرىنداشنى ئورتاق گۈللەپ ياشناشقا، تەڭرىتاغنىڭ سۇلىرىنى بىللە ئىچىپ، ئىسسىق كۆل، باغراش، سايرام كۆللىرىدە بىرگە چۈمۈلۈپ ئۆتۈشكە نېسىپ قىلغاي دېيىشتۇق بىز

. . .

1996-يىل ئۆكتەبىر، موسكۋا-ئۈرۈمچى؛ 1997-يىل ئۆكتەبىر، بىشكەك

رەسسام: ئېلى ياقۇپ (M1)

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە

www.uyghurkitap.com



# مىللىي مائارىپىنىڭ سۈپەت مەسىلىسى

مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

## مىللىي مائارىپىمىزدىكى سۈپەت تەشۋىشى

### — مەھمۇت ئىلياسنىڭ «مىللىي مائارىپنىڭ سۈپەت مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىغا ئىلاۋە

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»دە داۋۇت ئوبۇلقاسىمنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپىغا بىر دىئاگنوز» ناملىق ماقالىسى بېسىلغانىدى. ئاپتور ئۇيغۇر مائارىپىدا مەۋجۇد بولۇۋاتقان سەلبىي ھادىسىلەر ھەققىدە بىر قەدەر سوغۇققان پوزىتسىيىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن، ئەمەلىي كۆزىتىشلەر نەتىجىسىدە ئېرىشىلگەن ئۈمىدسىز تەسىراتلار ئىلمىي ھاۋاسى كۈچلۈك دەلىللەر ۋە تەسىراتلار بىلەن بىرلىشىپ، ئەسەردىكى «دىئاگنوز»غا خاس قىممەت ئىشەنچىلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانىدى. بۇ ماقالىغا ئىلمىي ھەۋەسى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقىلار ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. تارىخ ئىنكاسسىز ئادەملەرنىڭ سەھنىگە چىقىپ قېلىشى تۈپەيلى، ئاقىلانە ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن قۇرۇق قالدى. ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتى، چۈشكۈنلۈكى ۋە خارۇ-زەبۇنلۇقىدىن يەكۈن چىقارمىغان تارىخ ئۈزلۈكسىز تراگېدىيە نەتىجىسىدە ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇردۇ. بىز ئەمەلىيەتنىڭ ئاسىيىسى بولۇپ قالمىساقلا يۇقىرىقىدەك ئەپسۇسلۇق تارىخنىڭ مىراسخورى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

داۋۇت ئوبۇلقاسىمنىڭ ماقالىسى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىكى ئاتالمىش ئالدىراش زامان ساھىبلىرىنىڭ تاشتەك كاللىسى تەرىپىدىن «ئۇنتۇلۇش»قا دەپنە قىلىنىپ، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىللىي مائارىپىمىز ھەققىدىكى يەنە بىر ماقالە بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋاتىمىز. ئۇ بولسىمۇ مەھمۇت ئىلياس ئەپەندىنىڭ «مىللىي مائارىپنىڭ سۈپەت مەسىلىسى» نامىدىكى سۈپەت مەرسىيىسى. مەھمۇت ئەپەندى كىشىلەرگە تونۇشلۇق ئىلياسلار جەمەتىدىكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ياشلىقى، تولۇپ تۇرغان زېھنى ساغلام ۋۇجۇد كۈچىنى مىللىي مائارىپىمىزنىڭ ھاياتى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر مائارىپى بېسىپ ئۆتكەن مۇرەككەپ يوللارنىڭ شاھىدى بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، نەتىجىلىرى، ھەسرەت-نادامەتلىرى ھەققىدە، جۈملىدىن كېلەچىكى ھەققىدە ئەنە شۇنداق

مۇھاكىمە

كىشىلەرنىڭ چۇقان سېلىشى تامامەن ھەقلىق. مىللىتىمىز ھوقۇق كىرىزىسىغا، ئېتىقاد كىرىزىسىغا، ئەخلاق كىرىزىسىغا گىرىپتار بولۇپ، روھىي ۋە ماددىي نامراتلىقنىڭ گىردابلىرىدا چىقىش يولى ئىزدەۋاتقان، ھەر ساھەنىڭ سەرخىللىرى بىر-بىرىنىڭ زوۋانىنى چۈشەنمەي، ئارىدىكى مىخانىزملىق يورۇشمە ئۈزۈلۈپ قالغان بۇ كۈنلەردە، ھەر كىم ئۆزى ئۈچۈن مەسئۇلىيەت بىلەن يىغلاشقا دۇچ كەلدى. شۇنداق ئىكەن، ھەقىقىي ئوقۇتقۇچى مائارىپ ئۈچۈن ئاھ ئۇرماي تۇرالمايدۇ. بۇ ھەسرەت دەرۋەقە مىللىي مائارىپنىڭ سەكراتى ياكى جەستى ئالدىدىكى ۋىدالىشىش بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كېسەل بىلەن چىرمالغان قامەتلىك ۋۇجۇد ئالدىدىكى ئازابلىق تۇيغۇ ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ.

مەمۇت ئەپەندىنىڭ بۇ ماقالىسىنى 50-يىللاردىن ھازىرغا قەدەر بولغان ئۇيغۇر مائارىپى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىق ئەسلىمە دېيىشكە بولىدۇ. ماقالىدىن قارىغاندا، ئۇ، مائارىپىمىزدىكى سوپەت مەسىلىسىنى «مەكتەپ»تىن ئىبارەت ئالاھىدە جەمئىيەتنىڭ قىياپىتى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندەك تۇرىدۇ. مۇئەللىپ مائارىپنىڭ مەكتەپ ۋە مائارىپ ئورگانلىرىدىن ھالقىغان خاراكتېر ئىنقىلابى (ئەلۋەتتە، ئەقىل ئىنقىلابى) ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسىمۇ، ھازىرچە ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي نۇقتا ئۈستىدە پىكىر قىلىشنى زۆرۈر دەپ تونۇغان بولسا كېرەك. راستتىنى ئېيتقاندا، ماكان ۋە زامان بىلەن ھېسابلاشقان ئەھۋالدا، ئوبيېكتنى مۇۋاپىق تاللاش، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن مۇۋاپىق چىقىش مەسىلىسىنى ئويلاشمىسا بولمايتتى.

مۇئەللىپ كۆرسەتكەندەك، نەچچە ئون يىللىق مائارىپ ئەمەلىيىتىدە تۈرلۈك سىياسەت- بەلگىلىمىلەر يولغا قويۇلدى، تۈرلۈك سىناقلار يۈرگۈزۈلدى. ھەممىسى پەقەتلا بىر خىل ئورۇنۇشتىن ئىبارەت بولۇپ چىقتى. ئەگەر بۇ جەرياندا ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇردى دېيىلسە، مۇئەييەن روھىي قاتماللىقنى يوشۇرغان ھەرخىل شوئارلار كەشىپ قىلىنىپ، مەكتەپ قورۇسىنىڭ تاملىرىغا، مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ئىشخانىلىرىغا ئالاھىدە قىلىپ يېزىپ قويۇلدى، خالاس. جوڭگو يېڭى دەۋر تارىخىدا شوئار ئىجاد قىلىش، سىياسىي ئويۇنغا قىزىقىدىغانلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى بولۇپ كەلدى. ئۇنى ئۆلۈك تەكرارلاش يۇقىرىغا يامىشىدىغانلارنىڭ ئارغامچىسى بولۇپ كەلدى.

مۇئەللىپ ئەشۇ جەريانلار ھەققىدىكى بەكلا سوغۇققان قەلەم رەۋىشلىرىدە، مائارىپىمىزدىكى نازۇك بىر مەسىلىنى غىل-پال ئوتتۇرىغا قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. قارىغاندا مۇئەللىپ مۇلاھىزە كۈچى ئۆتكۈر ئوقۇرمەنلەرنىڭ بارلىقىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشەنسە كېرەك. مائارىپ تەرەققىياتىنى تەسۋىرلەشتە ستاتىستىكىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر (بىزدە ستاتىستىكا روھى كەمچىل بولسىمۇ) مەزكۇر نۇقتىنى قانداق چۈشىنىدىكىن، بۇنىسى نامەلۇم، ئەمما ئۇ بىر مىللەتنىڭ مائارىپىدا يىلىككە ئوخشاش موھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ نېمە؟ بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مائارىپ ئىدىيىسى.

مەشھۇر پېداگوگ ئۇشىنىسكىينىڭ ئەسەرلىرى پىشقەدەم مائارىپچىلىرىمىزغا ناتونۇش ئەمەس. ئۇشىنىسكىي ئىنگلىز، گېرمان، فرانسۇز، رۇس مەكتەپلىرىنىڭ خاسلىقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي پەرقنى شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى، دىنىي ئېتىقادى، كلاسسىكلىرى بىلەن باغلاپ ئىزاھلايدۇ. بۇ يەردىكى مىللىي پەرق، مائارىپتا نامايەن بولغان مىللىي ئىدېئولوگىيىدىن ئىبارەت.

بىر مىللەتنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى نەدىن كېلىدۇ؟ قىسقىچە ئېيتقاندا، شۇ مىللەتنىڭ ھاياتىدىن كېلىدۇ. بۇ ھايات ئۆزى تۇغۇلغان تەبىئىي مۇھىتقا يارىشا خاس ئىنكاس شەكلىگە، پىكىر يوللىرىغا، ئىزدىنىش جەريانلىرىغا تولغان بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى تەرەققىياتلار، ئۆرپ-ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، تىلىدىكى مەنالار، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدىكى مەزمۇن ۋە ۋاستىلەر شۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە مەيدان ھازىرلىغان تەبىئەت بىلەن ماس بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى قاراشلىرى، خۇدا ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى، تارىخىي باسقۇچلىرى جۈملىدىن تىل ۋە ئويلاش ئۇسۇللىرى ھەرخىل بولىدۇ. ۋەھالەنكى، مىللەتلەر ئەنەشۇ كۆپ خىللىقتىن ئۆزلىرى ئىزدىگەن ئورتاقلىقنى تاپالىدى ۋە ئۇنى بۈگۈنكىدەك مۇكەممەللىككە يەتكۈزدى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەر ۋە ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ھۆرمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىسىدا پەيدا بولدى. مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئۇسۇللار ئورتاقلىقنى پارچىلىدىكى، ھەرگىز كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يېتەلمىدى.

ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىقنى ئىلگىرى سۈردى، 21 - ئەسىردە تېخىمۇ شۇنداق. لېكىن ئورتاقلىق قانداقتۇر بىرەر كۈچنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ياكى تەشكىللىشى بىلەن بولمايدۇ. ئۇ، بىر ئادەم، بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ تويۇنۇشىدىن كېلىدۇ. سالاپەت ۋە قەدىر-قىممەت ئىچكى توقلۇقتىن تۇغۇلىدۇ. مەنىۋى توقلۇق بولمىغان ئەھۋالدىكى سالاپەت خۇددى شىرنە بىلەن سىرلاپ قويۇلغان توك ئالمىغا ئوخشاش باشتا ئازراق پارقىرىسىمۇ، كېيىن سولىشىپ چىنىپ قالىدۇ. سىياسىيونلار ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن بەزى ئۆلگىلەرنى تەشۋىقاتقا تايىنىپ ياساپ چىقىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆلگىلەر توك ئالمىنى سىرلاش ھىيلىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت.

بىزمۇ ئورتاقلىققا تەلپۈنىمىز. بىز ئورتاقلىقنى يارىتىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە مول ئەنئەنىگە ئىگە خەلق. رايونىمىز تارىختا مەدەنىيەت دوقمۇشى رولىنى ئوينىغاچقا، بىزدە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرى تولۇپ يېتىپتۇ. بىز 21-ئەسىرگە دۇنيادا ئىناۋىتى بار مىللەتلەر قاتارىدا كىرىشكە ئىنتىلىمىز، چۈنكى بىز شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق. بىز دۇنياۋى ئورتاقلىقنى پارلاق مىللىي ئۆزلۈكىمىز،

ئۆزگىچە، روشەن مىللىي خاراكتېرىمىز، ئورغۇپ تۇرغان تالانتىمىز، مۇناسىپ تۆھپىلىرىمىز بىلەن قۇرۇپ چىقىشنى خالايمىز. مىللىي ئىناۋەتنى بىر مىللەت ئۆزى تىكلىمىسە، ئۇ ھەرگىزمۇ باشقا بىرسى ئىچ ئاغرىتىپ ياكى ئادالەتكە ئېلىپ بېرىدىغان نەرسە ئەمەس.

بۇ يەردە شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، بىر مىللەتنىڭ مائارىپى شۇ مىللەتنىڭ خاس مائارىپ ئىدىيىسى ئۈستىگە قۇرۇلمىسا، ئۇ مىللەتنىڭ مائارىپىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئىدىيىسى نېمە؟ 20ـ ئەسىر بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرەلمەي چىقىپ كېتىدىغان بولدى. ئەمدى بىز 21ـ ئەسىر بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالدۇق. مائارىپىمىز ئەشۇ سوئالغا جاۋاپ بېرەلىسە ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرەلىسە، ئاندىن ئۇيغۇر مائارىپى قۇتقۇزۇپ قېلىنغان بولىدۇ. بىز بۇ يەردە شىرە ئالدىدىكى جاۋابنى ئەمەس، تارىخ ئەمەلىيىتى سۈپىتىدىكى ھايات جاۋابنى كۈتىمىز.

ئەمدى بىز مۇنۇ مەسىلىگە كېلەيلى، ئۇيغۇر مائارىپىدا سۈپەت مەسىلىسىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ئۇنى قانداق قىلغاندا ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ تۈپتىن ھەل بولماسلىقىدىكى سەۋەب نەدە؟

بىر مەسىلىگە جاۋاپ بېرىشنىڭ ھەرخىل يوللىرى بولىدۇ. بۇ جاۋابلار بىر ـ بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، ماھىيەتتە ئاشۇ بىر مەسىلىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. شۇڭا ماھىيەت بىر، ئىنكاس چەكسىز بولىدۇ. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ سۈپىتىدىكى كاشىلىلارنى ئىقتىساد، تۈزۈلمە، سىياسىي قاتارلىق نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. پەلسەپە، جۇغراپىيە ئامىللىرىغا باغلاپ ئىزاھلىغانلارمۇ بولدى. شەخسەن مەن مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن چۈشىنىمەن:

بىرى، ئۇيغۇر مائارىپى ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىدىن، پىسخىك يىلتىزىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. مىللىي ئەخلاق ئەنئەنىمىزنىڭ مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسىدىكى رولى جارى قىلىنمىدى. ئەكسىچە مىللىي ئۆزلۈك ۋە مىللىي ئەخلاق ئامىللىرى تاشلىۋېتىلدى.

يەنە بىرى، مىللىي مائارىپىمىز جۇڭگو مىقياسىدا ئۇزۇن يىل داۋام قىلغان ئىدېئولوگىيە كۈرىشى ۋە ئاق فورمىسىنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلدى. ھوقۇقچىلىق مائارىپنىڭ پۈتكۈل ئورگانىزمىنى راك ھۈجەيرىسىدەك قاپلاپ كەتتى. بىزدە بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى، بىر ياخشى ئوقۇغۇچى ياكى بىر ياخشى مائارىپ مەمۇرىي كادىرى ئاق فورمىسىغا سادىق ياكى سادىق ئەمەسلىكى بىلەن ئۆلچەندى. ئەمەلىيەتتە بۇ كۆڭزىچە ساداقەت ئىدىيىسىنىڭ زامانىۋى شەكلىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى ئاق فورمىسى ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇ ھەقتە باشقىچە قاراشتا تۇرۇپ سۆز ئېچىش ھاكىمىيەتكە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن تەڭ قارالدى. ئاق فورمىسى دەسلىپىدە مەلۇم بىر ئىجتىمائىي پەننىڭ مەھسۇلاتى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئارمىيە ۋە قورال كۈچى بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان نەرسە بولۇپ قالسا، كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى ھالاك قىلىپ تاشلايدۇ، بيۇروكراتىزمنىڭ غەپلەت ئاغىشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. «بيۇروكراتىزم ـ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ زىندانى» (ئېينىشتېين).

جۇڭگولۇقلار ھازىرغىچە مەنسەپدار بولۇش ئۈچۈن ئوقۇپ، مەنسەپدار بولۇش ئۈچۈن ئىمتىھان بەردى. شۇڭا، ئۇلار ئالدى بىلەن تۇزۇم تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئاق فورمىسىغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەشكە دۇچ كەلدى ۋە شۇنداق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىجادىي روھ ئۆلدى. ھوقۇق تەمەسىدە يۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىپايان تايانما تورى بارغانسېرى كۆلىمىنى زورايتتى. چەكلىمىسىز بەھرىمەنلىك ۋە تەڭداشسىز نوپۇز مەنىسىدىكى ھوقۇق جۇڭگو مەنىۋىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

جۇڭگودا مائارىپ بيۇروكراتىزمنى تۈگىتىدىغان كۈچ بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ قۇۋۋەت دورىسى بولۇپ كەلدى. بىر مائارىپ ئىدارىسىدىن تارتىپ بىرەر ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىغىچە توقۇپ چىقىلغان ھوقۇق زەنجىرى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ ئۆمرۇتقا تۈۋرىكى بولۇپ قالدى. ھوقۇقدارلار «ئېنىقلاش»نى مۇھىم دەپ قارايدۇ. ئەدىبلەرگە، سەنئەتكارلارغا، پائالىيەتچىلەرگە، جامائەت ئەربابلىرىغا، ھەرساھە سەرخىللىرىغا گۇمان نەزەرى بىلەن قارايدۇ. ئۆزىنىڭ ئادىتىگە مۇتلەق ئۇيغۇنلۇق مەنىسىدىكى ئېنىقلىقنى قوغلىشىدۇ، سىرلىق، بىلگىلى بولمايدىغان، غۇۋا نەرسىلەردىن قورقىدۇ. روشەنلىكنى مەقسەت دەيدۇ-يۇ، بارلىق روشەنلىكنى خوراپىيلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە يات بىرەر شەيئىي پەيدا بولۇپ قالسا، دوزاخ سايىسىنى كۆرگەندەك جىددىيلىشىدۇ. ئۇلار چەكلەش، توسۇش، كونترول قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارچە، دەرەخلەر تەكشى ئۆسۈشى، ئەسكەردەك تەرتىپلىك تىزىلىپ تۇرۇشى كېرەك. پاكارلىرىنى يۇلۇپ، ئېگىزلىرىنى قىرقىپ تاشلاش كېرەك. شۇ چاغدىلا بىردەك بولىدۇ.

جۇڭگو خەلقى بۇ جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۆزگەرتىش سىگناللىرى تۇشمۇ تۇشتىن ياڭراپ، زىيالىيلار ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەشتى.

لۇشۇن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئادەم يەيدىغان كونا جەمئىيەتكە قاراپ: «بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار» دەپ ئازابلىق ۋارقىرىغانىدى. لېۋ شىنۋۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ لۇشۇننىڭ ساداسىنى تەكرارلىدى.

ھازىر زىيالىيلار ۋە كادىرلاردا پىنسىيىگە چىقىشنىڭ ئالدى-كەينىدە يۈرەك كېسىلى، قان بېسىمى تۇپەيلى ئۆشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىلىرى كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭدا تۈرلۈك سەۋەبلەر بار، ئەلۋەتتە. بۇ، مۇھىت، ئوزۇقلۇق تەركىبى، تۇرمۇش رىتىمى قاتارلىق ئامىللار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە باشقا ئامىللارمۇ بار. ھاراق كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى تايانما مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشى، يۇقىرىلارنىڭ ئىش ھەل قىلىشىدا ئاساسلىق ئىستېمالغا ئايلاندى. گويا ھاراق ئىچىش دۆلەت

كادىرلىرىغا ماتېرىيالىزملىق خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى بولۇپ قالدى. بۇ ھەتتا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دائىمىي دەم ئېلىش ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ كەتتى. چەت ئەللەردە ھاراق چەكلەش قانۇنلىرى بار. بىزنىڭ تېلېۋىزورلىرىمىزدا ھاراق ئىچىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئېلان سەنئەتلىرى كۆزىمىزگە پۈتلىشىپلا تۇرىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ دۆلىتىمىزنى ھاراق دۆلىتىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمىز. بىز يەنە يەيدىغان تاماقلىرىمىز، كۆكتاتلىرىمىز، ھەتتا گۆشلىرىمىزگە قەدەر ھىيلە ئىشلىتىپ، خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن بۇلغاپ بولدۇق. بۇ گويا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش مۇسابىقىسى يېڭى ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەندەكلا بىر ئىش.

پسىخىكىسى بىنورمال ياشلار ھەققىدىكى ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاستا خاراكتېرلىك غەمكىنلىك كېسىلى، روھىي بەرباتلىق، ئۆلۈۋېلىش، ھاراقكەشلىك، دورىغا خۇمار بولۇش، قان بېسىمى، روھىي جىددىيلىك قاتارلىق كېسەللىكلەر تېز كۆپىيىپ كەتكەن. بۇ، يۇقىرىقىدەك ئامىللاردىن باشقا، بيۇروكراتىزم كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي پىشكەللىك ۋە بىزارلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئەجەبا، مائارىپ ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن رېئال مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرمەيدىغان نەرسىمۇ؟ ئۇ، كىشىلەرگە ئەشۇ خىل نەرسىلەردىن ساقلىنىشنى ئۆگىتىشى كېرەكقۇ؟ ئۇ، كىشىلەرنى ئۆتكۈر مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەكقۇ؟

ياشلارنىڭ ساپاسى 21-ئەسىردىكى جۇڭگو ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى پۇل تاپقان جۇڭگولۇقلار «ئاقسۆڭەك» بولۇشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق ۋە بىلىم جەھەتتىكى ساپاسىزلىقىنى تېزلا ئاشكارىلىدى. ئەمما شۇنى ئاقىلانىلىق بىلەن كۆرۈش كېرەككى، باي ياشلارنى ئون يىلدا ياراتقىلى بولىدۇ، ئەمما روھىي كامالەتكە يەتكەن ياشلارنى يارىتىش ئۈچۈن يۈز يىلمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

چۈنكى، ئۇيغۇر مائارىپى نۆۋەتتە تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت تورى (INTERNET) ئۈچۈر مۇلازىمىتى ئەنئەنىۋى ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئاللىبۇرۇن ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلار ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان كرىزىسقا دۇچ كەلدى: زەھەرلىك چېكىملىك، ھاراق، مۇھىت بۇلغىنىشى، يېمەكلىك بۇلغىنىشى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاجرىشىشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، ئەخلاقنىڭ ۋەيران بولۇشى قاتارلىق ئەھۋاللار بالىلىرىمىزنىڭ قىياپىتىگە ئايلانماقتا.

قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ سوئالغا ھوقۇق ۋە نوپۇز غېمىدە يۈرگەنلەر جاۋاب بېرەلمەيدۇ، بۇ سوئالغا شەخسىي باياشادلىق ئۈچۈن ۋىجدان - ۋۇجۇدىنى ئۆلتۈرگەنلەر جاۋاب بېرەلمەيدۇ، بۇ سوئالغا ئىلىم يولىدا ئىجتىھات قىلمىغانلار جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

باشقىلارنىڭ كۆز يېشى بىلەن تىرىكلىك ئېتىزىنى سۇغارغانلارنىڭ ئۇرۇقى ھامان پۇچەك بولۇپ چىقىدۇ. ھالال ئەقىدىسى بولمىغانلار ئۆلگەنلەردۇر. نەدىمۇ ئۆلۈكلەر تىرىكلەرنىڭ ھامىيسى بولىدىغان ئىش بولسۇن؟

پاكىز بۇلاق سۈيى زېمىننىڭ ئەڭ تېرەن، ئەڭ قاراڭغۇ يەرلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن**

(شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

## مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي مائارىپنىڭ سۈپەت مەسىلىسى 1980-يىللاردا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلە. 1950-يىللاردىن ئىلگىرى مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتى توغرىلىق ئېغىز ئېچىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلاتتى. 1950-يىللاردا بولسا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتەپلىرى ئومۇميۈزلۈك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈلگىسى بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئوقۇش يىلىدىن تارتىپ دەرس پروگراممىلىرىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپ سىستېمىسى ئاساس قىلىنغانىدى. دەرسلىك كىتابلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىۋاسىتە تەمىنلەيتتى. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى قىسمەن مائارىپ مۇپەتتىشلىك خىزمەتلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1950-يىللاردىكى مىللىي مائارىپ سۈپىتى خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى بولغانىكەن. لېكىن بىز بۇ توغرىسىدا ھېچقانداق سېلىشتۇرما ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز.

1960-يىللاردىن باشلاپ مىللىي مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك دۆلىتىمىزدە تۈزۈلگەن دەرسلىكلەر قوللىنىلدى. 1960-يىلدىن 1965-يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئىچىدە مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتى مەسىلىسى توغرىسىدا گەپ-سۆز بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. 1965-يىلدىن كېيىنكى چوڭ قالايمىقانچىلىق جۇڭگو مائارىپىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى. پەقەت 1970-يىللارنىڭ ئاخىرى 1980-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىر تۇتاش ئىمتىھانى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنلا ئاندىن مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتى مەسىلىسى تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى.

1978-يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى تۇنجى قېتىملىق ئىمتىھاندا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ئېتىبار بېرىپ، يەرلىكتىن چىقىرىلغان سوئاللار بويىچە ئىمتىھان ئېلىش كېرەك، بولمىسا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ

نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قېلىپ، ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى ئازلاپ كېتىدۇ، دېگەن قاراشتا بولۇشتى. ھۆكۈمەت سىياسىتىدە ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش داۋاملىق تەكىتلىنىپ تۇرغانلىقتىن، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدىمۇ مۇقەررەر ھالدا بۇ سىياسەت ئىزچىللاشتۇرۇلدى؛ شۇ بىر قېتىملىق ئىمتىھاندىن كېيىن مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە چىقىرىلغان سوئاللار ئىشلىتىلدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن مەمنۇنىيەت بىلەن بەھرىمەن بولىۋاتقان چاغدا، بىرقىسىم زىيالىيلار باشقىچە پىكىردە بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئېتىبار بېرىش» ئېتىبار بېرىلگەن ئوبيېكتنى رىقابەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەرەققىياتى ئۈچۈن پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىكەن. ئۇلار بۇ مەسىلىگە قارىتا، «ئېتىبار بېرىش» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىلىم-پەن ساھەسىگە تەدبىقلانسا ھېچقانداق مەنىگە ئىگە بولمايدۇ، ئىلىم-پەندە ئېتىبار بېرىش مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېتىبار بېرىش ۋە ئېتىبار بەرمەسلىك مەسىلىسى ھەققىدىكى بىر مەزگىللىك تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئاخىرىدا، شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرى تەدرىجىي ھالدا مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلىدۇ، دەپ بېكىتتى. شۇنداق قىلىپ، 1984-يىلى شىنجاڭدىكى بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرى ماتېماتىكا ۋە سىياسەتتىن ئىبارەت ئىككى دەرس بويىچە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشتى. بۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەسمىي تۈردە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشاش سەۋىيىدىكى ئىمتىھانغا قاتنىششى ئىدى.

ماتېماتىكا ۋە سىياسەت ئىمتىھانىدىن باشلانغان تۇنجى قەدەمدىن كېيىن بىر تۇتاش ئىمتىھاننىڭ دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيتىلىپ، 1986-يىلى جۇغراپىيە، 1987-يىلى بىئولوگىيە، 1988-يىلى تارىخ دەرسى قوشۇلدى. ئەڭ ئاخىرىدا - 1990-يىلى خىمىيە دەرسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا (تىل-ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلىدىن باشقا) بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىشقا تېگىشلىك پەننىڭ ھەممىسى بۇ ساھەگە تولۇق كىرىپ بولدى.

ئەينى چاغلاردا «ئېتىبار بېرىش» سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار، بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىنسا مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇر پەرقى بەك چوڭ بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشاتتى. دېگەندەك، بىر تۇتاش ئىمتىھان يولغا قويۇلغاندىن كېيىن كىشىلەر تەشۋىشلەنگەن مەسىلىلەر روشەن گەۋدىلىنىپ چىقتى. ھەقىقەتەنمۇ مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھانلاردىكى نەتىجىسى بەكلا تۆۋەن ئىدى.

1984-يىلى ئېلىنغان تۇنجى قېتىملىق ئىمتىھاندا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېماتىكىدىن پۈتكۈل شىنجاڭ بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇرى 32نومۇر بولغان. بۇ نەتىجە ماتېماتىكا تولۇق نومۇرى 120نىڭ ئۈچتىن بىرىگىمۇ يەتمىگەن. ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا بىۋاستە قاراشلىق نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ - ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى (ھازىر «شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى» دەپ ئۆزگەرتىلدى) مىللىي سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شۇ يىللىق ئىمتىھاندىكى ماتېماتىكا ۋە سىياسەت دەرسلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 7.5 ۋە 38.7 بولغان. بۇ خىل نەتىجە قانداقتۇر بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس، ئەلۋەتتە. كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە ئىمتىھان نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر قىسىم تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئۆزگىرىش كۆرۈنەرلىك بولمىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ھەرخىل ئوقۇتۇش سىناقلىرىنى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلايتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ نۆۋەتمۇ مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنغان بىر قىسىم خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار قاتتىق تەلەپ ئاستىدا تىرىشىپ ئىشلىدى. نەتىجىدە، ئۈچ يىلدىن كېيىن بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 1987-يىلدىكى بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىنغان تۆت پەندىكى ئورتاق نومۇرى مۇنداق بولغان: ماتېماتىكا 22.4، سىياسەت 39.1، جۇغراپىيە 43.6، بىئولوگىيە 16.7. پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر 60نومۇرنى لاياقەتلىك بولۇش چېكى دېسەك، ھەرقايسى پەنلەردە لاياقەتلىك بولغان ئوقۇغۇچىلار سانى ئىمتىھانغا قاتناشقان ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمىگەن.

ئەمدىلىكتە مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى مۇھىم قارالمىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. ئەھۋالنىڭ بۇرۇنقىدەك كېتىۋېرىشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرغىلى بولمايتتى. مىللىي مائارىپ سۈپىتى مەسىلىسى مەيلى ھۆكۈمەت ئۈچۈن، ياكى مائارىپ تارماقلىرى ئۈچۈن بولسۇن، ھەتتاكى ھەربىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن (ئەگەر ئۇلار ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ بىر خىل يولى دەپ قارىمايدىغانلا بولسا) بىر خىزمەت بېسىمى ۋە روھى بېسىم بولۇپ قالدى.

## سۈپەت ئۆستۈرۈش جېڭى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ تەتقىقات ئورنى 1986-يىلى مىللىي مائارىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش (بىر تۇتاش

ئىمتىھانلاردىكى خەنزۇلار بىلەن مىللىيلارنىڭ نومۇر پەرقىنى كىچىكلىتىش) مەقسىتىدە «ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى سىناق خىزمىتى»نى باشلىدى.

پىلان بويىچە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بولۇپ بىرنەچچە مەكتەپتە ئايرىم پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. كېيىن سىناق دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، بۇ مەكتەپلەر ھاسىل قىلغان تەجرىبىلەر پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئۈلگە قىلىنىش نىشانلاندى. سىناق خىزمىتى ئۈچۈن ھەرقايسى ئورۇنلار بەلگىلىك ئادەم كۈچى ئاجراتقاندىن باشقا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ تەتقىقاتى ئورنى بىر قىسىم مەبلەغمۇ ئاجراتتى.

سىناق خىزمىتى ئۈچۈن ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپلەردىن بەش مەكتەپ تاللىۋېلىندى. ئۈرۈمچىدە تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە 14-ئوتتۇرا مەكتەپ، غۇلجىدىن 1-ئوتتۇرا مەكتەپ (قازاق ئوتتۇرا مەكتەپ) ۋە 7-ئوتتۇرا مەكتەپ، قەشقەردىن 6-ئوتتۇرا مەكتەپلەر سىناق مەكتىپى بولدى. دەسلەپكى قەدەمدە ماتېماتىكا، خەنزۇ تىلى دەرسلىرى سىناق دەرسى قىلىپ بەلگىلەندى. (خەنزۇ تىلى دەرسىنى سىناق دەرسى قىلىشتا، 1990-يىلىغا بارغاندا سىناققا قاتناشقان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرگەندە خەنزۇ تىلىدىن بىۋاسىتە دەرس ئاڭلاش نىشان قىلىنغانىدى). كېيىنكى يىللىرى فىزىكا، ئەدەبىيات دەرسلىرىمۇ سىناق دەرسى قىلىندى. ھەرقايسى مەكتەپلەردە «ئىسلاھات سىنىپى» تۇرغۇزۇلدى. مەكتەپلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىسلاھات روھىغا باي بولغانلىرى تاللاپ ئېلىنىپ، سىناق سىنىپىنىڭ دەرسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەرقايسى مەكتەپلەردە ھەرخىل ناملار بىلەن مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. يۇقىرى-تۆۋەن ھەرقايسى تارماقلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەريىلى بىر قېتىم ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەرلەردە «بەش مەكتەپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى سىناق خىزمىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى» ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. يىغىنلاردا رەھبەرلەر كۆرسەتمە بەردى، مەكتەپلەر تەجرىبە تونۇشتۇردى، ئوقۇتقۇچىلار ماقالىلەر ئوقۇدى؛ ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار تاللىنىپ مۇكاپاتلاندى؛ ئىشلار ئىنتايىن پۇختا كېتىپ باراتتى.

بەزى مەكتەپلەردە سىناق خىزمىتىنىڭ نىشانى بېكىتىلىپ «ئىسلاھات سىنىپىنىڭ نەتىجىسى خەنزۇ سىنىپلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېقىنلاشقان بولۇش» دەپ كۆرسىتىلدى. گەرچە «ئوتتۇرىچە سەۋىيىگە يېقىنلاشقان»لىقنىڭ مەنىسى ۋە ياكى ئۆلچىمى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىزاھات بولمىسىمۇ، ئومۇمەن قانداقلا بولمىسۇن نىشان بەلگىلەندى.

ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى بويىچە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. بىرىنچى سەپتە تۇرۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى كەسپىي ئەخلاق ۋە شەرەپ تۇيغۇسى، خالىسانە تۆھپە قوشۇش روھى بىلەن جاپالىق ئىشلىدى. بىرنەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىسىدا قىلىنغان ئەجرىگە چۈشلۇق نەتىجىمۇ ھاسىل بولدى. سىناق سىنىپلارنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش يىللىق سېلىشتۇرۇلما مىللىي سىنىپلارنىڭ نەتىجىسىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. شەھەر بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر تۇتاش ئىمتىھانلاردىمۇ ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقتى. مەسىلەن، 1990-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شەھەرلىك بىر تۇتاش ئىمتىھاندا تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ سىناق سىنىپىنىڭ فىزىكا نەتىجىسى ئىمتىھانغا قاتناشقان 15 مەكتەپ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئوتتۇرىچە نومۇرى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرىدىن 18 نومۇر يۇقىرى بولغان. ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە 80دىن يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا قاتناشقان ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ 2.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولسا، سىناق سىنىپىدا 80دىن يۇقىرى نومۇرلۇقلار 20 پىرسەنتكە يەتكەن. غۇلجا، قەشقەرلەردىكى سىناق سىنىپلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

مەكتەپلەردە سىناق سىنىپلارنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدا ھەرخىل گەپلەر، مەسىلەن، ئاساسىي كۈچ سىناق دەرسىگە قارىتىلىپ، باشقا دەرسلەرگە ئېتىبارسىز قارالدى؛ غوللۇق كۈچلەر سىناق سىنىپىغا تارتىپ كېتىلدى؛ سىناق سىنىپى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل قىلىندى، دېگەندەك گەپلەر ئېقىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا سىناق خىزمىتى ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئەجرىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايتتى.

سىناق سىنىپلىرىنىڭ ئىمتىھانلاردىكى نەتىجىسىنى پاراللېل قوشنا سىنىپلارنىڭكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى سىناق خىزمىتىدە يېتىشكە تېگىشلىك نىشان ئەمەس، ئەلۋەتتە؛ ئۇلارنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھاندىكى نەتىجىسىنى خەنزۇ سىنىپلارنىڭ نەتىجىسىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا بۇ خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدە بىر نەرسە دېگىلى بولاتتى. سىناق قىلىنىۋاتقان دەرسلەر ئىچىدە پەقەت ماتېماتىكا، فىزىكا دەرسلىرىنىلا خەنزۇ سىنىپلارنىڭ نەتىجىسى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولاتتى (ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلى دەرسلىرىنىڭ سوئاللىرى شىنجاڭدا چىقىرىلاتتى).

تۆت يىللىق تىرىشچانلىق بىلەن قىلىنغان تەييارلىقتىن كېيىن، 1990-يىللىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدا سىناق سىنىپلىرى ئومۇمىيۈزلۈك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشتى. ئىمتىھان ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئىمتىھان نومۇرلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى گويا يۇقىرى باھالىق لاتارىيە بېلىتىنىڭ مۇكاپات نومۇرىنى كۈتۈۋاتقان تەلەيي سىنىغۇچىلاردەك دەككە-دۈككە ئىچىدە ئارسالدى بولۇشۇپ كۈتۈشمەكتە ئىدى. بۇ قېتىم قىلىنغان ئەجرگە چۈشلۇق كىشىلەرنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان، كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن ئىلھام بەخش ئېتىدىغان ياخشى نەتىجىنىڭ بارلىققا كېلىش ئېھتىماللىقىمۇ، شۇنداقلا ھاردۇق ئۈستىگە ھاردۇق يەتكۈزۈپ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، كېيىنكى تىرىشىش نىشانىنى كىشىلەرنىڭ كۆز

www.uyghurkitap.com

ئالدىدىن بىراقلا يوق قىلىپ تاشلايدىغان ناچار ئەھۋالنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش مۇمكىنچىلىكىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇد ئىدى. ئاخىرى نەتىجىلەرمۇ ئېلان قىلىندى: كىشىلەر ئالدىدا ئىككىنچى خىل ئېھتىماللىق نامايەن بولدى.

شۇ يىلى بىر تۇتاش ئىمتىھاندا ماتېماتىكا دەرسىدىن 60نومۇر (تولۇق نومۇرنىڭ يېرىمى) دىن يۇقىرى ئالغان ئوقۇغۇچى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىغا قاتناشقان بەش مەكتەپتە پەقەت بىرلا نەپەر (پۈتكۈل شىنجاڭدا ئىككى نەپەر) بولغان. فىزىكا دەرسىدە (گەرچە بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلار تولۇق نومۇرنىڭ يېرىمى 50تىن يۇقىرى نومۇر ئالالىغان بولسىمۇ) 60تىن يۇقىرى نومۇر ئالغان بىرمۇ ئوقۇغۇچى چىقمىغان.

شۇ يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ تەتقىقات ئورنى ئۈرۈمچىدە خۇلاسە خاراكتېرلىك يىغىن ئېچىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلاھات خىزمىتىنى ھەرقايسى ئوبلاست، ۋىلايەتلەردىكى مەكتەپلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن بۇ بىر قېتىملىق ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى خىزمىتى ئاخىرلاشتى.

سىناق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان چاغدا، ئىسلاھات خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر يىغلاشنىمۇ، كۈلۈشنىمۇ بىلمەي قېلىشقانىدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات خىزمىتىگە قاتناشقان مەكتەپ مەسئۇللىرى ۋە دەرس ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كاللىسىدا، بىر قانچە يىللىق جاپالىق ئەجرىمىز نەگە كەتتى، دېگەن ئوي چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن يۇقىرىغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپىدىكى خىزمەتداشلىرىغا نىسبەتەن خىجالەت تۇيغۇسى ئىچىدە قالغانىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار خىجالەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئازابىنى ئاز تارتقانمۇ؟ ھەر خىل يىغىن ۋە سورۇنلاردا مىللىي مائارىپ سۈپىتى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، بولۇپمۇ مەسىلىنى خەنزۇ رەھبەرلەر تىلغا ئالغاندا، ئۇلار تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان بىر خىل بېسىم تۇيغۇسى ئىچىدە چىداپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ مىللىي، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى خىزمىتىنى مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بىر خەنزۇ كىشى تۇتاتتى. بۇ كىشى شۇ چاغدا، مىللىي سىنىپلارنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدىلا يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولىدۇ، دەيدىغان كۆز قاراشنى كىشىلەرگە ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە بەل باغلىغان پىداكار ئىدى.

مەكتەپ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىزچىل تۈردە 20نەچچە يىل ئىشلەپ داڭ چىقارغان بۇ سابىق مەكتەپ مۇدىرى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئىسمى جىسمىغا لايىق قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى شۆھرەت تاپقۇزغان بىر پىشقەدەم مائارىپچى ئىدى. بۇ كىشىنىڭ قارىشىچە، مىللىي مائارىپتا ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، رەھبەرلىكنىڭ بوشاڭ، ئوقۇتقۇچىلار كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىدا ئىدى. ئەگەر قاتتىق قول رەھبەر ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەلەپنى قاتتىق قويسىلا چوقۇم نەتىجە چىقىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ خىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە سۈپەت ئۆستۈرۈش پائالىيىتى بويىچە بىر مۇنچە يېڭى ئىشلار مەيدانغا چىقتى.

سۈپەت ئۆستۈرۈش جېڭى ئالدى بىلەن تەبىئىي پەنلەردىن باشلاندى. ئوقۇتقۇچىلارغا ھەرقايسى پەنلەر بويىچە «سەۋىيە ئۆستۈرۈش دەرسى» ئۆتۈلدى. ئوقۇتقۇچىلار توختىماي مەشىق ئىشلەپ، ئىشلىگەنلىرىنى دەپتىرىگە قوندۇراتتى. مەشىق دەپتەرلىرىنى قەرەللىك تۈردە مەسئۇل كىشىلەر تەكشۈرۈپ تۇردى. مىللىي ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش يىللىقلارغا دەرس بېرىدىغان خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە دەرس تەييارلاش ۋە خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ تۇرۇش تەلىپى قويۇلدى. ھەربىر ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئۆتۈۋاتقان دەرستىن بىر ئوقۇش يىلىدا ئىككى قېتىم ئىمتىھان بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئوخشاش يىللىققا دەرس ئۆتۈۋاتقان ئىككى كىشىدىن مىللىي ئوقۇتقۇچى ئىمتىھان بېرەتتى، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى سوئال چىقىرىپ ئىمتىھان ئېلىپ ئۇنى باھالايتتى؛ شۇنداق بولغاندا بەزىدە مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ئىلمىي دەرىجىسى (ئۇنۋانى) ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارغا ئىمتىھان بېرىپ، ئۆزىنى باھالىتىشقا توغرا كېلەتتى. كۈندىلىك نورمال ئوقۇتۇش خىزمىتىدىن سىرت قوشۇمچە ئىشلار شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتتىكى، مىللىي ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئىشلاردىن بىزارلىق ھېس قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. بولۇپمۇ كەسپىي ئىمتىھان مەسىلىسىدە ئوقۇتقۇچىلاردا ناقايىللىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بەزىلەر: «ئالىي مەكتەپتە ھەرقايسىمىز ئۆز كەسپىمىز بويىچە ئىمتىھان بېرىپ، لاياقەتلىك بولغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىدىن ئىمتىھان بېرىدىكەنمىز؟» دېيىشەتتى. بۇ ئىشتا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىكرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممە ئوقۇتقۇچى ئىمتىھان بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. ئىمتىھانغا قاتناشمىغانلار تەنقىدلىنەتتى. ئىمتىھانغا قاتنىشىپ جەمئىي ئالتە قېتىملىق ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلارغا مەكتەپ ئۆزى تەسىس قىلغان «ئۆتكەلدىن ئۆتۈش گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بېرىلەتتى. 1990-يىلدىكى تۆۋەن ئىمتىھان نەتىجىسى ئەنە شۇنداق جاپالىق كۈرەشلەرنىڭ مېۋىسى ئىدى. 1990-يىلى كۈزدىن باشلاپ ئىشلار بۇرۇنقىدەك نورمال ئىزغا چۈشتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىر تۇتاش ئىمتىھان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان تاكى 1994-يىلغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە مىللىي سىنىپلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى 1989-يىلى ئەڭ ياخشى چىققان بولۇپ، شۇ يىللىق ئىمتىھاندا ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە نومۇرى مۇنداق بولغان: ماتېماتىكا 15، سىياسەت 43، فىزىكا 20، تارىخ

24. جۇغراپىيە 21. تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن ئىككى جەدۋەلدىن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1. 1993-يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتناشقانلارنىڭ ئالتە دەرستىكى ئومۇمىي نەتىجىسى بويىچە قوبۇل قىلىنىش نومۇر چېكى

| پەن ئايرىمىسى | تىل ئايرىمىسى | ئالدىن قوبۇل قىلىش نومۇر چېكى | 1-تۈركۈمدە قوبۇل قىلىش نومۇر چېكى | 2-تۈركۈمدە قوبۇل قىلىش نومۇر چېكى |
|---|---|---|---|---|
| تەبىئىي پەنلەر | خەنزۇلار | 482 | 458 | 443 |
| | مىللىيلار | 322 | 287 | 282 |
| | نومۇر پەرقى | 160 | 171 | 161 |
| ئىجتىمائىي پەنلەر | خەنزۇلار | 440 | 430 | 420 |
| | مىللىيلار | 320 | 280 | 273 |
| | نومۇر پەرقى | 120 | 150 | 147 |

شۇ يىلى 1-تۈركۈمدە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى مۇنداق بولغان:

تەبىئىي پەنلەر بويىچە خەنزۇلارنىڭ 68.8، مىللىيلارنىڭ 48 نومۇر بولغان.

ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە خەنزۇلارنىڭ 73.3، مىللىيلارنىڭ 53.3 نومۇر بولغان.

2. 1993-يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگەن، شارائىتى نىسبەتەن ياخشىراق مەلۇم بىر شەھەر ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل-ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلىدىن باشقا بەش پەندىكى ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ تەخسىملىنىش نىسبىتى

| نومۇر دائىرىسى | 0 ـ 10 | 11 ـ 19 | 20 ـ 30 | 40تىن يۇقىرىلار |
|---|---|---|---|---|
| سىياسەت | 13% | 19% | 40% | 28% |
| ماتېماتىكا | 17% | 52% | 27.3% | 3.7% |
| فىزىكا | 33% | 54% | 12% | 0.05% |
| خىمىيە | 22.1% | 59% | 13.9% | 5% |
| بىئولوگىيە | 15.3% | 57% | 27.2% | 0.5% |

## سۈپەت مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش

مىللىي مائارىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى سەۋەبلەر زادى نەدە؟ بۇ ھەقتە كىملەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئويلانغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىش قىيىن. ئەمما شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىزدىكى بەزى رەھبەرلەر تاكى سۈپەت مەسىلىسى بىرەر خىزمەت سورۇنىدا چوقچىيىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، رىئاللىق بۇ رەھبەرنى باشقىلار ئالدىدا بىئەپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويمىغىچە سۈپەت توغرىسىدا ئويلىنىپ كەتمەيدۇ. بىزدە يەنە شۇنداق مائارىپ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىمۇ باركى، ئەگەر بىز بۇ ئاپپاراتنىڭ سۈپەت مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەنلىكىنى كۆرگەن بولساق، بۇ ئەمدى ھېلىقى رەھبەر (ياكى باشقا رەھبەر) نىڭ يولىيورۇقىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ چىقىدۇ. سۈپەت مەسىلىسى ئۈستىدە ئۆزلىكىدىن ھەقىقىي ئويلانغان ئادەملەرنى، بۇ خىل مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىغان كىشىلەر ئىچىدىن خېلىلا تېپىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ ھەقتە قانداقتۇر بىرەر خىزمەت مەجبۇرىيىتى ئاستىدا ئەمەس، پەقەت مىللەت غېمىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدىلا ئويلىنىدۇ.

1990-يىلى نويابىردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ تەتقىقات ئورنى بىلەن ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى بىرلىكتە بىر قېتىملىق ئوقۇتۇش تەتقىقاتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈدى. بۇ يىغىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىن نامىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي تېمىلىق دوكلاتتا: «ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر» قىلىپ تۆۋەندىكى بەش مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى دەرسلىك كىتابتىكى مەسىلىلەرنى

تولۇق يېشىپ بېرەلمەيدۇ ياكى كۆپ خىل يوللار بىلەن يېشەلمەيدۇ. سىنىپتا چۈشەنچىلەرنى خاتا ئۆتتۇرىغا قويۇدىغان، ھەتتا دەرس مەزمۇنىنى خاتا بايان قىلىدىغان ئەھۋاللار بار. ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۆزلىرى ئۆتتۇۋاتقان دەرسلىك كىتابتىن ئىمتىھان ئالغاندا نەتىجىسى ھەتتا لاياقەتلىك بولالمايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇد. كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار ئالىي مەكتەپ بىر تۇتاش ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى يېشەلمەيدۇ ياكى راۋان يېشەلمەيدۇ، بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلالمايدۇ.

2. رەھبەرلىكتە قەتئىيەت كەمچىل. رەھبەرلىك ئامما غا قارىتا قاتتىق تەلەپچان بولالمىغان، بەلگىلەنگەن تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىشتا، ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشتا ئاجىز بولۇش ئەھۋالى مەۋجۇد.

3. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مەقسىتى ئېنىق ئەمەس. ئوقۇغۇچىلاردا ئۆگىنىش ئىرادىسى ئاجىز بولۇش، ئوقۇشقا قىزىقماسلىق، دەرسكە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ئىنتىزامدا چېچىلاڭغۇ بولۇش ئەھۋالاتى مەۋجۇد.

4. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كەمچىل. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك ئەمما مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەن، خىزمەتتە بىپەرۋا. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تولۇقلاشقا ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا غايە تەربىيىسى ئېلىپ بارمايدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىدىغان يامان تەسىرلىرىنى توسۇشقا كۈچ چىقارمايدۇ. ئوقۇتۇش جەھەتتە ئۇلار ئۇچۇق دەرسلەردىن باشقا دەرسلەرگە ياخشى تەييارلىق قىلمايدۇ؛ ئادەتتىكى دەرسلەرنىڭ سەۋىيىسى ئۇچۇق دەرس ئۆتكەندىكى سەۋىيىنىڭ 60 پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى كىتاب ئوقۇشقا زورلاپ، ئۆزى سۆزلىمەيدۇ. ئائىلە تاپشۇرۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرمايدۇ، ئورۇنلاشتۇرسىمۇ ئەستايىدىل تەكشۈرمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە دوق، تاپا-تەنە قىلىش ئىشلىرى ئېغىر.

5. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆز نەتىجىلىرىدىن قانائەتلىنىش، مەغرۇرلىنىشتىن ئىبارەت بىخوتلۇق ئىدىيىسى ساقلانغان؛ رەھبەرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپچىلىك ئوقۇتقۇچىلاردا ئوقۇتۇش سۈپىتىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، نەتىجىمىز تۆۋەن ئەمەس، دېگەن قاراش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. ئۇلار ھەمىشە ئۆز نەتىجىلىرىنى ئۇخشاش مىللىي مەكتەپلەر بىلەن سېلىشتۇرىدۇ، ئالغا كەتكەن خەنزۇ سىنىپلارنىڭ نەتىجىسى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئۇنىمايدۇ ياكى جۈرئەت قىلالمايدۇ؛ ئۇلاردا خەنزۇلار بىلەن بولغان نەتىجە جەھەتتىكى پەرقلەرگە قارىتا قايىل بولماسلىق روھىي ھالىتى ساقلانغان.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى دوكلاتنىڭ بۇ قىسمى ئوقۇتقۇچىلارنى ئەيىبلەش مەزمۇنىغا خېلىلا باي بولۇپ، قارىغاندا ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسى سۈپەت تۆۋەن بولۇشتىكى ئاساسىي مەسىلىدەك تۇرىدۇ. مۇئەللىپ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز نام-شەرىپىگە قارىتىلغان تەنقىدلەرنى ئاڭلاش ئۇنىڭغا ھەرقانچە ئېغىر كەلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە ئۇنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ؛ چۈنكى دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىرى مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان رېئاللىق ئىدى. دەل مۇشۇ رېئاللىقنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىننى مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بولدى، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەلىللەرنى بىز ئۇلار ئويلىغاندەك سۈپەت تۆۋەن بولۇشنىڭ «سەۋەبلىرى» دەپ ئەمەس بەلكى سەۋەبلىرى ئېنىقمۇ چوڭقۇرلاپ ئېنىقلىنىشى زۆرۈر بولغان بەش «مەسىلە» دەپ قارىشىمىز كېرەك. دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، ئوقۇتقۇچىلار كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئەمەلىي مەۋجۇد مەسىلە ئىكەن، ئۇنداقتا شۇنى دېيىشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەتتا دەرس مەزمۇنىنى خاتا بايان قىلىدىغان، دەرسلىك ماتېرىيالىنى ھەزىم قىلالماسلىق دەرىجىسىدىكى ناچار ئوقۇتقۇچىلار قانداق قىلىپ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە كىلىپ قالدى؟ بۇ، ئۇرۇمچى شەھىرىدە ئۇلاردىن ياخشى ئوقۇتقۇچى تېپىلمىغانلىقتىنمۇ ياكى دەرسلىكنىڭ مەزمۇنلىرى ئوقۇتقۇچىلار چۈشىنەلمىگۇدەك دەرىجىدە چوڭقۇر بولۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ؟ ياكى بولمىسا، بۇ ئوقۇتقۇچىلار ئەسلى خىزمەت لاياقىتى بولمىغان، لېكىن مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ تۇغقىنى، دوستلىرىنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقى سەۋەبلىك مەكتەپكە غەيرىي رەسمىي يوللار بىلەن «ئارقا ئىشىك»تىن كىرىپ قالغان كىشىلەرمۇ؟ ياكى يۇقىرى ئورگاندىكى مەلۇم رەھبەر ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى ئالالمىغان قېينىئىنىسىنى بۇ مەكتەپكە زورلاپ تاڭغانمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ تاڭغىنى باشلىق ئۈچۈن نۇرغۇن چىقىمدار بولغان سودىگەرنىڭ شەھەردە تۇرۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەتىۋارلىق قىزىمۇ؟ ئەگەر ئوقۇتقۇچىلار نورمال يول بىلەن مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان دېيىلسە، ئۇنداقتا، مۇتلەق كۆپى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسى ياكى مەخسۇس كۇرسىنى تۈگەتكەنلىك دىپلومىغا ئىگە بۇ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپەت مەسىلىسىگە ئۇلارنى ئوقۇتقان ئالىي مەكتەپلەر جاۋابكار بولۇپ قالىدۇ. سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا ئوقۇتقۇچىلار ئالىي مەكتەپتە قايسى تەرىقىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپلەر نېمىگە ئاساسلىنىپ ئۇلارغا دىپلوم تارقاتقان، ئالدى 50 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ناچار بولىدۇ، دېگەندەك يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ.

دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، يەنە ئەگەر رەھبەرلىك ئاممىغا تەلەپچان بولالمىغان بولسا، ئۇنداقتا رەھبەرلىكنىڭ ئامما ئالدىدا بىرەر تىل قىسىنچىلىقى بارمۇ، قانداق؟ ئوقۇتقۇچىلار نېمە ئۈچۈن خىزمەتكە بىپەرۋا قارايدۇ، ئۇلار راستتىنلا ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە

ئالغانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەن كىشىلەرمۇ؟ خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلىمەسلىك ئۇلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتىمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەب ئۇلارنى شۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانمۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى نەتىجە جەھەتتىكى پەرقلەرگە قايىل بولماسلىق روھىي ھالىتىدە بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ئۇلار ئاساسلىنىدىغان قانداق سەۋەب بار؟

دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەش مەسىلە، يىغىپ ئېيتقاندا، رەھبەرلىك، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت ئۈچ ئوبيېكتقا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۈچ ئوبيېكتتا بىرەر ئورتاقلىق بار دېيىلسە، ئۇنداقتا بىزنىڭچە بۇ ئورتاقلىق، ئۇلاردىكى ئۆز ئىشلىرىغا بولغان بىپەرۋالىق، ئىنتىلىش ۋە رىقابەت تۇيغۇسى كەم بولۇش روھىي ھالىتىدىن ئىبارەتتەك تۇرىدۇ.

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىل سېنتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان «ياشلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك» دېگەن ماقالىدىمۇ مىللىي مائارىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقالىدىن بىر مۇنداق ئابزاسلارنى ئوقۇيمىز:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا بىردىنبىر سانائەت ۋە تەبىئىي پەنلەر بويىچە ئالىي مەكتەپ بولغان شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ 1988-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن 200دىن كۆپرەك مىللىي ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار پەقەت ئۈچ نەپەر بولۇپ، ئىمتىھان ئارقىلىق بىرەرسىمۇ تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىنمىغان... 1989-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن 200 گە يېقىن مىللىي ئوقۇغۇچى ئىچىدە تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقان ئوقۇغۇچى پەقەت بىر نەپەر.

ئوخشاش بىر خىل دەرس خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا 35سائەت، مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا 50سائەت ئۆتۈلگەندىن كېيىن، ئىككى مىللىي سىنىپ، بىر خەنزۇ سىنىپتىن بىر تۇتاش ئىمتىھان ئالغاندا، خەنزۇ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ھەمدە يېرىمىدىن كۆپرەكى 80دىن يۇقىرى نومۇر ئالغان. ئىككى مىللىي سىنىپتىن بولسا جەمئىي 17نەپەر ئوقۇغۇچى لاياقەتلىك بولۇپ ئۆتكەن، 80دىن يۇقىرى نومۇر ئالغىنى ئاران ئىككى نەپەر بولغان.

1988-يىلى دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىرنەچچەيلەن غەيرىي رەسمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئەسلى مەكتەپ بەلگىلىمىسىدىكى ئۆگىنىش ۋاقتىدا مەكتەپنىڭ بىرلەشمە سىنىپىدا ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچى 67نەپەر بولۇپ، مىللىي ئوقۇغۇچى 17نەپەر، ئوخشاش ۋاقىتتا مەكتەپ كىنوخانىسىنى تەكشۈرگەندە كىنو كۆرۈۋاتقانلارنىڭ 70پىرسەنتىدىن كۆپرەكى مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئىكەن.

بەزى ئوقۇغۇچىلاردىن نېمە ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇمايدىغانلىقى سورالغاندا، «بىز تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ باشقىلاردىن ئېشىپ كەتسەكمۇ، بەرىبىر بىزنى بېسىۋېتىدۇ، قەدىرلەپ كەتمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئۆگەنمەسلىكى، بوشاڭلىقىنى يېپىش ئۈچۈن ئۆزى تەرىپىدىن ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ياساپ چىقىلغان سۆزمۇ ياكى ئۇلار بىزگە ... ؟ توساق ئەمەسمۇ؟!

ئاپتور ماقالىسىدا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى «ئۇلار شۇنچە بىغەم - بىپەرۋا؛ ئۇلاردا خەۋپ-خەتەر، بېسىم، رىقابەت تۇيغۇسى كەم» دەپ ئىپادىلەپ، ئۇلاردا «مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولۇشى» لازىملىقىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ يەردە بىز شۇنى ئويلىماي تۇرالمايمىزكى، ئەۋلادلىرىمىز نېمە ئۈچۈن بىغەم، نېمىشقا ئۇلاردا جىددىيلىك ۋە رىقابەت تۇيغۇسى كەمچىل بولۇپ قالدى؟! بىغەملىك، رىقابەت تۇيغۇسى كەمچىل بولۇش مىللىتىمىزنىڭ ئەسلى تەبىئىتىمۇ ياكى كېيىنلەردە ھازىر شەكىللەنگەن بىر خىل روھىي ھالەتمۇ؟ ئەگەر ئەسلى تەبىئىتىمىز شۇنداق دېيىلىدىكەن، يەنە نېمە ئۈچۈن سۈپەت مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، خۇددى بورا قومۇشىدىن شېكەر تىلىگەندەك ئىش قىلىمىز؟

ئارىمىزدىكى نورغۇنلىغان ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئوقۇش سۈپىتى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرگەنلىكى مەلۇم. «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» نىڭ 1993-يىل 24-دېكابىر سانىغا بېسىلغان بىر ئىمزالىق ماقالىدا، ئوقۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇش سەۋەبلىرى قىلىپ مۇنداق بەش مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1. ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلى دەرسلىرىگىلا (سوئال يەرلىكتىن چىقىرىلىدىغان، نومۇر ئېلىش ئاسان دەرسلەرگىلا) ئېتىبار بېرىپ، باشقا دەرسلەرگە كۆڭۈل بۆلمىگەن.

2. دەرس سائىتى خالىغانچە كۆپەيتىلگەن ياكى ئازايتىلغان. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا كۆپرەك تەكرار-تەييارلىق ۋاقتى ئاجرىتىش ئۈچۈن، دەرسلەرنى تېز ئۆتۈپ بالدۇر تۈگىتىۋەتكەن.

3. پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار كۆپلەپ دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتكەن.

4. ئوقۇغۇچىلار پۇل بولسىلا ئالىي مەكتەپلەرگە كىرگىلى بولىدۇ، دەپ ئۆگىنىشكە قىزىقمىغان.

5. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غېمى كۆپ، ئىش ھەققى تۆۋەن، داۋالىنىش، ئولتۇراق ئۆي، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشلىرى باش ئاغرىتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ئۆزى تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىنمۇ تۆۋەن.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەردىكى دەرس سائىتىنى خالىغانچە كۆپەيتىش-ئازايتىش، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپلەپ دەم ئېلىشقا چىقىپ كېتىشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غېمى كۆپ بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر نەتىجىسى بىزدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان خەنزۇ مەكتەپلەردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇد ئەھۋال. خەنزۇ ۋە مىللىي مەكتەپلەرنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ئورتاق بولغان سەلبىي مەسىلىلەرنى يەككە ھالدا مىللىي

www.uyghurkitap.com

مەكتەپلەرنىڭ سۈپەت تۆۋەن بولۇشىنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «دەرسنى بالدۇر تۈگىتىش» خەنزۇ مەكتەپلەردە بىزگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر. شۇڭىنىسى، «غىمى كۆپ» لىكتە مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالى خەنزۇلارغا قارىغاندا، يەنە بىرقەدەر ئېغىرراق دېيىشكە بولىدۇ.

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1991-يىل 17-سېنتەبىر سانىغا بېسىلغان «مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىۋاتقان بىرقانچە مەسىلە» سەرلەۋھىلىك ماقالىدا سەككىز مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. رايونىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىدىن ئېيتقاندا، بىرقىسىم جايلارنىڭ قاتنىشى قولايسىز، ئاھالىلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

2. مائارىپ مەمۇرىي كادىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلاردا ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى بۇسۇپ ئۆتەلمەيدىغان، ئىزدەنمەيدىغان ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋاللار ئېغىر.

3. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى تۆۋەن. بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز خىزمىتىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىشى يېتەرلىك ئەمەس. كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش تارىخى ئۆلچەملىك ئەمەس.

4. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ماتېرىياللاردىن كۆپرەك پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

5. مەكتەپ رەھبەرلىرى ياخشى تاللانمىغان.

6. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كۆپىنچىسى ياشلاردىن تەشكىل تاپقان، ئوقۇتۇش تەجرىبىسى كەمچىل.

7. مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىغا ماسلىشىشچانلىقى ئاجىز.

8. ئۇزاق زامانلاردىن شەكىللەنگەن دىنىي مۇتەئەسسىپلىك ۋە خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلى مىللىتىمىز ئارىسىدا مەدەنىيەت-مائارىپقا قارشى تۇرىدىغان ياكى سەل قارايدىغان ئەھۋال بار.

ئاپتور ماقالىسىدا يەنە: «ئىقتىسادىي ئامىل قاتارلىق يەنە بىرمۇنچىلىغان مۇھىم ئامىللارمۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ، ئەلۋەتتە» دېگەن سۆزلەرنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

بۇ ماقالىدا ئۆزگىچە بولغان بىر نەچچە يېڭى مەسىلە: جۇغراپىيىلىك ئولتۇراقلىشىش شارائىتى ئامىلى، دىنىي خۇراپاتلىق ۋە ئىقتىسادىي ئامىل قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دىنىي خۇراپاتلىق ۋە جۇغراپىيىلىك ئامىللارنى ھەقىقەتەنمۇ مىللىي مائارىپىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەكشى تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىۋاتقان ئامىللار، دەپ قارىشىمىز كېرەك. لېكىن، ئاھالىسى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەمدە دىنىي خۇراپاتلىق تەسىرىدىن خالىي بولغان ئۈرۈمچى ئاھالىسى پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ ئوخشاشلا تۆۋەن بولغىنىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى مەسىلىنى سۈپەت تۆۋەن بولۇشنىڭ سەۋەبى قىلىۋېلىشقا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەمما ئىقتىسادىي ئامىلنى ئېتىبارغا ئالماسلىققا بولمايدۇ، چۈنكى جەمئىيىتىمىزدە بۇ جەھەتتىكى پەرقلەر ھەرۋاقىت كۆزگە چېلىقىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بەزىلەر مۇنداق مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىغان:

A. «ئۇيغۇر، قازاق يېزىقى 1960-يىلى لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىققا ئۆزگىرىش ۋە يەنە ئەسلى يېزىققا قايتىپ ئومۇملاشقىچە بولغان ئارىلىقتا 30يىلچە قايمۇقۇش، تەكرارلىنىشنى بېسىپ ئۆتتى. يېزىق سۈپىتى بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىلا راۋان ئوقۇيالايدىغان بولۇش، تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەندە ئىملاسى توغرا بولۇش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمىدى».

B. مەكتەپلەردە ئۆلچەملىك مۇزىكا، رەسىم ئوقۇتقۇچىلىرى كەمچىل. «مۇزىكا، رەسىم دەرسلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رولى بار بولۇپ، مىللىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى - بۇ دەرسلەر ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان».

قارىغاندا ئوقۇتۇش سۈپىتى مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئويلىنىشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ؛ چۈنكى يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «سەۋەب»، «ئامىل» لار گەرچە رېئال ئەمەلىي مەسىلىلەر بولسىمۇ، بىز بۇلاردىن تازا قانائەت ھاسىل قىلىپ كېتەلمىدۇق ياكى بولمىسا ئۇلار بىزگە تېخىمۇ كۆپ سوئاللارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

تۆۋەندە بىز ئۆزىمىز ئىگە بولالىغان بىر قىسىم پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ ئاساستا بۇ مەسىلىنى يورۇتۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى:

## «سۈپەت تۆۋەن»لىك مەسىلىسىنى چۈشىنىش

بىز بۇ مەسىلىسىنى بەش جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلىمىز:

### 1. مائارىپ ئىدىيىسى مەسىلىسى

كىشىلەر مەكتەپنى «تەربىيە ئورنى» مەنىسىدە چۈشىنىدۇ. بۇ يەردە بىز «تەربىيە» نىڭ «ئوقۇتۇش» قا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. مائارىپ نەزەرىيىسى ۋە پېداگوگىكا قانۇنلىرىغا ئاساسلانغاندا، بىلىم بېرىش - ئۇ تەربىيىنىڭ يېگانە مەقسىدى ئەمەس، بەلكى ۋاسىتىلىرىدىن بىرى. تەربىيە ئوقۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؛ ئۇ، ھەرۋاقىت كىشىلەرنى جەمئىيەتنىڭ ياراملىق ئەزاسى قىلىپ يېتىشتۈرۈشنىڭ غېمىدە بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە بىز باشقىچە ئەھۋالنى - مەكتەپ تەربىيە ئورنى بولۇشتىن كۆرە ئىلمىي تەتقىقات ئورنىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىق مەنزىرىسىنى كۆرگەن بولساق، بۇنى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئون يىللاپ ئاساسىي مائارىپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇ يەردىكى تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن؛ شۇڭلاشقىمۇ بىز ئالىي مەكتەپلەرنى نوقۇل ئوقۇتۇش ئورنى دەپ قارىمايمىز. ئالىم كىشىنىڭ ياخشى تەربىيىلەنگەن كىشى، ياخشى

مىجەزلىك كىشى، ئەخلاقلىق كىشى بولغان بولۇشى ناتايىن. ئىلىم بىلەن ئالىملىق مەكتەپنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى بولسا، ئىلىمنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشنى بىلىشى، مۇستەھكەم ئىرادە، كۈچلۈك خاراكتېر، تەرەققىي ئەتكەن روھىي قابىلىيەتنى كىم يېتىشتۈرىدۇ؟!

بىلىم ئوقۇتۇش مەكتەپلەرنىڭ مەركىزىي خىزمىتى، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تەربىيە ئۆز مەقسىتىنى ئاساسلىقى بىلىم ئوقۇتۇش جەريانىدا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. «مەركەز» دېگەنلىك «بىردىنبىر» دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە؛ «مەركەز» نىڭ رولى ئۇنىڭ تەربىيە نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرالايدىغانلىقىدا.

مەكتەپ تەربىيە ئورنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئالىم تەربىيىلەشنى ئەمەس، ئادەم تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نىشانى قىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ «ئادەم قانداق بولۇشى كېرەك» دېگەن مەسىلىدىكى كۆز قارىشى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بىردەك بولغان ئەمەس. مۇئەييەن بىر تارىخىي شارائىتنىڭ ئۆزىدىمۇ ھەرقايسى ئەل-قەۋملەردە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىمۇ ئۇنىڭغا قويۇلغان ئۆلچەم ئوخشاش بولمىغان.

ھازىرقى كۈندە، مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى جەمئىيەتنىڭ ياخشى ئەزاسى. مەنىسىدىكى «ئادەم» نى ئۆز ئىدىئالى بويىچە تەسۋىرلەيدۇ؛ بۇ ئىدىئال شۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، ئاڭ فورماتسىيىسى، ھازىرقى ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەلىپى قاتارلىق مۇرەككەپ ئامىللاردىن شەكىللەنگەن بولىدۇ. ھەر بىر مىللەت تەربىيىدىن ئۆز ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مانا بۇ، مىللەتنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىدۇر. مائارىپ ئىدىيىسى شۇ ئەل خەلقلىرىنىڭ، شۇ مىللەتنىڭ ئۆز خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى، جەمئىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماس كېلىدۇ.

ئىنسانىيەتتە بولىدىغان نۇرغۇن ئورتاقلىقلار تۈپەيلى، ئەلۋەتتە، بىر مىللەتنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىدىن ئىككىنچى مىللەتنىڭ پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكى مەۋجۇد بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن دادىل پايدىلىنىش كېرەك. ھازىرقى كۈندە، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان ئۇچۇر-خەۋەرلەشىش ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تۆھپىسى تۈپەيلى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتلەردىكى پەرقلەر بارغانچە ئازايماقتا، بۇنىڭغا ئەگىشىپ مائارىپ ئىدىيىسىدىكى ئورتاق مەزمۇنلار بارغانچە كۆپەيمەكتە. شۇنىڭدىمۇ تەربىيە ئىشىداھەممە ئۈچۈن بىر خىل ئۆلچەمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىن بولغان خەنزۇ مىللىتى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر خىل مىللىي مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈردى. دۇنيادىن ئايرىلىپ ئۇزۇن مۇددەت يېپىق ھالەتتە تۇرۇش جۇڭگونىڭ مىللىي مەدەنىيىتىدىكى ئۆزىگە خاسلىقنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇۋەتتى. خەنزۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان پەرقى كۆپلىگەن باشقا ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە قارىغاندا، تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ھازىر خەنزۇلار دۇنيا مائارىپ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيەتلىرى بىلەن تولۇق خەۋەردار بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئېگىمىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مائارىپ ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى ۋە بۇ ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان تەربىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرچۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەربىيە مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆردىمۇ-يوق؟ ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ كىم بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار قانچىلىك ئىش قىلالىدى؟ مۇشۇ ھالەتتە ئەمدى بىز قايسى خىلدىكى «سۈپەت» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك؟!

بۇ يەردە يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، ئەگەر بىز مائارىپ ئىشلىرىنى ھەرقايسى ئۆزىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى بويىچە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىككى مىللەت بار دەپ پەرەز قىلساق ھەمدە ئۇلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇلارنى پەقەت مائارىپ پروگراممىلىرىنىڭ ئىلمىيلىك دەرىجىسى ۋە پروگراممىلارنى ياخشى يولغا قويالىغان-قويالمىغانلىقى جەھەتلەردىلا ئومۇمىي جەھەتتىن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ؛ لېكىن تەلىم-تەربىيە نەتىجىلىرىنى ئوقۇغۇچىلاردا يېتىلگەن مۇئەييەن بىر ئىقتىدار بويىچە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى تەربىيە ئوبيېكتى بولغان ئادەملەرنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ساھەسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. پولاتتا مۇستەھكەملىك ۋە ئېلاستىكىلىق خۇسۇسىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر تىغ ياكى ھەرخىل شەكىلدىكى پورژىنىلار ياسىلىدۇ. مىسنى بۇ جەھەتتە پولات بىلەن زادىلا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ؛ لېكىن مىس ئۆزىنىڭ يېيىلىشچانلىقى ۋە توك ئۆتكۈزۈشچانلىق ئالاھىدىلىكى بويىچە ھازىرقى زامان ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان مەتبە، توك يوللىرىنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ، پولات بۇ جەھەتتە زادىلا مىسنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ھەرقانداق ماتېرىيالنى، ئۇنىڭ ئەسلى ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ، ئۇنى رولى ئەڭ ياخشى جارى بولىدىغان ساھە بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەش، مۇشۇلا ئاقىلانىلىقتۇر.

مائارىپنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھەربىر شەخسنى تېگىشلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، مائارىپ كىشىلەردىكى ئېرسىيەتلىك خۇسۇسىيەتلەردىن ھالقىغان ھالدا ئۆز ئالدىغا پائالىيەت ئېلىپ بارالمايدۇ. بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچە، مائارىپ ئادەمنىڭ ئۆز تەبىئىتى - ۋۇجۇدىدا ئەسلى بولمىغان نەرسىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرمايدۇ؛ ئادەم تەربىيىلەش جەريانى ئادەمگە ئۆزىنى توغرا بايقاش، توغرا تونۇشنى ئۆگىتىش جەريانىدۇر. ھازىر بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان جىسمانىي ۋە ئەقلىي بايلىقىمىزنىڭ نېمىلەردىن دېرەك

www.uyghurkitap.com

بىرىدىغانلىقىنى تېخى چۈشىنىپ يەتكىنىمىز يوق؛ ئېهتىمال بىز ئىقتىدار جەھەتتە ئۆزىمىز يېتەلەيدىغان سەۋىيىدىن ناھايىتى يىراقتا تۇرماقتىمىز.

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى - ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. مەلۇم جەھەتتە باشقىلاردىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان بىر مىللەتنىڭ باشقا بىر ساھەدە ئوخشاشلا ئۈستۈن ياكى تەڭ ئورۇندا تۇرالىشى ناتايىن. بىز مائارىپ سۈپىتىگە باھا بەرگەندە، مائارىپنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا ئۇلارنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى قايسى دەرىجىدە تەرەققىي ئەتكۈزگەنلىكىگە قارايمىز. مائارىپ ئىشلىرىنى باھالىغاندا، ئۇنىڭ تەربىيە ئوبيېكتلىرىنى ئۇلار ئېرىشەلەيدىغان ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن قانچىلىك شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلىغانلىقىغا قارىشىمىز كېرەك.

2. رەھبىرىي خادىملار مەسىلىسى

مىللىي مەسئۇل خادىملار ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىك مەسىلىسى بۇ يالغۇز مائارىپ ساھەسىدىكىلا ئىش ئەمەس، لېكىن رەھبەرلىك ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا نىسبەتەن مائارىپ ساھەسى باشقا ھەرقانداق ساھەگە قارىغاندا تېخىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ، رەھبەرلىكنىڭ ئىقتىدارسىزلە-قىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان مائارىپتا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈندۇر بىز بەزى ئورۇنلاردا ئوخشاش بىر رەھبەرلىك قاتلىمىغا خەنزۇلاردىن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ كۆپرەك كىرگەنلىكى، مىللىيلاردىن بولسا ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ كۆپرەك كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئەھۋال مىللىي مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدا ئالاھىدە رول ئوينىدى.

رەھبىرىي خادىملار ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئاساسلىقى: بىرىنچىدىن ئومۇمىي مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش؛ ئىككىنچىدىن پېداگوگىكا - مائارىپ ئاساسىي بىلىملىرى بىلەن تونۇشلىقى يېتەرلىك بولماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىنكاس قىلىنىشىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى مەلۇم ناھىيىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل ھاكىمى بىرقېتىملىق يىغىندا: «باللار مەكتەپكە بېرىشى كېرەك، يۇقىرى شۇنداق ئۇقتۇرۇش قىلغانىكەن شۇنداق قىلماي بولمايدۇ» دېگەن. بىر يېزىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل بىر مۇئاۋىن سېكرىتارى بىر سورۇندا : «پارتىيىنىڭ سىياستى بويىچە ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ، شۇنداق تورۇقلۇق بىر تەتىلدە نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارغا مائاش بېرىمىز» دېگەن①.

بۇ مىسالدىن بىز بەزى جايلاردا مائارىپ ئىشلىرى مەكتەپنىمۇ، ئوقۇتقۇچىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز.

باي ناھىيىسىدىن جېلىل ئاۋۇت چوقان ئۆز كەنتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

20-ئەسىر ئاخىرلىشىپ قالدى. ئىنسانىيەت ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويىدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» 1986-يىلى 12 - ئاپرېل ئېلان قىلىنىپ، شۇ يىلى 1- ئىيۇلدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. مىڭغا يېقىن نوپۇسى بار كەنتىمىزدە ئېلېكتر سىمى تارتىلدى، بىر قىسىم دېھقانلىرىمىز باي بولدى. ئەپسۇسكى، ھازىر كەنتىمىزدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىغا قەدەم باسماق تۇگۇل، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلارمۇ يوق. ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىدىكى مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. يېزىلىق پارتكوم، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ بىلەن كارى يوق. توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى قانداق قانۇن؟! ئىجرا قىلىنامدۇ-يوق؟ كىم ئىجرا قىلىدۇ؟②

رەھبىرىي خادىملارنىڭ پېداگوگىكا ئاساسىي بىلىملىرى جەھەتتىكى ساۋادىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى مەكتەپلەردە نۇرغۇن غەلىتە ئىشلارنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مائارىپ سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى.

قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇغۇچىسى ئامىنە «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» گە يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىنىپىمىز ‹ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى›، ‹ئىلغار ئەمگەك كوللېكتىپى›، دېگەنگە ئوخشاش شان-شەرەپلەرنى ھازىرغىچە ھەر مەۋسۇمدە قولدىن بەرمەي كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بىز بۇ شان-شەرەپلەردىن قىلچە خۇشال ئەمەسمىز. چۈنكى بىز بۇ شان-شەرەپلەرگە ھەممىمىز قورقىدىغان ‹پۇل›، دىن ئىبارەت بۇ نەرسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئېرىشكەن»③. خەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇ سىنىپتا كۈچلۈك جەرىمانە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، دەرسكە قاتناشمىسا ئىككى كۈن سىنىپ تازىلىقى قىلىش، بەش موچەن جەرىمانە تۆلەش، تاپشۇرۇق ئىشلىمىسە ئىككى كۈن سىنىپ تازىلىقى قىلىش، ئۈچ موچەن تۆلەش، بىر كۈن دەرسكە كەلمىسە بەش يۈەن، رۇخسەت سورىسا ئۈچ يۈەن، ئىنتىپاقسىزلىق قىلسا، دەرس ۋاقتىدا ئۇيىاقتىن بۇياققا ماڭسا، پاراڭ سالسا... قاتارلىق بىرمۇنچە جەرىمانىلەر بەلگىلەنگەن. ئەگەر جەرىمانىنى ئوقۇغۇچىلار بىرىنچى كۈنىلا تاپشۇرمىسا 100% قوشۇپ تۆلەتكۈزگەن.

بەزى ئورۇنلاردا ئوقۇتقۇچىلار جەرىمانە تۆلەش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن. مارالبېشى ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن مۇھەممەتئىمىن ياقۇپ ناھىيىلەردە «ئوقۇتۇش سۈپىتى» مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغان ئوقۇتقۇچىلارغا جەرىمانە قويۇش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قېتىملىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يىللىق خىزمەت خۇلاسە يىغىنىدا ئون نەچچە ئوقۇتقۇچى يۈزلىگەن دېھقان ۋەكىللىرى ئالدىدا نەقمەيداندا نەچچە ئون يۈەندىن، نەچچە يۈز يۈەنگىچە جەرىمانە سوممىسىنى تەدبىر ئىجرا قىلىش كوللېگىيىسىگە تاپشۇردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆلىگەن جەرىمانە بىر ئايلىق مائاشىدىن كۆپ ئىدى. بۇ دەل ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنلىرى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار تۈنۈگۈن ئالغان مائاشىنى بۈگۈن جەرىمانە ئۈچۈن تۆلىدى»④. بۇ ئىشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ «بوش كەلمىگەن».

ئۇلار «ئاقماس» قارشىلىق پىكىرلىرى ۋە تۈگىمەس تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن، تۇرمۇشقا يەتمەيۋاتقان مائاشتىن يەنە جەرىمانە تۆلىمەسلىك ئۈچۈن، «ئۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ، «ئىمتىھان ئارقىلىق سان يارىتىش، ئامال قىلىپ جەرىمانىنى مۇكاپاتقا ئايلاندۇرۇش» تاكتىكىسىنى قوللانغان. ئوقۇتقۇچىلار: «مائارىپقا رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسى قەرزگە بوغۇلۇپ كەتسىمۇ مەيلى» دېيىشكەن. نەتىجىدە ھەرخىل ساختىلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىگە ماس كەلمەيدىغان «يۇقىرى سۈپەت»لەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش شىركىتى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپتىن رېشىت ئىمىننىڭمۇ مۇشۇ خىلدىكى مەسىلىنى ئىنكاس قىلغىنىدىن قارىغاندا، «يۇقىرى سۈپەت يارىتىش» تاكتىكىسى خېلى جىق ئورۇنلاردا بازار تاپقانلىقى مەلۇم. رېشىت ئىمىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «سۈپەت ئۆستۈرۈش» تەدبىرلىرىدىن مۇنداق بەش تۈرلۈك ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ: 1. ئىمتىھان سوئاللىنى ئاسان چىقىرىش؛ 2. ئىمتىھاندىن ئىلگىرى سوئاللارنى ئوقۇغۇچىلارغا ئاشكارىلاپ قويۇش؛ 3. ئىمتىھان تۈزۈمىنى بوشىتىش؛ 4. ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنى جۈپلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزۈشنى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارغا ۋەزىپە قىلىش؛ 5. ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تەكشۈرۈشتە ئۆلچەمنى قويۇۋېتىش، نەتىجىنى كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىش⑤. دېمەك بىرقىسىم رەھبىرىي خادىملارنىڭ مائارىپ كەسپىي سەۋىيىسى ئۇلارنى جەرىمانە قويۇش ئارقىلىق مائارىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلىشتەك بىمەنىلىككە يېتەكلىگەن.

مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەكتەپ رەھبەرلىرى ئىچىدە بەلگىلىك كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە، پېداگوگىكا بىلىملىرىدىن ساۋاتى بولغان ئىقتىدارلىق كىشىلەر يوق دېيىلسە، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى ھەرقايسى ئورۇنلاردىن تاپقىلى بولىدۇ. گەرچە ئۇلار ئۆزىنى مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان سەممىي كىشىلەر بولسىمۇ، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توسالغۇغا ئۇچراپ، ئۆز رولىنى تېگىشلىك دەرىجىدە جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ.

ئاددىي بىر مىسال ئالساق، غۇلجا ناھىيە خۇدىيارىيۈزىدىكى مەلۇم كەنت مەسئۇلى يېزىدىكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ. چۈنكى 440قا يېقىن تۇتۇن ئولتۇراقلاشقان ئۇلارنىڭ كەنتىدە چوڭ-كىچىك 18گىلەم توقۇش ئۆيى بار بولۇپ، ئۇلاردا ئىشلەۋاتقان 223نەپەر ئىشچىنىڭ 50پىرسەنتى ئوقۇش يېشىدىكى باللار ئىكەن. كارخانىدىكى بالا ئىشچىلار گىلەمنى خوجايىن بەلگىلىگەن مۇددەت ئىچىدە توقۇپ بولۇش ئۈچۈن كۈنىگە 10سائەتتىن 12سائەتكىچە ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان. كەنتتىكى مەسئۇل خادىم بۇ مەسىلىنى قول سېلىپ بىر تەرەپ قىلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئىلاج قىلالمىغان. بۇ ھەقتە كەنت مەسئۇلى: «ئاشۇ نارەسىدە باللارنىڭ قېنىنى شوراپ باي بولغانلار تەكشۈرۈلۈپ، مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلۈش ئورنىغا ئۇلار ئۆزلىرى گېزىت-ژۇرنال-لار، رادىئو-تېلېۋىزورلاردا «ئالدىن بېيىغان كارخانىچىلار»، دەپ كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتسا، بىزگە ئوخشاش «ئۇششاق» رەھبەرلەر بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلالايمىز» دەپ ھال ئېيتىدۇ.

يەنە بىر مىسال: مەلۇم بىر شەھەرنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىر تۇتاش ئىمتىھاندىكى نەتىجىسىدە تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەندە، شەھەرلىك ھۆكۈمەت شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇلارغا 1994-يىللىق - تۆۋەنتىكى ئىمتىھاندا چوقۇم ياخشى نەتىجە يارىتىش تەلىپىنى قويىدۇ. ئىمتىھان ئىشلىرى ئەزەلدىن ساغلام ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ شەھەردە ئەزەلدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان مەيدانىدا ئولتۇرۇش ئورنى مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، ئەسلىدىكى ئوقۇغۇچىلىق نومۇر تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. 1994-يىللىق ئىمتىھاندا مائارىپ ئىدارىسى بۇ ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان ئورۇن تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىش ئىشىنى ئىچكى جەھەتتە مەكتەپلەرگە چۈشۈرۈپ بەرگەن. مەكتەپلەر تىزىملىك تۈزگەندە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ ئولتۇرغۇزۇشتەك «يۇقىرى سۈپەت يارىتىش تاكتىكىسى»نى قوللانغان. بىلىشىمىزچە، مەلۇم مەكتەپنىڭ مەسئۇلى بۇنى مىللەتنىڭ مائارىپ سۈپىتىنى ۋەيران قىلىدىغان ناچار ئۇسۇل دەپ قاراپ، ئىمتىھان ئېلىشتا شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى ساغلام قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرغان ۋە ئۆز مەكتىپىدە يېڭى ئۇسۇلنى قوللانماسلىقنى قارار قىلغان. لېكىن، ئاخىرىدا بۇ ئىرادىلىك مەكتەپ مۇدىرىنى ئۇنىڭ خىزمەتداش دوستلىرى قايىل قىلىپ پىكرىدىن ياندۇرغان. دوستلىرى ئۇنىڭغا: «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتىنى ئاشۇرغان مەكتەپلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات سوممىسىنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ئۆزۈڭلەر بېكىتكەن؛ باشقا مەكتەپلەر «يۇقىرى سۈپەت» يارىتىپ مۇكاپاتلانسا، سەن ھەقىقىي مائارىپچىلىق سالاھىيىتىڭنى ساقلاپ تەنقىد ئاڭلىماقچىمۇ؟ بىزنىڭ ئويلايدىغىنىمىزمۇ ئوخشاشلا ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى. لېكىن بىزگە پۇل بولمىسا بولمايدۇ. ئەگەر بىز سېنىڭ تۈپەيلىڭدىن ئالىيجاناب گاداي مائارىپچى بولۇپ يۈرۈۋەرسەك سەن بۇنى راۋا كۆرەمسەن؟» دېگەن.

بىز بۇ يەردە بەزى رەھبىرىي خادىملاردا ساقلىنىۋاتقان ناپاكلىق-نەپسانىيەتچىلىكتەك ناچار ئىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كەلتۈرۈۋاتقان زىيانلىرى توغرىسىدا توختالمايمىز، چۈنكى بۇ خىل ناچار ئىللەتلەر يالغۇز مىللىي رەھبەرلەرگىلا خاس ئىش ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ماقالىمىزنىڭ كېيىنكى قىسمىدا بۇ ھەقتە توختىلىشقا ئۆزىمىزگە يەنە پۇرسەت بېرىمىز.

### 3. ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر

1993-يىلى ئۈرۈمچى نەنلياڭ شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ چەت ئەل تىللىرى كىتاب بۆلۈمى

www.uyghurkitap.com

يىغىشتۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن باشقىچە قىلىپ ئۆزگەرتىلىشكە باشلىدى. بۇ بۆلۈم بارغانچە ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، سىرتتىن قارىماققا قەدىمىي تاش غارغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. «غار» ئاغزىدا تاش تامدىن ئويۇپ چىقىرىلغان بىر نەچچە خۇنۇك چىراي پەيدا بولدى، كىشىلەر بۇ بىنانىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشالمىدى. ئىش ئاخىرى ئايدىڭلاشتى: «غار» ئاغزىغا «هاراق ئىلاهى قەسرى» دېگەن ئالتۇن رەڭلىك قاپارتما خەتلەر ئويۇپ چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدىكى يېرىم ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە «بەينەلمىلەل كىتابخانىسى»نىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدا ئەمدى كىشىلەر يەرلىك تىلدا ئىسىم قويۇلمىغان بىر قاۋاقخانىنى كۆرۈدىغان بولدى.. بۇ هەيۋەتلىك قاۋاقخانا دەل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئۇدۇلىدا بولۇپ، هېچبىر ئەيمەنمەستىن ئۇنىڭغا روبىرو هالدا غادىيىپ تۇراتتى (بۇ ئورۇننىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى هازىر ئۆزگەرتىلدى). كىشىلەردە: «كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم تېپىلمىغىنى بىلەن، هاراق ئىچىدىغان ئادەم تېپىلىدىغان زامان بوپتۇ» دېيىشتى. بۇ بىزگە كىشىلەر كۆڭلىنىڭ كىتابقا قارىغاندا، هاراققا بەكرەك تارتىدىغان بولۇپ قالغانلىقى مەسىلىسىنىلا ئەمەس، باشقا تېخىمۇ مۇهىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى، يەنى كىشىلەردىكى پۇل تېپىش خاهىشىنىڭ كىتاب دۇكىنىنى تاقىۋېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىشىلەر بۇرۇن هايات يولىدا كېتىۋېتىپ، ئاندا ـ ساندا «پۇل، پۇل» دەپ قويۇشاتتى؛ ئەمدىلىكتە ئۇلار گويا سائەتنىڭ ماياتنىكىدەك ماڭدامدا بىر: «پۇل، پۇل، پۇل!» دەپ تەكرارلاپ تۇرۇدىغان بولۇپ قېلىشتى. كىشىلەرگە نېمە ئامال، جاهان ئۆزگەردى، پۇل بولمىسا ئىش پۈتمەيدىغان، پۇل بولسىلا ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان ئىشلارنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان، پۇل بەزىدە قانۇن هۆكمىنىمۇ ئەمتىرىتىپ قويۇدىغان تۇرسا، كىشىلەر پۇل تاپماي نېمە قىلسۇن. پۇل هەلەكچىلىكىدە مائارىپ بارغانچە كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قېلىشقا باشلىدى. بۇ ئەهۋال مۇنداق ئىككى جەهەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى: بىرى، هۆكۈمەتنىڭ مائارىپقا ئاجراتقان سېلىنمىسىنىڭ نىسبىي كېمىيىش مەسىلىسى، يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا «ئوقۇش ئەسقاتمايدۇ» دەيدىغان قاراش قايتا ئەۋج ئېلىش مەسىلىسى.

1. جەمئىيەتتە كۆپلىگەن مالىيە مەبلىغى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تېز بولغان ساهەلەرگە قارىتىلىپ كەتكەنلىكتىن، مائارىپقا ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئازلاپ كەتتى. مائارىپنىڭ ستراتېگىيىلىك مۇهىم ئورنى هەققىدىكى تەسىرلىك ئىبارىلەر هۆكۈمەت هۆججەتلىرىدە تولۇپ ياتقان بولسىمۇ، ئۇنى ئەمەلدە ئىجرا قىلغىلى بولمىدى. مەسىلەن، 1989-يىلى يىل ئاخىرىدا شۇ يىللىق مائارىپقا ئاجرىتىلغان، راسخوتنىڭ 1988-يىلدىكىدىن 15.4 % ئاشقانلىقى هەققىدىكى كىشىنى هاياجانغا سالىدىغان خەۋەر تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە پۇل پاخاللىقى ئاللىقاچان 18 % كە

يەتكەنىدى⑥.

مائارىپ مەبلىغى مەسىلىسىنىڭ مىللىي مائارىپقا بولغان تەسىرى تېخىمۇ زور بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا مائارىپى مىللىي مائارىپنىڭ ئاساسى هېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاهالىسىنىڭ 85%تىن كۆپرەكى يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان. مائارىپ مەبلىغىنى يۆتكەپ ئىشلەتمەسلىك هەققىدە هۆكۈمەتنىڭ قاتتىق بەلگىلىمىلىرى بولۇشىغا قارىماي يەنىلا ئەمەلىيەت، ئەزەلدىنلا ئانچە كۆپ بولمىغان مائارىپ مەبلىغىنىڭ يېزىلارغا يېتىپ بارغان قىسمىنىڭ هەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېخىمۇ ئازلاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

1989-يىلى خوتەن يېزىلىرىدىن بىۋاستە ئىگىلىشىمىزچە، خىراجەتنىڭ كەملىكىدىن بەزى مەكتەپلەردە دەرس تەييارلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قەغەز، قەلەم، سىيا ۋە باشقا ئوقۇتۇشقا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئوقۇتقۇچىلار ئۆز پۇلىغا سېتىۋېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. «مەن مەكتەپ مۇدىرلىق خىزمىتىمدىن ئىستىپا سوراپ يۇقىرىغا ئىككى قېتىم ئىلتىماس يازدىم، ـ دەيدۇ مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى، ـ ئەگەر بىزگە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىدىن سىرت بىر ئوقۇش يىلى ئۈچۈن 4000يۈەن خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىلگەن بولسا، مەن مەكتەپنى ئىنتايىن مەمنۇنىيەت بىلەن كۆڭۈللۈك باشقۇرغان بولاتتىم». شۇ چاغدا 600دىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان بۇ مەكتەپكە بېرىلىۋاتقىنى 2000يۈەن بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرى سىناق تەرىقىسىدە بارلىق زۆرۈر ئۇششاق خىراجەتلەرنىڭ هەممىسىنى مەخسۇس خاتىرىلەپ هېسابات قىلىپ كۆرگەن. بىر يىللىق خىراجەت ئۈچۈن بېرىلگەن 2000يۈەن پۇل پەقەت بىر ئوقۇش مەۋسۇمى ئۈچۈنلا يېتىدىكەن. كېيىنچە، 1992-يىلىدىن باشلاپ دۆلەت يېزا مائارىپى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىدىن باشقا هېچقانداق خىراجەتنى ئۈستىگە ئالمايدىغان بولدى. مەكتەپكە كېرەكلىك باشقا خىراجەتلەرنى يېزا ـ كەنتلەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن دېهقانلاردىن پۇل يىغىپ ياكى باشقا ئامىللار بىلەن هەل قىلغان. مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئەقلىي كۈچىنى خورىتىدىغان مۇهىم مەزمۇن بولۇپ قالغان.

«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 2-، 3 (قوشما) - سانىدا بېرىلگەن تەهرىر ئىلاۋىسىدىن قارىغاندا، بەزى مەكتەپلەر پۇل تېپىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىش ئۈچۈن هەپتىلەپ دەرس توختىتىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرغان. بىر قىسىم مەكتەپلەرگە هەربىر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ئۈچۈن يۇقىرىدىن ئىقتىسادىي كىرىم كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بېرىلگەن؛ ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ ئورۇندالمىغان قىسمى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىدىن تۇتۇپ قېلىنغان.

1989-يىلى پوسكام ناهىيە ئايكۆل يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە 11سىنىپ، 365 ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، نەچچە يىل ئىلگىرىلا مەكتەپ ئۆيلىرى

كونىراپ كەتكەنلىكتىن، ئۈچ سىنىپ كەنت ئىشخانىلىرىدا، سەككىز سىنىپ يېزا تەۋەسىدىكى تۆت باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇشقا مەجبۇر بولغان. ئوتتۇرا مەكتەپ خارابىلىققا ئايلىنىپ قالغان. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بىر قانچە ئون كىلومېتىر يول يۈرۈپ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقتىن تەلىم-تەربىيە سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكەن[7].

دۆلەت مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى يېڭىلاش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ مەسىلە كېيىنكى يىللارغىچە ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى.

1992-يىلى 12-مارت چۈش مەزگىلىدە كۆنەس ناھىيىسى ئارالتۆپە يېزىسىدا ئۇشتۇمتۇت يەر تەۋرەپ، بۇ يېزىنىڭ قاراسۇ كەنتىدىكى ئەسلىدىلا تەرەپ-تەرەپتىن چاك كېتىپ، تىرەك قويۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرى بىراقلا خارابىلىققا ئايلىنىپ قالغان (ئاپەت چۈش مەزگىلىدە يۈز بەرگەچكە ئادەم چىقىم بولمىغان). يەر تەۋرەشتىن كېيىن جامائەتچىلىك ۋە يېزا ئاساسىي قاتلام مەسئۇللىرى مىڭ مۇشەققەتتە 50مو يەر ئاجرىتىپ، 150مىڭ يۈەن ئىئانە توپلىغان بولسىمۇ، بۇ پۇل مەكتەپنى قايتا سېلىشقا كېتىدىغان 750مىڭ يۈەن خامچوتتىن 600مىڭ يۈەن كەم بولغان. بىر يىلدىن بېرى ئوقۇغۇچىلار دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئوقۇپ، ياز يورۇغاندا يورۇق دۇنيا - مەكتەپ مەيدانىغا چىقىپ دەرس ئوقىغان. بۇ ئەھۋالغا كۆڭۈل بۆلىدىغان جامائەتچىلىكنىڭ پۇل ئىئانە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»نىڭ 1993-يىل 11-ماي سانىدا مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلغان.

شەرقىي شىنجاڭ بويىچە تارىخى ئەڭ قەدىمى مەكتەپ - ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولغان تۇرپان - ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپىدە تاكى 1996-يىلىغىچە ئوقۇغۇچىلار تاملىرى دەز كېتىپ ئىچى-تېشىدىن تىرەپ قويۇلغان خەتەرلىك سىنىپلاردا دەرس ئوقۇشقا مەجبۇر بولغان. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سانسىز ئاسمانپەلەك ئېگىز بىنالىرى بىلەن كىشىگە زامانىۋى مەدەنىيەت تۇيغۇسى بېرىپ تۇرىدىغان مائارىپ مەركىزى - ئۈرۈمچى شەھىرىدىن 200كىلومېتىرلا يىراقلىقتىكى بۇ يېزا مەكتىپىدە ئەنە شۇ دەز كەتكەن سىنىپلارمۇ يېتىشمىگەنلىكتىن، چۈشتىن ئىلگىرى ۋە چۈشتىن كېيىن بولۇپ، چوڭ ئىككى سمېنىدا دەرس ئوقىغان.

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1995-يىل 16-ئىيۇل سانىغا «بىلىم ئىشقىدا» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە فوتو سۈرەت بېسىلغان. بۇ سۈرەتتە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدىكى بىر دەرسخانىنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىھات بىلەن بېرىلىپ خەت يېزىۋاتقانلىقى نامايەن بولىدۇ. بىز بۇ سۈرەتتىن يەنە سىنىپنىڭ يېرىمىغا پارتا قويۇلمىغانلىقىنى، پارتا يېتىشمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ داق يەردە ئولتۇرۇپ، دەپتىرىنى تىزىغا قويۇپ خەت يېزىۋاتقانلىق مەنزىرىسىنى كۆرىمىز.

2. 1991-يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۈرۈمچى كونسۇل كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، قۇلىقىمغا: «مۇئەللىم، گۆش ئېلىۋېلىڭ» دېگەن ئاۋاز ئىشتىلگەندەك قىلدى. ياندىكى دۇكانغا قاراپ ئەينى چاغدا ئۆزۈم ئوقۇتقان 16ياشلار چامىسىدىكى قارىماتاق ئۆسمۈرنى تونۇپ قالدىم. ئۇ، ئالدىغا قاسساپلارنىڭ پەشتامبىلىنى تارتىۋالغان ھالدا ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. «مۇئەللىم، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، ئەينى چاغدا مەن سىزنى تولا قاقشاتقانىدىم. گۆش ئېلىۋېلىڭ، ئەرزان باھادا بېرەي، سىلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پۇلى كۆپ ئەمەس» دېدى ئۇ. بۇ ئوقۇغۇچى مەكتەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن دادىسىغا ياردەملىشىپ گۆش ساتىدىكەن. كۈندىلىك ساپ كىرىمى 40 يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا مەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى بولساممۇ ئايلىق مائاشىم 400 يۈەنگە يەتمەيتتى.

ياپونىيىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ «ئىتتىپاق تىياتىرى» ئالدىدا ئەينى يىللاردا ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، ھازىر خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، خېلىلا روناق تېپىپ قالغان ئىقتىدارلىق بىر ساۋاقدىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇلار ئاۋات كەچكى بازاردا توخۇ كاۋىپى بىلەن پىۋا ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆز ئىشلىرى ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ. «ئىستىقباللىق بالا ئىدىڭ، سودا ئىشى ساڭا ياراشمايدۇ، قول ئاستىمدا 16 خىزمەتچى ئىشلەيدۇ، دەپ مەست بولۇپ يۈرەمسەن، ئىلمىي تەتقىقات تالانتىڭنى زايا قىپسەن» دەيدۇ ئاسپىرانت. «ئىگىلىك تىكلەش قولۇڭدىن كەلگەن بولسا، ئوقۇيمەن دەپ ياپونىيىدە يۈرمەيتتىڭ» دەيدۇ كارخانىچى. شۇنداق دېيىشىپ ئۇلار قىزىرىشىپ قالىدۇ. تالىشىپ گەپنىڭ ئاخىرى: «چاغلاپ سۆزلە، تەتقىقاتىڭدىن نەتىجە چىقىپ قالغىدەك بولسا، ئۇنى مەن سېتىۋالىمەن، قول ئاستىمدا ئىشلەيسەن، نەتىجە چىقىرالمىساڭمۇ كېرەك يوق، يۇقىرى مائاشقا قىزىقساڭ مېنى ئىزدە» دېگەن جايغىچە كېلىدۇ. قىرىشقاندەك ئىش تەتۈر كېلىپ ئاسپىرانتنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل كاۋاپ بىلەن پىۋا پۇلىغا چىقىش قىلمىغانلىقتىن، پۇلنى كارخانىچى تۆلەيدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەم مۇھىتنىڭ مەھسۇلى. رېئال ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قارىتا كىشىلەر پەرۋاسىز تۇرالمايدۇ. بىلىم ئەھلىلىرى پۇللۇقلارنىڭ قولىغا قاراپ قېلىۋاتقان بۇ رېئاللىق ئالدىدا كىشىلەر ئەمدى قايسى يولغا قاراپ ماڭماقچى؟! ئەسلىدىلا مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغان خەلقىمىز، پۇل تېپىش پۇرسىتى بىلەن مائارىپ بۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاش توغرا كەلگەندە، ئۇلار كۆزنى يۇمۇپلا مائارىپنى تاشلىۋەتتى. بۇمۇ خەلقىمىزنىڭ تېگىشلىك مەدەنىيەت تەربىيىسىگە ئىگە بولالمىغانلىقى، قورساق ۋە كىيىم-كېچەكنىڭ غېمىدە ئۇزۇن مۇددەت زارىقىپ يۈرۈپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

خەلقىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قىزىقماسلىق روھىي ھالىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە، زىيالىيلىرىمىزنىڭ پاجىئەلىك ئۆتمۈشى ئامىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. 1949-يىلىدىن ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىمىز شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن ۋە قىرغىن قىلىندى؛ 1958-يىلى دائىرىسى كېڭەيتىلگەن «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتىدە كۆپلىگەن سەرخىل يەرلىك مىللەت زىيالىيلىرى ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ سەپتىن چىقتى؛ ئون يىللىق مەدەنىيەت قالايمىقانچىلىقىدا ئىززىتى تۆكۈلمىگەن بىرمۇ زىيالىي قالمىدى. بۇ ئىشلارنىڭ شاھىدى بولغان ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش ئىشلىرىغا كۆپ باش قاتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى (ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مەكتەپتە ئوقۇغانلار زىيالىي بولۇپ چىقاتتى). باللارنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇش مۇددىتى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئەپلىك كۆرۈنىدىغان ... تىرىكچىلىك يولىنى تېپىپ بەرگەنگە قەدەرلا بولىدىغان بولۇپ قالدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆتۈرۈلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش دولقۇنى، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى شەكىللەندۇرگەن ئۇنىۋېرسال مەنىۋىيەت كېسەللىكى ئالامىتى بولسا كېرەك. غۇلجا شەھىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا، 1989 - ، 1990-ئوقۇش يىلىدا شەھەر بويىچە 1009 نەپەر ئوقۇش يېشىدىكى بالا مەكتەپكە كىرمىگەن، 952 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 107 نەپەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مەكتەپتىن چېكىنگەن. مەكتەپتىن چېكىنگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بالا ئىشچى، بالا سودىگەر بولۇپ كەتكەن⑧. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىساد تەتقىقات مەركىزىدىن ھېيىت سوپىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، خوتەن ۋىلايىتىدە 1990-1993-يىللار ئارىلىقىدا ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپتىن چېكىنگەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ % 9 .24نى ئىگىلىگەن. چېكىنىش سەۋەبى، دېھقان-چارۋىچىلاردا: «ئوقۇشنىڭ كېرىكى يوق» دېگەن ئىدىيە ئېغىر بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ئوقۇش خىراجىتىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ئاتا-ئانىلارنىڭ يۈكى ئېغىرلاشقان⑨. غۇلجا ناھىيە خۇدىيارىيۈزى مەلۇم كەنت باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى ئىقتىسادىي بېسىم سەۋەبلىك ئوقۇشتىن چېكىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «دېھقانلارنىڭ ئەسلىدىكى ‹يەتتە تۇرلۇك سېلىقى 70 تۇرلۇك›، كە يەتكەن تۇرسا، ئۇنى ئاز دەپ ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ھارغىچە سېلىق يۈكلىنىۋاتسا، باللار ئوقۇشتىن چېكىنمەي قانداق قىلىدۇ؟ يۇقىرى ئۆز كۈچۈڭلەرگە تايىنىڭلار دېسە، بىز ئاپىرىپ ئوقۇغۇچىلارغا قىزىلچا كولىتىمىز، قوناق ئورغۇزىمىز. . . ھازىر ئوقۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرى كۆپ، باھاسى قىممەت، شۇڭا بەزى ئوقۇغۇچىلار ئىقتىسادنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ئاتا-ئانىسىنىڭ زورى بىلەن چېكىنىۋاتىدۇ» دەيدۇ.

جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى، زامانىمىزدىكى يېتۈك ئۇيغۇر ئالىم، مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تارىخ، پەلسەپە، ئىستېتىكا ساھەلىرىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئۇنىۋېرسال تالانت ئىگىسى ئىدى. ئۇ، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئائىلە مەدەنىيىتى» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدا بوستانلىق بىلەن قۇملۇقنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى» قاتارلىق 200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يېزىپ، 170 پارچىدىن ئارتۇقراقىنى جامائەتچىلىك بىلەن كۆرۈشتۈرگەن، 2000 پارچىگە يېقىن شېئىر ۋە باشقا ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدۇرغان كىشى بولسىمۇ، ھايات ۋاقتىدا تۈزۈكرەك مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ شاگىرتى، ياش ئەدەبىي تەنقىدچى يالقۇن روزى ئۇستازىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىر تەڭدىشى يوق ئالىمىمىز ئۆلۈپ كەتسە، بىز نېمە ئىش قىلدۇق؟ ھەر بايرام كەلسە يۈزلەپ شېئىر يازىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرەرسىمۇ مەرسىيە يازمىدىغۇ؟ قىچىشقاقنىڭ دورىسىنى يىللاپ ئېلان قىلىپ ھارمايدىغان رادىئو-تېلېۋىزىيىلىرىمىز بىرەر پارچىمۇ خەۋەر بەرمىدىغۇ؟ بىر ئادەمنىڭ خىزمەت كىينىشكىسى يىتىپ كەتسە ئالقانچىلىك يەرگە ئېلان بېرىدىغان ‹ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى›، بارماقچىلىك يەرگە كاۋاك چالمىسى قاتارىدا كىچىككىنە خەۋەر بېرىپ قويىدىغۇ؟ ئەجەبا، بىزدە ئالىم شۇنچە كۆپمۇ؟ بىر نازىر ئۆلۈپ كەتسە ‹ئورنىغا مەن بار› دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقىدىغان ئادەمدىن كۆرمىگى چىقىدۇ، قېنى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالىملىق ئورنىغا مەن تەييار دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىرەر ئەزىمەت بارمۇ؟». ⑩

مىللىتىمىز ۋە جەمئىيىتىمىز ھەققىدە ئۆز قاراشلىرىنى پات-پات ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان، ئەسەرلىرىنى خەلقىمىز ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان يازغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر يەنە شۇ مۇتەپەككۇر توغرىسىدا توختىلىپ: «ئەگەر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ياۋروپالىق ئالىم بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئەسىرىنى تۇتىيا بىلگەن، ئۆزىنى پەرىشتە ھېسابلىغان بولار ئىدۇق» دەپ مىللەتنىڭ نادانلىقىغا ئېچىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن روس، گېرمان، ئېنگلىز، ياپون، خەنزۇ، قازاق بولغان بولسا، بىز كۆرسەتكەن كۈننىڭ دەل يەنە بىر تەرىپىنى كۆرگەن - قالتىس قەدىرلەنگەن بولار ئىدى» دەپ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن ئاغرىنىدۇ.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرما بولغان ھالدا

زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئالىمى، «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ۋاپاتىدا باشقىچە بىر خىل مەنزىرە نامايەن بولدى. ھېچقانداق ئورۇننىڭ تەشكىللىشى بولمىغان ھالدا مەرھۇمنىڭ نامىزى ئۈچۈن ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا يىغىلغان جامائەت سانى جەھەتتە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتكەنىدى. ياشانغانلار ۋە ياشلار، ئالىملار ۋە كاسىپلار، شائىرلار ۋە ھامماللار، ھۆكۈمەت رەئىسلىرىدىن تارتىپ ئوقۇغۇچى، تالىپلارغىچە ھەممە تەبىقە كىشىلىرى بۇ يەرگە جەم بولغانىدى. ئۆزلىكىدىن تەشكىللەنگەن تۆت دانە تېلېكامېرا بۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى ھەر تەرەپتىن سۈرەتكە ئالماقتائىدى. تاۋۇتنىڭ كەينىدە ئۇزاتقۇچىلار ئولتۇرغان ئىككى كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئاپتوموبىل ئەترىتى قارىمۇقارشى قاتنايدىغان قوش لىنىيىلىك يەنئەن يولىنى پۈتكۈل كەڭلىكى بويىچە قاپلاپ، يەككە لىنىيە بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئادەت بويىچە 200 مېتىردەك قولدا كۆتۈرۈپ مېڭىپ، ئاندىن ئاپتوموبىلغا سېلىنىدىغان تاۋۇت 5 كىلومېتىر كېلىدىغان پۈتكۈل مۇساپىدە قولدىن قولغا ئۆتۈپ، گۈلدۈرلىگەن ھەيۋەتلىك تەكبىر سادالىرى ئىچىدە قەبرىستانغا ئېلىپ بېرىلدى. كىشىلەر تاۋۇتنى مۇرىسىگە قويماي خۇددى بايراق كۆتۈرگەندەك جەينىكىنى ئەگمەي باش ئۈستىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ بارماقتا ئىدى. شۇنى كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇنى ئۇزىتىشقا كەلگەن بۇ ئىخلاسمەنلەر ئىچىدە مەرھۇمنى بىرمۇ قېتىم يۈز تۇرانە كۆرمىگەن كىشىلەر مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

يېقىنقى پاكىتلاردىن قارىغاندا، ھازىرچە بىز ئۈچۈن «ئائىلە مەدەنىيىتى» ياكى «بوستانلىق بىلەن قۇملۇقنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى» نى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا قالدۇرغان «ئىز» لىرىنى ئوبدانراق بىلىش، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى چۈشىنىش، ۋۇجۇدىمىزنى ئاختۇرۇپ مىللەتنى نادانلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش تېخىمۇ مۇھىم مەزمۇندەك قىلىدۇ. ئېھتىمال، بۇ مەزمۇن زامانىنىڭ بىزگە شۇنداقلا مائارىپقا قويغان تەلىپى بولۇشى مۇمكىن. بىز يەنە شۇنى كۆرۈپ يېتىمىزكى، كەلگۈسىدە بىز «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» نى تېپىلغۇسىز ئەڭگۈشتەر قاتارىدا تېخىمۇ قەدىرلەپ ئوقۇساق ئەجەب ئەمەس.

### 4. ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلار سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىك مەسىلىسى ئەسلىدە مىللىي مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن بىر تۇتاش مەسىلە؛ بۇ بىر پاسسىپ دەۋرقىلىشكى، تۆۋەن سۈپەتلىك مائارىپتىن سۈپىتى تۆۋەن ئوقۇتقۇچى يېتىشىپ چىقىدۇ. ئوقۇتقۇچى سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى ئۆز نۆۋىتىدە مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شەھەرلەردە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ئاساسەن تولۇق دېيىشكە بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يېتەرلىك ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ياكى تولۇق كۇرسلىرىنى تۈگەتكەن خادىملار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار كەسپىي سەۋىيە جەھەتتە بىر-بىرىدىن خېلىلا پەرق قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئۆزى ئۆتۈۋاتقان پەننىڭ پروگراممىسىنى بىلمەيدىغان، بۇ دەرسنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىكى ئىدىيە، مەقسەتنى چۈشەنمەيدىغان ئەھۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇد. ئۆلۈك كىتاب ئوقۇشنىلا بىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش بىلەن كارى بولماسلىق ھەقىقەتەنمۇ ئوقۇتقۇچىلاردىكى بىر خىل كېسەللىك دېيىشكە بولىدۇ. تۇرپان شەھىرىدىكى مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا: «سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟ ئۆيىڭىزدە كىملەر بار؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ ئىمتىھان ئالغاندا، ئوقۇغۇچىلار: «مۇئەللىم بىزگە بۇنداق دەرسنى ئۆتمىگەن» دەپ جاۋاپ بەرگەن[11]. دەرسلىك كىتابنىڭ مەزمۇنىنى خېلى تەستە چۈشىنىپ، كېيىنكى كۈنى ئۇنى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ھەممە يەردىن تاپقىلى بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردە ساقلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، دىپلوم تارقىتىش ۋە خىزمەت تەقسىماتى جەھەتلەردىكى بىر قىسىم ناچار ئىللەتلەر، شۇنىڭدەك مەكتەپلەردىكى بۇرۇن مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ئېتىبار بېرىشلا بولۇپ، شاللاش تۈزۈمىنىڭ يوق بولۇشى قاتارلىق ئەھۋاللار ئوقۇتقۇچىلار سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم سەۋەبلەر ھېسابلىنىدۇ.

بىز يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىچىدە ھەر قايسى جەھەتلەردە ياراملىق - قابىل ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس. مۇشۇ قابىل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي جەھەتتە يېتەكلەپ مېڭىشى ۋە ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىھاتى ئارقىسىدا مەكتەپلەرنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى نورمال يۈرۈشۈپ تۇرىدۇ.

گەرچە، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كەسپىي سۈپىتىدە بىر قىسىم مەسىلىلەر بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئۆز خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى تونۇيدىغان، شەرەپ ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھېس قىلىدىغان ياخشى پەزىلەتلىك كىشىلەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئىچىدە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە، ھەر جەھەتتىن ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئەگەر ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا بىر قىسىم بوشاڭلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك ئەھۋاللىرىنى سەزگەن بولساق، ئۇنداقتا بۇ روھىي ھالەتنى ئۇلار دۇچ كەلگەن ھەر خىل قىسمەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان.

شەھەرلەردە ئۇلار دۇچ كېلىدىغان بىرىنچى مەسىلە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى باشقىلارغا نىسبەتەن كەمبەغەل ھېس قىلىش روھىي بېسىمىدىن ئىبارەت. ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى بىر نەچچە قېتىم ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، باشقا خادىملارنىڭ مائاشى سوئدىشىپلا ئۆسۈپ، يېرىم يىلغا قالماي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى بىلەن

تەگلىشىپلا تۇردى.

ماتاش جەدىۋەللىرىدە گەرچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماتاشى يۇقىرىراق بولسىمۇ، ئەمەلىي كىرىم جەھەتتە ئۇلار باشقا خادىملارغا يېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار باشقىلار بەھرىمەن بولىدىغان نۇرغۇن قوشۇمچە كىرىملەردىن مەھرۇم قالغان. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باشقىلاردىن يەنە بىر پەرقى، ئۇلارنىڭ سودا خاراكتېرىدە قوشۇمچە تىجارەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

«شىنجاڭ گېزىتى» 1995 - يىل 19 - ئىيۇل سانىغا «ئوغرىدىن ساقلىنىش» تېمىسىدا بىر ھەجۋىي رەسىم بېسىلغان. رەسىمدە ئوغرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئۆز ئۆيلىرىگە تۆمۈردىن بىخەتەرلىك ئىشىكى ئورنىتىۋاتقانلىقى، ئوقۇتقۇچى بولسا ئىشىكىگە پەقەت «ئوقۇتقۇچىنىڭ ئائىلىسى» دەپ خەت يېزىلغان بىر دانە تاختا ئېسىپ قويۇش ئارقىلىق ئۆيىنى ئوغرىدىن ساقلىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا يەنە باش ئاغرىتىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلىنىپ كەلدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ 1991 - يىلىدىكى تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن قارىغاندا، «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي، داۋالىنىش ۋە پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بەھرىمەن بولىدىغان تەمىناتىنىڭ شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ تەمىناتىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش» توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنمىغان. ماناس ناھىيىسىدىلا 75 مىڭ يۈەنلىك داۋالىنىش پۇلى ئاتچوت قىلىنمىغان ⑫. داۋالىنىش خىراجىتىنى ھەل قىلىش قىيىن بولغانلىقتىن، 1994 - يىلى ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىش چىقىمىنىڭ ئاتچوت قىلىنىدىغان قىسمى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ستاژى ۋە يېشىغا قاراپ 70% ~ 55 % قىلىپ بېكىتىلگەن. ئوقۇتقۇچىلار بىرىلىپ قاتتىق ئىشلىگەندە ئاغرىپ قېلىشتىن قورقىدۇ، ئىشلىمەي دىسە كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. گەرچە ئۇلار ئۆيىدە ئوغرىغا يارىغىدەك ھېچنەرسىسى يوق دەرىجىدە كەمبەغەل، بېشىدا تۇرلۇك-تۇمەن ئەندىشىلەر بولسىمۇ، يەنىلا ئىشتىن چۈشكەندە باللىرىنى بېقىپ، كېچىلىرى چىراغ تۈۋىدە دەرس تەييارلايدۇ. كۆپ پەرزەنتلىك مىللىيلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەندىشىسى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر.

رەھبەرلىكنىڭ ئېتىبارسىزلىقى، ئەگەر كىشىلەرنىڭ ئېتىبارىغا باھا بېرىشتە ئىپادىلەنسە، ئۇنداقتا بۇ جايدا ئېغىر دەرىجىدىكى ئېتىبار ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ.

مىللىي رەھبەرلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ناقابىل كىشىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا توغرا بولمىغان مۇئامىلىلىرى، بوزەك قىلىشى ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتكەن. «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1993 - يىل 16 - يانۋار سانىغا بېسىلغان «تانسا ئويناش ئۈچۈن قورساقنى ئاچ قويامدۇق؟» دېگەن ماقالىدە ئېيتىلىشىچە، ماناس ناھىيە ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن 1992 - يىلى يۆتكۈل مەكتەپتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 7 - ، 8 - ئايلىق ماتاشىنى مەكتەپكە تانسىخانا سېلىش ئۈچۈن يۆتكەپ ئىشلىتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئېغىر بېسىم پەيدا قىلغان (ماقالىدا ئاپتورنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلمەي ✗✗ بەلگىسى قويۇلغىنىغا قارىغاندا، ماقالە ئەۋەتكۈچى بۇ خەۋەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز تەقدىرىدىن خېلىلا ئەنسىرىگەندەك قىلىدۇ). ئاپتور ماقالىسىدا: «تۇرمۇش ھالەكچىلىكىدە قالغان بۇ ئادەملەرگە يەنە قانداقمۇ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى يۈكلىگىلى بولسۇن» دەيدۇ.

مىللىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى بوزەك قىلىش ئىشى، ماتاش باھالاش، نەمۇنىچى سايلاش، خىزمىتىنى ئۆستۈرۈش، ئولتۇراق ئۆي تەقسىماتى قاتارلىق ئىشلاردا گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. بۇ ئىشلاردا بەزى رەھبەرلەر ئاڭلىق، ئاڭسىز ھالدا ھېچقانداق نەتىجىسى يوق ئۆز يېقىنلىرى ياكى مەنسەپدار ھامىيلىرىنىڭ پەرزەنت، تۇغقانلىرىنى خىزمەتتە سەممىمي بولغان ئېتىبارلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. خىزمەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ئۇ سەممىمي كىشىلەر ماختاشلار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئوخشاشلا ياخشى ئىشلەيدۇ. ھەمدە ئۇلار باشقىلارنىڭ تەقدىرلىشىنى تەمە قىلماي، ئۆز نەتىجىلىرىدىن مەمنۇنىيەت ھېس قىلىپ كېتىۋېرىدۇ. مانا بۇنداق پىسخىك ئالاھىدىلىكنى ياخشى بىلىۋالغان ئۇ رەھبەرلەر كەڭ قورساق بۇ كىشىلەرنى ئەتەي تاشلاپ قويۇپ، نەپ ئۈندىدىغان باشقىلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئەخمەق قىلىنغانلىقىنى مەڭگۈ بىلمەي قالارمۇ؟

بىر يىغىندا ئوقۇتقۇچى خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق بىر ئابزاس سۆزنى يېزىپ قويغان: «ھوقۇق تۇتقان كىشىلەر مېنى ئېسىل خىسلەتلىك پىداكار كىشى دەپ تونۇپ، مۇشكۇل-جاپالىق ئىشلارنى ماڭا تاپشۇرىدۇ. ئەكسىچە، مەنپەئەتتىن بەھرىمەن قىلىشتا ئۇلار مېنى ئويلاشمايدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ تونۇشىچە، مەن يەنىلا ھەر قانداق ھوزۇر-ھالاۋەتنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ئېسىل خىسلەتلىك كىشى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇلار ئۆز يېقىنلىرىنى يەزىلەتسىز-پەس كىشىلەر ھېسابلامدۇ؟ نېمىشقا ئۇلار جاپا-ھالاۋەتنى تەقسىم قىلىشتا ھەر ۋاقىت ئۆز يېقىنلىرىغا ماڭا بەرگەننىڭ ئەكسىنى بېرىدۇ».

يېزا مەكتەپلىرىدە بىز يەنە باشقىچە ئەھۋاللارنى كۆرىمىز. ئۇ يەرلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تېگىشلىك ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشەلمەيدۇ.

«شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1989 - يىل 6 - سانىغا مىجىت روزى ئىمزاسىدا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان: «قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭئېرىق يېزىسىدىكى ئاكا-ئۇكا قادىر بىلەن سادىرلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي، باللىرىنى مەكتەپكە بېرىشقا دەۋەت قىلىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگەنلىكى

ئۈچۈن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە يېزىلىق پارتكوم سادىرغا 15 كۈنلۈك توختىتىپ قويۇش جازاسى بەردى، قادىرغا 84 يۈەن جەرىمانە قويدى».

نادان ئاممىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان بۇ خىل مۇئامىلىسىنى چۈشىنىشكىمۇ بولار؛ ئەمما ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھامىيسى ھېسابلايدىغان مەكتەپلىرىدە قانداق مۇئامىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ؟!

تۇقسۇن ناھىيىسىدە يېزا-كەنتلەردىكى بىر قىسىم ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە قۇربى يەتمىگەنلىكتىن، ئائىلىسى يىراق ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن چۈشلۈك تاماق ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەلمىگەن. تاماق يېيەلمىگەن ئوقۇتقۇچىلار كەچكىچە ئاچ قورساق ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان ⑬. ئاقسۇ شەھەرلىك ئۈرۈمچىلىق مەيدانى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئايىمنىسا تۇرسۇنمۇ مۇشۇ خىلدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇتقۇچىلار چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۆيىگە قايتالمىغاچقا، قايناقسۇ تۇرماق پاكىز سوغۇق سۇ تاپالماي قۇرۇق ناننى غاجىلاپ قورساق تويغۇزىدۇ... ئۇلار شۇنداق شارائىتتا يەنە قانچىلىك ئىشلەشكە بەرداشلىق بېرەر». ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە روھىي ئازابى توغرىسىدا ئايىمنىسا تۇرسۇن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ قىممەتلىك بايرىمىمىز ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدىمۇ بەش موچەن پۇل خەجلەپ باقمىدۇق. ‹بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن› دەيدىغانغىمۇ ئادەم يوق. شۇمۇ بىزنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەر بولغىنىمىز؟... يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىدىمۇ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئوت بولۇپ يېنىپ تۇرغان يۈرەك بار، لېكىن ئۇلار روھىي ئازادىلىككە ئېرىشەلمىسە، قىلچە نەتىجىسى بولمىغان قۇربان بېرىشلەرگە ئۆزىنى ئېتىۋېرىشنىڭ قىممىتىنى ئويلاشماي تۇرالامدۇ؟!» ⑭

مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم «ئېپى بار» كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىق سېپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ياخشى تىرىكچىلىك يوللىرىنى تاپتى. كىشىلەر ئوقۇتقۇچى بولۇشقا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋال بىر قىسىم جايلاردا ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، 1994-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنغان ئوقۇتقۇچى 47 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە دارىلمۇئەللىمىن خاراكتېرىدىكى مەكتەپتىن كەلگىنى 24 نەپەر، ئەمما شۇ يىلى تەبىئىي كېمەيگەن ئوقۇتقۇچى 100 نەپەر بولغان ⑮. ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەندە، مەكتەپلەر يېتەرلىك ئوقۇش تارىخىنى ھازىرلىمىغان، ئوقۇتقۇچىلىقتىن خەۋىرى يوق كىشىلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا ياللاپ ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە تازغۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن خۇدابەردى ئابىخاننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىنى ئوتتۇرا مەكتەپكە باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقلاپ، باشلانغۇچ مەكتەپكە دېھقانلار ئارىسىدىن ئادەم ياللاپ مەكتەپنى تاقاپ قويماي ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتە تۇتۇپ تۇرغان. مەلۇم بىر مەكتەپتە 11 سىنىپ بار بولۇپ، مۇدىرنىڭ ئايالى ۋە يەنە بىر يەرلىك ئايالدىن باشقا دۆلەت شتاتىدىكى ئوقۇتقۇچى قالمىغان. مەكتەپلەردىكى بۇ ئوقۇتقۇچىلارمۇ مۇقىم بولمىغاچقا، ئوقۇش ئىشلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكەن. يەنە شۇ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە بىر كۈنى سويۇن زاۋۇتىغا ئىشچى ئالىدىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بىر مەكتەپتىكى بەش نەپەر ياللانما ئوقۇتقۇچى مەكتەپنىڭ توسۇشىغا قارىماي، سىنىپنى تاشلاپ تىزىملاتقىلى كەتكەن. ئامالسىز قالغان مەكتەپ مۇدىرى بەش سىنىپنى قويۇۋەتكەن ⑯.

ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا بىز بەزى ئورۇنلاردا «ئوقۇتۇش سۈپىتى» مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغان ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا جەرىمانە قويۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقى توغرىسىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. مائاش تۇتۇپ قېلىش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنى جازالاش ئوقۇتقۇچىلارنى بوزەك قىلىشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ، قىسمەن مەكتەپ رەھبەرلىرى بۇنى ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى، دەپ قارايدۇ. ئاتۇش شەھەرلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئېلى بەكرى «ئىش ھەققى كىمنىڭ ھەققى؟» دېگەن ماقالىسىدا مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى تۇتۇپ قېلىشتا ئاساسلىنىدىغان بەش تۈرلۈك مەزمۇننى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ⑰. ماقالىدا ئېيتىلىشىچە، ئوقۇتقۇچىلار «بېشىدا ئوت كۆيىدۇ» غان ئىش ھەققىنىڭ بۆلەك-تالاڭ ئاستىدا قالغانلىقىنى، ئۆز ئىش ھەققىلىرىنى ھىمايە قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىدىكەن.

مەكتەپلەردە يولغا قويۇلغىنى، ئەمگەك - ئىش ھەققى بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن نورمال جازالاش پرىنسىپلىرى بولماستىن، بەلكى ھەر قايسى مەكتەپلەر ئۆز ئالدىغا خالىغانچە چىقىرىۋالغان قالايمىقان بەلگىلىمىلەردۇر. كېرەك بولغاندا رەھبەرلەر بۇ پرىنسىپلارنى گويا ئىچ كىيىملەرنى يۆتكىگەندەك ھەپتىسىگە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. خەنزۇ مەكتەپلەردە بازار تاپالمايدىغان بەزى ئۆز بىشىمچىلىقلار بىر قىسىم مىللىي مەكتەپلەردە بازار تېپىپ كېتىۋېرىدۇ. چۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى ئورۇنلاردا (باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن) مىللىيلارنىڭ ئىشلىرىنى مىللىي رەھبەرلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئادەت بولۇپ قالغانلىقتىن، ئايرىم مىللىي رەھبەرلەر ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلغاندا، ئۆزلىرىنى قانۇن-ئىنتىزامنىڭ كونتروللۇقى ئىچىدە قويمايدۇ.

### 5. ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسى

ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىشتىكى مۇددىئالىرى، باللارنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشتىن مەقسەت توغرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى، شەھەر ۋە يېزىلاردا شۇنداقلا ھەر قايسى قاتلام، ھەر تەبىقە كىشىلىرىدە خىلمۇ خىللىققا ئىگە. لېكىن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشى ۋە كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھايات يولىدىكى بىر خىل مۇقەررەرلىك دەپ قارايدۇ. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ ئۇلارغا دائىم دەپ

www.uyghurkitap.com

تۇرىدىغان ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى، ئىلىم-پەننىڭ قۇدرىتى، «ئىلىم-پەننىڭ چوققىسىغا ئۆرلەش»، «كەلگۈسىنىڭ ئىز باسارلىرىدىن بولۇش» ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلايدۇ. تەربىيىنىڭ تەسىرىدە ئۇلار كەلگۈسىدە يارامىلىق كىشى بولۇشنى كۆزلەپ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. كېيىنچە يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن، بولۇپمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كېلىپ، ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىشكە باشلىغاندا، مىللىي ئوقۇغۇچىلاردىن خېلى بىر قىسىم بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈكسەك غايىلەر ھەققىدىكى قىممەتلىك سۆزلىرى تەدرىجىي ئۆز تەسىرىنى يوقىتىپ، بۇ سۆزلەر پەقەت سىنىپلاردا سۆزلىنىدىغان دەبدەبىلىك ئىبارىلەرگىلا ئايلىنىپ قالىدۇ؛ چۈنكى بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەنلىرى بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ماس كەلمەيۋاتقىنىنى سېزىپ قالىدۇ.

پەيزىۋات ناھىيە شاپتۇل يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى نەزەرياسىننىڭ ئەھۋالىنى بۇنىڭ مىسالى دېيىشكە بولىدۇ. نەزەر ياسىن ئەسلىدە ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، كېيىن ئۆگىنىشتە چېكىنىپ، نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كەتكەن. چېكىنىشنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئۇ تۆت تۈرلۈك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ⑱. جەمئىيەتتە كۆرۈلگەن تۆۋەندىكى ئىشلار: ئوقۇتقۇچىنىڭ بازاردىكى تىجارەتچىگە قەرزدار بولۇپ قالغانلىقى؛ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي پۇل بولسىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئېلىشقا بولىدىغانلىقى (بۇ گۇۋاھنامىنىڭمۇ قىزلارغا توي خېتى كېسىدىغان چاغدا ئەسقېتىپ قالمىسا، باشقا ھېچقانداق يەردە كېرەك بولمايدىغانلىقى)؛ جازالىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسنى بىلمەيدىغان ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرى باھالارنى قويىدىغانلىقى؛ تىرىشىپ ئوقۇپ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتكەنلەرنىڭمۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تاپالماي يۈرگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللار نەزەر ياسىنغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

بىز مەكتەپلەردە، باشتىن-ئاخىر تىرىشىپ ئوقۇيدىغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلار ئىلىمنى، ئىلىم-پەننىڭ ئۆزلىرى ياكى جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان پايدىسىنى كۆزلەپ ئەمەس، بەلكى ئىلىم ئۇلارغا بېرىدىغان ئەقلىي پائالىيەتنىڭ جەلپ قىلغۇچى سېھرىي كۈچىگە، شۇنداقلا ئىلىمدىكى ھەر بىر سىرلارنى چۈشىنىپ يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلىدىغان روھىي لەززەتكە جەلپ بولۇپ ئۆگىنىدۇ. لېكىن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا ئۇنداق بولۇپ كېتەلمەيدۇ. جەمئىيەت ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ مائارىپقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئوقۇغۇچىلار كۆرۈپ تۇرغان بارلىق ئىجتىمائىي رېئاللىق ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلىنىشتىن مەقسىتى پەقەت جەمئىيەت مەنپەئەتىدىن ئىبارەت بىرلا مەزمۇندىن ئىبارەت بولماستىن، ئۇ يەنە شەخسىي ئېھتىياجىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى خىزمەت تەقسىماتى مەسىلىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلارنىڭ گەۋدىلىكرەكى ھېسابلىنىدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىدە، ئالىي مەكتەپلەرگە بىر تۇتاش قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندە دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ بەلگىلىمە خادىم قوبۇل قىلغۇچى ھەر قايسى تارماقلارغا قارىتا بەلگىلىك مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى مەسئۇللىرىنىڭ كۆز قارىشىدىكى مەسىلىمۇ ياكى مىللىي خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئاز بولغانلىقى تۈپەيلىدىنمۇ، ئومۇمەن يۇقىرىقى مەجبۇرلاش تەدبىرى ياكى بىرەر كۈچلۈكرەك ئارقا تىرەك بولمىسا بەزى ئورۇنلاردا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىشتە خېلى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىغا ياكى ئۇلارنىڭ «ئارقا ئىشىك»تىن مېڭىش ئىقتىدارىغا تايىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆگىنىشتە تىرىشىشىمۇ بولۇۋېرىدۇ. خىزمەت تەقسىماتىدا ھوقۇق ۋە «ئارقا ئىشىك»نىڭ رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بۇ خىل رېئاللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

بىر قىسىم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇلار تۈزۈپ چىققان بىر پارچە تېكىستنى كۆرۈپ باقساق بولىدۇ. بۇ تېكىست 1990-يىلى ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سومكىسىدىن تېپىلغان بولۇپ، تېكىستتە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى ھەر خىل پائالىيەت ۋە شەيئىلەرنى ئۆزلىرى بىلىدىغان كىنولارنىڭ ياكى رومان - ھېكايىلەرنىڭ ناملىرى بىلەن تەسۋىرلەشكەن. تۆۋەندە بېرىلگەنلىرى شۇ خىلدىكى تەسۋىرلەشلەرنىڭ بىر قىسىم ئۈلگىلىرى:

ئۆگىنىش قىلىش - «ھالاكەتكە يۈزلىنىش»

قىزلارنىڭ ئەتىگەنلىك قىياپىتى - «توز مەلىكە»

ئەتىگەنلىك مۇزاكىرە - «بۇ جاينىڭ سەھىرى جىمجىت»

مۇئەللىم دەرس سورىغاندا - «گاچا قىز»

ئوقۇتقۇچى - «خاسىيەتلىك ئادەم»

ئىنتىپاق ئەزالىرى - «ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى»

تەنەپپۇس - «خۇشاللىققا چۆمگەن دۇنيا»

7-سائەتلىك دەرس - «تۈل خوتۇنلار كەنتى»

ئىمتىھان ۋاقتى - «مەن سىزدىن ئايرىلالمايمەن»

سىنىپ يىغىنى - «سوت مەيدانىدا»

مەكتەپ پۈتتۈرگەندە - «مەن سىزنى تونۇمايدىغاندەك قىلىمەن»

يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش - «غەربىي دىياردىكى ئۇسسۇل مەستانىلىرى»

پراكتىكىغا كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار - «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان»

شەنبە كۈنلۈك دەرس - «خىيالدا ئۇچرىشىش»

سەۋەبسىز دەرس قالدۇرۇش - «تۇتقۇن قىلىنغان قاچقۇن»

مەكتەپتىن كىنوغا ئەكىرگەندە - «چاقماق تېزلىكىدىكى ھەرىكەت»

سىنىپ باشلىقى - «پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى»

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى - «يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇش»

مۇئەللىم تەنقىدلىگەندە - «ئۆلسەكمۇ تىز پۈكمەيمىز»

قىزلار سىنىپ يىغىنى - «ساھىبجامالنىڭ ئۆلۈمى»

بىئولوگىيە دەرسى - «گۇمانلىق قان»

تارىخ دەرسى - «ئۆتكەن كۈنلەر»

ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر - «موسكۋا كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ»

ئاتا-ئانىلار يىغىنى - «ئۆلۈپ تىرىلىش»

ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى - «بويتاقلار ئائىلىسى»

تۈزۈلمىسىز ئىمتىھان – «تەقدىرنىڭ چاقچىقى»
مەكتەپ مۇدىرى – «ھۆكۈمرانىڭ ھۆكۈمرانى»
سىنىپ كوللېكتىپى – «ئىشخانىدىكى ئىشلار»
ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر – «ئاخىرقى 16 ئادەم»
4-سائەتلىك دەرس – «ماغدۇر كەتكەندە»
مەكتەپتىن قايتقاندا – «سەھرادىكى ئاشىق-مەشۇق»
ماتېماتىكا دەرسى – «رىمغا ساياھەت»
ئەدەبىيات دەرسى – «يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەك»
سىياسەت دەرسى – «يىرىم ئايلىق سۆھبەت»
خەنزۇ تىلى دەرسى – «زەرەپشان دەريا بويىدىكى جاۋزلداق خوتۇن»
دەرس تاشلىغان كۈنلەر – «سەرگەردان»
مەكتەپ ھاياتى – «كىشىلىك دۇنيا»
ۋاقىت توشقۇزۇش – «باياۋاندىكى ئۇزاق يول»
قورساق ئاچقاندا – «پۇل دېگەن نەرسە»
مەكتەپ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇش – «لارىدو تۈرمىسى»
دەرس ۋاقتىدا ئۇخلاش – «غەربكە ساياھەت»
مۇئەللىم تەنقىد قىلغاندا – «خەپ، توختاپتۇر»
نومۇر دەپتىرىدىكى ئىسىملىكلەر – «قارا تىزىملىكتىكى كىشىلەر»
نومۇر دەپتىرى – «ھالاكەت ئارخىپى»
ئىنتىپاق ياچېيكىسى – «جاسۇسلۇق بۆلۈم ھەرىكەتتە»
سىنىپ ھەيئىتى سايلاش – «قۇللۇقتىن گېنېراللىققىچە»
مەكتەپتىن قايتىش – «5-باشقارما ھەرىكەتتە»
سەنئەت مۇئەللىمى – «ئارتىس بولالمىغان قىز»

## ئاخىرقى سۆز

ماقالىمىزدا مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى توغرىسىدا سۆزلەپ كەتتۇق. چۈنكى 80-يىللاردىن بىرى مەملىكىتىمىزدە يولغا قويۇلغىنى «ئىمتىھان مائارىپى» تۈزۈلمىسى بولۇپ، ئۇ، مائارىپ سۈپىتىنى ئوقۇتۇش سۈپىتى ئارقىلىق باھالايتتى. ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش، يۇقىرى نومۇر ۋە يۇقىرىلاپ ئوقۇش نىسبىتىنى قوغلىشىش «ئىمتىھان مائارىپى» نىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئىدى. شۇڭا، مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان نومۇرىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقى مىللىي مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقى، دەپ قارالدى. پاكىتلاردىن بىز شۇنى كۆردۇقكى، مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان نومۇرىنىڭ تۆۋەنلىك مەسىلىسى تامامەن مەكتەپ رەھبەرلىكى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەخسىي تىرىشچانلىقىغىلا باغلىق يەككە-يېگانە مەسىلە ئەمەس؛ ئۇ يەنە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھالىتى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى كەڭ دائىرىلىك مەسىلە. مائارىپ ئىشى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئىشى.

بۇ ئاخىرقى سۆزىمىزنىڭ بىرىنچى نۇقتىسى.

ئىككىنچى نۇقتا: مائارىپ سۈپىتىگە باھا بېرىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مائارىپنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ۋە مائارىپ سۈپىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ھەققىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش كېرەك. ئاندىن شۇ ئاساستا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان باھالاش تۈزۈمى ۋە باھا كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىنى ئورنىتىش كېرەك. مائارىپ سۈپىتىنى نوقۇل ھالدا تەربىيىلەنگۈچىلەردە يېتىلگەن مەلۇم بىر خىل كونكرېتنى ئىقتىدار بويىچە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى نۇقتا: بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزدىكى مائارىپ جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ماس، خەلقنىڭ ئۈمىدىگە ئۇيغۇن بولغان ئادەم ھەققىدىكى مائارىپ. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئادەمگە قاراپ ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ تەربىيىلەنگۈچىلەرنى ئۆزىنى تونۇشقا، يوشۇرۇن ئەقىل-پاراستىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ. ھازىر بىزدە يېقىندىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يولغا قويۇلىۋاتقان «سۈپەت مائارىپى» («ساپا مائارىپى») دەل شۇنداق خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەربىيە جەريانى ئارقىلىق ھەر بىر شەخسنى ئەسلىدىكى ئاساستا تەرەققىي قىلدۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى نىشان قىلغان مائارىپ؛ ئۇنىڭ ئىدىيىسى «تەلىم-تەربىيىگە ئۇيغۇنلاشقان باللارنى ئەمەس باللارغا ئۇيغۇنلاشقان تەلىم-تەربىيە يارىتىشتىن ئىبارەت. بىز ئەمدى مېنىڭ بىر كەسپدىشىمنىڭ ئېيتقاندەك: «‹ساپا مائارىپى› دېگەن ‹سافا مائارىپى›، چۈنكى ئۇ نومۇرغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، باللارنى ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىمايدۇ، بارلىق جىددىيچىلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۆزىمىزنى قويۇۋېتىپ، سافادا كەڭتاشا ئولتۇرۇپ ئىشلىشىمىزگە ئىمكان بېرىدۇ» دەپ يورمەسلىكىمىز، بەلكى «ساپا مائارىپى» نىڭ ئەۋزەللىكىدىن جانلىق پايدىلىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپە ئۈستىدە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىشىمىز لازىم.

مائارىپ ئىشى، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى كەسكىن رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش-تۇرالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. بۇ مەسىلىدە ھەرگىز بىخۇتلۇق قىلىشقا بولمايدۇ.

ئادىل ئىسمائىل فوتوسى (M1)

### ستاتا مەنبەلىرى

① «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1995-يىل 14-فېۋرال سانى، ئابباس مونىيازنىڭ ماقالىسى.
② «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1993-يىل 28-دېكابىر سانى.
③ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1994-يىل 29-نويابىر سانى.
④، ⑤ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1994-يىل 15-نويابىر سانى.
⑥ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1993-يىل 18-ماي سانى.
⑦ «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1989-يىل 6-سانى.
⑧ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1991-يىل 10-نويابىر سانى.
⑨ «شىنجاڭ گېزىتى» 1994-يىل 6-يانۋار سانى.
⑩ «ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى» 1995-يىل 4-ئاپرېل سانى.
⑪ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1993-يىل 10-يانۋار سانى، مۇھەممەتئابدۇللا ھۇسەيىننىڭ ماقالىسى.
⑫ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1991-يىل 10-نويابىر سانى.
⑬ «شىنجاڭ گېزىتى» 1992-يىل 9-يانۋار سانى.
⑭ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1995-يىل 8-ئاۋغۇست سانى.
⑮، ⑯ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1995-يىل 3-ئۆكتەبىر سانى.
⑰ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1996-يىل 3-يانۋار سانى.
⑱ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1996-يىل 19-مارت سانى.

ئاپتور: شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ فىزىكا ئوقۇتۇشى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى، ھازىر پېنسىيىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت ئارخىپىمىزدىن

# چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار

ئابدۇقەييۇم خوجا

## كىرىش سۆز

دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان چەرچەن ناھىيىسى - تارىم ۋادىسىدىكى تارىخى ئۇزۇن يۇرتلارنىڭ بىرى.

چەرچەننىڭ تارىختىكى نامى خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردە «چالمادانا»، قەدىمكى ئۇيغۇرچە «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخا 5 - باب، 85 - ۋاراق، 10 - قۇر) دا «Saramadan Balik - سارامادان بالىق»، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بۇشەھەر «折摩驮那 - جېمودانا» ياكى قىسقارتىلىپ «且末» (چيېمو)، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «چەرچەن» دەپ يېزىلغان.

1985 - يىلى ئاپرېلدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار چەرچەن ناھىيىسىنىڭ مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىگىلىگەن ئۇچۇر بويىچە ناھىيە ئەتراپىدىكى «زاغۇنلۇق» يېزىسىغا جايلاشقان قەدىمكى قەبرىستانلىقنى تەكشۈردۇق. قەبرىستانلىقنىڭ دائىرىسى چوڭ بولۇپ، بۇ دائىرىدىكى نۇرغۇنلىغان قەبرىلەر ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن كۆپ قېتىم «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» ھەمدە ئەتراپتىكى تۇز كولىغۇچى ئاھالىلار تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىكەن . . . بىز ئىگىلىگەن ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا دوكلات قىلىش بىلەن بىللە بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنى سىناق تەرىقىسىدە قېزىپ تەكشۈرۈش ھەققىدە پىلانىمىزنىمۇ يوللىدۇق.

دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بويىچە بىز 1985 - يىلى سىنتەبىردە ئىككىنچى قېتىم چەرچەن ناھىيىسىگە كېلىپ زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى بەش قەبرىنى قېزىپ رەتلىدۇق. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلغان قەبرىلەرنىڭ سانى گەرچە ئاز بولسىمۇ لېكىن ئالاھىدە قۇرغاق ھاۋا شارائىتىدا چىرىپ كەتمەي بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل، رەڭدار ساپ

يۇڭ رەختلەر ۋە ئۇلاردىن تىكىلگەن خىلمۇ - خىل
كىيىم - كېچەكلەر، يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان،
كىگىزدىن تىكىلگەن ھەر خىل بۆك، تۇماق -
قۇلاقچا، قالپاقلار، قۇرۇپ قېتىپ قالغان ئەر -
ئايال، بوۋاقنىڭ جەسەتلىرى ۋە باشقا خىلدىكى
قىممەتلىك يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىشى مەملىكەت
ئىچى ھەمدە خەلقارادىكى ھەر ساھە كەسىپ
ئەھلىلىرىنىڭ، ساياھەتچىلەرنىڭ قىزىقىشىنى
قوزغىدى. بۇ ئېسىل يادىكارلىقلار تارىم ۋە
چەرچەن تەۋەسىدە بۇندىن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرى
ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆزىگە خاس يۇڭ
توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى، كىيىم - كېچەك
مەدەنىيىتىنى ئالەمگە نامايەن قىلدى.

كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان بىرەر قېتىملىق زور
تېپىلما ۋە قېزىلمىلار ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ
تەكشۈرۈشلەردە ئاسانلا تېپىلىۋېرىدىغان نەرسە
ئەمەس. ئۇلار ئار-
خېئولوگلارنىڭ
يوقاپ كەتكەن قە-
دىمكى مەدەنىيەتنى
ئىزدەپ تېپىش
يولىدا ئېلىپ
بارىدىغان ئۇزۇن
يىللىق، جاپالىق،
رومانتىك ۋە ئا-
لىيجاناب خىزمەت-
لىرىدە ناھايىتى
تەستە قولغا كېلى-
دىغانلىقى ھەممىگە
ئايان.

بۇ قېتىم
زاغۇنلۇق قەدىمكى
قەبرىستانلىقىدا
سىناق تەرىقىسىدە
قېزىپ رەتلەنگەن
قەبرىلەردىن تې-
پىلغان ھەمدەپنە
بۇيۇملىرى دەۋر-
نىڭ ئۇزۇنلۇقى،
تۈرى ۋە سانىنىڭ
كۆپلۈكى، چوڭقۇر ئىلمىي قىممەتكە ۋە خاس
يەرلىك مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە ئېسىل
يادىكارلىقلار بولۇش سۈپىتى بىلەن 80 - يىللاردا
تارىم ئارخېئولوگىيىسىدە ئۇچرىغان ئەڭ زور
تېپىلىش بولۇپ سانىلىدۇ.

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنىڭ ئىلمىي
ئۇسۇلدا قېزىپ تەكشۈرۈلۈشى ئىنسانشۇناسلىق،
ئىرقشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، ئىپتىدائىي
ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، يوسۇنلار، ماددىي ۋە
مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخى، تارىم ۋادىسىنىڭ
قەدىمكى زامان جۇغراپىيىسى، ئېكولوگىيىسى،
ياۋايى ھايۋانات ۋە چارۋىچىلىقى، دېھقانچىلىقى،
ئەجدادلارنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئەت
تېخنىكىسى . . . قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا
چوڭقۇر ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىپ
تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەن مەسئۇل بولغاندىن
تاشقىرى، يەنە كەسپداشلاردىن ئەھمەت رىشىت،
دولقۇن قەمبىرى، يۇسۇپ مۇھەممەت، بايىنغولىن
موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن غېنى
سايىم، چەرچەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن
تۇرسۇن بەكرى، تۇردى كېرەملەر قاتناشتى.

قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا
رەتلەش، بولۇپمۇ ھەرخىل كىيىم - كېچەكلەر،
يۇڭ توقۇلمىلارنى ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز
ئالاھىدىلىكى، تۈرى، توقۇلۇش ھۈنەر -
تېخنىكىسى بويىچە رەتلەش، يۇيۇپ تازىلاپ
ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن
خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. قەدىمكى جەسەتلەر ۋە
ئۇلارغا كىيدۈرۈلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى ئىلمىي
ئۇسۇلدا تازىلاپ رەتلەش، ھەرخىل، ھەر رەڭدىكى
يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن كىيىم - كېچەكلەرنى
يۇيۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرىنى تيەن
لىڭ، مۇنەۋۋەر
قاتارلىق كەس-
پىي خادىملار
ئىشلىدى.

قېزىۋې-
لىنغان ھەر
خىل يۇڭ تو-
قۇلمىلارنىڭ
ئومۇمىي ئەھۋا-
لى، توقۇلۇش
ئۇسۇلى ۋە باشقا
ئالاھىدىلىك-
لىرى توغرىسى-
دىكى تەھلىل -
چۈشەندۈرۈش-
لەرنى تەييارلاش-
تا تەتقىقاتچى
جيايىڭيى يېقىن-
دىن ياردەملەش-
تى. كىيىم -
كېچەك ۋە يۇڭ
توقۇلمىلارنىڭ
ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈلگەن نۇسخا -
ئۆرنەكلىرىنى سىزىش ئىشلىرىنى كاندىدات
تەتقىقاتچى خۇاڭ شياۋجاڭ ئىشلىدى. ھەر خىل
يادىكارلىقلارنىڭ شەكىل - رەسىملىرىنى يۇسۇپ
مۇھەممەت، ئەنۋەر ھەسەن قاتارلىق خادىملار
سىزىپ تەييارلىدى. فوتو سۈرەتكە تارتىش،
سۈرەتلەرنى يۇيۇش، چوڭايتىش خىزمەتلىرىنى
فوتوگراف خۇشياڭلى ئىشلىدى.




1. خەرىتە: زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى جايلاشقان ئورۇننى كۆرسىتىش خەرىتىسى

## 1 . قەبرىلەرنىڭ جايلاشقان ئورنى، قۇرۇلمىسى ۋە قېزىلىش ئەھۋالى

### 1 . جۇغراپىيىلىك مۇھىت

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» -
چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئالتە
كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، توغراقلىق
يېزىسىنىڭ «زاغۇنلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان
كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئېگىز تۆپىلىككە
جايلاشقان. قەبرىستانلىقنىڭ خەرىتىدىكى
جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان

www.uyghurkitap.com

(ئۇزۇنلۇق) 85°28′29″، شىمالىي پاراللېل (كەڭلىك) 38°07′16″ بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1270 مېتىر كېلىدۇ.

قۇم، ئۇششاق شېغىل، تۇز قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان تۆپىلىككە جايلاشقان بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 1100 مېتىر، غەربتىن شەرققە كەڭلىكى 750 مېتىر بولۇپ، جەنۇب تەرىپى پايانسىز قۇملۇققا تۇتىشىدۇ. قەبرىستانلىقتىن تەخمىنەن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا «لەئلىلىك» خارابىسى، خارابىنىڭ يېنىدا چەرچەن دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئېقىن ئىزى بار (1. خەرىتىگە قاراڭ). يەر يۈزى بىر قەدەر تەكشى بولۇپ، قەبرىستانلىق دائىرىسىدە كۆچمە قۇم - شېغىللاردىن ھاسىل بولغان بىر مۇنچىلىغان ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرى بار. نەچچە مىڭ يىللىق قۇم- بوران دەستىدىن قەبرىلەرنىڭ دائىرىسى، بەلگە - ئالامەتلىرى قۇم - توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكتىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان قەبرىلەرنىڭ قايسى دائىرىگە جايلاشقانلىقى، يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەبرىلەرنىڭ سانى زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ھۆكۈم قىلىش تەس.

## 2. قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى ۋە قۇرۇلمىسى

بىز قەبرىستانلىق دائىرىسىنى تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن، بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن بىر قەدەر ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن دائىرە ئىچىدىن بەش قەبرىنى قېزىپ تەكشۈردۇق. نەتىجىدە قېزىپ تەكشۈرگەن قەبرىلەر ئىچىدە 85.QZM1 ، 85.QZM2 (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ M1 ، M2 دەپ ئاتىلىدۇ) نومۇرلۇق قەبرىلەرلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ساق قالغانلىقى مەلۇم بولدى. قالغان M3، M4 ، M5 - نومۇرلۇق قەبرىلەر ئەينى زاماندا باشقىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكتىن، ئۇلارنى قائىدە بويىچە رەتلەپ، قېزىپ رەتلەش جەريانىدا تېپىلغان يادىكارلىقلارنى تىزىملاپ يىغىۋالدۇق. قېزىپ رەتلىگەن يۇقىرىدىكى بەش قەبرە ئىچىدە M2 ، M3 ، M4 ، M5 - نومۇرلۇق قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇزۇنچاق چاسا شەكلىدە تىك كولانغان بىر يەلەمپەيلىك قەبرىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرىگە بىر ياكى ئىككى كىشى، بەزىلىرىگە كۆپ كىشى دەپنە قىلىنغان. تۆۋەندە بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ساقلىنىپ قالغان، قۇرۇلمىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان M1 ، M2 - نومۇرلۇق قەبرىلەرنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىمىز:

M1 - نومۇرلۇق قەبرە: لەھەت پەقەت بىر بوۋاق ئۈچۈنلا تەييارلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.75 مېتىر، كەڭلىكى 80 س.م، چوڭقۇرلۇقى 30س.م كېلىدۇ. ئەسلىدە بوۋاق جەسىتى ئۈستىگە ئۇزۇنلۇقى 1.30 مېتىر، كەڭلىكى 55 س.م، قېلىنلىقى 8 س.م كېلىدىغان، ئىچى ئويۇۋېتىلگەن تەڭنە شەكلىدىكى توغراق ياغىچى يېپىلغان بولۇپ (1. سۈرەتكە قاراڭ)، ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇش، ئوت - چۆپلەرنى ئوراپ، قۇم توپا بىلەن كۆمۈلگەنىكەن. لەھەت ئۈستىگە يېپىلغان تەڭنە شەكلىدىكى توغراق ياغىچى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن بوۋاق جەسىتىنىڭ ئەسلى ھالىتى مەلۇم بولدى. بوۋاق جەسىتى - ئىچى تەبىئىي ئاق رەڭلىك، سىرتى قوڭۇر (توق قىزىل) رەڭلىك يۇڭ توقۇلما داكا بىلەن يۆگەپ زاكىلانغان، زاكىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرى يەنى پۇتىنىڭ ئۇشۇقىدىن تارتىپ مۈرىسىگىچە بولغان ئارىلىق كۆك ۋە قىزىل رەڭلىك يۇڭدىن ئېشىلگەن يىپ بىلەن باغلانغان (تىزىنىڭ تۆۋىنىدە ئىككى يۆگەم، مۈرىسىدە بىر يۆگەم) بولۇپ، بوۋاقنىڭ بېشىغا ئىچى قىزىل، تېشى كۆك تىۋىتلىق بۆك كىيگۈزۈلگەن. بوۋاق بىر پارچە ئاق كىگىز (15 ×40 س.م) ئۈستىگە ئۈگدىسىغا ياتقۇزۇلغان. بېشىنىڭ ئاستىغا كىگىز پارچىلىرىدىن تەييارلانغان ياستۇق قويۇلغان، ئۇنىڭ يۈزى ئوچۇق ھالەتتە بولۇپ، ئىككى كۆزىگە 3×2 س.م چوڭلۇقتا، $2\frac{1}{2}$ مىللىمېتىر قېلىنلىقتىكى ئىككى پارچە ياپىلاق قارا تاش باستۇرۇپ قويۇلغان، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىگە قىزىل يۇڭ يىپ تىقىلغان. بوۋاق جەسىتى ئۆز پېتى ساقلانغان بولۇپ، گويا زاكىسىدا ئۇخلاپ قېتىپ قالغاندەكلا كۆرۈنىدۇ (2. سۈرەتكە قاراڭ). بوۋاقنىڭ بويى: چوققىسىدىن بويۇنغىچە $15\frac{1}{2}$ س.م، مۈرىسىدىن تاپىنىغىچە 36 س.م كېلىدۇ. بوۋاقنىڭ باش تەرىپىگە قوينىڭ يېلىنىدىن تىكىپ ياسالغان 6×14 س.م كېلىدىغان ئىمزەك (ئىچىدە قېتىپ قالغان سۈت «ئوغۇز» قالدۇقى بار)، توپاق مۈڭگۈزىدىن ياسالغان قەدەھ (ئۇزۇنلۇقى 9.3 س.م، دىئامېتىرى 4.4 س.م) قاتارلىقلار قويۇلغان. M1 - قەبرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 80 س.م يىراقلىقتا يەرنى كولاپ بوۋاق ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان قوينىڭ بېشى كۆمۈلگەن.

M2 - نومۇرلۇق قەبرە: زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، ئالاھىدە پۇختا قۇرۇلمىغا ئىگە، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر قەبرە بولۇپ، ئۇ، M1 - نومۇرلۇق قەبرە (بوۋاقنىڭ كىچىك قەبرىسى) نىڭ غەربىي شىمالىدىن 2 مېتىر يىراقلىقتا. قەبرە ئاغزى (ئۈستى) نىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.35 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر، قەبرە ئاستى (تەكتى) نىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.1 مېتىر، كەڭلىكى 1.55 مېتىر، قەبرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2.40 مېتىر كېلىدۇ. ئالاھىدە قۇرۇلمىغا ئىگە بۇ قەبرىنىڭ قاتلام - قەۋەتلىرى تۆۋەندىكىچە: 1 - قاتلام - 50 س.م قېلىنلىقتا قۇم - توپا؛ 2 - قاتلام - قەبرە ئۈستىگە 30 س.م قېلىنلىقتا قومۇش يېپىلغان؛ قومۇش ئۈستىگە قۇربانلىق قىلىنغان مۈڭگۈزلۈك قوي كاللىسى، كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان قەدەھ قويۇلغان. قەبرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1.75 مېتىر يىراقلىقتا ئاتنىڭ باش سۆڭىكى، بىر پۇتى (ئاتنىڭ پۇتىنىڭ تىزىدىن تۆۋەن قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۆڭىكى ئېلىپ تاشلانغان، تېرىسى بىلەن تۇيىقى قالدۇرۇلۇپ، ئىچىگە

قومۇش تىقىپ قويۇلغان) بار. مۇشۇ قاتلامدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك: قەبرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئۇزۇنلۇقى 60 س.م، كەڭلىكى 30 س.م چوڭلۇقتا تۈڭلۈك ياسالغان (تۈڭلۈك 2 ـ قاتلامدىلا توختاپ قالغان)، تۈڭلۈكنىڭ ئاغزى قىلىن يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن تون، كىگىز توقۇم (ئىچلىك)، ئەيلەنگەن تېرىدىن تىكىلگەن، ئېگەرنىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان توقۇم (توقۇمنىڭ ئىچىگە ئاق يۇڭ تولدۇرۇلغان) (A ـ سۈرەتكە قاراڭ) قاتارلىقلار بىلەن ھەم يېپىلغان. تۈڭلۈك ئاغزىدىكى كىگىز ئۈستىگە يەنە بىر دانە ساپال قاچا قويۇلغان؛ 3 ـ قاتلام ـ 30 س.م قېلىنلىقتىكى قومۇشلار ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاستىدا بىر ـ بىرسىگە چېتىپ تەييارلانغان 2 قەۋەت قومۇش بورا (ھەر بىرسى 4.2×8.3 مېتىر) بار؛



1. سۈرەت: 85QZM1 ـ نومۇرلۇق بوۋاق قەبرىسى

4 ـ قاتلام ـ بىر ـ بىرىگە چېتىپ تەييارلانغان قومۇش بورىلار ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاستىدا قەبرىگە يېپىلغان ئات، قولان، قوتازنىڭ 3 پارچە تېرىسى بار؛ 5 ـ قاتلام ـ تېرىلەر ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاستىغا مەخسۇس يۇلغۇن شېخى ـ نوتىلىرىدىن توقۇلغان قوشام (يەرلىك ئۇيغۇرلار شۇنداق ئاتايدۇ) يېپىلغان؛ 6 ـ قاتلامدا ـ يۇلغۇن نوتىلىرىدىن توقۇلغان قوشام ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاستىدا قەبرە پەلەمپىيىگە توغرىسىغا قاتار يېپىلغان 25 تال ئۇزۇن ـ قىسقا توغراق ياغاچ ـ بادىرىلىرى بار بولۇپ، ياغاچلارنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى 2.6 مېتىر، توملۇقى 25 — 15 س.م كېلىدۇ؛ توغراق ياغاچلىرى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن قەبرە ئىچى كۆرۈنىدۇ. قەبرە ئىچى (تەكتى) نىڭ قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە: قەبرە ئاستىغا چوڭلۇقى75.2×3.1 مېتىر قوشام سېلىنغان بولۇپ، قوشام ئۈستىگە جەسەتلەر قويۇلغان . جەسەتلەرنىڭ چىرىمەي ياخشى ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاستىغا 30 س.م چوڭقۇرلۇقتا ئېرىقچە كولىنىپ، ئېرىقچە ئۈستىگە چوڭ ـ كىچىك 14 تال توغراق ياغىچى قويۇلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر ئالاھىدە ئەھۋال ـ قەبرىنىڭ تۆت تەرەپ تېمى تەبىئىي تۇز قاتلىمىدىن ئىبارەت.

M2 ـ نومۇرلۇق قەبرىگە جەمئىي تۆت مېيىت دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى ئەر، قالغانلىرى ئايال. ئەر بىلەن يەنە بىر ئايالنىڭ جەسىتى تەبىئىي قۇرۇپ ـ قېتىپ ياخشى ساقلىنىپ قالغان (باشقا ئىككى ئايالنىڭ جەسىتى ئوخشىمىغان دەرىجىدە چىرىپ بۇزۇلغان). تۆۋەندە تەبىئىي شەكىللەنگەن قۇرۇق جەسەتلەرنى ئايرىم تونۇشتۇرىمىز: 1. ئەرنىڭ جەسىتى ـ ئىككى قولى قوشتۇرۇلۇپ، تىزى بېغىشىدىن يېرىم ئېگىلگەن ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، بويى 1. چوققىسىدىن بويىنىغىچە 23 س.م 2. بويىنىدىن بەلگىچە 57 س.م 3. بېلىدىن تىزىغىچە 47 س.م 4. تىزىدىن تاپىنىغىچە 44 س.م بولۇپ، جەسەتنىڭ قۇرۇپ كەتكەن تەن بۆلەكلىرى بويىچە ئۆلچەنگەن يۇقىرىدىكى سانلارنى جەملىسەك ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغان بويى 1.71 مېتىر كېلىدۇ (3. سۈرەتكە قاراڭ). ئەرنىڭ يۈزى دۈگىلەك، كۆزلىرى يوغان، بۇرنى قاڭشارلىق، چاچ ـ ساقاللىرى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، يېرىم ئاقارغان، ئۇنىڭ قاش، كىرپىك، ساقال ـ بۇرۇت ھەتتا مەيدە تۈكلىرىگىچە ئۆز ئەينى ساقلانغان. قۇلىقىنىڭ ھالقا تاقايدىغان تۆشۈكىگە 5 س.م ئۇزۇنلۇقتىكى قىزىل يۇڭ يىپ ئۆتكۈزۈلگەن، پىشانە ۋە ئىككى چېكىسى، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆز، بۇرۇن ئۈستىنى بويلاپ تاكى ئېڭەك ئاستىلىرىغىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مېنېرال بوياقتا گىرىم قىلىنغان، بولۇپمۇ ئىككى چېكىسى بىلەن مەڭزىگە بوياقتا سىزىلغان قوشقارنىڭ ئۆگىمەچ مۈڭگۈزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن (مۇقاۋىنىڭ ئارقا بېتىدىكى ئەر جەسەتنىڭ سۈرىتىگە قاراڭ). يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇزۇنلۇقى 30 س.م كېلىدىغان (چاچنىڭ ئۇچى تەرىپىدىن 15 س.م ئارىلىقتا قىزىل يۇڭ يىپنى قوشۇپ ئۆرگەن) ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى بار. ئېگىكتىن چوققىسىغىچە زىچ توقۇلغان قوڭۇر (قىزغۇچ) رەڭلىك يۇڭ بوقۇچ (چىلتەك) بىلەن چېتىلغان، سول قولىنىڭ ئوتتۇرانچى بارمىقىغا 2 س.م كەڭلىكتە تاسما چەمبىرەك (قامچا دەستىسىگە ئۆتكۈزۈلگەن تاسما بولۇشى مۇمكىن)، بويىنىغا 1.5 س.م كەڭلىكتە چىلتەك ئېسىلغان، ئىككى قولى بېغىشىدىن قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن باغلانغان. تىزىنىڭ تۆۋىنى (لېپەك قوشۇلۇپ) ئاچ قىزىل رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن كىرىشتۈرۈپ چېتىلغان. جەسەتكە قوڭۇر رەڭلىك ساپ يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن تونچە ياقىلىق چاپان، ئوخشاش رەڭدىكى ئۇزۇن ئىشتان، پۇتىغا تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان، گۈل بېسىلغان رەڭدار كىگىز پايپاق (ئۇزۇنلۇقى 55 س.م، كىگىز پايپاقنىڭ ئىچى قوڭۇر، تېشى قىزىل، سېرىق، سۇس كۆك رەڭدە)، كىگىز پايپاقنىڭ تېشىغا بۇغا تېرىسىدىن (؟) تىكىلگەن ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك (ئوڭ پۇتىغا كىيگۈزۈلگەن ئۆتۈكنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمى چىرىپ كەتكەن، يان، ئاستى، تاپان قىسمى ساقلىنىپ قالغان. سول پۇتىدىكى ئۆتۈك ئاساسەن ساق بولۇپ، ئۇچى ئازىراق چىرىپ كەتكەن. ئۆتۈكنىڭ يۇقىرى قونچىدىن تاپانغىچە ئۇزۇنلۇقى 56 س.م، پاشنىسىدىن بارماق ئۇچىغىچە 21 س.م كېلىدۇ) كىيگۈزۈلگەن.

2. ئايال جەسەت: ئىككى قولى قوشتۇرۇلغان، تىزى بېغىشىدىن يېرىم ئېگىلگەن

www.uyghurkitap.com

ھالەتتە ئۇخلىتىلغان ياتقۇزۇلغان. بويى 1. چوققىسىدىن بوينىغىچە 23 س.م 2. بوينىدىن بەلگىچە 40 س.م 3. بەلدىن تىزغىچە 50 س.م 4. تىزىدىن تاپانغىچە 44 س.م بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغان تەن بۆلەكلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى بويىچە ئۆلچەنگەن يۇقىرىدىكى سانلارنى قوشقاندا بويى 1.57 مېتىر كېلىدۇ (4. سۈرەتكە قاراڭ). ئايالنىڭ يۈزى سوزۇنچاق، بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان، چاچلىرى قوڭۇر (ئاقارغان). قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىگە قىزىل يۇڭ يىپ ئۆتكۈزۈلگەن. پېشانە، چېكە، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا، كۆز، بۇرۇن ئۈستىنى تاكى ئېڭەكلىرىگىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا ئۆزگىچە گۈللۈك شەكىل چىقىرىپ گىرىم قىلىنغان. ئىككى زىچ توقۇلغان قىزىل يۇڭ



2. سۈرەت: M1 - نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان بوۋاق سۈرىتى

شوينا (چىلتەك) بىلەن چېتىلغان. ئىككى قولى بېغىشىدىن قىزىل، كۆك رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن باغلانغان. تىزىنىڭ يۇقىرىسى قىزىل، كۆك رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن چېتىپ باغلانغان. قوڭۇر رەڭلىك ئاقارغان چاچلىرى 20 س.م ئۇزۇنلۇقتا ئىككى تال ئۆرۈلگەندىن تاشقىرى يەنە 45 س.م ئۇزۇنلۇقتا ئۆرۈلگەن ئىككى تال سۈنئىي (سالغان) ئۆرۈمە چېچىمۇ بار. ئۇچىسىغا توق قىزىل رەڭلىك ساپ يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن تونچە ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك، پۇتىغا رەڭدار گۈل بېسىلغان كىگىز پايپاق (ئوڭ پۇتىغا قىزىل، قوڭۇر، سېرىق، كۆك رەڭلىك ئۇزۇن كىگىز پايپاق كىيدۈرۈلۈپ پۇتىنىڭ ئۇچىغا ئاقۇچ يۇڭ يۆگەلگەن، سول پۇتىغا تەكتى قوڭۇر، ئۈستى قىزىل رەڭلىك ئۇزۇن كىگىز پايپاق) كىيگۈزۈلگەن. پايپاقنىڭ ئۈستىگە بوغاتېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك (تىزدىن پاچاقىچە 40 س.م بۆلىكى ياخشى ساقلانغان) كىيگۈزۈلگەن.

قېزىۋېلىنغان ئاخىرەتلىك ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى كۆركەم يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئەر، ئايال، بالىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، كىگىز، يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان باش كىيىملەر، زىچ توقۇلغان رەڭدار چىلتەكلەردىن قۇراپ (بىر - بىرىگە ئۇلاپ - چېتىپ) تىكىلگەن نەفىس كىيىملەر، يۇڭ كەشتە، ئەدىيال، پالاس، كىگىز قاتارلىقلار بار.

ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار ئىچىدە يا، ئوق (ئوقيانىڭ)، سوغا (ياغاچ چېلەك)، تارغاق، ئۇرچۇق، قامچا دەستىسى، دەستىگاھ (توقۇمىچىلىق دۇكىنى) سايمانلىرىدىن كەرگە قاتارلىقلار، سۆڭەك - مۈڭگۈزدىن ياسالغان بۇيۇملاردىن قوشۇق، تارغاق، ئىلمەك قاتارلىقلار، تۆۋى دۈگىلەك (قازان تەكتى شەكىلدە) قارا رەڭلىك ساپال قاچىلار، تېرىدىن ئىشلەنگەن توقۇم ۋە باشقا نەرسىلەر بار. يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈپ قويۇلغان پاقلان گۆشى (كاۋاپ ئۈچۈن تەييارلانغان)، تېرىق (سۆك) ئۇنىدىن پىشۇرۇلگەن توقاچ (نان)لارمۇ ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان.

## 2. قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىپ رەتلەنگەن بەش قەبرىنىڭ ھەممىسىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى تېپىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپرەكى مېيىتلارغا كىيگۈزۈلگەن كىيىم - كېچەكلەر ۋە بىر بۆلۈك ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن ئىبارەت. بىز بۇ قېتىم 70 نەچچە دانە (پارچە) ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ نۇسخىلىرىنى تاللاپ، رەتلىدۇق. بۇ توقۇلما بۇيۇملار مەيلى كىيىملەرنىڭ تۈرى، پاسونى، بېزەكلىرى، توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلى، ئۆرۈش - ئارقاق يىپلىرىنىڭ ئېشىلىشى، ئەنلىرىنىڭ شەكلى، بويىلىشى، نەقىش ئۆرنەكلىرىگىچە زاغۇنلۇقتا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر - تېخنىكىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.



A سۈرەت: خورۇمدىن تىكىلگەن ئېگەر كۆرپىسى

1. M1 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى بوۋاقنىڭ ئىككى قەۋەت زاكىسى: ئىچى تەبىئىي ئاق رەڭلىك قىيپاش يوللۇق يۇڭ توقۇلما، تېشى توق قىزىل رەڭلىك تۈز يوللۇق يۇڭ توقۇلما داكىدىن ئىبارەت.

2 . M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان كىيىم - كېچەكلەر خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن تونلار، تونچە ياقىلىق كۆڭلەك، كالتە چاپانلار، ئۇزۇن ئىشتان، يوپكا، يۇڭ توقۇلما ئۇزۇن رومال قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلىمۇ ھەرخىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قىيپاش يوللۇق يىرىك توقۇلما، داكىسىمان يۇڭ توقۇلما، ئۆزگىرىشچان ئۇسۇل بىلەن توقۇلغان توقۇلما ۋە كەشتىلەش، ئۆرۈپ توقۇش ئۇسۇلى بىلەن توقۇلغان توقۇلمىلار بار. بولۇپمۇ ياقا - پەشلىرىنىڭ چۆرىسىگە رەڭدار گۈللۈك جىيەكلەر تۇتۇلۇپ تىكىلگەن ئەرەنچە تون (چاپان) ، ئۆزگىرىشچان ئۇسۇلدا توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك (ئايالنىڭ) ، ئۆرۈپ توقۇش ئۇسۇلدا توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن يوپكا قاتارلىقلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.



3 . سۈرەت: M2 - نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئەر كىشى جەسىتى

3 . M3 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆرۈپ توقۇش ئۇسۇلىدا توقۇلغان رەڭدار چىلتەكلەردىن توغرىسىغا بىر - بىرىگە چېتىپ (قۇراپ) تىكىلگەن ئۈچ دانە يوپكا، تۈز يوللۇق توقۇش ئۇسۇلىدا نەقىش ئۆرنەكلەرنى ئورنىتىپ توقۇلغان بۇيۇملار، بولۇپمۇ تەكتى قوڭۇر، بۆكەن قاتارلىقلارنى ئۆرنەك قىلىپ توقۇلغان يۇڭ توقۇلما رومال قاتارلىقلارنىڭ نۇسخىلىرى نەپىس، رەڭلىرى بەك ماسلاشقان.

4 . M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان كىيىم - كېچەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ سانى، تۈرى كۆپ بولۇپ، بەزى تونچە ياقىلىق ئۇزۇن (قىسقا) چاپان - تونلار، ئىشتان - كۆڭلەكلەر M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ قەبرىدىن يەنە باش كىيىم، يوپكا، ئالاھىدە توقۇلمىلار قېزىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 4/4 لىك قىيپاش يوللۇق توقۇلمىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن تونىنىڭ ئېتەكلىرىنىڭ ئاستىغا تۇتۇلغان گۈل نەقىش ئۆرنەكلىرى، بەزى ئۇزۇن ئىشتانلارنىڭ بەل - پۇشقاقلىرىغا چۈشۈرۈلگەن كەشتە ۋە رەڭلىك جىيەكلەر ئاجايىپ چىرايلىق. بەزى رومال قاتارلىق توقۇلمىلارنىڭ تەكتى سېرىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل رەڭدە قاينام شەكلىدىكى نۇسخىلارنى سىزغان. ھەتتا بەزى توقۇلمىلارنىڭ يۈزىگە تۆگە، يولۋاس، ياۋا توڭغۇز، بېلىق قاتارلىق ھايۋانات رەسىملىرى ناھايىتى جانلىق ۋە ئوبرازلىق قىلىپ سىزىلغان. بۇلاردىن ئۆز زامانىسىدا زاغۇنلۇقتا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىكنى بەك ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

5 . M5 - نومۇرلۇق قەبرىدىن رەتلەنگەن توقۇلمىلار ئانچە كۆپ ئەمەس، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزگىرىشچان توقۇش ئۇسۇلىدا توقۇلغان توقۇلمىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن تون ۋە بىر قىسىم قۇراپ توقۇلغان جىيەكلەر، تەبىئىي ئاق، قوڭۇر رەڭلىك توقۇلما بۆك (باش كىيىم) قاتارلىقلار مۇشۇ قەبرىدىن تېپىلغان ۋەكىللىك بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان بەش قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان كىيىم - كېچەكلەر، توقۇلمىلار ئەجدادلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىشلىتىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى شۇنداقلا ئۇلار ياراتقان ماددىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3 . كىيىم - كېچەكلەر

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قېلىن ۋە نېپىز، رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئۇزۇن - قىسقا چاپان - ئىشتانلار، كۆڭلەكلەر، يوپكا - روماللار، كىگىز ۋە تۇم ئىگىرىلگەن يۇڭ يىپلاردىن تىكىلگەن قالپاق (قۇلاقچا)، بۆك - پوسمىلار، تېرە (كۆن) دىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈكلەر، رەڭدار گۈللۈك ئۇزۇن كىگىز پايپاق قاتارلىق بىر يۈرۈش كىيىم - كېچەكلەردىن بىز ئۆز زامانىسىدا زاغۇنلۇقتا (جۈملىدىن تارىم ۋادىسىدا) ياشىغان ئەجدادلىرىمىز كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى تۆۋەندىكىچە بولغانلىقىنى بىلىمىز:

ئەرلەر بېشىغا كىگىزدىن تىكىلگەن ئېگىز ۋە ئۈچلۈق قالپاقلار (بەزىلىرى قۇلاقچا شەكلىدە، بەزىلىرى تۇم يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان ئۈچلۈق بۆكلەر) نى كىيگەن بولۇپ، باش كىيىملەرنىڭ كۆپىنچىسىگە قۇش پەيلىرى قادالغان (ياكى قىستۇرۇلغان). ئۈچىسىغا ياقا، يەڭ، پەشلىرى

www.uyghurkitap.com

ھەر خىل شەكىللىك ئۇزۇن تون ۋە قىسقا چاپانلارنى كىيگەن. ھەر خىل توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئىشتانلار يارىشىملىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇشقاقلىرى ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك ۋە گۈللۈك كىگىز پايپاقلارنىڭ ئىچىگە تىقىلغان. چاپان ۋە تونلارنىڭ ياقا، پەشلىرىنىڭ چۆرىسىنى بويلىتىپ رەڭدار جىيەكلەر تۇتۇلغان، بەزى تونلارنىڭ يەڭ ئۇچى ۋە تۆۋەنكى پەشلىرىگە رەڭدار نەقىش - ئۆرنەكلەر كەشتىلەنگەن. ئاياللار بېشىغا يۇڭ يىپتىن سىپتا توقۇلغان ئۇچلۇق بۆك ياكى سىرتىغا رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن توقۇلغان تور قاپلىنىپ تەييارلانغان دۇگىلەك (قاسقان شەكلىدە) تۇماق (ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قۇش پەيلىرى قادالغان) كىيگەن. ئۇچىسىغا قېلىن، نېپىز، رەڭدار، جۇلالىق يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن، ياقىلىرى دۇگىلەك ۋە «V» شەكىللىك ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى، بەل ۋە پۇشقاقلىرىغا ھەر خىل رەڭدە چىرايلىق ئۆرنەكلەر نەقىشلەنگەن ئىشتانلارنى كىيگەن. پۇتىغا ئۇزۇن قونچىلىق تېرە (كۆن) ئۆتۈك، (ياز كۈنلىرى كالتە قونچىلىق ئاياقلار) ئۆتۈك ئىچىگە گۈللۈك كىگىز پايپاقلارنى كىيگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇلار يەنە رەڭلىرى تەبىئىي ماسلاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرى ماھارەت بىلەن زىچ توقۇلغان ھەرخىل جۇلالىق يۇڭ چىلتەكلەردىن توغرىسىغا چېتىپ - قوراپ تىكىلگەن ئۇزۇن يوپكىلارنى، خۇددى نېپىز شايى ياكى داكىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەفىس يۇڭ رەختلەردىن تىكىلگەن ھەر خىل پاسوندىكى يازلىق كىيىملەرنى كىيگەن. ئاياللارنىڭ بويىنى، دۈمبىلىرىنى ئوراپ - يېپىشقا ئىشلىتىدىغان روماللىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلار ئاياللارنىڭ خاھىشى ۋە ئېھتىياجى بويىچە قېلىن، نېپىز، ئۇزۇن ھەم كەڭ، زىچ ۋە شالاڭ توقۇلغان. ئىككى بېشىدا ئۇزۇن پوپۇكلەر ساڭگىلاپ تۇرغان، توقۇلۇش ئۇسۇللىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان رەڭدار، كۆركەم روماللارنىڭ بەزىلىرىگە ئاجايىپ چىرايلىق نەقىش - ئۆرنەكلەر چۈشۈرۈلگەن بولسا، بەزىلىرىگە ھايۋانات ئوبرازى ۋە باشقا شەكىللەر ناھايىتى جانلىق سىزىلغان.



4. سۈرەت: M2 - نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ جەسىتى

## 1. كىيىملەر

بىز تاللاپ رەتلىگەن كىيىملەر 24 دانە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 17سى بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان. كىيىملەرنىڭ ئالدى پەش، ئارقا بوي، يەڭلىرى كەڭ ئەنلىك، ھەر خىل ئۇسۇلدا توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىلاردىن پىچىپ تەييارلىنىپ، بىر - بىرىگە چېتىپ تىكىلگەن. ئۇلارنى پاسونلىرىغا ئاساسەن ئۇزۇن تون، كۆڭلەكلەر ۋە قىسقا كىيىملەر، دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

1. ئۇزۇن تون (چاپان) ۋە كۆڭلەكلەردىن توققۇز دانە، بۇنىڭ ئالتە دانىسى M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن، ئۈچ دانىسى M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنىڭ سانى ئازراق بولۇپ، M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ئىككى دانە، M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر دانە تونۇشتۇرۇلدى.

ئوچۇق پەشلىك ئۇزۇن تون (چاپان) لار جەمئىي ئالتە دانە بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت بىرسىلا (64 : M4) ئاق رەڭلىك، قالغانلىرى قىزىل ۋە قوڭۇر رەڭدە. بۇ تون (چاپان) لارنىڭ ياقا، ئالدى پەش، يەڭ ئۇچى، پەشنىڭ تۆۋىنىگە بىر نەچچە تال رەڭلىك يىپلاردىن ئېشىپ تەييارلانغان جىيەكلەر تۇتۇلغان. بەزى تونلارنىڭ تۆۋەن پەشلىرىگە ئايلاندۇرۇپ رەڭدار، كۆركەم نەقىش - ئۆرنەكلەر چۈشۈرۈلگەن. ئەڭ بېجىرىم ساقلانغان (10 : M2 - نومۇرلۇق) قوڭۇر رەڭلىك ئۇزۇن تون (قىيپاش يوللۇق توقۇلما) 3/3 لىك قېلىن توقۇلمىدىن تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلچىمى: كەڭلىكى 80 س.م ، ئۇزۇنلۇقى 145س.م ، كۆكرەك ئايلانمىسى 204 س.م ، تۆۋەنكى ئېتەك ئايلانمىسى 220 س.م ، يەڭ ئۇزۇنلۇقى 45 س.م ، يەڭنىڭ بېشى 27 س.م ، يەڭ ئاغزى 13 س.م كېلىدۇ (5. سۈرەتكە قاراڭ). ئېتەكنىڭ تۆۋەن بۆلىكى بىلەن يەڭنىڭ ئۇچىغا زىننەتلەش ئۈچۈن 9 ـ15 س.م كەڭلىكتە چىلان رەڭلىك يوللۇق نۇسخا قوشۇپ توقۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى پەش، تۆۋەنكى پەش، يەڭ ئاغزىنى بويلاپ چىلان رەڭ (ئىككى ئۆرۈم)، ھال (ئىككى ئۆرۈم) ۋە قىزىل (بىر ئۆرۈم) قاتارلىق بەش ئۆرۈم يىپتىن ئېشىلگەن رەڭلىك جىيەك تۇتۇلۇپ، تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈلگەن. قىزىل رەڭلىك، قىيپاش يوللۇق يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلىپ، ▣ گۈللۈك جىيەكلەر بىلەن بېزەلگەن ئۇزۇن تون (34 : M2) ۋە تەكتى قىزىل، قوش رومبا نۇسخىلىق جىيەكلەر بىلەن بېزەلگەن ئۇزۇن تون (6. سۈرەتكە قاراڭ 2 — 57 : M4) لارنىڭ ئېتەكلىرىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا يەنىلا چىلان رەڭ، ئاچ قىزىل، كۆك، ساغۇچ، سېرىق رەڭلەردە توقۇپ چىقىرىلغان ▣ نۇسخىلىق ۋە قوش رومبا نۇسخىلىق گۈل نەقىش ئۆرنەكلىرى چۈشۈرۈلگەن (7. سۈرەتكە قاراڭ).

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئۇزۇن كىيىملەر ئىچىدە M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئەر (مېيىت) گە كىيگۈزۈلگەن قوڭۇر كىيىم بىلەن 64 : M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان تەبىئىي ئاق رەڭلىك ئۇزۇن كىيىمنىڭ ئالدى پەشلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە چىرىپ كەتكەنلىكتىن ئالدى قىسقا، كەينى ئۇزۇن شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان.

ئۇزۇن كۆڭلەكلەر ئىچىدە M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئايالغا كىيگۈزۈلگەن قىزىل (چىلان رەڭ) قىيپاش يوللۇق قېلىن توقۇلمىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆڭلەك (1/2 لىك قىيپاش يوللۇق توقۇلما) بىلەن 21 : M2 - نومۇرلۇق ئۇزۇن كۆڭلەك (قىزىل رەڭلىك، توغرىسىغا كۆپتۈرمە يول چىقىرىپ توقۇلغان رەختتىن

تىكىلگەن) لەر ھازىرمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى دائىم كىيىدىغان ئۇزۇن كۆڭلەكلەرگە بەكلا ئوخشايدۇ.

M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئايالغا كىيگۈزۈلگەن قىزىل (چىلان رەڭ) كۆڭلەكنىڭ تىكىشلىرىنى بويلاپ كۆك، قوڭۇر، ئاق رەڭلىك يىپلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆرىگەن جىيەكلىك يىپلار باستۇرۇپ تىكىلگەن (1. رەسىمگە قاراڭ). قىزىقارلىقى، بۇ كۆڭلەكنىڭ ئىككى قولتۇق يېنىدىن، كىيىپ - سېلىشتا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن 20 س.م ئەتراپىدا ھەم يوچۇق چىقىرىلغان. يۇقىرىدىكى كۆڭلەكلەرنىڭ رەڭلىرى بىلەن جىيەك - چېكەتلىرىنىڭ رەڭلىرى ئوچۇق، جۇلالىق بولۇپ ئۆز ئارا بەك ماسلاشقان.



5. سۈرەت: M2:10 - قوڭۇررەڭلىك ئۇزۇن يوڭ توقۇلما تون

2. قىسقا كىيىملەر (كالتە چاپان، كۆڭلەكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ): سەككىز دانە بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئالدى ئوچۇق پەشلىك قىلىپ تىكىلگەن. بۇ خىل كىيىملەرنىڭ كۆپرەكى نېپىز (شالاڭ) توقۇلغان تۈز يوللۇق رەختلەردىن تىكىلگەن بولسا، بەزىلىرى تەكتى داكىسىمان، تىك يول چىقىرىپ توقۇلغان رەختلەردىن تىكىلگەن. 36 : M2 - نومۇرلۇق تەكتى قىزىل، توغرىسىغا كۆپتۈرمە يول چىقىرىپ توقۇلغان يوڭ رەختتىن تىكىلگەن كىچىك بالىنىڭ ئالدى ئوچۇق پەشلىك كىيىمى داكا - شايىلارغا ئوخشاش نېپىز بولۇپ، رەختنىڭ قېلىنلىقى 0.073 س.م ، كۆپتۈرمە يوللۇق توقۇلمىنىڭ قېلىنلىقى ئاران 0.095 س.م كېلىدۇ. ئۇ كىيىمنىڭ يەڭلىرى تار بولۇپ، ئالدى ئىككى پېشى، يەڭ، ياقلىرىدىكى تىكىشلەر بىلەن قوشۇپ كۆك يىپ باستۇرۇلغاندىن تاشقىرى ئالدى پەشلىرىنىڭ ئىككى قىرى، مۈرلىرىنى بويلاپ كۆك، قىزىل، ئاق رەڭلىك يىپلاردىن ئۆرۈپ توقۇلغان جىيەكلەر تۇتۇلغان (8. سۈرەت ۋە 2. رەسىمگە قاراڭ).

ئومۇمەن، يۇقىرىدىكى كىيىملەرگە تۇتۇلغان (قوشۇپ باستۇرۇپ تىكىلگەن) رەڭدار جىيەكلەر كىيىملەرنىڭ بىر پۈتۈن تاشقى قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەندىن باشقا، كىيىملەرنىڭ ئۆزۈتى ۋە توغرىسى ئارىلىقىدىكى سېلىشتۇرمىنى تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇپ، ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن؛ رەڭلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى، رەڭلەرنىڭ تەبىئىي ھالدا ئۆز ئارا ماسلىشىشى كىيىملەرنىڭ كۆركەملىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

## 2. ئۇزۇن ئىشتانلار

بىز تاللاپ رەتلىگەن ئۇزۇن ئىشتانلار يەتتە دانە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن، بەش دانىسى M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان. بۇ ئۇزۇن ئىشتانلارنىڭ ئاغلىرى ھەر خىل شەكىلدە، مەسىلەن، پەلەمپەي - بالداق شەكىللىك، بەزىلىرى ئۇزۇن چاسا شەكىلدە تىكىلگەن. 11 — 33 : M2 - نومۇرلۇق تەبىئىي ئاق رەڭلىك يوڭ توقۇلما (قىيپاش يوللۇق) دىن تىكىلگەن ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 125 س.م ، بەل ئايلانمىسى 119 س.م ، پۇشقاق ئايلانمىسى 61س.م بولۇپ، پەلەمپەي - بالداق شەكىلدە تىكىلگەن ئېغىنىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 44 س.م كېلىدۇ. 57 : M4 - نومۇرلۇق چىلان رەڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن ئىشتان بىلەن M2 - قەبرىدىكى ئەر جەسەتكە كىيگۈزۈلگەن قوڭۇر ئىشتاننىڭ ئاغلىرى ئۇزۇن تۆت چاسا شەكىلدە تىكىلگەن. بەزى ئۇزۇن ئىشتانلارنىڭ بەل ۋە پۇشقاقلىرىغا رەڭلىك جىيەكلەر تۇتۇلغاندىن تاشقىرى كەشتىسىمان رەڭدار ئۆرنەكلىك جىيەكلەر بىلەن بېزەكلەنگەن. ئىشتاننىڭ بەل قىسمىدىكى كەشتىسىمان بېزەكلەر ھەرە چىشى ئۆرنەكلىك بولسا، پۇشقاقلىرىغا قاينام شەكىللىك بېزەكلەر چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى كۆركەم ۋە يارىشىملىق كۆرۈنىدۇ.

## 3. يوپكىلار

قېزىۋېلىنغان كىيىم - كېچەكلەر ئىچىدىن رەتلەپ تاللانغان يوپكىلار يەتتە دانە بولۇپ (M2 - قەبرىدىن بىر دانە، M3 - قەبرىدىن ئۈچ دانە، M4 - قەبرىدىن ئۈچ دانە)، ئۇلارنىڭ ھەممىسى توغرىسىغا چېتىلىپ تىكىلگەن.



6. سۈرەت: M4:57 — 2 تەكتى قىزىل، قوش رومبا نۇسخىلىق جىيەكلەر بىلەن بېزەكلەنگەن يوڭ توقۇلما تونىنىڭ يېقىندىن تارتىلغان سۈرىتى

M2 ۋە M3 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان يوپكىلارنىڭ تولىسى ئۆرۈش ئۇسۇلىدا توقۇلغان رەڭدار جىيەكلەردىن قۇراپ تىكىلگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەقەت بىر خىللا رەڭدە توقۇلغان جىيەكلەردىن قۇراپ تىكىلگەن بولسا، بەزىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل رەڭدىكى جىيەكلەردىن ھاسىل قىلىنغان تەگلىك ئۈستىدە توغرىسىغا قۇراپ چىقىرىلغان ئۆرنەكلەردىن گۈللۈك قىلىپ تىكىلگەن. 2 : M3 - نومۇرلۇق تەكتى قىزىل توغرا يوللۇق يوپكا 49 تال جىيەك (قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل

www.uyghurkitap.com

رەڭلىك) لەردىن قۇراپ تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تىكىلىشى تۆۋەندىكىچە: بىر تال قىزىل جىيەك قۇراپ تىكىلگەندىن كېيىن يەنە باشقا خىلدىكىلىرى قۇرالغان. مەسىلەن، قىزىل - كۆك - قىزىل؛ قىزىل - يېشىل - قىزىل ... ۋە باشقىلار. قۇراپ تىكىلگەن رەڭدار، گۈللۈك بۇ يوپكىلار كىشىگە ھەسەن - ھۆسەننى ئەسلىتىدۇ (9. سۈرەتكە قاراڭ).

يەنە بىر خىلى 2/2 لىك قىيپاش يوللۇق، قىزىل، كۆك (يېشىل) سېرىق رەڭلىك، ئېنى 10 - 20 س.م كېلىدىغان يۇڭ توقۇلمىلارنى توغرىسىغا بىر - بىرىگە ئۇلاپ تىكىلگەن ئۇلاق يوپكىلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 59 : M4 - نومۇرلۇق يوپكا بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 94 س.م، ئايلانمىسى (كەڭلىكى) 210 س.م كېلىدۇ. بۇ ئۇلاق يوپكا - قىزىل، توق سېرىق، قىزىل، ئاچ سېرىق، قىزىل رەڭلەردىكى بەش پارچە (ئەن) قىيپاش يوللۇق توقۇلمىدىن ئۇلاپ تىكىلگەن.



7. سۈرەت: M2:34 ئېتەكلىرىگە ج نۇسخىلىق ئۆرنەكلەر چۈشۈرۈلگەن توننىڭ يېقىندىن تارتىلغان بۆلىكى

## 4. روماللار

قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە رەتلىنىپ تىزىملانغان روماللار بەش دانە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىللە قوشۇپ توقۇلغان مەخسۇس ھەر خىل گۈل ئۆرنەك نۇسخىلىرى، ئىككى بېشىدا پوپۇكلىرى بار. مەسىلەن M2:5 - نومۇرلۇق تەكتى كۆك، قىزىل يول چىقىرىپ توقۇلغان رومالنىڭ (ئۇزۇنلۇقى 5. 114 س.م، كەڭلىكى 55 س.م) يۈزىگە ئۈچ گۇرۇپپا قىزىل رەڭلىك يول (ئۇزۇنسىغا) چىقىرىپ توقۇلغان. رومالنىڭ چىداملىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىككى بېشىنىڭ قىرىنى بويلىتىپ توغرىسىغا يەنە بىر قۇر قىزىل ئۆرۈش (يول) قوشۇپ توقۇلغان (3 - رەسىمگە قاراڭ). رومال پوپۇكلىرى (ئۇزۇنلۇقى 10 س.م ئەتراپىدا) ئۆرۈش يىپلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېشىۋېتىلگەن. 10 : M3 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان تەكتى قوڭۇر رومال گەرچە تىتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى بۆكەن، تۆگە ئوبرازلىق ئۆرنەكلەر ناھايىتى ئېنىق ۋە چىرايلىق. 79 : M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان تەكتى سېرىق، قىيپاش يوللۇق توقۇلمىدىن تەييارلانغان روماللارغا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆرنەكلەر چۈشۈرۈلگەن. روماللارغا چۈشۈرۈلگەن قاينام (يۈگمەچ گۈل) ئۆرنەكلىك گۈل نۇسخىلار

قىزىل رەڭ بىلەن قولدا سىزىلغان بولۇپ، بويۇملارغا ھۆسن ئۈستىگە ھۆسن قوشقان. 80 : M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان رومال (2/2 لىك قىيپاش يوللۇق توقۇلما) خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان، ئۇزۇنلۇقى 147 س.م، كەڭلىكى 60س.م، پوپۇكلىرىنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى 20س.م كېلىدۇ (10. سۈرەتكە قاراڭ).

## 5. باش كىيىملەر

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى (M1، M2، M3، M4، M5) دىن تېپىلغان باش كىيىملەرنىڭ سانى ئوندىن ئاشىدۇ. باش كىيىملەرگە قوي يۇڭى ئاساسلىق خام ماتېرىيال قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇختا پېسىلغان كىگىزدىن، بەزىلىرى يۇڭ رەختتىن، بەزىلىرى ھەر خىل ئېشىلگەن يۇڭ يىپلاردىن تەييارلانغان. قويۇق يەرلىك ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە باش كىيىملەرنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلار قالپاق، تۇماق، قولاقچا، توربۆك، پوسما قاتارلىق تۈرلەرگە، شەكىل جەھەتتىن قوش بويۇنلۇق ئېگىز قالپاق، ئىككى يېنىغا ھايۋان مۈڭگۈزى شەكلى ئورنىتىلغان قولاقچا، قاسقان شەكىللىك تور تۇماق، ئۈچلۈق تۇماق، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان ئۈچلۈق تور بۆك، تۈۋتى ئۆرۈلەپ تۇربىدىغان (رەڭلىك) پوسما قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. تۆۋەندە ئالاھىدە شەكىلگە كەلتۈرۈپ تىكىلگەن (توقۇلغان) باش كىيىملەردىن بىر نەچچىسىنى ئايرىم تونۇشتۇرىمىز:

1. M3 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان قوش بويۇنلۇق ئېگىز قالپاق: تەبىئىي قارا (قوڭۇر) رەڭلىك كىگىزدىن تىكىلگەن بولۇپ، ئاستى كەڭ، ئۈستى تار ھەم ئۈچلۈق، خۇددى قوشنىڭ بويۇن ۋە بېشىغا ئوخشايدۇ. قالپاقنىڭ ئېگىزلىكى 35 س.م، باشقا كىيىلىدىغان ئاغزىنىڭ كەڭلىكى 24 س.م، ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ ئايلانمىسى 52 س.م، ئۈستى تۇمشۇق كەسمىسى 5 س.م. قالپاقنىڭ قىر (چەك) گىرۋەكلىرى تەبىئىي ئاق يۇڭدىن ئېشىلگەن يىپ بىلەن 74 يەردىن پەرلەنگەن. ئۇنىڭ گىرۋەكلىرى ئارقىسىغا قايرىلغان. ئارقا تەرىپىنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلانغان چېكىنى بويلاپ ھەر قاتىرى 14 تالدىن ئىككى قاتار موي (قىلغا ئوخشايدىغان بىر خىل تەبىئىي قارا رەڭلىك موي) باستۇرۇپ تىكىلگەن. مويلارنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئورنى: 1 - قاتاردىكى 1.، 2.، 4.، 9.، 10 - تىكىشلەردە؛ 2 - قاتاردىكى 1.، 2.، 5.، 6.، 7.، 10.، 11.، 12 - تىكىشلەردە بولۇپ، قالغانلىرى چۈشۈپ (تۈزۈپ) كەتكەن بولسىمۇ، قىستۇرۇلغان ئورنىنى يەنىلا ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ (11. سۈرەتكە قاراڭ).

2. مۈڭگۈز شەكلى ئورنىتىلغان قولاقچا: 48 : M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ، ئۆلچەپ كېسىلگەن ئىككى پارچە ئاق كىگىزدىن تىكىلگەن، قولاقچىنىڭ ئۈستى (ئالدى) تەرىپىگە كىگىز پارچىسىدىن ھايۋان مۈڭگۈزىگە ئوخشىتىپ تىكىلگەن «مۈڭگۈز» ئورنىتىلغان، ئۇزۇنلۇقى 24 س.م (بىر تەرىپى 12 س.م)، قولاقچىنىڭ ئېگىزلىكى 15 س.م

(قولاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون س.م)، ئاغزىنىڭ كەسمىسى 25 س.م. ئىككى قولاق ئۇچىغا يۇڭ شوينا بېكىتىلگەن (12. سۈرەتكە قاراڭ).

3. ئۇچلۇق تور بۆك: M5 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇ ئۇچلۇق تور بۆك ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، تومىراق ئېگىرىلگەن تەبىئىي ئاق رەڭلىك يۇڭ يىپتىن توقۇپ (36 قۇر) تەييارلانغان، ئېگىزلىكى 22.5 س.م، دىئامېتىرى 18 س.م؛ بۆكنىڭ ئۇچ تەرىپىگە پەي (ئاق رەڭلىك) قىستۇرۇلغان (13. سۈرەتكە قاراڭ).



1. رەسىم: M2 - قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئايالغا كىيگۈزۈلگەن قىزىل يۇڭ توقۇلما كۆڭلەكنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن رەسىمى

4. تور قاپلانغان تۇماق: 47 : M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇ ئالاھىدە تۇماقنىڭ تىكىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ، ئالدى بىلەن ھەر خىل قوي يۇڭلىرى 20 سانتىمېتىر تومىلۇقتا دۈگىلەك شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى سىرتىدىن يۇڭ شوينا بىلەن چىڭ ئوراپ قاسقان شەكىلگە كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ سىرتىنى قوڭۇر رەڭلىك ئىنچىكە يۇڭ يىپتىن يول چىقىرىپ سىپتا توقۇلغان تور بىلەن قاپلىغان، بۇ ئالاھىدە باش كىيىمنىڭ ئېگىزلىكى 6 س.م، ئايلانمىسى 84 س.م كېلىدۇ؛ باش كىيىمنىڭ ئۈستىگە قوش پېيى قادالغان (14. سۈرەتكە قاراڭ).

## 4. يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى

ئۆز زامانىسىدا زاغۇنلۇقتا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەقىل - پاراستى ۋە ھۈنەر - تېخنىكىسىغا تايىنىپ تەييارلىغان كىيىم - كېچەكلىرىگە ئىشلەتكەن ھەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلى، قۇرۇلمىلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ قېتىم رەتلەنگەن كىيىم - كېچەك ۋە ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدە قىيپاش يوللۇق توقۇلمىلار 29، تۈز يوللۇق توقۇلمىلار 27، داكىسىمان توقۇلمىلار يەتتە، تۈز يوللۇق ئۆزگىرىشچان قۇرۇلمىلىق توقۇلمىلار ئۈچ، كەشتىسىمان توقۇلمىلار ئىككى دانە (پارچە) بولۇپ، ئۇ، ئورۇپ توقۇش ئۇسۇلى بىلەن توقۇلغان توقۇلمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

ھەر خىل رەڭدىكى يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئۇزۇن - قىسقا تون - چاپانلار، كۆينەك، ئىشتان، يوپكا، رومال قاتارلىقلارنىڭ ئەنلىرى كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئۆلچىمى، پاسونى، تىكىلىش ئېھتىياجى بويىچە بېكىتىلگەن. شۇڭا، ئۇلارنى «يۇڭ توقۇلمىلار ۋە كىيىم - كېچەكلەر دۇنياسى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ چىداملىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەر خىل توقۇش ئۇسۇلىدا گىرۋەك - جىيەكلەر چىقىرىلغان. ئۆرۈشكە بىرىكتۈرۈپ گىرۋەك چىقىرىلغان توقۇلمىلار ئىچىدە قىيپاش يوللۇق توقۇلمىلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. قېزىۋېلىنغان ھەر خىل تون، چاپان، ئىشتان، كۆڭلەك، بىر - بىرىگە چېتىپ ئۇلاپ تىكىلگەن يوپكا، رومال قاتارلىقلار چۆرىسىگە چىداملىق گىرۋەك چىقىرىلغان يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن.

يۇڭ توقۇلمىلارغا ئىشلىتىلگەن ساپ يۇڭ يىپلارنىڭ ئېگىرىلىشى (ئۆرۈش ۋە ئارقاقلىرىنىڭ ئېگىرىلىشى) كۆپرەك «Z» يۆنىلىشتە، تاق يىپلار «Z» يۆنىلىشتە بولسا، بىرىكمە ياكى كۆپ قاتلىق يىپلار «S» يۆنىلىشتە ئېگىرىلگەن.

ئۆرۈش، ئارقاق يىپلار توقۇلمىلاردا ئادەتتە تاق ئېگىرىلگەن، ئىككى (قوش) قات ئېگىرىلگەنلىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئادەتتە، تۈز يوللۇق توقۇلمىلاردا ئارقاقلىرىنىڭ تىزىلىشى بوشراق، ئۆرۈشلىرىنىڭ تىزىلىشى زىچراق بولسا، قىيپاش يوللۇق توقۇلمىلاردا ئارقاقلار زىچراق، ئۆرۈشلەر بوشراق تىزىلغان.

زاغۇنلۇقتا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قالاق بولغان شارائىت ئاستىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ، ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلارنى بېزەپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرگەن. توقۇلمىلارغا كەشتىسىمان، گۈل - ئورنەكلەرنى چىقىرىش، رەسىم سىزىش قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، يۇڭ توقۇلمىلارنى بېزەش بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن.

M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن رەڭلىك سىزما رەسىم ئورنەكلىك يۇڭ توقۇلمىلار كۆپرەك تېپىلدى. مەسىلەن: 2 — 23 : M4 - نومۇرلۇق ئاق رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىغا قىزىل رەڭدە ياۋا توڭگۇز بىلەن قوش ئۆركەشلىك تۆگىنىڭ ئوبرازى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا (توقۇلمىدا ساقلىنىپ قالغىنى) تۆت قاتار، ھەر قاتارىدا تۆت تۇياق

www.uyghurkitap.com

توڭغۇز ۋە توگە ئوبرازى بار (15. سۈرەتكە قاراڭ).

M4 : 79 - نومۇرلۇق تەكتى سېرىق ئۈچ دانە رومالنىڭ ئۈستىگە قىزىل رەڭدە قاينام ۋە سۇ دولقۇنلىرىنىڭ تەسۋىرى سىزىلغاندىن تاشقىرى ئۇنىڭغا لايىقلاشتۇرۇپ يۇڭ توقۇلما يۈزىدىكى بوشلۇقلارغا قارا ۋە سۈس سېرىق رەڭلەردە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك ئۆرنەكلەر سىزىلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا سېرىق رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچىلىق پايپاقتا (M4 : 56) قىزىل رەڭدە يولۋاسلارنىڭ ئوبرازى ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ سىزىلغان (16. سۈرەتكە قاراڭ). M4 : 23 — 1 - نومۇرلۇق سېرىق رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىغا بېلىقلارنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى ھالەتتە تۇرغان قىياپەتلىرى ناھايىتى جانلىق سىزىلغان. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئېسىل رەڭلىك سىزما رەسىم ئۆرنەكلىك يۇڭ توقۇلمىلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت (رەسساملىق) تالانتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك ماددىي بۇيۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىيىم - كېچەكلەر ئىچىدىكى تون، چاپان، ئىشتان قاتارلىقلارنىڭ پەش - ئېتەكلىرى، بەل - پۇشقاقلىرىغا كەشتىسىمان گۈل چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ھەرخىل ئۆرنەكلەر توقۇلۇپ، كىيىملەر بىلەن ئۆرنەكلەر تەبىئىي يوسۇندا بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇلار ئېھتىياجغا قاراپ توقۇلمىلارنىڭ مۇۋاپىق بۆلەكلىرىگە رەڭلىك ئارقاقلارنى ئۆرۈشلەر بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ توقۇش ئۇسۇلى بويىچە توقۇپ چىقىرىلغان. مەسىلەن، M2 : 34 - نومۇرلۇق قىزىل توننىڭ تۆۋەنكى ئېتەكلىرىگە 13 س.م كەڭلىكتە كۆك، سېرىق، قىزىل يىپلاردىن ◘ نۇسخىلىق ئۆرنەك چىقىرىلغان. M4 : 57 — 2 - نومۇرلۇق، 4/4 لىك قىيپاش يوللۇق توقۇلمىدا تىكىلگەن تونغا قوش رومبا نۇسخىلىق ئۆرنەك چىقىرىلغان؛ M4 : 50 - نومۇرلۇق ئىشتاننىڭ بەل ۋە پۇشقاقلىرىغا قوڭۇر، كۆك، يېشىل يىپلاردىن قاينام، دولقۇن شەكىللىك كەشتىسىمان ئۆرنەكلەر توقۇپ چىقىرىلغان. يەنە بىر پارچە تەكتى چىلان رەڭ تەگلىك ئۈستىگە سۈس سېرىق، قىزغۇچ سېرىق، كۆك رەڭلىك يىپلار بىلەن سۇ دولقۇنى شەكىللىك ئۆرنەك چىقىرىلغان.

M4 : 6 - نومۇرلۇق ئۇلاق يوپكىنىڭ بېزەكلىرى ئۆزگىچە. ئۇنىڭغا قىزىل، سېرىق، يېشىل، كۆك، ئاق رەڭلىك يىپلاردىن قوي مۈڭگۈزى شەكلىدىكى غەيرىي ئۆرنەك چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ كەشتىسىمان ئۆرنەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 77 س.م، كەڭلىكى 10.5 — 12.7 س.م كېلىدۇ. ئۇنى ئىككى خىل رەڭلىك يىپنىڭ ئۇتاشقان يېرىدىن باشقا رەڭلىك ئارقاقنى بىر تال ئۆرۈش بىلەن بىرگە يۆگەپ، كېيىن يەنە ئۆرنەكنىڭ كىرەكلىك يېرىگە قايتۇرۇپ بىرىكتۈرىدۇ. (17. سۈرەتكە قاراڭ).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر خىل كەشتىسىمان گۈل - ئۆرنەك چىقىرىش ئۇسۇلىمۇ بار بولۇپ، ئۇنى شالاڭ تۈز يوللۇق تەگلىك ئۈستىگە، يەنە تۈز يوللۇق توقۇش ئۇسۇلىدا رەڭلىك ئۆرنەكلەرنى توقۇپ چىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەييارلىغان. بۇ خىلدىكى ئېسىل توقۇلمىلاردىن ئۈچ خىلى تېپىلدى، بۇ توقۇلمىلارغا توقۇپ چىقىرىلغان ئۆرنەكلەرنىڭ سىتېرېئولۇقى كۈچلۈك بولۇش بىلەن بىللە، ئىشلىتىلگەن يۇڭ يىپلارمۇ رەڭدار. مەسىلەن، M3 : 10 - نومۇرلۇق تەكتى قوڭۇر توقۇلمىغا قىزىل، كۆك، ئاق، قىزغۇچ، سېرىق رەڭلەردە، مۈڭگۈزلىرى يېتىلگەن قامەتلىك بۆكەنلەرنىڭ ئوبرازى ناھايىتى چىرايلىق توقۇپ چىقىرىلغان.



8. سۈرەت: M2:36 داكىسمان يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن باللار كىيىمى

شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە تېخى تۇنجى قېتىم تېپىلغان، ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان مۇشۇنداق ئېسىل، رەڭدار، نەفىس ئۆرنەكلىك توقۇلمىلار ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ قىممەتلىك ماددىي پاكىت بولۇپ سانىلىدۇ (18. سۈرەتكە قاراڭ).

## 5. يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ بويىلىشى

قېزىۋېلىنغان رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلارنى كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ بويىلىشىدا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋال مەلۇم بولدى.

### 1. يۇڭ توقۇلمىلارنى توپ بويىچە بوياش ۋە دانە (پارچە) بويىچە بوياش ئۇسۇلى

بەزى يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ يىرتىلغاندىن كېيىن كۆرۈنۈپ قالغان تالالىرى بىلەن يۈزىدىكى رەڭلىرىنىڭ توقۇلمىلارنىڭ كەينىدىكى رەڭلەردىن سۈس بولغانلىقى ئۇنىڭ توپ بويىچە بويالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. M4 — نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان تەكتى سېرىق، ئۈستىگە قىزىل رەڭدە قاينام ئۆرنەكلىك گۈل سىزىلغان ئۇزۇن

رومال بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. يەنە بەزى قىزىل رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ رەڭگى بارا-بارا ئۆڭۈپ، ئاچ قىزىل ياكى سېرىققا ئۆزگىرىپ (M4 : 77 - نومۇرلۇق قىزىل رەڭلىك توقۇلما) كەتكەن. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار توقۇلمىلارنىڭ توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن توپى بويىچە بويالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



2. رەسىم: M2:36 داكىسىمان يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن باللار كىيىمىنىڭ رەسىمى

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن يەنە بىر مۇنچە ھەر خىل بويالغان يۇڭلار بىلەن رەڭلىك يۇڭ يىپلارمۇ تېپىلدى. قارىغاندا، بەزى يۇڭ توقۇلمىلار، بولۇپمۇ ناھايىتى قېلىن يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن تونلار ۋە ئۇلارنىڭ كەشتىسىمان ئۆرنەكلەر چىقىرىلغان بۆلەكلىرى بويالغان يۇڭلاردىن ئېشىپ تەييارلانغان يۇڭ يىپلار بىلەن توقۇلغانلىقى ئېنىق.

## 2. بوياق ماتېرىياللىرى

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلارغا ئىشلىتىلگەن بوياق ماتېرىياللىرىنى ئىلمىي ئانالىز قىلىنمىغان بولساقمۇ، ئۇلارنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ يەنىلا مىنېرال ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساس قىلغانلىقىنى ھۆكۈم قىلالايمىز. چۈنكى مىنېرال خام ئەشياسى سېرىق مەرگىمۇش بىلەن زەرنىخ قاتارلىقلاردىن سېرىق بوياق ھاسىل بولىدۇ. بەزى قىزىل رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەندىن كېيىن سۇس قىزىل ياكى سېرىق رەڭگە ئۆزگەرگىنىگە قاراپ، ئۇنىڭ بوياق ماتېرىيالىنىڭ رويان (ئوردان) ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز.

تارىم بوستانلىقلىرىدا تارىختىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق ھۈنەر - تېخنىكىسىنى ئىنچىكە كۆزەتسەك، ئۇنىڭدا بىر خىل قەدىمكى يەرلىك ھۈنەر - تېخنىكىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمانلىرىنىڭمۇ ناھايىتى قەدىمىي، ئىپتىدائىي ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە ئەڭ قەدىمكى (ئىپتىدائىي) دۇكان - دەستگاھلاردا ئولتۇرۇپ، ساپ تۆگە يۇڭىدىن ئىگىرىلگەن يىپلار بىلەن چەكمەن ۋە تىۋىت ئارىلاشتۇرۇلغان تۆگە يۇڭىدىن تىۋىتلىق چەكمەن، تىۋىت رومال، يۇڭ پالاس، كاشا (بەلگە ئورايدىغان)، ئات - ئۇلاغلار ياپقۇسى، يۇڭ تاغار، يۇڭ خۇرجۇن قاتارلىق توقۇلمىلارنى توقۇيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بوياقچىلىقى ئۇزۇن تارىخقا، خاس يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلار بوياق ئۈچۈن توخۇمەك، زاك، زەمچە، ئانار پوستى، ياڭاق پوستى، يۇلغۇن چېچىكى، ئۆرۈك قوۋزىقى، تۆمۈر دېتى، داشقال قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى بوياق ماتېرىيال - خۇرۇچلىرىنى تەجرىبىلىك ئۇستىلار قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر - بىرىگە تەڭشەپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن قىزىل، نىل، قارا، قارا كۆك، زەيتۇن رەڭ، سۆسۈن، جىگەر رەڭ، شاپتۇل چېچىكى، ئانار گۈلى، خورما رەڭ، توپا رەڭ، يېشىل، ئەت رەڭ، توق سېرىق، توخۇم سېرىقى قاتارلىق كۆپ خىل رەڭلەرنى ئىشلەيدۇ. بۇ خىل بوياق - رەڭلەرنىڭ سۈپىتى ئېسىل بولۇپ، ئەسىرلەر بويى توزۇمايدۇ (ئۆچمەيدۇ).

## 6. باشقا يادىكارلىقلار

بۇ قېتىم «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دا ئېلىپ بېرىلغان قېزىپ رەتلەش خىزمىتى جەريانىدا قېزىپ رەتلەنگەن بەش قەبرىدىن تېپىلغان باشقا خىلدىكى يادىكارلىقلارنىڭ سانى، تۈرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە M3، M4، M5 - نومۇرلۇق قەبرىلەر باشقىلار تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەنلىكتىن ئۇ قەبرىلەرگە قويۇلغان ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭمۇ ئەسلى قويۇلغان ئورنى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. بەزى يادىكارلىقلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.



9. سۈرەت: M3:2 رەڭدار يۇڭ توقۇلما جىيەكلەردىن بىر - بىرىگە چېتىپ تىكىلگەن يوپكا (يېقىندىن تارتىلغان سۈرەت)

شۇڭا بۇ خىل يادىكارلىقلارنى قەبرىدىكى ئەسلى ئورنى ۋە رەت تەرتىپى بويىچە تولۇق تونۇشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. تۆۋەندە، قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان تۆۋى دۈگىلەك (قازان تەكتى شەكلىدە) ياسالغان قوڭۇر رەڭلىك ساپال قاچىلار، سوغا (ياغاچ چېلەك)، ئوق باشقى، ئوق دەستىسى بىلەن بىللە ئويۇپ ياسالغان ئوقيانىڭ ئوقلىرى، ياغاچتىن ياسالغان تارغاق، ئۇرچۇق، قامچا

دەستىسى، سۆگەك - مۈگگۈزدىن ياسالغان بۇيۇملاردىن قوشۇق، تارغاق، ئىلمەك قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرىمىز:

01 — 7 : M2 - تەكتى دۈگلەك، قوڭۇر رەڭلىك ساپال قاچا - سىدام، گۈل - نەقىشلىرى يوق، قولدا ياسالغان. گىرۋەكلىرى تۈز، تەكتى يۇمىلاق. ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 23 س.م، ئېگىزلىكى 10 س.م، قورساق قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.9 س.م كېلىدۇ.



3. رەسىم: M:5 تەكتى كۆك، قىزىل يول چىقىرىپ توقۇلغان يۇڭ رومالنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن رەسىمى

02 — 7 : M2 - تەكتى دۈگلەك، قوڭۇر رەڭلىك ساپال قاچا - قولدا ياسالغان، گۈل - نەقىشلىرى يوق، سىدام. تەكتى يۇمىلاق، گىرۋەكلىرى تۈز بولۇپ، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 13 س.م، ئېگىزلىكى 10 س.م، قورساق قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 س.م كېلىدۇ (4 - رەسىمگە قاراڭ).

03 — 7 : M2 - تەكتى دۈگلەك، قوڭۇر رەڭلىك ساپال قاچا - چوڭ - كىچىكلىكى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى يۇقىرىدىكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

85QZM3 : 2 تەكتى دۈگلەك قوڭۇر رەڭلىك ساپال قاچا قولدا ياسالغان، گۈل - نەقىشلىرى يوق، سىدام، تەكتى يۇمىلاق، گىرۋەكلىرى تۈز بولۇپ، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 16 س.م، ئېگىزلىكى 11 س.م، قورساق قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 6 م.م كېلىدۇ (19. سۈرەتكە قاراڭ).

1 : M4 بىر قۇلاقلىق ساپال كوزا - قوم ئارىلاشما لاي بىلەن قولدا ياسالغان. سۇس كۆلرەڭ، تەكتى يۇمىلاق بولۇپ، ئاغزى ئۈزۈنچاق، ئالدىغا ئۇسۇپ چىققان ئوقۇرسىمان جوغىسى بار (گۈل - نەقىشلىرى يوق). ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 24 س.م، ئېگىزلىكى 48 س.م، قورساق قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 8 م.م كېلىدۇ (20. سۈرەتكە قاراڭ).

1 : M3 سوغا (ياغاچ چىلەك) ئىچى كاۋاك توغراق كۆتىكى (ياغىچى) دىن ياسالغان بولۇپ، يۇقىرى (ئاغزى) تەرىپىگە يونۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىككى قۇلاق چىقىرىلغان. سوغىنىڭ ئاستى تۈز، ئۇنىڭغا 8 م.م قېلىنلىقتىكى توغراق تاختىيىدىن تەگلىك ئورنىتىلغان بولۇپ، تەگلىك سەككىز دانە ياغاچ مىخ بىلەن ھەم قىلىپ بېكىتىلگەن. سوغىنىڭ يۇقىرى (ئاغزى) گىرۋىكىدە توغراق كۆتىكىنىڭ تەبىئىي پۈتاق ئىزى (كۆتەكتىكى پۈتاق ياغىچى نەچچە سانتىمېتىردىن بۇيانقى قۇرۇپ قاغجىراش نەتىجىسىدە چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىزى قالغان) بار. بۇ سوغىنىڭ ئېگىزلىكى 32 س.م، كەڭلىكى (دىئامېتىرى) 17.2 س.م، قېلىنلىقى 8 م.م؛ قۇلاق قىسمىنىڭ كەڭلىكى 4.4 س.م كېلىدۇ (21. سۈرەتكە قاراڭ).

توغراق كۆتىكىدىن ئەپچىللىك بىلەن ياسالغان بۇ سوغا - چەرچەن دىياردا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇن ياسىغان سۇ قاچىلاش بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئىي ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلەتكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

قىزىقارلىقى، تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ توغراق، سۆگەت، تېرەك، ئۈجمە، جىگدە قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ كۆتەكلىرىنى ئويۇپ، يونۇش ئارقىلىق مۇشۇ خىلدىكى بۇيۇملارنى - سوغا، تۇڭ، تەگنە، ئاياق (تاۋاق)، ئولاق، قولتۇاق، ئوقۇر قاتارلىقلارنى ياساپ ئىشلىتىدۇ.

85QZM3 : 3 (1 — 8) ياغاچ ئوقلار (ئوق دەستىسى بىلەن ئوق باشقى بىللە ئويۇپ ياسالغان). M3 - قەبرىدىن بۇ خىل ياغاچ ئوقتىن سەككىز دانە قېزىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە دانىسى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان، ئىككى دانىسىنىڭ باشاق قىسمى يوقالغان. پىچىرىم ساقلىنىپ قالغان ئالتە دانە ياغاچ ئوقنى ئىككى



10. سۈرەت: M4:80 يۆگىمەچ گۈل نۇسخىلىق ئۆرنەكلەر سىزىلغان پۆپۈكلۈك يۇڭ رومال

تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تۆت دانىسىنىڭ ئوق دەستىسى بىلەن بىللە ئويۇپ ياسالغان باشاقلىرى قىرلىق، ئۈچلۈق - ئۆتكۈر بولۇپ، باشاق قىرىنىڭ ئىككى يېنىدا قارماقسىمان ئىلمەكى بار. قالغان ئىككى دانىسىنىڭ باشاقلىرى ئىلمەكسىز، تومراق قىلىپ ياسالغان (22. سۈرەتكە قاراڭ). تۆۋەندە ياغاچ ئوقلاردىن ئىككى دانىسىنىڭ ئۆلچىمىنى تونۇشتۇرىمىز: 1 - خىلدىكى (قارماقسىمان ئىلمەكى بار، قىرلىق، ئۈچلۈق) ياغاچ ئوقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 72 س.م، باشاق قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.3 س.م، 2 - خىلدىكى (باشقى ئىلمەكسىز، تومراق) ياغاچ ئوقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 س.م، باشاق قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.3 س.م، قېلىنلىقى 6 م.م كېلىدۇ. ياغاچ ئوقلارنىڭ ھەممىسىگە كېرىچكە تىرىلىدىغان تىرەكلەر ئويۇپ چىقىرىلغان.

بىزگە مەلۇمكى، سىپتا تاش قوراللاردىن تاش ئوق (قاتتىق جىنسلىق تاشلاردىن ياسالغان تاش

ئوق)، ئېگىلىشچان ۋە چىدامىلىق ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن يا، ھايۋانلارنىڭ تېرە - پەيلىرىدىن كىرىچ ئىختىراقىلىنىپ، ئىنسانلار دەسلەپكى ئوقيانى ياساپ چىققاندىن كېيىن، بۇ يېڭىلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىشلىرىغا نۇرغۇن قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. ئوۋچىلىق قورال - سايمانلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەبىئىي شەرت - شارائىتى ئەۋزەل جايلاردا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىشلىرى تەدرىجىي كېڭىيىپ، تۇرمۇش مەئىشەتلىرى ياخشىلىنىشقا باشلىغان.



11. سۈرەت: M3 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان قوش بويۇنلۇق كىگىز قالپاق

ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن زامانلارغىچە ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ئاساس قىلىنغان تۇرمۇشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىدا، تەدرىجىي چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كەلگەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇننى، ئوۋچىلىق ئىشلىرى قوشۇمچە ئورۇننى ئىگىلىگەن . . . «شۇڭا، ئەجدادلار چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىلىق مۇئەييەن دەرىجىدە تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدىن تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدى» (گەي شەنلىڭ: «چوغاي تاغ قىيا تاش رەسىملىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1988 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 359 - بەت). كېيىنكى زامانلاردا ئوقيا ئوۋچىلىقتىن باشقا جەڭ - ئېلىشىشلاردا ھەربىي قورال سۈپىتىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان بولدى. بۇ دەۋرلەردە ئوقيالارنىڭ تۈرلىرى كۆپەيگەندىن تاشقىرى مۇھىمى ئۇنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان دەستىسى بىلەن بىللە (تۇتاش قىلىپ) ئويۇپ ياسالغان قىرلىق، ئۈچلۇق، ئىلمەكلىك ۋە ئىلمەكسىز ياغاچ ئوقلار ناھايىتى سۈپەتلىك، چىدامىلىق بولۇپ، ئۇ، چەرچەن دىيارى (جۈملىدىن تارىم ۋادىسى) دا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئوقياچىلىق ھۈنەر - تېخنىكىسىغا قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار شۇ قەدىمكى زامانلاردا تۆمۈر ۋە مىس قاتارلىق مېتاللاردىن ئوق باشاقلىرىنى بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئېگىلىشچانلىقى يۇقىرى بولغان چىدامىلىق ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ياغاچ ئوقلارنى، ھايۋان مۈڭگۈزلىرىنى كېسىپ - ئېگىپ، ئۇنى پەي - تارمۇشلار بىلەن قېتىپ يەملەپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئېسىل، سۈپەتلىك يالارنى، ھايۋانلارنىڭ تېرە، پەي، تارمۇشلىرىدىن ئېشىپ تەييارلانغان چىدامىلىق كىرىچلارنى ياساپ، خېلى يىراقتىكى نىشانغا دەل تېگىدىغان سۈپەتلىك ئوقيالارنى ئىجاد قىلغان (1996 - يىلى سىنتەبىردىن نويابىرغىچە ش ئۇ ئا ر مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دا 2 - قېتىم 102 قەبرىنى قېزىپ تەكشۈرگەندە يەنە نۇرغۇنلىغان ياغاچ ئوقلار، كىرىچلىرى مەزمۇت قىلىپ ياسالغان يا قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلدى).

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىكى M2، M3، M4 - نومۇرلۇق قەبرىلەردىن بىر قانچە ئورچۇق ۋە رەڭلىك يۇڭ يىپلار يۆگەكلىك پېتى ساقلىنىپ قالغان ياغاچ بىگىزلارمۇ قېزىۋېلىندى (23. سۈرەتكە قاراڭ). تۆۋەندە ياخشى ساقلىنىپ قالغان، ياسىلىشى بىر قەدەر ئالاھىدە بىر قانچە ئورچۇقنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

85QZM2 - ئورچۇق، دىئامېتىرى 6 س. م، ئەڭ كەڭ يېرىنىڭ قېلىنلىقى 2.6 س. م، ئورچۇقنىڭ دەستە ياغىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35 س. م، قېلىنلىقى 4 م. م، ئورچۇق توپچىسىنىڭ ئۈستى يۈزى يۇمىلاق، كەسمە يۈزى (ئىككى قىرى بىلەن چوققىسى) روشەن پەرقلىق بولۇپ (چوققىسىدىن قىرىغىچە) تۇمارچە (كونۇس) شەكلىنى ھاسىل قىلغان. ئورچۇق توپچىسىنىڭ ئۈستى يۈزى ۋە ئەتراپى (كەسمە يۈزى) غا ئايلاندۇرۇپ تۆت گورۇپپا يۆگىمەچ شەكىللىك گۈل نۇسخىسى ناھايىتى نەپىس ئويۇلغان. ئورچۇقنىڭ دەستە (تۇتقا) ياغىچىغا ئازراق رەڭلىك يۇڭ يىپ ئورالغان (24. سۈرەتكە قاراڭ).

85QZM5 - نومۇرلۇق ئورچۇقنىڭ دىئامېتىرى 6 س. م، قېلىنلىقى (ئېگىزلىكى) 3.6 س. م، دەستە ياغىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 38.8 س. م، قېلىنلىقى 6 م. م؛ ئورچۇق توپچىسىنىڭ شەكلى 85QZM2 - نومۇرلۇق ئورچۇق توپچىسىغا ئوخشايدۇ. ئورچۇق توپچىسىنىڭ يۇمىلاق يۈزىگە ئايلاندۇرۇپ ئىككى گورۇپپا يۆگىمەچ شەكىللىك گۈل نۇسخىسى ئويۇلغان (4. رەسىمگە قاراڭ).

ئورچۇق قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەر خىل (يۇڭ، پاختا، كەندىر قاتارلىق) يىپلارنى ئىگىرىشتە مۇھىم قورال بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ

ئاساسلىق قۇرۇلمىسى تاشتىن، ياغاچتىن ياكى ساپالدىن ياسالغان بولۇپ، «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان ئۇرچۇقلار ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغانلىرى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇرچۇق - ئۇرچۇق دەستىسى ۋە ئۇرچۇق توپچىسىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ياغاچ ئۇرچۇقلارنى يونۇش، قىرىش ۋە سىلىقلاش ئارقىلىق ياسايدۇ. ئۇرچۇق دەستىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 30 ـ 40 س. م ئەتراپىدا، قېلىنلىقى (توملۇقى) 5.0 ـ 1 س. م ئەتراپىدا بولىدۇ. سىلىقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇرچۇق دەستىسىنىڭ ئىككى ئۇچى بىگىزسىمان شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇرچۇق توپچىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك تېشىلىپ، دەستىنىڭ بىر ئۇچى شۇ تۆشۈكتىن ئۆتكۈزىلىدۇ. يىپ ئىگىرىشتە دەستىنىڭ ئۇزۇن تەرىپىنى قولدا تۇتۇپ، ئۇرچۇق توپچىسى بېكىتىلگەن تەرىپىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ پىرقىرىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىلىدۇ.



12. سۈرەت: M4:48 مۆڭگۈز شەكلى ئورنىتىلىپ تىكىلگەن كىگىز قۇلاقچا

ئۇرچۇقنىڭ ياسىلىشى (ماتېرىيالى)، كۆرۈنىشى ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ پۇتكۈل توقۇمىچىلىق ھۈنەر - كەسپىدە تۇتقان رولى زور. قەدىمكى چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز .ئەنە شۇنداق ئاددىي ئۇرچۇقلاردا ئىنچىكە - توملۇقى ئوخشىمايدىغان خىلمۇ - خىل يىپلارنى ئېگىرىپ، ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەفىس يۇڭ توقۇلمىلار (جۈملىدىن ئەنەشۇ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر) نى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن. . .

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە يەنە ياغاچ، سۆڭەك ۋە مۆڭگۈزدىن ياسالغان تارغاق، قوشۇقلار، ھاسا تاياق، كەرگە تاياق قاتارلىقلارمۇ بار. تۆۋەندە بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان تارغاق (ساقال تارغاقلىرىمۇ بار)، مۆڭگۈزدىن ياسالغان قوشۇقلانى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

85QZM3 : 14 نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان سۆڭەك (مۆڭگۈز) دىن ياسالغان تارغاق، ئېگىزلىكى 4.8 س.م، كەڭلىكى 4.5 س.م، قېلىنلىقى 4 م.م بولۇپ، 19 تال چىش چىقىرىلغان (يەتتە تال چىشى سۇنۇپ يوقالغان، قالغانلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ). سىپتا ئىشلەنگەن، گۈل - نەقىشلىرى يوق.

85QZM3 : 15 نومۇرلۇق سۆڭەك تارغاق. ئېگىزلىكى 10 س.م، كەڭلىكى 6 س.م، قېلىنلىقى 7 م.م بولۇپ، 17 تال چىش چىقىرىلغان (بەزى چىشلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزۇلغان). تارغاق تۇتقۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 4×3 س.م چوڭلۇقتا تۆشۈك چىقىرىلغان.

85QZM4 : 12 نومۇرلۇق تارغاق. دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلىقى 8.7 س.م، قېلىنلىقى 8 م.م، ئېگىزلىكى 8.5 س.م بولۇپ، تارغاق دەستىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ 12 دانە چىش ئورنىتىلغان.

85QZM5 : 1 نومۇرلۇق ياغاچ تارغاق. ئۇزۇنلىقى 7.10 س.م، دەستىسىنىڭ كەڭلىكى 1.2 س.م، قېلىنلىقى 6 م.م، تارغاق دەستىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ، چىشلىرىنى ئورناتقان (ھازىر 18 دانە تارغاق چىشى ساقلىنىپ قالغان). تارغاقنىڭ دەستىسىگە ئىككى يۈرۈش رەسىم ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئويۇلغان. 1 - يۈرۈشىدە: يۈگىمەچ مۆڭگۈزلۈك، يېتىلگەن ئۈچ ئارقار (غۇلجا) نىڭ ئوبرازى ئويۇلغان؛ 2 - يۈرۈشىدە: گەجگىسىگە ئوق تېگىپ يىقىلغان بۆكەن ۋە ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان بۆرىنىڭ ئوبرازى ئويۇلغان (5. رەسىمگە قاراڭ).



13. سۈرەت: M5 - قەبرىدىن تېپىلغان، ئاق يۇڭ يىپتىن توقۇلغان ئۈچلۇق بۆك (پەي قىستۇرۇلغان)

85QZM3 : 16 نومۇرلۇق قوشۇق (مۆڭگۈز-

دىن ياسالغان). ئۇزۇنلۇقى 20 س.م (سېپى بىلەن قوشۇلۇپ)، دىئامېتىرى 5.2 س.م، قېلىنلىقى 4 م.م.

17: 85QZM3 نومۇرلۇق قوشۇق (مۈڭگۈزدىن ياسالغان). ئۇزۇنلۇقى 18.8 س.م، دىئامېتىرى 4.6 س.م، قېلىنلىقى 4.2 م.م. (25. سۈرەتكە قاراڭ).



14. سۈرەت: M4:47 قوڭۇر يۇڭ يىپتىن تور قاپلانغان يۇمىلاق تۇماق (پەي قىستۇرۇلغان)

## 7. خۇلاسە

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي يەنى چەرچەن دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ قەبرىستانلىق بولۇپ، بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان كىچىك دائىرىلىك قېزىپ - رەتلەش خىزمىتى مۇشۇ قەبرىستانلىقتا ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىدىن باشقا، قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، دەپنە ئادەتلىرى جۈملىدىن ئاخىرەتلىك ھەمدەپنە بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە دىگۇدەك قويۇق يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ساقلانغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك باشقا جايلاردا كەم ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر قەدىمكى زاماندا تارىم ۋادىسى (جۈملىدىن چەرچەن دەرياسى ساھىلى) دا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرقى، ئۇرۇق - نەسەبلىرى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ھۈنەر - سەنئىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشى. . . قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### 1. قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان بىر يۈرۈش ماددىي بۇيۇملار ئىچىدە ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشكە ئاساس بولالايدىغانلىرى - ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن، ياخشى ساقلىنىپ قالغان كىيىم - كېچەكلەر، تەكتى يۇمىلاق قىلىپ پىشۇرۇلغان ساپال قاچىلار، ياغاچ، سۆڭەك ۋە مۈڭگۈزدىن ياسالغان تارغاق، ئوقيانىڭ ئوقلىرى، قەدەھ (جام) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، قەبرىلەرنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 (C14) ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندىن كېيىن، بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 115 ± 2960 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. (ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قارمىقىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنى تەجرىبە قىلغان. ئاپتوردىن).

ئۇنىڭ دەسلەپكى دەۋرى بىلەن ئاخىرقى چېكى بۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە ئېنىقلانغۇسى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى دەۋرلەرگە خاس قەبرىلەر «لەئىلىك» خارابىسىدا ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئەجدادلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. قەبرىلەرنىڭ ئاخىرقى چېكى ئىسلام دىنى تارىم ۋادىسىدا ئومۇملاشقانغا قەدەر داۋاملاشقان بولۇشى مۇمكىن.

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان رەڭدار، خىلمۇ - خىل يۇڭ توقۇلمىلارنى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسى تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ۋە قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن سېلىشتۇرساق ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى، توقۇلۇش - بوياش ئۇسۇلى، ھۈنەر - تېخنىكىسى قاتارلىقلار بىر - بىرىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ.



15. سۈرەت: M4:23—2 تۆگە ۋە توڭغۇز ئوبرازى ئۆرنەك قىلىپ سىزىلغان يۇڭ توقۇلما پارچىسى

1979 - ، 1980 - يىللاردا لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسى بىلەن تېمەن دەرياسى ئەتراپىدىن بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، ئۇيەردىن ياغاچ تاۋۇت ئۈستىگە يېپىلغان قوي، كالا، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن باشقا، ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك، چورۇق، يۇڭ پالاس، ئېگىز، ئۇچلۇق يۇڭ توقۇلما بۆك (26 - ، 27 - سۈرەتلەرگە قاراڭ)، كىگىز قالپاق قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلغانىدى. قەبرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 (C/14) ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3800 - 4000 يىللار ئىلگىرى

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

قۇمۇلدىكى «قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى» ۋە «قىزىل چوققا قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن تېرە شىم، رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن يۇمىلاق ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك (28. سۈرەتكە قاراڭ) ۋە باشقا كىيىملەر، ئۇزۇن قونچىلىق كۆن ئۆتۈك قاتارلىقلار بار. بۇ جايدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلارغىمۇ رەڭدار يىپلار بىلەن خىلمۇ خىل گۈل نۇسخىلار توقۇپ چىقىرىلغان. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 3200 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.



16. سۈرەت: M4:56 يولۋاس ئوبرازى ئۆرنەك قىلىپ سىزىلغان يۇڭ توقۇلما

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋاللار بىزگە ئۇلاردا بىر خىل ئورتاق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى، جۈملىدىن ئۇنى ئوخشاش مەدەنىيەت تىپىغا ئائىت دەپ ھېسابلاشقا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دا قېزىپ رەتلەنگەن بىرنەچچە قەبرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن تېپىلغان بويۇملارنىڭ دەۋرى مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىشتا ئەلۋەتتە ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىنىڭ رولىنى تارىخىي رېئاللىق بويىچە تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن تېپىلغان بىباھا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى شۇ بايلىقلارنى ياراتقان خەلقىنىڭ تارىخ - مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇلاردا مۇستەقىل ئۆزىگە خاس شەكىلگە ئىگە ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتى بولغانلىقىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلارغا گۈل نۇسخا ئورنىدا توقۇپ چىقىرىلغان (بەزىلىرىگە سىزىلغان) ھايۋانات ئوبرازلىرى يۇڭ توقۇلمىلارنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈش رولىنى ئوينىغان. يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى چەرچەن دىيارى (جۈملىدىن تارىم ۋادىسى) دا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئەمەلىي تۇرمۇشى جەريانىدا ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، ئېستېتىك تۇيغۇسى ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن. قەدىمكى زاماندا ياشىغان توقۇمىچى ھۈنەرۋەن ئۇستىلار، سەنئەتكارلار ئۆزلىرى توقىغان يۇڭ توقۇلمىلارغا ھايۋانات ئوبرازلىرىنى گۈل - نۇسخا ئورنىدا توقۇپ چىقىرىشتا ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زېمىندا بار بولغان بەزى ھايۋانلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ياشاش ئادەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇلارنى پەقەت قىياپەت، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىي ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا مەلۇم ھايۋاننىڭ بەزى جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلىغان. مەسىلەن، 10 : 85ZQM3 نومۇرلۇق رەڭدار يۇڭ توقۇلمىغا ھەر خىل رەڭلىك (چىلان رەڭ، قىزغۇچ، سېرىق، كۆك، ئاچ سېرىق) يىپلاردىن، يېتىلگەن مۆڭگۈزلىرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، قاتار كېتىپ بارغان قامەتلىك بۆكەن ئوبرازىدىن يەتتىسى گۈل - نۇسخا ئورنىدا توقۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، قارىماققا بۆكەن ئوبرازلىرى ئاددىي ۋە تۇرغۇن ھالەتتە كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنچىكە كۈزەتسە، ئاشۇ تۇرغۇنلۇق ئىچىدە قانداقتۇر بىر خىل جانلىقلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. سەنئەتكار ئۇستىلار يېتىلگەن بۆكەنلەرنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تەن شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جانلىق ئىپادىلىگەن.



17. سۈرەت: M4:6 قوي مۆڭگۈزى شەكىللىك ئۆرنەكلەر چۈشۈرۈلگەن رەڭدار كەشتىسىمان يۇڭ توقۇلما يوپكىنىڭ يېقىندىن تارتىلغان بۆلىكى

## 2. دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر توغرىسىدا

M1، M2 - قەبرىلەرنىڭ بىر توپا دۆۋىسى ئاستىدىن چىقىشىغا قارىغاندا، قەبرىگە دەپنە قىلىنغان مېيىتلار (M1 - قەبرىدىكى بوۋاق، M2 - قەبرىدىكى بىر ئەر، ئۈچ ئايال) بەلكى بىر ئائىلە كىشىلىرى ياكى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار بولۇشى مۇمكىن. 3000 يىل بۇرۇنقى تارىخىي شارائىت ۋە ئەينى زاماندىكى ئىقتىسادىي ئەھۋال

قاتارلىقلارنى نەزەردە تۇتساق، قەبرە قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، قەبرىگە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ كۆپلۈكى (ئات، كالا، قويلارنى قۇربانلىق قىلىشتىن تاشقىرى يەنە قوتاز، ئات، قۇلانلارنىڭ تېرىسىنىمۇ قەبرە ئۈستىگە ياپقان)، ئەر - ئايال مېيىتلارغا كىيگۈزۈلگەن كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئىسسىقلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۆز زامانىسىدا مال - چارۋىغا باي، يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.



18. سۈرەت: بۆكەن سۈرەتلىك ئۆرنەكلەر چۈشۈرۈلگەن رەڭدار يۇڭ كىيىمنىڭ پارچىسى

قەبرە ئىچىگە قاتار قىلىپ ئۇچىغا قىزىل يۇڭ يۆگەلگەن، يېنىپ تۇرغان مەشئەلگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان نوكچىلارنىڭ قويۇلغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇلاردا ئوتقا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ خېلى كۈچلۈك بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ (29. سۈرەتكە قاراڭ).

بىز قەدىمدە تارىم ۋادىسى جۈملىدىن چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى، نەزىر - چىراغ، ماتەم قاتارلىق ئىشلىرىدىكى قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە باشقا ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق يازما مەنبەلەرگە ئىگە ئەمەسمىز. شۇڭا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە تېپىلغان قىممەتلىك ماددىي يادىكارلىقلار ئەجدادلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى دەپنە قىلىش قائىدە - يوسۇنلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا يەنىلا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

### 3. كىيىنىش ئادەتلىرى توغرىسىدا

ھەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار ۋە ئۇلاردىن تىكىلگەن ئەر - ئايال، بالىلارنىڭ خىلمۇ - خىل كىيىم - كېچەكلىرى، يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان ھەر خىل رەڭدىكى ئۇچلۇق قالپاق، قولاقچىلار؛ ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق كۆن ئۆتۈك، رەڭدار، ئۇزۇن كىگىز پايپاقلار؛ نەپىس گۈل - نۇسخىلار ئۆرنەك قىلىپ توقۇلغان پۆپۈكلۈك يۇڭ رومال قاتارلىقلارنىڭ ئۆز پېتى ساقلىنىپ قېلىشى بىزنى يىراق قەدىمكى زاماندا چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ۋە كىيىنىش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلىدى.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلىرىغا نەزەر تاشلىساق، كىيىنىش ئادىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىكەنلىكى، ھەر قايسى رايون خەلقلىرىنىڭ كىيىنىش ئادىتىگە كىرگەن دەۋرىنىڭمۇ تەكشى ئەمەسلىكى بىلىنىدۇ.

ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسى، توقۇلما رەخت كىيىملەر دەۋرى ئىنسانىيەتنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، مەدەنىيەتلىك دەۋرگە كىرگەنلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى ئىكەنلىكىنى، جۈملىدىن ئۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە باسقۇچى ھېسابلىنىدىغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىدىكى لوپنۇر (كۆنچى، تېمەن دەرياۋادىلىرى)، چەرچەن، نىيە، خوتەن، كېرىيە دائىرىسىدىكى دەريا ۋادىلىرى، قومۇل رايونىدىكى قارا دۆۋە، پىچان ناھىيىسىنىڭ سۇبېشى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە يۇڭ توقۇلمىلار ۋە ئەشۇ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىملەر خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەھۋال قەدىمكى زاماندا ئەشۇ رايونلاردا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن يۇڭ توقۇلمىلاردىن كىيىم - كېچەك تىكىپ كىيىشكە ئادەتلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ خام ماتېرىيالى چارۋىچىلىق (قوشۇمچە ئوۋچىلىق) ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەھسۇلاتى بولغاچقا، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە شۇ دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ئېھتىياجى يۇڭ توقۇمىچىلىق، كىگىزچىلىك، كۆن - بۇلغارچىلىق قاتارلىق ھۈنەر - كەسپلەرنىڭ بۇرۇنراق تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم



19. سۈرەت: M3:2 تەكتى دۈگىلەك قوڭۇر رەڭلىك ساپال - قاچا

رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت مىڭ يىل بۇرۇنقى يۇڭ توقۇلما كىيىملەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇمىلاق بۆرەكچە ياقىلىق، ئالدى ئوچۇق پەشلىك ئۇزۇن ۋە كەڭ ئەرەنچە تونلار بولۇپ، تونلارنىڭ تۆۋەنكى پەش - ئېتەكلىرىنى بويلىتىپ رەڭلىك يۇڭ يىپلاردىن ئۈچبۇلۇڭ (ھەرە چىشلىق)، رومبا شەكىللىك، دولقۇنسىمان (يۆگىمەچ) گۈللۈك ئۆرنەكلەر توقۇپ چىقىرىلغان، بەزىلىرى كەشتىلەنگەن.

قىزىقارلىقى، توقۇلمىلاردىكى رومبا

www.uyghurkitap.com

شەكىللىك، ▣ ۋە دولقۇنسىمان گۈل - نۇسخىلار قۇمۇل «يانبۇلاق»، پىچاندىكى سۇبېشى، خوتۇنسۇمۇلدىكى چابخاجىلغىسى قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان (بۇنىڭدىن 2500 - 3000 - يىللار بۇرۇنقى) رەڭلىك ساپال قاچىلارغىمۇ گۈل نۇسخا قىلىپ سىزىلغان؛ بۇ تېپىلمىلار - مۇشۇ خىلدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆز - ئارا مۇناسىۋىتى، دائىرىسى ۋە بۇ قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلارنىڭ ياشىغان، ھەرىكەت قىلغان يەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېنىقلاشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.



20 . سۈرەت: M4:1 بىر قۇلاقلىق ساپال كوزا

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلما كىيىم - كېچەكلەرنىڭ تۈرىنىڭ كۆپ، شەكلىنىڭ ھەر خىل ۋە رەڭگارەڭ بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىكىنى چەرچەن (ۋە تارىم) دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى بىلەن ئېستېتىك ئېھتىياجىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئومۇمەن، جۇغراپىيىلىك شارائىت، ماددىي تۇرمۇش شارائىتى جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەجدادلار جۈملىدىن ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پەرقلىق كىيىنىش ئادىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

ياۋرو - ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ۋە قېزىشلاردا ساكلار ۋە ئىسكىفلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىرگە تەئەللۇق قەبرىلىرىدىن چاپان، ئىشتان، ئۆتۈك، كىگىز پايپاق، ئېگىز ئۇچلۇق قالپاق قاتارلىقلار تېپىلغان. يۇقىرىدا دېيىلگەن كىيىم - كېچەكلەر گەرچە دەۋر جەھەتتىن زاغۇنلۇقتىن قېزىۋېلىنغان كىيىم - كېچەكلەردىن تۆت - بەش ئەسىر كېيىن بولسىمۇ، لېكىن كىيىملەرنىڭ شەكلى، تۈر - خىللىرىدا يەنىلا ئوخشاشلىقلار ساقلانغان. پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندە بىر قانچە نەقىلنى تونۇشتۇرىمىز:

«كولئوبا (كولئوبا - كېرچ شەھرىنىڭ يېنىدىكى قەدىمكى ئىسكىفلار داھىيسىنىڭ قەبرىسى. ئاپتور) دىن تېپىلغان قاپارتما نەقىش چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش قاچىدىكى تەسۋىرلەردىن قارىغاندا، ئىسكىفلارنىڭ ئىشتانلىرى تار ۋە كەڭ ئىككى خىل بولۇپ، پۇشقاقلىرى كالتە قونچىلىق ئۆتۈكلەر ئىچىگە تىقىلغان» ① (30. سۈرەتكە قاراڭ).

«پېرسېپول (پېرسېپول — ئىراننىڭ شىراز شەھرىدىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىردە ياسالغان، ئاھمانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزى. ئاپتور) دىن تېپىلغان، قاپارتما قىلىپ ئىشلەنگەن تەسۋىرىي سەنئەت بۇيۇملىرىدىمۇ تىگرەخائۇت ساكلىرى ئۆتۈكلىرىنىڭ پاشنىسىز ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا يەنە ئۆتۈك قونچى تىزغىچە كېلىدىغانلىقى كۆرۈلىدۇ. ئامۇ دەريا بويىدىكى قەدىمكى خەزىنىدىن تېپىلغان ئالتۇن قاداقلاردا ساكلار ئۈستىگە كالتە چاپان ۋە ئۇزۇن قونچىلىق پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن قىياپەتتە ئىپادىلەنگەن» ②.

ئالتاي (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئالتاي رايونى) دىكى قارا كۆل قەبرىستانلىقىدىن ئۈستى تەرىپى كەشتىلەنگەن كىگىز پايپاق تېپىلغان.

«ئومۇمەن، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن ساكلارنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنىڭ ئىككى خىل بولغانلىقى (بىرى ئۇزۇن قونچىلىق، يەنە بىرى قىسقا قونچىلىق) نى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى تېرە، يۇڭ توقۇلما ۋە كىگىز بولۇپ، ئەرەنچە ئىشتانلارمۇ شۇ خىل ماتېرىياللاردىن تىكىلگەن. نويىن ئۇلا (شىمالىي موڭغۇلىيە) دىكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان شۇخىلدىكى ئىشتان پارچىلىرى ھونلار دەۋرىدىمۇ ئەرلەرنىڭ يۇڭ توقۇلما ۋە يىپەك توقۇلما ئىشتان، قىسقا كىگىز چاپانلارنى كىيگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ» ③ (①، ②، ③ - ك. ئا. ئاكىشېۋ: [«ئېسىك قەبرىسى» قازاقىستان ساكلىرىنىڭ سەنئىتى] «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1991 - يىل 2 -، 3 (قوشما) - سان 67 -، 68 - بەتلەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

«. . . ئۇچلۇق قالپاقلارنى پەقەت تىگراخائۇدا ساكلىرىلا ئەمەس، بارلىق ساك قەبىلىلىرى، ھەتتا ياۋروپا ئىسكىفلىرىمۇ كىيگەن. لېكىن ھەرخىل ساك قەبىلىلىرىنىڭ باش كىيىم شەكىللىرىنى سېلىشتۇرساق، ساك قەبىلىلىرى بىلەن ئىسكىفلارنىڭ باش كىيىملىرى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، يەنىلا پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئامۇ دەرياسى بويىدىن تېپىلغان بىر ساك ئادىمىنىڭ ھەيكەلچىسىدە ئۇنىڭ قالپىقىنىڭ ئۇچى تۆۋەنگە ساڭگىلىغان. خالچايان (خالچايان - مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىللىقنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مىلادى III ئەسىرلەرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا (سۇرخان

دەريا ئوبلاستى) دىكى بىر شەھەرنىڭ نامى) دىن تېپىلغان ھەيكەلدە ۋە كولئوبادىن تېپىلغان ئىسكىف تەسۋىرى قاتارلىقلاردا، ئۇلار پاكار ۋە كونۇس شەكلىدىكى قالپاقلارنى كىيگەن. بېھىستون (بېھىستون - دارا I نىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىراننىڭ ھامادان شەھىرى يېنىدىكى بېھىستون دەپ ئاتىلىدىغان قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ئۈچ تىللىق (قەدىمكى پارس، ۋاۋىلون ۋە ئېلام تىللىرى) تېكىست. ئۇنىڭدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 522 - 519 - يىللاردىكى ئاھمانىيلار سۇلالىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار بايان قىلىنغان. قىياتاشقا دارا I (دار ئىئوس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ تۆھپىسى تەبرىكلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى رەسىملەر ئويۇلغان) ۋەپېرسېپولدىن تېپىلغان قاپارتما تەسۋىرلەردە ساكلارنىڭ باش كىيىملىرى ئېگىز، ئۇچلۇق، تۈز كونۇس شەكلىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 70 س.م كېلىدۇ» دېيىلگەن (ك. ئا. ئاكىشېۋ: «ئېسىك قەبرىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1991 - يىل 2 -، 3 (قوشما) - سان 61-، 62 - بەتلەر) (31. سۈرەتكە قاراڭ).


21. سۈرەت: M3:1 توغراق كۆتىكىدىن ياسالغان سوغا

1983 - يىلى يازدا، كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - 3 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ساكلارنىڭ قەبرىلىرىدىن بىرونزىدىن ياسالغان بىر ھەيكەل (ئېگىزلىكى 40 س.م، ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام كېلىدۇ) تېپىلغان بولۇپ، ھەيكەلدە تەسۋىرلەنگەن ئوبرازنىڭ قەددى - قامىتى كېلىشكەن، بەستىلىك، قاڭشارلىق، يوغان ۋە چوڭقۇر كۆزلىرى بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىلگەن، بېشىغا ئۈچى ئېلمەك ئېگىز قالپاق كىيگەن. ئۇ خۇددى خاقان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقان باتۇر سەركەردە ئوبرازىغا ئوخشايدۇ (32. سۈرەتكە قاراڭ).

1972 - يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى مىلادى 6 - 9 - ئەسىرلەرگە تەۋە قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان لايدىن ياسالغان تۆگىچى ھەيكىلى (ھەيكەلگە ئاق، قىزىل، قارا رەڭلەر بېرىلگەن) ناھايىتى ئوبرازلىق ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدا ئۈچى كەينىگە قايرىلغان ئېگىز كىگىز قالپاق، ئۈچىسىدا ئۇزۇن تون، پۇتىدا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك بار (33. سۈرەتكە قاراڭ).


22. سۈرەت: M3:3 ياغاچ ئوقلار

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتە سۇرايونى بىلەن ئالتاي تاغلىق رايونى، پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئەتراپلىرى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ، تالاس دەريالىرى ۋادىلىرى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، كۈنەس - يۇلتۇز يايلاقلىرىدىن تارتىپ تاكى ئارغۇغول (ئالغوي) جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزى، تۇرپان ۋادىسىدىكى ئايدىڭكۆل، سۇبېشى، چوڭ قىر ۋە قۇمۇل رايونىدىكى قارا دۆۋە قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىشلاردا تېپىلغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار بۇ جايلارنىڭ مىلادىدىن نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرىلا ساك قەۋملىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەركىزىي رايونلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشىغان قەدىمكى قەبىلىلەر جۈملىدىن ساك قەبىلىلىرىنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى يازما خاتىرىلەر پارس (ئىران)، يۇنان (گرېتسىيە) ۋە كونا خەنزۇچە سالنامىلارغا پۈتۈلگەن.

نەقشى رۇستەمدىكى مىخ شەكىللىك يېزىقتا ئويۇلغان تاش ئابىدە (نەقشى رۇستەم - قەدىمكى پېرسىيە پادىشاھسى دارىئۇس قاتارلىقلار دەپنە قىلىنغان جاي. دارا I (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 521 - 486 يىللار) نىڭ پايتەختى پېرسىيىدىكى پېلىس ئەتىراپىدا بولۇپ، ھازىرقى شىرازنىڭ شەرقىي شىمالىغا يېقىن، ئۇ يەردە پېرسىيە شاھلىرىنىڭ ئوردا - قەسىرلىرى بار. دارا I (دارىئۇس) نىڭ قەبرىسى تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە مىخ شەكىللىك يېزىقتا بېغىشلىما ئويۇلغان. شۇڭا ئۇ «نەقشى رۇستەم» ئابىدىسى دەپ ئاتىلىدۇ.



23. سۈرەت: M4 - قەبرىدىن تېپىلغان رەڭلىك يۇڭ يىپلار يۆگەلگەن ياغاچ بىگىزلار

ئاپتور) دە ساكلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھى تىلغا ئېلىنغان: بىرىنچى، ساكاخائۇما ۋارگالار - (Saka Hauma Varga - ئۆزى چوقۇنىدىغان ئەسەملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنى بىللە ئېلىپ يۈرۈدىغان ساكلار مەنىسىدە)، ئۇلار پەرغانە ئويمانلىقى ۋە پامىر، ئالاي تاغلىرى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئىككىنچى ساكاتىگراخائۇدالار (Saka Tigra Hauda - ئۈچلۈق قالپاقلىق ساكلار مەنىسىدە)، ئۇلار قىرغىزىستان ۋە جەنۇبىي قازاقىستان يايلاقلىرى، يەنى پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالى، جۇملىدىن تاشكەنت، تەڭرىتاغ بويلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا تارقالغان. ئۈچىنچى، ساكاتىئايتارادرايا (Saka Tyaitaradraya - دېڭىزنىڭ ياكى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ساكلار مەنىسىدە)، ئۇلار ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى، ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، سوغدىيانا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. «بېھىستۇن ئابىدىسى» دىمۇ ساكلار تىلغا ئېلىنىپ، «ساكلارنىڭ دۆلىتى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئۇيەردىكىلەر ئۈچلۈق قالپاق كىيىدۇ» دېيىلگەن. (ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» I، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى، 33 -، 34 - بەتلەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

«قىسقىسى، قەدىمكى پارسلار ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان قەبىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ساكلار دەپ ئاتىغان. مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان قەۋملەرگە كەلسەك، ئۇلارنى دائىم دېگۈدەك مۇقىم ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ نامى بىلەن، مەسىلەن، مەرغىيانا (موئۇرۇ) لىقلار، باكتىرىيىلىكلەر، خارەزملىكلەر، سوغدىيانالىقلار دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان. ھىندىستانلىقلارمۇ پارسلارغا ئوخشاشلا ئاسىيادىكى قەۋملەرنى ساكلار دەپ ئاتىغان». (ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» I، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى 34 - بەتكە قاراڭ).

يۇنان تارىخچىسى ھېرودود ئۆزىنىڭ توققۇز جىلدلىق «تارىخ» دېگەن ئەسىرىدە: «پارسلار بارلىق سىكتىيئانلار (ئىسكىفلار) نى ساكلار دەپ ئاتايتتى . . . سىكتىيئانلارغا تەۋە ساكلار بىر خىل ئېگىز قالپاق كىيىدۇ، قالپىقى ھەم تىك، ھەم قاتتىق، ئۈستى تەرىپى ئۈچلۈق كېلىدۇ . . .» دەپ يازغان (ھېرودود: «تارىخ»، شاڭخۇ نەشرىياتى، 1959 - يىل خەنزۇچە تۇنجى نەشرى، 674 - بەتكە قاراڭ). بۇنىڭدىن ساكلار بىلەن سىكتىيئانلار (سىكفلار) نىڭ نامى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قەدىمكى پارسچە يازما يادىكارلىقلاردىكى «ساك» دەپ ئاتالغانلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتۈلگەن خاتىرىلەردە «سەي - 塞» دەپ يېزىلغان. چۈنكى «سەي» خېتىنىڭ قەدىمكى ئاھاڭى sak [ - سەك ] ئىدى.



24. سۈرەت: M2 - قەبرىدىن تېپىلغان ئۇرچۇق

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقلاردا چارۋىچىلىق قىلىدىغان ساكلار بىلەن جەنۇبىي قىسمىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ساكلار ئارىسىدا ئىرق، تىل، كىيىم - كېچەك قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئورتاقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە خېلى زور پەرقلەر ساقلانغان بولۇپ، ئاتچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئىش تەقسىماتىنىڭ ئايرىلىشى تېخىمۇ كېڭەيگەن ۋە مۇقىملاشقان.

«خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە:

«. . . ئاسىيۇ خانلىقى شەرقتە هون، غەربىي شىمالدا كانگا (كاڭگۈي)، غەربتە پەرغانە، جەنۇبتا شەھەر بەگلىكلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يېرى ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى. ئۇلۇغ توخرىيلار غەربتە ساكلار خانلىقىنى تار - مار قىلغاندىن كېيىن، بولۇر تاغلىرىدىن ئېشىپ جەنۇبقا كۆچكەن ساكلارنىڭ يەرلىرىنى توخرىيلار ئىگىلىدى. كېيىن ئاسىيۇ كۇنبېگى ئۇلۇغ

توخرىيلارنــــى يەڭدى. ئۇلۇغ توخرىيلار غەربكە كۆچۈپ باكتىرىيىنى بويسۇندۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاسىيۇ كۇنىيگــى ئۇلۇغ توخرىيلار كۆچۈپ كەتكەن زېمىندا ماكانلىشىپ قالدى. شۇڭا ئاسىيۇلاردا ساكلار ۋە ئۇلۇغ توخرىيلارنىڭ نەسلى بار» دېيىلگەن («خەننامە»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى 902 - بەتكە قاراڭ).



4. رەسىم

«خەننامە، كەشمىر خانلىقى» دا: «بۇرۇن هونلار ئۇلۇغ توخرىيلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ توخرىيلار يۆتكىلىپ باكتىرىيىگە، ساكلار خاقانى جەنۇبقا يۆتكىلىپ كەشمىرگە هۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. كېيىن پارچىلانغان ساك قەۋملىرى بىر قانچە خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتــى. سۇلې (سۇللۇغ - قەشقەر) نىڭ غەربىي شىمالىدىن تارتىپ ئەركەشتام، ئۇلۇغچات (ئۇلۇغچات ~ ئۇلۇغئارت بەگلىكى 捐毒国 خەن سۇلالىســى دەۋرىدىكى بەگلىكلەردىن بىرى. ئۇنىڭ شەرقى كاشغەر - قەشقەر، غەربىي ئەركەشتام، غەربىي شىمالى پەرغانە، شىمالى ئاسىيۇلارغا چېگرىداش. ئايتور) قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ هەممىسى ئەسلىدە ساك نەسلىدىن ئىدى . . . » دېيىلگەن. («خەننامە»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى 865 - بەتكە قاراڭ).

بىز يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مەلۇماتلاردىن ساك قەۋملىرىنىڭ ياشىغان، هەرىكەت قىلغان جايلىرىنى بىلگەندىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ ناملىرىنىڭ هەر قايسى دەۋر ۋە هەر قايسى خەلق (مىللەت) تىللىرىدا خىلمۇ خىل ئاتالغانلىقىنىمۇ بىلەلەيمىز.

پارس مەنبەلىرىدە دېيىلگەن تىگراخائۇدا ساكلىرى (ئۇچلۇق قالپاق كىيىدىغان ساكلار مەنىسىدە) - ئەمەلىيەتتە شەرقىي ساكلار بولۇپ، ئۇلارنى يۇنانلىقلار «سېكتىپئانلار» دەپ ئاتىغان. ئۇلار كىيىنىش جەھەتتە ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون (بەزىلىرى كالتە چاپان)، پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا هەر خىل ئۇچلۇق قالپاقلارنى كىيگەن.

يۇقىرىدا ئاساسەن زاغۇنلۇق (چەرچەن)، قوشۇمچە لوپنۇر، قومۇل، پىچاندىكى سۇبېشى قاتارلىق بوستانلىقلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇڭ توقۇلما كىيىم - كېچەكلىرى ۋە كىيىنىش ئادەتلىرى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختالدۇق. تۆۋەندە كېيىنكى دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىلمىي پەرەزلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

هەر قانداق بىر قەدىمكى مەدەنىيەت ياكى ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلغاندا، شۇ خىل مەدەنىيەت ياكى ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ مەلۇم خەلق ياكى مىللەت ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىزلىرىدىن دەلىل ئىزدەش - ئىلىم ساھەسىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان نۇقتا. مۇشۇ نۇقتا بويىچە ئېلىپ ئېيتساق، بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئەجدادلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىگە ئائىت ئالاھىدىلىكلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هەر قايسى بوستانلىقلىرىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر ئارىسىدا بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىت جەھەتتىكــى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمدىن تارتىپ ئەرۋە ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدە روشەن پەرقلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەرلىرى ئادەتتە ياز كۈنلىرى هەر خىل سىدام ۋە يوللۇق رەختلەردىن (كۆپرەك ئاق، قارا، قارا كۆك، قوڭۇر، جىگەررەڭ) تىزىنى بېسىپ تۇرىدىغان يەكتەك ياكى ئەستەرلىك تونچە چاپان، ئۇزۇن ئىشتان، بېلىگە هەر خىل رەختلەردىن بەلباغ (پوتا) باغلاپ، بېشىغا (ياش قۇرامىغا قاراپ) هەر خىل گۈللۈك دوپپا، پۇتىغا كۆن - خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك



85QZM5:1

5. رەسىم: M5:1 دەستىسىگە بۆرە، ئارقار، بۆكەن ئوبرازلىرى ئويۇلغان تارغاق

ياكى مەسە - كالاچ، كىيىشلەرنى كىيىدۇ؛ قىش كۈنلىرى هەر خىل، ئاشلانغان ئېسىل تېرىلەردىن تۇماق، تۆپە، قۇلاقچا قاتارلىقلارنى، ئۈستىگە ئالدى ئوچۇق، ئۇزۇن پاختىلىق چەكمەن چاپان، قوش ئەستەر (بەزىلىرى قاتمۇ - قات، كۆپ ئەستەرلىك) ئۇزۇن بەقەسەم چاپان (تون) لارنى، سوغۇق (تاغلىق) رايونلاردىكىلەر ئاشلانغان هەر خىل تېرىلەردىن تىكىلگەن ياقىلىق ئۇزۇن جۇۋىلارنى، پاختىلىق (ياكى تېرىدىن تىكىلگەن شالۋۇر) ئىشتان، پۇتىغا ئۇزۇن قونچىلىق كۆن - خۇرۇم ئۆتۈك (ئۆتۈك ئىچىگە ئۇزۇن كىگىز پايپاق)، بېلىگە كاشا (تۆگە يۇڭىدا قېلىن توقۇلغان مەخسۇس بەلباغ) ياكى باشقا رەختلەردىن پوتا باغلاپ، سول يېنىغا كۆن غىلاپقا سېلىنغان هەر خىل پىچاقلارنى ئاسىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

گۈزەللىك تەلىپى ۋە پسىخولوگىيىلىك ھالىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن گۈللۈك ۋە رەڭدار يىپەك، پاختا رەختلەردىن ئۇزۇن (پۈتۈن ـ ساپلىما) كۆڭلەك (كۆڭلەكلەرنىڭ پورمىسى، ئېتەك، ياقا، يەڭ، بەللىرى ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە



25. سۈرەت: M3:17 مۆڭگۈزدىن ياسالغان قوشۇقلار

بوي ـ تۇرقىغا ماسلاشتۇرۇلىدۇ) ۋە ئۇشۇقىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىشتان، كۆڭلەك ئۈستىگە تىك ياقىلىق جىلىتكە ياكى تاۋار جىلىتكە، ئىزمىلىك كەمزۇل چاپان قاتارلىق كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن؛ ئاياللار (قىزلار) بېشىغا چىرايلىق تىكىلگەن گىلەم دوپپا، گۈللۈك ۋە زەر باسقان دوپپىلارنى، پۇتىغا كۆن (بۇلغار) ياكى خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئۆتۈك (چېتىك)، مەسە ـ كالاچ، خۇرۇمدىن گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن كېپىشلەرنى كىيىدۇ.

«قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق ئىككى بۈيۈك ئەسەر ـ ‹قۇتادغۇ بىلىك› بىلەن ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتلار بار. مۇشۇ مەنبەگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قاراپ، تېرە كىيىم، يۇڭ كىيىم، يىپەك كىيىم ۋە پاختا رەخت كىيىم دەپ تۆت خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ» (قاراڭ: ئابدۇكېرىم راھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، ئۇيغۇرچە، 18 ـ بەت، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى). «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 93 ـ بەتتە «ئىچۈك» سۆزىنى ئىزاھلاپ ئۇنى بۇلغۇن، سۆسەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىممەتلىك ھايۋان تېرىسىدىن تىكىلگەن «جۇۋا» دېيىلگەن.

يەنە بىرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قارىس» دەپ ئاتالغان يۇڭ چەكمەن چاپاننى تۆگە ياكى قوي يۇڭىدا ئىشلەنگەن «كىيىم» دەپ ئىزاھلىغان («تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 453 ـ بەت).

«ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىيىنىش ئادىتىدە باش كىيىمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇيغۇر ئەرلىرى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشمىغان باش كىيىملەرنى كىيىشكە، ئاياللىرى ئومۇمەن بېشىغا ياغلىق سېلىشقا ياكى دوپپا كىيىشكە ئادەتلەنگەن . . .

رايون پەرقى، كەسىپى پەرق ۋە ياش قۇرام پەرقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى ناھايىتى كۆپ خىللىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن كىيگەن باش كىيىمگە قاراپ شۇ كىشىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ياش قۇرامىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى شەكىل جەھەتتىن ئومۇمەن قىشلىق تېرە تۇماق، سىدام دوپپا ۋە گۈللۈك دوپپىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. بۇ باش كىيىملەرنىڭ ھەر قايسى تۈرىدە يەرلىك رايون پەرقى روشەن گەۋدىلەنگەن» . (ئا. راھمان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، 19 ـ بەتكە قاراڭ).

ئۇيغۇرلارنىڭ قىشلىق باش كىيىملىرى ئىچىدە تېرىدىن ئىشلەنگەن تۇماق نۇسخىلىرى ئون نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە سالۋا تۇماق، يېڭىسار تۇمىقى، كېرىيە تۇمىقى، ساغان (يېڭىساردا) تۇمىقى، يەركەندىكى كاچۇڭ تۇمىقى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلاردا بىر خىل قەدىمكى نۇسخىلار ساقلىنىپ قالغان. بولۇپمۇ ساغان تۇمىقى بىلەن كاچۇڭ تۇمىقى ئالاھىدە ئېگىز ۋە كۆركەم تىكىلگەن بولۇپ، ئادەتتە ئۇ خىل تۇماقلارنىڭ ئېگىزلىكى 40 س. م ئەتراپىدا بولىدۇ.



26. سۈرەت: لوپنۇر ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان پەي قىستۇرۇلغان ئۇچلۇق قۇلاقچا

## 4. يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى توغرىسىدا

ئوزۇقلۇق تەييارلاش ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئىنسانلاردا مەدەنىي ئوزۇقلىنىش ئادىتى بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار تەبىئەت ئالەمىدىن ئۆزىگە خاس يېمەكلىكلەرنى تاللاپ ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن يېيىش ئادىتىگە كۆچكەن. بۇ باسقۇچتا ئوتنىڭ ئىشلىتىلىشى مەدەنىي ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇشتىن ئىبارەت ئەڭ بۇرۇنقى شەكىل ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ

تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەجدادلار ئۇزاق تارىخىي جەريان ۋە باسقۇچلاردا ئۆزلىرى ياشىغان ئىقلىم شارائىتىغا، ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىجاد قىلغان.



27. سۈرەت: «كىرورەن گۈزىلى» جەسىتىگە كىيگۈزۈلگەن پەي قىستۇرۇلغان ئۇچلۇق كىگىز قالپاق

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان يېمەكلىكلەر گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن (زىخ كاۋاپ ئۈچۈن تەييارلانغان) پاقلاننىڭ قوۋۇرغا گۆشى، تېرىق ئۇنىدا تەييارلانغان توقاچ نانلار چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرىنى بولۇپمۇ كاۋاپ بىلەن ناننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلىدى.

قەدىمكى ئوۋچىلىق دەۋرىدىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ھايۋانات گۆشى بولغانلىقى ئۈچۈن، كاۋاپنىڭ خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

مەھمۇد قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ كاۋاپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە سۆزگە ئىزاھات بەرگەن. مەسىلەن، Ⅱ توم، 180 - بەتتە «تاقىلدى» دېگەن بۇ سۆز «گۆش شىشقا (زىخقا) ئۆتكۈزۈلدى» دېگەن جۈملە بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. Ⅲ توم 333 - بەتتە «سۆگلۈنچۇ» دېگەن بۇ سۆز «كاۋاپ»، Ⅲ توم 602 - بەتتە «كۈرپلەدى» دېگەن بۇ سۆز «كاۋاپ قىلدى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

زاغۇنلۇقتىن قېزىۋېلىنغان، پاقلاننىڭ يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن قوۋۇرغا گۆشى (34. سۈرەتكە قاراڭ) ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كاۋاپنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە يۇلغۇن قاتارلىق ياغاچ نوتىلىرىنى ئۈچلاپ ياغاچ زىخ قىلىپ، ئۇنىڭغا پاقلان گۆشىنى ئۆتكۈزۈپ ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇش، زىخ كاۋاپنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۈرلىرىدىن بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كاۋاپنىڭ تۈرلىرىمۇ بارغانسىرى كۆپىيىشكە باشلىغان.

مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 156 - بەتتە «ئىگلىنچ» دېگەن بۇسۆز «سامساققا ئوخشايدىغان بىر خىل تاغ ئوتى، كاۋاپ بىلەن يېيىلىدۇ» دېگەن جۈملە بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز زامانىسىدا كاۋاپقا ياۋا پىياز، ياۋا سامساق قاتارلىق كۆكتاتلارنى قوشۇپ يېگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، ھازىرقى ئۇيغۇرلار توي، مەشرەپ، سەيلە قاتارلىق چوڭ سورۇنلاردا ھەر خىل دورا - دەرمەك (تۇز، تۇخۇم، زىرە، پىياز، قىزىلمۇچ) لار ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان پاقلان گۆشلىرىنى يۇلغۇن قاتارلىق ياغاچ نوتىلىرىدىن تەييارلانغان ئۇزۇن ياغاچ زىخلارغا ئۆتكۈزۈپ، مەززىلىك قىلىپ پىشۇرىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا كاۋاپنىڭ تۈرلىرىدىن زىخ كاۋاپ، تونۇر كاۋىپى، كۆممە كاۋاپ ياكى قېرىن كاۋىپى (پاكىزە يۇيۇپ تازىلانغان قېرىننىڭ ئىچىگە دورا - دەرمەكلەر ئارىلاشتۇرۇلغان گۆشلەر تىقىلىدۇ، قېرىننىڭ



28. سۈرەت: قۇمۇلدىكى «قىزىل چوققا قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك

ئېچىلغان يېرى تىكىلىدۇ، ئاندىن قۇم ئۈستىگە قالانغان چوغلار قايرىلىپ، قېرىن كۆمۈلىدۇ. قېرىن قۇم ئىچىدە ئىككى - ئۈچ سائەت تۇرغاندىن كېيىن پىشىدۇ)، قىيما كاۋاپ، قازان كاۋىپى قاتارلىقلار بار.

زاغۇنلۇقتىن قېزىۋېلىنغان، تېرىق ئۇنىدىن

www.uyghurkitap.com

تەييارلانغان توقاچ - ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە ئاساسلىق ئوزۇقلۇقلىرىدىن بىرى بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى (35. سۈرەتكە قاراڭ).



29. سۈرەت: M2:3 ئۇچىغا رەڭلىك يۇڭلار يۆگىلىپ مەشئەلگە تەقلىد قىلىنغان نوكچىلار

تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدىمۇ ئاشلىقتىن تەييارلانغان تاماقلار خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئاشلىق (ئۇن) دىن تەييارلىنىدىغان تاماقلار تۈرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەدەر قەدىمىي ئەنئەنىۋى تاماقلىرى ھەققىدە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەزى مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، I توم 464-بەتتە «توقۇچ»، I توم 504 - بەتتە «چۆرەك» دېگەن سۆزلەرگە «توقاچ» دەپ ئىزاھ بەرگەن. I توم 626 - بەتتە «كۆۋشەك» دېگەن سۆزنى «بولدۇرغان نان» دەپ ئىزاھلىغان.

توقاچ - ئۇيغۇر نانلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناندىن زادىلا ئايرىلالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى يېيىش، مېھمانلارغا قويۇش ياكى سەپەرگە چىققاندا يولدا ئوزۇق قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل مەززىلىك توقاچلارنى ياقىدۇ.

## 5. ئۆرۈمە چاچ قويۇش ۋە بەدەنگە گۈل چېكىش - سىزىش ئادەتلىرى توغرىسىدا

ئۆرۈمە چاچ. زاغۇنلۇق M2 - نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 س. م كېلىدىغان (چاچنىڭ ئۇچى تەرىپىدىن 15 س. م ئارىلىقتا قىزىل يۇڭ يىپنى قوشۇپ ئۆرگەن) ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى بار. ئەرنىڭ پېشانە ۋە ئىككى چېكىسى، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆز، بۇرۇن ئۈستىنى بويلاپ تاكى ئىڭەك ئاستىغىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا ھەر خىل شەكىللەر سىزىلغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىككى چېكىسى بىلەن مەڭزىگە سىزىلغان قوشقارنىڭ يۆگىمەچ مۈڭگۈزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

(6. رەسىمگە قاراڭ)



6. رەسىم

M2 - نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ قوڭۇر رەڭلىك ئاقارغان چاچلىرى 20 س.م ئۇزۇنلۇقتا ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەندىن تاشقىرى، يەنە 45 س.م ئۇزۇنلۇقتا ئۆرۈلگەن ئىككى تال سۈنئىي (سالغان) چېچىمۇ بار. ئايالنىڭ پېشانە، ئىككى چېكىسى، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا، كۆز، بۇرۇن ئۈستىنى بويلاپ تاكى ئېڭەكلىرىگىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا گۈللۈك شەكىللەر سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يۆگىمەچ شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.



30. سۈرەت: كولئوبادىن تېپىلغان كۈمۈش قاچىدىكى قاپارتما نەقىشلىك ئىسكىفلار ئوبرازى

يېقىنقى يىللاردا تونۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بەدەنگە گۈل سىزىش (چېكىش) نىڭ قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆز بەدىنىنى زىننەتلەش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشتە قوللانغان شەكىل - ۋاستىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇ يالغۇز ئەڭ بۇرۇنقى بېزەك - پەرداز مەزمۇنىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت مەنىسىگىمۇ ئىگە (كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكنى سۆيگەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى) ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلىدى.

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» گە دەپنە قىلىنغان ئەر - ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بىللە يۈزىگە بوياق بىلەن ھەر خىل شەكىللەرنى سىزغانلىقى، ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بەدەنگە گۈل سىزىشنىڭ ئۆز زامانىسىدا تەڭ قوللىنىلغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇ خىل بېزىنىشلەرنىڭ شەكىل، مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى.

يىراق قەدىمكى زامانلاردا مەيلى ئەر ياكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈمە چاچ قويغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، قۇمۇل رايونىدىكى «قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان ئايال مېيىت (بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇنقى) نىڭ قوش ئۆرۈمە چاچلىرى، پىچان ناھىيىسىنىڭ سۇ بېشى دىگەن يېرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرگە (2 - نومۇرلۇق قەبرە) دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ قوش ئۆرۈمە چاچلىرى يۆگەلگەندىن كېيىن مەخسۇس ياسالغان چاچ تورىغا تىقىلغان. 1983 - يىلى



31. سۈرەت: بېھىستۇندىكى قىياتاشقا ئويۇلغان ئېگىز، ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن ساكلارنىڭ ئوبرازى

لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە مېيىتلارنىڭ ھەر خىل چاچ پاسونلىرى ئېنىقلانغاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ئۆرۈمە، تاق ئۆرۈمە، قوش ئۆرۈمە، ئەشمە چاچ ۋە ياسالما ئۆرۈمە چاچلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ئۆرۈمە چاچلارنىڭ بىر يۇرۇشى تۆت تال، ئەڭ كۆپلىرى 16 تال بولۇپ، تاق ئۆرۈمە چاچلارنى - ئۈچ ئېشىم چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر قىلىپ ئۆرىگەن؛ ئۇنىڭدىن باشقا ياسالما چاچلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، 1 - خىلى ئۈچ تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر قېلىپ ئۆرىگەندىن كېيىن ئەشۇ خىل ئۈچ دانە ئۆرۈمە چاچنى يەنە بىرىكتۈرۈپ بىر يۈرۈش قىلىپ ئۆرىگەن؛ 2 - خىلى ئالتە تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر يۈرۈش قىلىپ ئۆرىگەن.

ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ نويان تاغلىرى ئەتراپىدىن قېزىلغان ھونلارغا ئائىت قەبرىلەردىن 17 تال قىزىل يۇڭ شوينىنى قوشۇپ ئۆرىگەن چاچ تېپىلغان (《北方文物》 ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىل 4 - سان 66 - بېتىگە قاراڭ).



32. سۈرەت: كۈنەستىكى ساكلار قەبرىسىدىن تېپىلغان بىرونزا ھەيكەل

ئاسىيا رايونىدىكى كەڭ يايلاقلارغا تىكلەنگەن ھەر قايسى دەۋرلەرگە خاس بالبال (تاش ھەيكەل) لاردىمۇ ئۆرۈمە چاچلار ئويۇلغان. بولۇپمۇ ئىلى ۋادىسى (موڭغۇلكۈرە) كىچىك خونىقاي يايلىقىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تىكلەنگەن بالبال (ئەر) نىڭ كەينى تەرىپىدە ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچ ئۆرۈمىلىرى (17 تال، بەلىنىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ) بار. بالبالنىڭ يۈزى كۈن چىقىشقا قاراپ تۇرىدۇ، قولىقىدا ھالقىسى بار.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن باشقا كونا خەنزۇچە سالنامە، تارىخىي خاتىرىلەردە، مەسىلەن «گۇيفاڭ

www.uyghurkitap.com

تەزكىرىسى» دە هونلار، توقباتلار ( 拓拔 )، سىبېي ( 鲜卑 ) قاتارلىقلارنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرى بار دەپ خاتىرىلەنگەندىن تاشقىرى «كونا تاڭنامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە، كۇسەن تەزكىرىسى» قاتارلىقلاردىمۇ ئايالالرنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويىدىغانلىقى ھەققىدە بايانلار بار.



33. سۈرەت: لايدىن ياسالغان ئادەم ھەيكىلى (1972 - يىلى تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان)

ئارخېئولوگىيىلىك، ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى ئىسلام دىنى تارىم ۋادىسى (ۋە باشقا رايونلار) دا ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خوتۇن - قىزلارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بايان قىلغان، لېكىن ئەرلەرنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى توغرىسىدا توختالمىغان. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 129 - بەتتە: (ئۆرگۈچ) - ئۆرۈمە چاچ؛ (ئۆرمە ساچ) ئۆرۈمە چاچ [ I توم 175 - بەت]. (ئۆنىك) چۈپۈر چاچ (ياسىما چاچ) [ I توم 182 - بەت ]. (ئۆنىكلەندى) چاچ سالدى [ I توم 140 - بەت].. (ئۇراغۇت ئۆنىكلەندى) خوتۇن چاچ سالدى، يەنى چۈپۈردىن ياسالغان ماڭلاي چاچ تاقىۋالدى [ I توم 409 - بەت].

ئومۇمەن، ھەر خىل شەكىللەردىكى ئۆرۈمە چاچلارنى قويۇش، ياسالما (سۈنئىي) چاچلارنى سېلىش ، بېزىنىش ئادەتلىرى بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە دەۋرمۇ - دەۋر، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ ھازىرقى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردە تېخىمۇ كۆپ خىل شەكىلدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى مىللەتلەرنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش، بېزىنىش ئادەتلىرىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىدا ھەر خىل ئۆرۈمە چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر شەكىللەنگەن.

«ئۇيغۇرلاردا توي قىلمىغان قىزلارنىڭ چېچى ئون بەش، ئون يەتتە، يىگىرمە بىر ھەتتا قىرىق بىر تال قىلىپ ئۆرۈلىدۇ، ھەرگىز جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ ھەمدە بۇنداق توي قىلمىغان قىزنىڭ پېشانىسىدە كوكۇلا چېچى بولىدۇ. ئۇنىڭ پاتاڭ (شىللە) قىسمىدىكى سۇمبۇل چاچنىڭ ئاستى قىسمى ئۈستىرا بىلەن چۈشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ. قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى ئۇنىڭ شىللە قىسمى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈلىدۇ.

توي قىلىپ ئەتىسى ياكى بىر قانچە كۈندىن كېيىن قىزنىڭ كوكۇل چېچى ئىككى تەرىپىگە قايرىلىدۇ. ئۇزۇن سۇمبۇل چېچى جۈپ ئۆرۈلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ياغاق سېكىلەك چاچ قويۇلىدۇ. چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ . . .

ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئايالالر جۇۋان دېيىلىپ، ئۇلار ياغاق چاچ قويۇش بىلەن بىرگە چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز . . . تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ، تۇللۇق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

ياشانغان (نەۋرىلىك بولغان) ئايالالر ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ئۇنى چاچتەڭگە بىلەن جۈپلىۋالىدۇ . . .

دېمەك ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تۇرىگە ۋە سۇمبۇل چېچىنىڭ جۈپ ياكى تاق ئۆرۈلگەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ قىز، چوكان، جۇۋان، ياشانغان ئايال . . . ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ» (ئا. راھمان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى، 156 - بەتكە قاراڭ).

بەدەنگە گۈل چېكىش، يۈزىگە بوياق بىلەن ھەر خىل شەكىللەرنى سىزىش، پەرداز قىلىش ئادەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» گە دەپنە قىلىنغان ئەر - ئايالنىڭ يۈزىگە سىزىلغان شەكىللەرنى تونۇشتۇرغاندا قىسقىچە بايان قىلغانىدۇق. تۆۋەندە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك ۋە بەزى تارىخىي مەلۇماتلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئۆز زامانىسىدا چەرچەن (تارىم ۋادىسى) دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى، گۈزەللىكنى سۆيۈشىنى يالغۇز كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىدا ئىپادىلەپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئۆزلىرى ياسىغان پەرداز بوياقلىرى ئارقىلىق بەدىنىگە ھەر خىل شەكىللەرنى سىزىش بىلەنمۇ ئىپادىلىگەن. بۇ خىل پەرداز ئادەتلىرى باشقا جايلاردىمۇ بايقالغان. مەسىلەن، كافكازدا ئېلىپ

بېرىلگەن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە سۆڭەك ۋە سېغىزلايدىن ياسالغان تامغا - قېلىپلار تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارغا «+» بەلگىلىك، ئۆتۈشمە مەركەزداش چەمبىرەك، چۆرگىلەمە شەكىللەر ئويۇلغانىكەن. ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەر بۇ خىل تامغىلارنى ئادەم بەدىنى (تېرىسى) گە ھەرخىل ئۆرنەكلەرنى بېسىپ چىقىرىشتا ئىشلەتكەن.



34. سۈرەت: M2:9 باقلاننىڭ يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن قوۋۇرغا گۆشى (كاۋاپ ئۈچۈن تەييارلانغان)

ئارخېئولوگلار تاپقان بۇ خىل تامغا - قېلىپلار ئىچىدە ئوتتۇرا كافكاز رايونىدىن تېپىلغان برونزا قوراللار دەۋرىگە ئائىت تامغىلار، سارمات - ئالانلار دەۋرى (چېچەن - ئىنگۇشتىكى «ئالقان قارا قەلئەسى») گە ئائىت تامغىلارمۇ بار ئىكەن.

ئېتنوگرافىيە، مىللەتشۇناسلىق، قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلەرگە دائىر تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا بەدەنگە گۈل چېكىش ۋە سىزىشنىڭ يەنە بىر خىل مۇھىم مەنىسى بارلىقى قەيت قىلىنغان. مەسىلەن، «تۇڭگۇس ئوۋچىلىرى ئىچىدە، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ بەدەنلىرىگە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئۆزىگە خاس گۈل - شەكىللەرنى سىزىدىغان ئادىتى بار ئىكەن». ئۇلار يۈز - بەدەنلىرىگە سىزىلغان ئەشۇ گۈل - شەكىللەرگە قاراپ قارشى تەرەپنى (ياكى دۈشمەن تەرەپنى) ئېنىق ئايرىپ زەربە بېرىدىكەن. شۇڭا ئالىملار بەدەنگە گۈل چېكىش ۋە سىزىشنى - مىللەت ياكى قەبىلىلەرنىڭ بەلگە - ئالامەتلىرى، بىر جەمئىيەت (توپ) بىلەن يەنە بىر خىل كىشىلەر توپىنىڭ شەرتلىك بەلگىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن.

## 6. ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللار توغرىسىدا

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان خىلمۇ - خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىزنى ئۆز زامانىسىدا چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى توغرىسىدا بەزى ئىلمىي پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلىدى. قەبرىلەرنىڭ دەۋرى ۋە قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ مۈلكىي تەڭسىزلىك ئاساسىدا ئىجتىمائىي تەبىقىلەرگە بۆلۈنگەنلىكىنى، ئۇلار ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى - قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان، ئۇرۇقداش قەبىلىلەر ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشقان، قەبىلە ئاقساقاللىرى باشچىلىقىدىكى جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بىرىنچە، چارۋا ماللارنىڭ كۆپىيىشى ۋە قولدىن - قولغا ئۆتۈشى جەمئىيەتنىڭ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش جەريانىنى، ئايرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئايرىم قەۋم، ئائىلە ۋە شەخسلەرنىڭ بېيىشىنى، يەنە بىر قىسىملارنىڭ نامراتلىشىشىنى تېزلىتىپ، مۈلكىي تەڭسىزلىك ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قاتلاملارغا بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلار ئۆز زامانىسىدا نىسپىي تۇراقلىق ھالەتتىكى قىسمەن يېكىنمە شەكىللىك تۇرمۇش كەچۈرگەن بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قوشنا رايونلاردىكى ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئارا ئىقتىساد - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە بولغان. بولۇپمۇ يۇڭ توقۇمىچىلىق، كىگىزچىلىك، كۆن - بولغارچىلىق قاتارلىق ھۈنەر - تېخنىكىلارنى ئۆز ئارا ئۆگىنىش، كېڭەيتىش پائالىيەتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان.

ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇلار ئۆز زامانىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلمىغان، ماددىي ئاساسى ئاجىز بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا كالا، قوي، تۆگە، قوتاز، ئات - قولان قاتارلىق ھايۋانلارنى تۈركۈملەپ باققان. قوشۇمچە ئوۋچىلىق بىلەنمۇ خېلى كەڭرى شۇغۇللانغان. دېھقانچىلىقتا تېرىق، ئارپا، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك يۇڭ توقۇمىچىلىق ئۆزىگە خاس يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ھەرخىل رەڭدار يۇڭ يىپلاردىن تۈز يوللۇق، قىيپاش يوللۇق ۋە كەشتىسىمان توقۇش ئۇسۇلىدا خىلمۇ - خىل يۇڭ توقۇلما رەختلەرنى، يۇڭ پالاس، گىلەم، زىلچا، ئەديال، رەڭدار جىيەكلەر قاتارلىقلارنى توقۇغان.

كىگىزچىلىك، ياغاچچىلىق، ساپالچىلىق، كۆن (بولغار) چىلىك ھۈنەر - تېخنىكىسىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، پىششىق ئىشلەنگەن كىگىز، رەڭدار كىگىز پايپاق، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك ۋە باشقا ئاياغ كىيىملەر، كىگىزدىن تىكىلگەن ھەر خىل قالپاق، قولاقچا، توقۇم قاتارلىقلار ئەسلى ھالىتى بويىچە ساقلىنىپ قالغان.

ئومۇمەن، يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ، سۈپىتى ئېسىل بولۇپ، دەۋردىن ھالقىغان بۇ خىل ئېسىل يۇڭ توقۇلما يادىكارلىقلار ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلار چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر - تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 7. ئېتنىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا

دەرۋەقە بۈنىڭدىن ئۈچ - تۆت مىڭ يىللار بۇرۇن تارىم ۋادىسى، قۇمۇل - تۇرپان بوستانلىقلىرىدا ياشىغان قەدىمكى خەلق (قەبىلىلەر) نىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق يازما مەنبەگە ئىگە ئەمەسمىز.



35. سۈرەت: M2:8 ئىرىق ئۈندىن پىشۇرۇلغان توقاچ

شۇڭلاشقا مۇشۇ جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىشلاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار ۋە بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا ئاساسەن تارىخ - ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، ئىنسانشۇناسلىق ساھەلىرىدە ھەر خىل كۆز قاراشلار، يەكۈنلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ھەر قايسى ئاپتورلار بۇ قەدىمكى خەلق (قەبىلىلەر) نى ئېتنىكا جەھەتتىن ئېنىق بېكىتىش، ياشىغان جايلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداق بىر ئىلمىي تەتقىقات قەدىمكى خەلق (قەبىلىلەر) نىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئولتۇراقلىشىش دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئۆز ھەسسىسىنى قوشالايدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن بىر نەچچە مىسالنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

1989 - يىلى شاۋ شىڭجۇ، ۋاڭ بولار زاغۇنلۇق M2 - نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئەر ۋە ئايال ئۈستىدە ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلار بىلەن قىسقىچە خۇلاسىنى ئېلان قىلدى (شاۋشىڭجۇ، ۋاڭ بو: «زاغۇنلۇق M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئەر ۋە ئايالنىڭ قەدىمكى جەسىتى توغرىسىدا دەسلەپكى تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - 新疆文物» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1989 - يىل 4 - سان 72 -، 77 - بەتلەر). ئۇلار 15 تۈردە تەكشۈرۈش، 28 تۈردە ئۆلچەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىنكى كىچىك خۇلاسىسىدا: «تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن تەھلىل قىلغاندا، زاغۇنلۇق ئادىمى (ئەر) نىڭ ياۋروپا ئاق ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئايالدا - ئاق ئىرق بىلەن سېرىق ئىرقنىڭ ئارىلاشما (شالغۇت) ئالامەتلىرى بار ئىكەنلىكىنى (بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ قايتا بېكىتىش كېرەك) دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىشكە بولىدۇ» دەيدۇ.

ئامېرىكىدا ئېچىلغان «مىس قوراللار ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مىللەتلەر خەلقارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» (يىغىننى ئامېرىكا پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە - ئېتنوگرافىيە مۇزېيى ۋە ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق تەتقىقات فاكۇلتېتى بىرلىكتە ئاچقان. ۋاقتى 1996 - يىلى 19 - ئاپرېلدىن 21 - ئاپرېلغىچە) غا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، فىنلاندىيە، ئىرلاندىيە، كانادا، روسىيە، ئۇكرائىنا، قازاقىستان، تۈركمەنىستان، كورىيە، ھىندىستان ۋە جۇڭگو قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتتىن يۈزگە يېقىن ئالىم قاتناشقان.

يىغىن قاتناشچىلىرىدىن ف. ت. خىبېرت (F. T. Hiebert ئامېرىكا خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتى Pea body مۇزېيى تەتقىقاتچىسى) ئۆزىنىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربى ۋە شىنجاڭنىڭ مىس قوراللار دەۋرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان ئاھالىلارنىڭ مەنبەسى» ھەققىدە مۇلاھىزىسىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قۇملۇق رايونلىرى ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار ئەڭ قەدىمكى يېزا ئىگىلىك بوستانلىقلىرىنىڭ بۈنىڭدىن تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرىلا، قوشنا رايونلاردىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇغۇرۇشى ئارقىلىق بەرپا قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدىكى بۇ خىل ئەڭ بالدۇرقى بوستانلىق مەدەنىيىتى مىلادىدىن 2200 يىل ئىلگىرى پەيدا بولغان ھەمدە مىلادىدىن 2000 يىل ئىلگىرى ھەر قايسى يەرلەرگە ئومۇملىشىپ، بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت فورماتسىيىسى شەكىللەنگەن. ئۇ يەرلەردىكى ئاھالىلار كاسپىي دېڭىزىدىن تارتىپ پامىر رايونىنىڭ ئوتلاق (ئېگىزلىك) لىرىغىچە، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چارۋىچىلار بىلەن ھەر خىل ئالاقىلەردە بولغان. بۇ يايلاق چارۋىچىلىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 يىللاردىن باشلاپ تارىم ۋادىسىدىكى ئوخشاپ كېتىدىغان مۇھىتتا مۇستەقىل تەرەققىيات مەركىزىنى شەكىللەندۈرگەن①.

بۇ قېتىمقى يىغىندا نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى شۈي تاۋ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىدا: «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا ئاساسەن، تارىم ۋادىسى بىلەن پەرغانە رايونىنىڭ مىس (برونزا) قوراللار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى مىڭ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كافكاز ئىرقىدىكى ئاھالىلار پەرغانە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىدىن چىقىپ، پامىردىن ئۆتۈپ، تارىم ۋادىسىغا كىرگەن»② دەپ بايان قىلىدۇ.

(① ، ② «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى 西域研究» ، خەنزۇچە، 1996 - يىل 3 - سان 78 - بەتكە قاراڭ).

يىغىن قاتناشچىلىرىدىن مەشھۇر ئىرسىيەتشۇناس ل. كاۋاللى - سفورزا (L. Cavalli

Sforza —) نىڭ تەتقىقاتىدا ئىرسىيەتشۇناسلىق سانلىق مەلۇماتلىرى بىلەن تىلشۇناسلىق سانلىق مەلۇماتلىرىدا ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بارلىقى ئىسپاتلانغان. ئۇ، شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەرنى DNA [ ئوكسىگېن ئاجراتقان يادرو قەنت كىسلاتا] لىق ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرگەن. ئانالىز جەريانىدا بۇ ئالىم ئېلمېنت ئارخېئولوگىيىسىنىڭ يېڭى تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلىنىش بىلەن بىللە ئۇنى ھازىرقى زامان ئىرسىيەتشۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ يەكۈنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قېزىۋېلىنغان ھەمدەپنە بويۇملىرىنى پەننىڭ مەلۇم تورىدىن ھالقىغان دەرىجىدە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاق ئىرق ئاھالىلىرىنىڭ ئىرقى، تىلى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا يېڭىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: «ھازىرچە بىز شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلارنىڭ زادى كىملەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمىسەكمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن توخرىيلار ۋە توخرىي تىلىنىڭ مەلۇم بىر خىل مەنبە مۇناسىۋىتى بارلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دېيەلەيمىز» دەپ قارىغان. بۇ خىل قاراش يىغىن ئەھلىنىڭ بىردەك قوشۇلۇشىغا ئېرىشكەن ①.

يىغىن قاتناشچىلىرىدىن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى خەن كاڭشىن ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئادەملىرىنىڭ باش سۆڭەكلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە لوپنۇر رايونى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقى، ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە پامىر رايونى قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان 274 دانە باش سۆڭەك ئۈستىدىكى (دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1800 - 300 يىللارغىچە) خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: «. . . شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئىرق تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ، چوڭ سىستېما جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياۋروپا ئىرقى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئىرقىي فورماتسىيە تىپى يەككە بولماستىن بەلكى ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىرقىي فورماتسىيىدىن ئايرىلىپ چىققان ياۋروپا ئىرق تىپىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. ياۋروپا ئىرق تىپىدىن باشقا، كېلىپ چىقىشى (مەنبەسى) شەرقتىن بولغان موڭغۇل تىپلىقلارمۇ شىنجاڭ دائىرىسىدە پەيدا بولغان» دەپ بايان قىلغان②. (①، ② «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، خەنزۇچە، 1996 - يىل 3 - سان 81 - بەتكە قارالسۇن) .

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان بايانلار مىس قوراللار (برونزا) دەۋرىنىڭ ئالدى - كەينىدە تارىم (جۇملىدىن قۇمۇل - تۇرپان رايونلىرى) ۋادىسىدا ياشىغان خەلقنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئېنىقلاشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. لېكىن ئۇ خىل ئىلمىي پەرەز ۋە يەكۈنلەرنى قەدىمدە تارىم ۋادىسى، قۇمۇل - تۇرپان رايونلىرى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان خەلقنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە چىقىرىلغان بىردىنبىر ئىلمىي يەكۈن دېيىشكە تولۇق ئاساسىمىز يوق. چۈنكى تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ئېنىقلانغان بەزى مۇرەككەپ، سىرلىق تۈس ئالغان ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ھەققىدە داۋاملىق، سىستېمىلىق، ئىز قوغلىشىپ قېزىپ تەكشۈرۈشكە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېتىشىپ كېتەلمىدۇق . . . ئۇنىڭ ئۈستىگە قىدىرىپ تەكشۈرگەنسېرى يىل دەۋرى تېخىمۇ قەدىمىي چىقىدىغان ئەھۋاللار داۋاملىق مەلۇم بولماقتا.

1980 - يىلدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تىزناپ يېزىسى جىرغال مەھەللىسى تەۋەسىدىن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا ئائىت قەدىمكى ئىز تېپىلدى .

1981 - يىلى ئاۋغۇستتا، ئاتۇش شەھىرىنىڭ بوغاز دەرياسى قىرغىقىدىكى مەلۇم جايدا ئىپتىدائىي ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ يەنى ماڭلاي سۆڭەك، چېكە سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى ۋە كېپىنەك سۆڭىكىدىن ئىبارەت تۆت پارچە تاش قاتمىسى تېپىلغانىدى. 1983 - يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى يەر قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى ئىلمىي خادىملار بىرلىكتە بۇ جاينى قايتا تەكشۈرۈپ، يەنە ئۈچ پارچە (سول تەرەپ چېكە سۆڭىكى، قۇلاق ئاستى سۆڭىكى قاتارلىق) تاش قاتمىلارنى تاپقان. بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ (تاشقا ئايلانغان) كەم قىسمى تولۇقلانغان. ئىپتىدائىي ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ تاش قاتمىسى ئاتۇش شەھىرى تەۋەسىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ئاتۇش ئادىمى» دەپ نام بېرىلگەن.

«ئاتۇش ئادىمى» باش سۆڭىكىنىڭ تاش قاتمىسى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە تۇنجى قېتىم ئېنىقلانغان مۇھىم بايقاش بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىل خۇسۇسىيىتى، تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى ۋە يەر قاتلىمى ئانالىزلىرىغا ئاساسەن، ئۇ، كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا تەئەللۇق بولغان 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى ئىكەنلىكى بېكىتىلگەنىدى. ئۇنىڭ تەخمىنەن دەۋرى بۇنىڭدىن 10 - 30 مىڭ يىللار ئىلگىرى، دەپ پەرەز قىلىنماقتا. لېكىن مۇشۇنداق بىر مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك ئىزنى ئەتراپلىق، نۇقتىلىق قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلمىدى . . .

ئومۇمەن، «جىرغال قەدىمكى ئىزى» بىلەن «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تېپىلىشى يىراق قەدىمكى زامانلاردا تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ بەدەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى، قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىدا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى بوستانلىقلارنىڭ تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى

www.uyghurkitap.com

ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىش، ئىپتىدائىي ئادەملەر توپلىرىنىڭ تارالغان دائىرىسىنى ئېنىقلاش، شۇ دەۋرلەردىكى جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق بىر مۇنچە ئىلمىي مەسىلىلەردە بىزنى ئىنتايىن مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي، شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى ھەر قايسى جايلاردىن برونزا (مىس) قوراللار دەۋرىگە ئائىت مۇكەممەل مەدەنىيەت خارابە ئىزلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە كەينى - كەينىدىن تېپىلىپ، ئۇ مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلىۋاتقان يادىكارلىقلار ئەينى زاماندا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىگىلىكنىڭ تەڭلا مەۋجۇد بولغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ ئەتراپلىق ئىزدەنگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ برونزا (مىس) قوراللار دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 800 - يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

تارىم ئارخېئولوگىيىسىدە ئېنىقلانغان برونزا (مىس) قوراللار دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى مەدەنىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان برونزا قوراللار دەۋرىگە ئائىت بىر قانچە تىپىك قەدىمكى مەدەنىيەتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

ئاننو مەدەنىيىتى - ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئاننو - كوپېت تېغىنىڭ ئالدى ئېتىكىگە جايلاشقان ئاشخاباد ئەتراپىدىكى بىر بوستانلىق بولۇپ، ئۇ يەردىن قەدىمكى ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان ئىز (چوڭ ئىككى دۆڭلۈك) تېپىلغان. 1940 - يىلى ئامېرىكىلىق پۇمپېللىي (Raphael pumpelly) بۇ يەردە ئومۇمىيۈزلۈك قېزىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى ئاننو مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتقان. ئۇ، ئاننو I (شىمالدىكى دۆڭلۈك) نى تاش قورال دەۋرىگە، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8000 - يىللارغا، ئاننو II نى مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللارنى تەڭ ئىشلەتكەن دەۋرگە، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6000 - يىللاردىن 5000 - يىللارغىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ، جەنۇبتىكى دۆڭلۈك مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5000 - يىللاردا شەكىللەنگەن، ئاننو III (جەنۇبتىكى دۆڭلۈك) نى برونزا قوراللار دەۋرىگە، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5000 - يىللاردىن 1000 - يىللارغىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ، ئاننو IV (جەنۇبتىكى دۆڭلۈك) نى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ مۇقىملاشتۇرغان. ھازىر ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئادەتتە پۇمپېللىينىڭ شىمالدىكى دۆڭلۈك مەدەنىيىتىنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشى بەك ئالدىغا سۈرۈلۈپ كەتكەن، شىمالدىكى دۆڭلۈك مەدەنىيىتى (ئاننو I، ۋە ئاننو II مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ يىل دەۋرى ئەڭ بۇرۇن بولغاندىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000 - يىللاردىن ئىلگىرى بولماسلىقى، يەنى مىس قوراللار بىلەن تاش قوراللارنى تەڭ ئىشلىتىش دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، دەپ قاراۋاتىدۇ.

ئاننو مەدەنىيىتى - دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا خاس رەڭلىك ساپاللار شىنجاڭنىڭ رەڭلىك ساپاللىرىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئاننو مەدەنىيىتىدىن، تېرىقچىلىقنىڭ ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا، پۇمپېللىي ئوجاينىڭ دېھقانچىلىقى چارۋىچىلىقتىن ئىلگىرى، دەپ ھېسابلىغان (ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» I ، ئۇيغۇرچە، 19 -، 20 - بەتلەرگە قاراڭ).

«ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاق رايونىنىڭ برونزا قوراللار مەدەنىيىتىگە مىنوسىنسكى ئويمانلىقى مەدەنىيىتىنى ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ. مىنوسىنسكى ئويمانلىقى سايان چوققىسىنىڭ شىمالىغا، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. بۇ يەردە كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. برونزا قوراللار بىلەن تاش قوراللارنى تەڭ ئىشلىتىش دەۋرىدىن باشلاپ، بۇ يەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان بىر قاتار مەدەنىيەتلەرنىڭ برونزا قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە داۋام قىلىشى ئوۋچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىققا تەرەققىي قىلىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**1. ئافاناسوۋ مەدەنىيىتى.** بۇ مەدەنىيەت برونزا قوراللار بىلەن تاش قوراللارنى تەڭ ئىشلەتكەن دەۋرگە، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن 2000 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى ئەڭ ئاۋۋال مىنوسىنسكى ئويمانلىقىنىڭ باتىن كەنتى ئەتراپىدىكى ئافاناسوۋ تېغىنىڭ باغرىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش تىپتىكى مەدەنىيەت قەدىمكى كاتون دەرياسى ۋادىسىدىمۇ تېپىلغان. قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلاردىن ئافانا سوۋدا ياشىغان قەبىلىنىڭ ئىت باققانلىقىنى، كالا، قويلارنى ئاۋۇتقانلىقىنى، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، لېكىن ئوۋچىلىقنى تاشلىمىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئوۋچى چارۋىچىلار بولۇپ، مېتال تاۋلاشنى بىلگەن. گەرچە بۇ يەردىن برونزا پىچاق تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاش قورال ۋە سۆڭەك قوراللار ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە، ئاننو مەدەنىيىتى تىپىدىكى رەڭلىك ساپال ۋە ئامۇ دەرياسىدىن چىققىدىغان قولۇلە قېپىدىن ياسالغان تۇمارنىڭ تېپىلغانلىقى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئارال دېڭىزى رايونىدىكىلەر بىلەن سودا ۋە باشقا جەھەتلەردە ئالاقە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**2. ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتى.** بۇ مەدەنىيەت مىس قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىلىگە، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى

2000 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا مەنسۇپ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى يېنىسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاچىنساق رايونى ئاندىرونوۋ كەنتىدىن تېپىلغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش تىپتىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى جەنۇبىي سىبىرىيە، غەربىي سىبىرىيە ۋە قازاقىستاندىكى بىر مۇنچە رايونلارغا تارالغان. ئۇيەنە ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. تەتقىقاتچىلىرى ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىنى ياراتقان بۇ قەبىلىنىڭ مۇقىم ئولتۇراق ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق ۋە مۇقىم ئولتۇراق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، لېكىن چارۋىچىلىقنى ئافاناسوۋ مەدەنىيىتى مەزگىلىدىكىدىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى، ئوۋچىلىقنى ئاللىقاچان تاشلىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئۇيەردىن كالا، قوي سۆڭەكلىرىدىن باشقا، يەنە ئات سۆڭەكلىرىمۇ تېپىلغان. ئۇجايدىن يەنە تۇۋى تەكشى، يۈزىگە گېئومېتىرىك شەكىللەر چېقىرىلغان ساپاللار، تاش چانغۇچ، يارغۇنچاق، بۇغداي غولى ۋە دانچىلىرى، برونزا قوراللاردىن خەنجەر، پىچاق، پالتا، بىلەزۈك قاتارلىقلار تېپىلغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇيەردە ئۇز زامانىسىدا چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1000 - يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۇ يەردە ياشىغان كىشىلەر پۈتۈنلەي كۆچمەن چارۋىچىلىققا ئۆتكەن. ئۇنىڭدا ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان . .

3. قاراسۇق مەدەنىيىتى. بۇ مەدەنىيەت تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1200 - 700 - يىللارغا، يەنى برونزا قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى ئەڭ ئاۋۋال مىنوسىنىسكىي ئويمانلىقىدىكى قاراسۇق دەرياسى بويىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى يەنە بايقال كۆلى رايونى، ئالتاي، سىمىپالاتىنسك ۋە زايسان كۆلى ئەتراپىدىنمۇ تېپىلغان بولۇپ، ئۇ، ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىدىنمۇ كەڭرەك تارالغان. قاراسۇق مەدەنىيىتىگە ئائىت تۇرالغۇ ئىز خارابىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، قاتلىمىنىڭ نېپىزلىكى ۋە ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، بىر جايدا ئۇزۇنغىچە مۇقىم ئولتۇراقلاشماي، دائىم دېگۈدەك كۆچۈپ يۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار چارۋىچىلىقتا ئاساسلىقى قوي پادىلىرىنى باققان . . » (ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» I، ئۇيغۇرچە، 26 - 23 - بەتلەرگە قارالسۇن).

تارىختا ئۆتكەن ھەر قانداق خەلق ياكى مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ تارىخىنى ئۇلارنىڭ نامى تېخى ئەلگە تونۇش بولمىغان مەزگىلدىن يەنى قەدىمكى رىۋايەت باسقۇچى ياكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىن باشلاش - تارىخ پەنىدە ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئۇقۇم. ئالايلۇق، رۇس تارىخچىلىرى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسەن رۇس خەلقىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى «رۇس» نامى تارىختا مەلۇم بولمىغان ناھايىتى قەدىمكى زاماندىن باشلىسا، خەنزۇ خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى «خەنزۇ» دېگەن نام تېخى مەلۇم بولمىغان ناھايىتى بۇرۇنقى «يەن - خۇاڭ» ، «ياۋ» ، «شۇن - يۈ» ۋە باشقا قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن باشلايدۇ. دېمەك، تارىخنى ئەنە شۇنداق باشلاش - باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى، تارىخىنى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن، تارىختا ئۆتكەن ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن باشلىغانلىقىغا ھېچقانداق زىت كەلمەيدۇ.

## 8. مېيىتلارنىڭ چىرىپ كەتمەي «قۇرۇق جەسەت» كە ئايلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب - ئامىللار توغرىسىدا

ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى لوپنۇر، كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن، چەرچەن زاغۇنلۇق، قۇمۇل قارا دۆۋە، يانبۇلاق، پىچان سۇبېشى قاتارلىق جايلاردىن تەبىئەت ئاتا قىلغان ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئىچىدە تەبىئىي ھالدا قۇرۇپ قاق بولۇپ قالغان قەدىمكى قۇرۇق جەسەتلەر تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» گە دەپنە قىلىنغان مېيىتلارنىڭ قۇرۇپ، ياخشى ساقلىنىپ قېلىشىدا تۆۋەندىكىچە سەۋەب - ئامىللار بار:

1. رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدە قۇرغاق ھاۋا؛
2. قەبرە قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى؛
3. دەپنە قىلىنغان ۋاقىت ۋە باشقىلار.

چەرچەن ناھىيىسى قورۇم تاغلىرىنىڭ شىمالى ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىققا جايلاشقان بولۇپ ئالاھىدە قۇرغاق ھاۋالىق رايونغا ئورۇنلاشقان. ھازىرقى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېيتقاندا، پۈتۈن يىللىق كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى 2907.7 سائەتتىن ئاشىدۇ. يىللىق يامغۇر مىقدارى 18.6م.م، يىللىق ھورغا ئايلىنىش مىقدارى 2507 م.م بولۇپ يامغۇر مىقدارىنىڭ 135 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدە قۇرغاق ھاۋانىڭ رولى چوڭ بولغان؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى جايلاشقان ئورۇن قۇم، شېغىل، توپا (شورلۇق) ئارىلاش ئېگىز تۆپىلىكتە بولغاچقا كۈن نۇرىغا قاقلىنىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ.

چەرچەننىڭ ھازىرقى ھاۋارايى - ئادەتتە 1 - ئايدا ئەڭ سوغۇق ۋاقتى نۆلدىن تۆۋەن 26° - 27° گرادۇس، ئەڭ ئىسسىغاندا (7 - ئاي) نۆلدىن يۇقىرى 41.5° گرادۇس بولىدۇ. شۇڭا ئەگەر بەزى مېيىتلار ياز ۋە كۈز كۈنلىرىنىڭ دەسلىپىدە دەپنە قىلىنغان بولسا، قەبرىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت كۈن نۇرىغا قاقلىنىشى، ھورغا

www.uyghurkitap.com

ئايلىنىشى تېز بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا چىرىپ كەتمەي قۇرۇق جەسەتكە ئايلىنىشى تېز بولىدۇ.

M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئەر ۋە ئايال جەسەتلىرىنىڭ تەبىئىي هالدا قۇرۇپ ئاساسەن ياخشى ساقلىنىپ قېلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى: قەبرىنىڭ ئازادە، تورۇسلۇق قىلىپ ياسىلىشى يەنى ئۈيگە ئوخشاش ئازادە قېزىلغان قەبرىنىڭ ئۈستى قاتمۇ - قات (ياغاچ، بورا، قوشام، هايۋان تېرىلىرى، قومۇچ قاتارلىقلار) نەرسىلەر بىلەن ھەم يېپىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرىنىڭ تۈث تېمى تۇز (شور) قاتلىمىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن جەسەتلەردىكى مىكروپلارنىڭ كۆپىيىشى تەبىئىي تىزگىنلىنىپ، قۇم - توپىدىن خالىي، قەبرە ئىچىدىكى ئازادە بوشلۇقتا هورغا ئايلىنىشى، قۇرۇشى تېزلىشىپ چىرىپ كەتمىگەن.

ئەجدادلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زېمىننىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكلىرىدىن پايدىلىنىشنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن دەپنە قىلىش - ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا هازىرقىلارنىمۇ قايىل قىلغۇدەك ئۇسۇل - چارىلارنى ئىجاد قىلغان. مەسىلەن، M2 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگىمۇ ئېرىقچە كولىنىپ (بۇ قەۋەتمۇ تۇز - شور قاتلىمىغا توغرا كەلگەن)، ئۇنىڭ ئۈستىمۇ ياغاچ، بورىلار بىلەن يېپىلغاندىن كېيىن، مېيىتلار قويۇلغان. مېيىتلارنىڭ ئاستىغا كەلتۈرۈلۈپ كولانغان بۇ ئېرىقچە جەسەتلەرنىڭ دۈمبە، بەل، يانپاشلىرىنىڭ چىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينىغان.

M1 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى بوۋاق ۋە M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى مېيىتلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە قارىغاندا (يۇڭ توقۇلما تون، كۆڭلەك، ئىشتان، كىگىز پايپاق، كۆن ئۆتۈك قاتارلىقلار)، ئۇلارنىڭ كەچ كۈز ياكى قىشنىڭ دەسلىپىدە دەپنە قىلىنغانلىقى بىلىنىدۇ.

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن بۇ قېتىم قېزىۋېلىنغان هەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار ۋە ئۇلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر، جۈملىدىن تۈرلۈك هەمدەپنە بۇيۇملىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە تارىخ جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش - يەكۈنلەش ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ۋە پەرەزلەرنى ئۆزگەرتىپ، قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى باشقىدىن باهالاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەسلى پېتىچە ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى زاماندىكى دەپنە يوسۇنلىرى، كىيىنىش ئادەتلىرى ۋە باشقىلارنى ئىمكانقەدەر تولۇق، توغرا ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، زاغۇنلۇق قەبرىلىرىدىن تېپىلغان رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ بىر يۈرۈش نەمۇنىلىرى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان زور بايلىق بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

## پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىياللار:


1985 - يىلى سېنتەبىر ۋە ئۆكتەبىردە چەرچەن زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىش مەيدانىدا يېزىلغان خاتىرىلەر، قەبرە ئارخىپىدىكى هەر خىل جەدۋەللەر، دەسلەپكى (بىرىنچى قول) ماتېرىياللار، خەرىتە، رەسىم، سۈرەتلەر.

ك. ئا. ئاكىشېۋ: «ئېسىك قەبرىسى» (قازاقىستان ساكلىرىنىڭ سەنئىتى) «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1991 - يىل 2 - ، 3 (قوشما) - سان.

ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» I ، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى.

«خەننامە» ، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.

ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى.

مەھمۇد قەشقەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.


---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى (M2)

# نەسىرلەر ۋە ئەدەبىي پارچىلار

## ئىلھام كوكاتلىرى

### غالىپ مۇھەممەت قارلۇق

ئىلگىرى كۆپ قېتىم چۈشۈمدە چىن تۇمۇر باتۇرنى چۈشەپ قالاتتىم. ئەمدىلىكتە ئويغۇمدىمۇ كۆپ قېتىم چۈشەيدىغان بوپقالدىم . . .

* * *

مەڭگۈلۈق چەمبىرىكىگە كىرگەن چېغىڭدا، كىچىككىنە چۈمۈلىگىمۇ بوزەك بولىسەن.

* * *

ئەينەك ئەپتىڭنى ئەينەن كۆرسەتەلىگىنى بىلەن، قەلبىڭنى كۆرسىتەلمەيدۇ.

* * *

ئەۋلىياغا سىغىنىدىڭ، مەڭگۈلۈك ئارماندا كەتتىڭ. ئۆزەڭگە سىغىنىدىڭ، ئەۋلىيانى تاپتىڭ.

* * *

قۇلۇپ هەر قانچە ئېغىر، چوڭ بولسىمۇ، بىراق ئۇ كىچىككىنە ئاچقۇچنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ . . .

## ئۈزۈك نەسىرلەر

### ئانارگۈل ئابدۇرەشىت

بوۋاقلىقتىكى خىيال - تۇگۈن، ياشلىقتىكى هەۋەس - راۋاج، قېرىلىقتىكى ئەندىشە - يېشىمدىن ئىبارەت، بۇ، هاياتلىق پەلسەپىسىدۇر.

* * *

تىلەمچىلىك دەۋرىدە، كەمبەغەللەر خورجۇن يۈدۈپ چىقسا، بايلار ماشىنا بىلەن تىلەمچىلىك قىلىدۇ.

* * *

نۇرغۇن ئۈسمۈرلۈكلەر قۇياشقىلا تەلپۈنۈپ، يىلتىزىنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ.

* * *

هاياتلىقتا دۇنيا گۈزەل، ئادەم رەزىل.

# ئەدەبنامە



ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

# جاۋىدانى خىرەد (باقىي ئەقىل)

## ئەبۇ ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد

### «جاۋىدانى خىرەد» توغرىسىدا

«جاۋىدانى خىرەد» (باقىي ئەقىل) كىتابى شەرقتە شۇ نام بىلەن تارقالغان بولۇپ، ئەسلىدە بۇ كىتابنىڭ نامى «ئادابۇل ئەرەب ۋەلفۇرس» (ئەرەب ۋە پارسلارنىڭ ئەدەبلىرى) دۇر. بۇ كىتاب ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەبۇ ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى يەئقۇب ئىبنى مىسكەۋەيھ (ۋاپاتى 1039) قەلىمىگە تېگىشلىك.

«جاۋىدانى خىرەد» ئەسىرلەر ئۆتۈشى بىلەن پارس، تۈرك ۋە ئۆزبېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. تۆۋەندە بۇ ئەسەرنىڭ ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغىنى بىلەن تونۇشىسىزلەر.

— مۇھەررىردىن

بىر كۈنى نۇشىرۋان ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ئالدىغا يۇنان، مۇبەد، فەررۇخزاد، بۇزۇرگمېھىر ۋە باشقىلار كىرىپ كېلىشتى. نۇشىرۋان ئۇلارغا دېدى:

- بۇ كاتتا يىغىلىش بولدى. كېلىڭلار، ھەر بىرىمىز بىردىن ھېكمەتلىك سۆز قىلايلى. باشقىلار ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغاي!

ئالدى بىلەن مۇبەدكە قاراپ:

- سەن سۆزلە، - دېدى.

مۇبەد دېدى:

- ئىككى نەرسە باركى، ئۇلار بىرى بىرىدىن ياخشىدۇر. مەسىلەن، ھۈنەر مول بىلىمدىن، ياخشى ئىش ياخشى سۆزدىن ئەۋزەل.

نۇشىرۋان:

- كەڭرەك چۈشەندۇر! - دېدى.

مۇبەد داۋاملاشتۇردى:

- ھەركىمنىڭ ھۈنىرى بولمىسا، ئۇ قۇرۇق تام بىلەن تەڭ. ھەر كىمنىڭ سۆزى چىرايلىق بولسىمۇ، ئىشى يامان بولسا، پايدىسىز شامالغا ئوخشاشتۇر.

نۇشىرۋان خۇرشىدگە قاراپ؛

- سەن نېمە دەيسەن؟ - دېدى.

خۇرشىد:

- جاھاندا ئىككى نەرسە بار، ئۇنىڭدىن ياخشى نەرسە يوق، بىرىنچىسى، خۇرسەنلىك ۋە

## دانالار خەزىنىسى

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىسى بىئازارلىق! - دېدى.

نۇ شىرۋان:

- كەڭرەك چۈشەندۈر! - دېدى.

خۇرشىد:

- ھەر كىم بارىغا قانائەت قىلىپ، خۇرسەن ياشىسا، ھېچكىمگە ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. كىمكى ھېچكىمگە ئازار بەرمىسە، ھېچكىمنى خاپا قىلمىسا، ئۇنىڭغا ھېچكىمدىن خەۋپ يەتمەيدۇ، - دېدى.

- نۇشىرۋان بۇزۇرگمېھرگە قاراپ:

- سەن نېمە دەيسەن؟ - دەپ سورىدى.

بۇزۇرگمېھر:

- ئەي نۇشىرۋان، ئادەملەر تۆۋەندىكى نەرسىلەرگە ئەمەل قىلمىسا، ھېچقاچان خۇرسەنچىلىككە ئېرىشمەيدۇ. مەسىلەن، بارىغا قانائەت قىلمىسا، قولى يەتمەيدىغان نەرسىگە ئىنتىلسە، ئۆزگىلەر قولىدىكى نەرسىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن قارىسا! - دەپ جاۋاب بەردى.

نۇ شىرۋان ئۇنىڭدىن يەنىمۇ كەڭرەك قىلىپ سۆزلەشنى ئۆتۈندى. ئۇ دېدى:

- خۇرسەن كىشى شۇنداقكى، نېمە تاپسا، شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ. تاپقىنىغا شۈكرى قىلىپ، ئۆمرىنى غەمسىز ئۆتكۈزىدۇ. ئاچكۆزلۈك - ئۆز جېنىنى قىيناشتۇر. ئاچكۆز كىشى ھېچقاچان توغرا يولدا يۈرمەيدۇ، ھەمىشە كۆڭلى بىمار يۈرىدۇ. ھەر كىم ئۆزىنى ياخشىلىق يولىغا سالسا، ھەممە يامانلىقتىن ئامان بولىدۇ، جاھاندا تىنچ ۋە ئاسۇدە ياشايدۇ.

نۇشىرۋان يۇنانغا قاراپ:

- سەن سۆزلە! - دېدى.

يۇنان شۇنداق جاۋاب بەردى:

- يەتتە نەرسە باركى، كىمكى بۇ يەتتە نەرسىگە ئەمەل قىلسا، دۇنيادا ياخشى ئاتلىق بولىدۇ. بىرىنچىسى، دانالار مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلسا؛ ئىككىنچىسى، ھەر ئىشنى ئۆزلايىقىدا قىلسا؛ ئۈچىنچىسى، ئادالەتلىك بولسا؛ تۆتىنچىسى، سەۋرلىك بولسا؛ بەشىنچىسى، گەپ يېمەس - جاھىل بولمىسا؛ ئالتىنچىسى، پايدىسىز باشقىلارنى بەھرىمەن قىلسا؛ يەتتىنچىسى، كەمتەرلىك قىلسا.

نۇشىرۋان ئۇنىڭدىن بۇ سۆزلەرنى كەڭرەك چۈشەندۈرۈشنى سورىدى. يۇنان دېدى:

- مەسلىھەت مەرۋايىتقا ئوخشايدۇر. ئادەملەر تاش بولسا، ئۇلار ئارىسىدىن بىرەر نادىر سۆز - مەرۋايىت چىقىشى مۇمكىن؛ ئىشنى ئۆز لايىقىدا مۇناسىپ قىلمىساڭ، زىيىنى تېگىدۇ؛ ئادالەتلىك ئىش قىلىنسا، بۇ ئىشقا ھېچكىم قارشى چىقمايدۇ؛ سەۋر ۋە چىدام بارچە مۇشكۈللۈكلەرنى يېڭىشنىڭ كىلىتىدۇر؛ بېزەڭلىك ۋە كاجلىق ئەڭ يامان خىسلەت؛ كەمتەرلىك ھەممىنىڭ ھەۋىسىنى ۋە ھۆرمىتىنى قوزغىتىدىغان يېقىملىق ئادەتتۇر.

نۇشىرۋان بۇ ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ قالدۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى.

بىر دانىشمەن نەسىھەت قىلىپ يازغان كىتابلىرىنىڭ بىرىدە، جۈملىدىن شۇنداق دېگەنىدى:

- ئەي ئادەم بالىسى، سەن ھېچقاچان چوڭچىلىق كەيىندىن قوغلاشما! چوڭچىلىق قىلىش، بارچىدىن ئۈستۈن بولۇشنى خالاش چىن ئىنسان خىسلىتى ئەمەس. كىيىنىش ۋە ياسىنىش - تۈسىنىش بىلەن ئۆزۈڭنى كۆرستىشكە ئۇرۇنما! چۈنكى بۇنداق قىلىش ياسىما ئابروي تەلەپ قىلىشتۇر. ئۆتۈۋاتقان ئۆمرۈڭدىن خەۋەرسىز بولما، ئۇنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە سەرپ قىل! بەختىيارلىق ۋە سائادەتلىك ئاساسىنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئىنتىل! بىلگىنكى، ھايات دائىما ھۇشيار بولۇپ، كىشىنىڭ ئۆزىدىن ئاگاھ بولۇشى ئۈچۈن بېرىلگەن، ئۇنى يېيىش - ئىچىش ۋە ئۇخلاش ئۈچۈن، دەپ چۈشەنمە!

قەيس ئىبنى سائىدەنىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى. ئۇ يازىدۇ:

- ئەي ئوغلۇم، شۇنداق مەسەل: «سەن ماڭا زۇلۇم قىلساڭ، ساڭىمۇ زۇلۇم قىلغۇچىلار چىقىدۇ». شۇ ماقالغا ئەمەل قىل، ھېچكىمگە زۇلۇم قىلما! مالۇ - بايلىقتىن خەزىنە قىلماي، ئىلىمۇ ھۈنەرنى خەزىنە قىل! دوست - بۇرادەرلىرىڭنى ئۆزۈڭدىن ئۇزاقلاشتۇرما، ھەر بىر ئىشنى مەسلىھەت بىلەن قىل!

بىر كىشىگە سوۋغا ئېلىپ بارسا، ئۇ ئەسلا قوبۇل قىلمايتتى. ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى: ئۇ ئېيتتى:

- سوۋغا بېرىشنىڭ ئىككى سەۋەبى بار: بىرى شۇكى، سوۋغا قىلغۇچىغا بىزدىن ھېچقانداق مەنپەئەت تەگمىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋغا ھېسابىغا بىزدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلماقچى؛ ئىككىنچىسى شۇكى، بىزدىن بىرەر مەنپەئەت كۆرگەن، سوۋغا ئارقىلىق يەنىمۇ چوڭراق پايدا كۆرمەكچى. دېمەك، ھەر ئىككىلا ھالدا سوۋغا ئېلىش ناتوغرىدۇر:

ئەھمەد ئىبنى خالىد ئېيتىدۇ:

- سەن ئۆزۈڭنى ساخاۋەت ۋە كەرەم ئىگىسى دەپ بىلمىگۈچە، ئۆزۈڭنى شىجائەتلىك دەپ چۈشەنمە. ئەگەر شىجائەتلىك بولساڭ، ئۆزۈڭنى ساخاۋەت ۋە كەرەم ئىگىسى بولۇشقا مەجبۇر قىلالايتتىڭ. ئۆزۈڭگە كۈچۈڭ يەتمىگەن يەردە، ئۆزگىلەرگە قانداق تەسىر قىلالايسەن؟!

ئېيتىدۇرلەركى:

- كىمەرسە ئۆز دوستلىرىغا قارىتا ھىيلە - مىكىر بىلەن ئىش تۇتسا، دوستلىرى ئۇنىڭغا نىسبەتەن يالغاننى «تۆھپە» قىلغۇسىدۇر.

بىر ئۇلۇغ كىشى ئېيتىدۇ:

- ئەڭ ياخشى تەنبىھ شۇنداق تەنبىھكى، ئۇ زەرەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تەربىيە ئۈچۈن ئېيتىلغان بولىدۇ. ئەڭ زەرەرلىك تەنبىھ شۇنداق تەنبىھكى، ئۇ تەلىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزگىلەرنى ئىزا قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ.

نۇشىرۋاننىڭ ئوغلى ھۇرمۇز ئەخۋاز ۋىلايىتىگە بارغان چېغىدا شۇ يەرنىڭ ھاكىمى بىلەن ئۇچراشتى ۋە بىركۈنى ئۇنىڭغا دېدى:

- سىنىڭدە بىر ئەيىبتىن باشقا ھېچقانداق ئەيىب كۆر مىدىم. ئەمما شۇ ئەيىبىڭ، بىلگىنكى، ئۇن ئەيىبنى ئۆز ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدۇ.

ھاكىم سورىدى:.

- ئۇ قانداق ئەيىب، ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ

كېلىدىغانلىرى نېمە؟ ئېيتىپ بەر.

ھۇرمۇز دېدى:

- ئۇ ئەيىب كېرىلىش ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتۇر. بىلگىنكى، ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ئەيىبلەرنىڭ بىرىنچىسى، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى خەلق نەپرىتىدۇر؛ ئىككىنچىسى، ئۆزى بىرەر - يېرىم ھۈنەرگە ئىگە بولماي تۇرۇقلۇق، باشقىلارنىڭ كەسپۇكارىنى تەپتىش ۋە تەنقىد قىلىپ، ئۇلارغا دەشنام بېرىش؛ ئۈچىنچىسى، ئوقۇشتىن ئۈزۈلۈش، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەدەبتىن بىبەھرى قىلىش؛ تۆتىنچىسى، ئولتۇرۇشتا ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە دانا دەپ بىلىش، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىۋېلىش ۋە ئۆز ئابرۇيىنى تۆكۈۋېلىش؛ بەشىنچىسى، مەنمەنلىك تۈپەيلى چەكتىن چىقىش، يۇقىرىراق ئەمەلنى ئىستەپ قىلىش، نەتىجىدە خار - زەبۇن بولۇپ، ئۆز مەرتىۋىسىدىنمۇ ئاجراش؛ ئالتىنچىسى، ئادەملەرنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلماسلىق، بىمارلار ھالىنى سورىماسلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن كۆز يۇمۇش؛ يەتتىنچىسى، كىشىلەرگە خەۋپ سېلىش، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش، نەتىجىدە قەدىر - ئېتىباردىن ئايرىلىش؛ سەككىزىنچىسى، مەسلىھەتسىز ئىش كۆرۈش، نەتىجىدە خىجالەتتە قېلىپ، ئۆكۈنمەك؛ توققۇزىنچىسى، ئادەملەر مېنى ئۇلۇغ سانايدۇ، دەپ ئويلاش ۋە شۇ گۇماندا يۈرۈش؛ ئونىنچىسى، پازىل ۋە كامىل كىشىلەرگە قۇلاق سالماي، ھاقارەت كۆزى بىلەن قاراش، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن قېلىش.

پارس دانىشمەنلىرىدىن بەرزۇ ئەل - ھەكىم نەسىھەتلىرى. ئۇ يازىدۇ:

- ھەر نەرسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن بىر سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نېمىكى ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسا، ئەۋۋەلەم ئۇنىڭ سەۋەبىنى قىدىرماق لازىم. مەسىلەن، ياخشى ھايات كەچۈرۈش سەۋەبى مۇرەسسە، سىرنىڭ ئاشكارا بولماسلىق سەۋەبى باشقىلارنىڭ سىرىنى ئاچماسلىقتا، ئىپپەت سەۋەبى ئۆزگىلەرگە يامان نىيەتتە كۆز تىكمەسلىكتە، گىنە سەۋەبى بەدپېئىللىك، دوستلۇق سەۋەبى ئوچۇق چىرايلىقلىق، جۇدالىق سەۋەبى ئازاب، ئاداۋەت سەۋەبى خىلاپلىق، خارلىق سەۋەبى تەمە، ئىززەت سەۋەبى قانائەت، نىجاد سەۋەبى راستلىق، ئۇلۇغلۇق سەۋەبى تەۋەززۇ.

يەنە بەرزۇ ئەل - ھەكىم ئېيتىدۇ:

- ئەگەر سەن يالغانچىلىق بالاسىغا دۇچار بولماي دېسەڭ، راستچىللىق خىسلىتىنى شوئار قىل، نېمە ئېيتقان بولساڭ دېگىنىڭگە ئەمەل قىل، مېھنەتكە مۇپتىلا بولماي دېسەڭ، مېھنەت قىلغۇچىلارغا رەھىم كۆزى بىلەن باق! ھەسەت دەردىگە يولۇقماي دېسەڭ، باشقىلار مال - دۇنياغا ئېرىشسە خۇرسەن بول! ئاقىل كىشىلەرگە ياقماي قېلىشتىن قورقساڭ، ھايا ئېتىغا مىن!

يەنە ئۇنىڭ سۆزى:

- يالغانچىلىق بارچە گۇناھلارنىڭ بېشىدۇر. يالغانچى ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەرنى توقۇيدۇ، ئۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم ئىچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يالغاننى يېپىش ئۈمىدىدە بولىدۇ. بىرەر كىشى ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلىسا، ئۇنى دۈشمەن دەپ بىلىدۇ. نەتىجىدە ئىككى ئارىدا ئاداۋەت ۋە جېدەل يۈز بېرىدۇ. بۇ جېدەل كۆپ كىشىلەرگە زىيان كەلتۈرىدۇ.

ئۇ ئېيتتى:

- بەش كىشى بەش ئەيىبكە يول قويسا، بەش پۇشايمانلىق يېمىشىنى تېتىيدۇ. بىرىنچىسى، زورۇر ئىشنى ئارقىغا سۈرەيدۇ ۋە ۋاقتى كېتىدۇ؛ ئىككىنچىسى، يېقىن دوستىنى خاپا قىلىدۇ ۋە بالاغا مۇپتىلا بولىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، دۈشمەندىن ئېھتىيات بولۇشتىن غاپىل بولىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ؛ تۆتىنچىسى، ھايالىق، ئىپپەتلىك خوتۇنىنى قولدىن بېرىدۇ ۋە يامان خوتۇنغا ئۇچرايدۇ؛ بەشىنچىسى، گۇناھ ئىشلاردىن قورقمايدۇ، .ئاقىۋەت ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ.

يەنە بەرزۇ ئەل - ھەكىم سۆزلىدى:

- بىر نەچچە نەرسە باركى، ئۇلار باشقا نەرسىلەرگە دائىملىق تەۋەدۇر. مەسىلەن، مۇرۇۋۋەت ئەقىلگە، راي ۋە تەدبىر تەجرىبىگە، يېقىنلىق مۇھەببەتكە!

بىر ھەكىمنىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتلىرى:

- ئەي ئوغلۇم، قىلىۋاتقان ئىشىڭ كىچىككىنە گۇناھ بولسىمۇ، ئۇنى ھېچقاچان كىچىك سانىما. ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ تالىپى بول، ئۇنىڭدىن ساڭا ياخشى پايدا تېگىدۇ. كۈچۈڭ بارلىقى ئۈچۈنلا باشقىلارنى ھەدەپ ئېزىۋەرمە، پەيت كۈتۈپ، جېنىڭدىن تويغاچ، سېنى ھالاك قىلىشى مۇمكىن. بىر كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئېيتقان گېپىنىڭ جېنى بار دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ گېپىگە قاراپ ئىش تۇتما! شۈبھىلىك ۋە گۇمانلىق ئىشلارغا قول ئۇرما. سورىغۇچىنى ئۈمىدسىز ھالدا قايتۇرما! ئۆزۈڭگە ياقمىغان نەرسىلەرنى باشقىلارغا راۋا كۆرمە. ئۆزگىلەرگە قىلغان ھەر بىر ياخشىلىق ياكى يامانلىق كۈنى - ۋاقتى كېلىپ ئۆزۈڭگە قايتىشىنى ئەستىن چىقارما!

نۇشىرۋان بىر كۈنى يۇناندىن سورىدى:

- ئەڭ ياخشى ياشاش نېمە؟

يۇنان ئۇنىڭغا دېدى:

- سالامەت بولۇش ۋە خاتىرجەملىكتە ياشاش - ياخشى ياشاشتۇر. ئەمما ياخشى نام قالدۇرۇش كىشىنىڭ مەڭگۈ ياشىشىدۇر.

ھارمۇس ھەكىم سۆزلىرىدىن. ئۇ ئېيتىدۇ:

- ئادەم ئۈچۈن مۇناسىپ نەرسە شۇكى، ھېكمەت ئۆگەنسۇن، دانالىق ئىلمىنى بىلسۇن ۋە ئۇنى يۈرىكىگە نەقىش قىلسۇن. ھېكمەت ۋە پەزىلەتكە يېتىشكە قېرىلىق توسقۇن بولالمايدۇ. ھېكمەت شۇنداق نەرسىكى، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ ۋە كاسات بولمايدۇ. ھېكمەتنى كىمكى دىلىغا ئورناتقان بولسا، نە باتۇر، نە كۈچتۈڭگۈر، نە پادىشاھ، ھېچكىم ئۇنى تارتىپ ئالالمايدۇ. كىشى ئۆز نىيىتى بىلەن سۆزىنى مۇۋاپىق قىلسۇن، تاكى تىلى باشقا، دىلى باشقا بولمىسۇن!

كىشى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ۋە دىلنى يورۇتقۇچى نەرسە قانائەتتۇر.. ئەڭ زىيانلىق ۋە نەپرەتلىك نەرسە خىرس ۋە غەزەپتۇر. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ يېقىملىق نەرسە خۇرسەنچىلىك بولۇپ، ئۇ

www.uyghurkitap.com

ياخشىلىق قىلىشتىن هاسىل بولىدۇ. ئەڭ ئېغىر نەرسە غەم - ئەندىشە بولۇپ، ئۇ يامانلىقتىن هاسىل بولىدۇ. يەنە شادلىق قانائەتتىن كەلسە، غەم - خىرىسمۇ غەزەپتىن هاسىل بولىدۇ.

فىساغورۇس (پىفاگور) نەسىھەتلىرىدىن تاللانمىلار. ئۇ ئېيتىدۇ:

- ئەي ئەزىز، سەن دائىما پازىل كىشىلەر بىلەن دوستلاشقىن، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئىزدە، ئۆز نەپسىڭنى كۆپ يېيىشتىن ئاسرا! غەزەپلىنىشتىن، كۆپ ئۇخلاشتىن، قەبىھ ئىشلاردىن قاچ! ئۆلۈمنى دائىما يادىڭدا تۇت ۋە شۇنىڭغا بېقىپ ئىش قىل، كەسىپ ۋە مەئىشەتتە ئوتتۇرىچە يول تۇت!

يەنە ئۇنىڭ سۆزى:

- هەركىم دوست تۇتۇشقا قادىر بولمىسا، دۇشمەنگە قارشى ئىش تۇتۇشقا هەم ئاجىز كېلىدۇ. كىشىنى سۆزىگە قاراپ ئەمەس. ئىشىغا قاراپ بىلىشكە بولىدۇ.

## بۇزۇرگمېھىر نەسىھەتلىرى

ئۇ ئېيتىدۇ:

- بىلگىنكى، هەركىم ئۆز تەبىئىتى بىلەن تۆۋەندىكى خىسلەتلەرگە ئىگە بولمىقى كېرەك: بىرىنچى، قولدىن كېتىشى ۋە مەڭگۈ تۇرماسلىقى مۇقەررەر بولغان بايلىق بىلەن پەخىرلەنمەسلىك؛ ئىككىنچى، باشقا كەلگەن مېھنەتتىن قورقۇپ روھى چۈشمەسلىك؛ ئۈچىنچى، كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان بايلىق ئۈچۈن شادلانماسلىق؛ تۆتىنچى، ئۆزىگە لايىق ۋە مۇناسىپ بولمىغان نەرسىنى ئارزۇ قىلماسلىق؛ بەشىنچى، ئېرىشەلمىگەن نەرسە ئۈچۈن قايغۇرماسلىق.

يەنە دەيدۇ:

- يەتتە نەرسە جاهىل ۋە نادان كىشىلەر خىسلىتىدۇر: سەۋەبسىز غەزەپ، ئورۇنسىز سوۋغا، دوست - دۈشمەننى ئايرىماسلىق، پايدىسىز گەپنى كۆپ قىلىش، ئۆز قەدرىنى بىلمەسلىك، تەكەببۇرلۇق، ئادەملەردىن بەدگۇمان بولۇش.

ئۈچ نەرسە ئۆز ئىگىسىگە يامانلىق كەلتۈرىدۇ: بىرىنچى، مەنسەپدارلارنىڭ كەم هەرىكەت ۋە هەپىلەسىزلىق - هورۇنلۇقى؛ ئىككىنچى، ئالىملارنىڭ ئاچچىقى يامان بولۇشى؛ ئۈچىنچى، خوتۇنلارنىڭ شەرم - هاياسىز بولۇشى.

ئۇ ئېيتىدۇ:

- نەسىھەت ئاڭلىمىغان كىشىگە نەسىھەت قىلماق ئۆز قەدرىنى يەرگە ئۇرماقتۇر. ئاچكۆز كىشىنى ئاچكۆزلۈكتىن قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنماق ئۆز ۋاقتىنى بىهۇدە يوقاتماقتۇر. جاهاندا تەرەققىي قىلماقنى ئىختىيار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىشى: ئەدەبكە يېقىن بولماق، يامانلىق قىلىشتىن قاچماق، ياخشى دوستلارغا تايانماق ۋە هەمسۆھبەت بولماقتۇر.

يەنە دەيدۇ:

- ئەقىلنىڭ قەدرى ۋە ئىززىتى شۇنداقكى، ئۇنى ئالدى - ساتتى بىلەن تېپىۋالغىلى بولمايدۇ. گۇناهنى يۇيۇشتىن ۋە ئۆزىنى ئاقلاشتىن كۆرە، گۇناھ قىلماي، ئۆزىنى تىنىش ئاسانراقتۇر. دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئىش هاجەتمەنلەرنىڭ هاجىتىدىن چىقىش، غەزىپى كەلگەن چاغدىمۇ راست سۆزلەش ۋە چىدام بىلەن تىڭشاش،

موهتاجلىق كىشىگە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق.

يەنە ئۇنىڭ سۆزى:

- يەتتە خىل كىشى باركى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە سازاۋەردۇر: بىرىنچىسى، تەكلىپ قىلمىسىمۇ قەستەن بىراۋنىڭ داستىخىنىغا قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن بارغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ئولتۇرۇشلاردا تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇشقا ئىنتىلگەن كىشى؛ ئۈچىنچى، دۈشمەندىن شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق كۈتكەن كىشى؛ تۆتىنچى، بىراۋنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان تورۇقلۇق ئۆي ئىگىسىگە تەنبىھ بەرگەن كىشى؛ بەشىنچى، ئىككى كىشى بىرەر نەرسە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان چاغدا كاشىلا قىلىپ ئارىلىشىۋالغان كىشى؛ ئالتىنچى، هورۇن ۋە ئىشياقماس كىشىدىن ياخشىلىق كۈتكەن كىشى؛ يەتتىنچى، سۆزىنى ئاڭلاشنى خالىمىغان كىشىگە زورۇقۇپ سۆزلەشكە ئۇرۇنغان كىشى.

ئۇ ئېيتتى:

دۇنيادا شۇنداق خىسلەتلەر باركى، بۇ خىسلەتلەر ئارقىلىق كىشىنىڭ كىشىگە چىن دوستلۇقى ئېنىقلىنىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىلەر: دوستىنىڭ ئەيىبىنى يېپىش، ئۆزىگە لايىق كۆرگەن يەرگە دوستىنى ئولتۇرغۇزۇش، نامەقبۇل سانالغان جايدىن دوستىنى توختىتىپ قېلىش، قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەتتە قالدۇرماسلىق، سىرىنى پاش قىلماسلىق، ئۆز سىرىنى يوشۇرماسلىق، بايلىقىنى ئۇنىڭدىن ئايىماسلىق، ئۇنىڭدىن مال تەلەپ قىلماسلىق.

يەنە ئۇنىڭ سۆزى:

- ئانىغا ئوخشىغان، ئەينى چاغدا دوست ۋە خىزمەتكار خوتۇن هەقىقىي چىرايلىق ۋە يېقىملىق خوتۇن بولالايدۇ. ئانىغا ئوخشىغان دېگەندە شۇنداق چۈشىنىش كېرەككى، ئانىلار هەر دائىم ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىن بولۇشىنى خالايدۇ، باللىرى ئۈچۈن رەنج ۋە جاپا چېكىشنى ئۆز لىرىنىڭ بۇرچى ۋە پەخرى دەپ بىلىدۇ. خوتۇن كىشىمۇ ئۆز ئېرى ئۈچۈن شۇنداق خىسلەتكە ئىگە بولسۇن. دوست دېگەندە شۇنى چۈشەنمەك كېرەككى، ئۇ ئېرىنىڭ ئېيتقانلىرىغا رازى بولۇشى، بىرەر ئىشتىن توسسا خاپا بولماسلىقى، بىساتىدا بارىنى ئېرىدىن ئايىماسلىقى، ئۇنىڭدىن سىر يوشۇرماسلىقى، ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىماسلىقى، هەر ئىشتا خۇددى دوستلاردەك كېلىشەلىشى لازىم. خىزمەتكار دېگەندە شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، ئۇ گويا هەمشىرە ۋە تەربىيىچىلەركەبى ئېرىنىڭ بەزى سۆزلىرىنى كۆتۈرۈشى، چىدام ۋە سەۋر بىلەن هەق ياكى ناهەقلىقىنى ئىسپاتلاشقا، ئۆزگىلەر ئالدىدا ئۇنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى لازىم.

يەنە دېدى:

- يامان خوتۇن باشتا ئوغرىغا، سوڭ دۈشمەنگە ۋە هاكىمغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئوغرىغا ئوخشىغىنى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ ئېرىنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلىدۇ، ئالداپ، ئورۇنسىز ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ، ئېرىنىڭ ئىلتىپات بىلەن قىلغان ياخشىلىقلىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ ۋە مەنسىتمەي قارايدۇ، پەقەت ئۆزى ئۈچۈن نەپ كەلتۈرىدىغان نەرسىگە ئىنتىلىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنگە ئوخشايدىغانلىقى شۇ

جەھەتتىنكى، ئۇ ئېرىگە خۇددى دۈشمەندەك دائىم قاپقىنى تۈرۈۋېلىپ، چىرايىنى ئاچمايدۇ، ئۇنى ياراتمايدۇ، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا كىنە ساقلايدۇ، ئىشلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ، رەنجىتىدۇ. ئۇنىڭ ھاكىمغا ئوخشاشلىقى شۇ ۋەجىدىنكى، ئېرىنى ھەر دائىم ئۆز پەرمانىغا ئەمەل قىلغان ھالدا كۆرۈشنى ئىستەيدۇ، ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنى ھاقارەتلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەرزىمىگەن ئىشلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىدۇ، ئېرىنىڭ خاپا ياكى خۇشنۇدلىقىغا پەرۋا قىلمايدۇ.

يەنە ئېيتتى:

- ياخشى خوتۇنلارنىڭ ئەرنى ئىززەت ۋە ئىكرام قىلىشلىرى شۇنداقكى، ئۇلار ئەرلىرىنىڭ ئائىلىدىكى كىرىم - چىقىملىرىغا رازى بولۇشىدۇ، ھايا ۋە ئىپپەت پەردىسىنى يىرتمايدۇ، قىسىنچىلىق ۋە غەملىك كۈنلەردە ئېرىگە تەنە قىلمايدۇ، ئېرى بىلەن كېچە يۇ كۈندۈز مۇرەسسە ۋە مادارچىلىق قىلىپ، مەسلىھەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

### ئازەرباد نەسىھەتلىرى

ئازەرباد قەدىمكى پارس ھەكىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

- ئەي ئوغلۇم، سەن دائىما مېزبان ① بولاي، ئادەملەرنى مېھمان قىلىشقا ھەمىشە قادىر بولاي دېسەڭ، مېھماندارچىلىقتا ئوتتۇرىچە يول تۇت، بار - يوقۇڭنى بىر يولىلا سەرپلىۋەتمە. بىراۋغا موھتاج بولماي دېسەڭ، قانائەت يولىدا چىڭ تۇر! ئالدىڭدا تۇرغان مەقسىتىڭگە يېتەي دېسەڭ، دائىم ئىنتىلىشتە بول! دۇنيادا ئامان بولاي دېسەڭ، گۇناھ ئىشلاردىن يىراق تۇر. دوستلۇرۇم كۆپەيسۇن دېسەڭ، تەۋەززۇ ۋە كەمتەرلىكنى شوئار قىل! ئەگەر سەن دوستلۇرۇڭ بىلەن مۇستەھكەم ئالاقىدە بولساڭ، ئۇلارنىڭ ئىززەت - ئىكرامىنى جايىغا قويساڭ، ئۇلار سېنىڭ مەدەتكارىڭ بولىدۇ. ئۇ ھالدا يات كىشىلەرگە ھاجىتىڭ چۈشمەيدۇ. نائەھلى ۋە قۇلاقكەستىلەرگە قەرز بەرمە، ئۇلاردىن ھېچقاچان قايتۇرۇپ ئالالمايسەن. ھەسەتچىگە مال - دۇنيايىڭنى بىلدۈرمە، ئۆز بايلىقى بىلەن پەخىرلەنگۈچى ۋە مەغرۇرلانغۇچى كىشىلەر بىلەن ئالاقىدە بولما! قانداقلىكى ئىشتا بولسۇن ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمە، خۇشامەتچىلىكتىن يىراق تۇر! يوقالغان نەرسىگە غەم قىلما، بايلىق ۋە دۆلەت بىر قۇشكى، ھەردەم ھەر ماكانغا ئۇچىدۇ ۋە قونىدۇ.

ئەي ئوغلۇم، شۇنداق كىشىلەر بىلەن دوستلاشقىنكى، ئۇلار ھېچقاچان ساڭا خىيانەت قىلىشمىسۇن، يەنە ئېغىر كۈنلەردە سېنى يالغۇز قويۇشمىسۇن. بايلىقىڭغا مەغرۇرلانما، كەمبەغەللىكىڭگە غەم قىلما! دانا كىشى شۇنداق كىشىكى، بايلىققا مەست بولمايدۇ، كۈلپەتتە خار بولمايدۇ.

رۇم ئەلچىسىنىڭ كىسرادىن ھېكمەتلىك نەسىھەتلەر ئېيتىشنى ئىلتىماس قىلغانلىقى ۋە كىسرانىڭ جاۋابى. كىسرا ئېيتتى:

- كىشى ھەر دائىم ياخشىلىق قىلىشقا ھېرىسمەن بولسۇن، بولۇپمۇ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلىشقا ئىنتىلسۇن، دۈشمەندىن دائىما ئېھتىيات بولسۇن، پۇل ۋە مالغا ئىشەنمىسۇن ۋە تايانمىسۇن، غەمدىن بېشى ئېگىلمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يۈزىگە سېلىپ، تەنە تېشىنى ئاتمىسۇن.

### بەھمەن ئىبنى ئىسفەندىيار سۆزلىرى

- ئاقىل كىشى ئۆز ئۆمرىنى ئازلا بايلىق بىلەن خۇشال ۋە شادلىقتا ئۆتكۈزىدۇ. نادان كىشى ھېسابسىز مال - دۇنيا بىلەنمۇ دائىما غەم - ئەلەم تارتىپ، سەرگەردانلىقتا كۈن كەچۈرىدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتۈشى ئەقىلگە باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىل كىشى بارچىدىن ئۇلۇغ ۋە مۆھتەرەمدۇر. ئەقىللىقلىقنىڭ نىشانىسى شۇلكى، ئاقىل كىشى ئۆز نەپسى ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولىدۇ، سەۋر ۋە چىدامغا ئىگە بولىدۇ. ھاۋايى ھەۋەس نەپس ئارامگاھى ھېسابلىنىدۇ. ھاۋايى ھەۋەس تۈرلۈك ئىشتىياق ۋە ئارزۇلارنى نەپس ئالدىغا تۆھپە قىلىپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما بۇ بىھۇدە ھەۋەسلەرنى ئەقىل توسايدۇ. دېمەك، كىشىنىڭ نەپسى ھاۋايى ھەۋەسكە مايىل بولۇپ، ئەقىلدىن ئۇزاقتۇر. شۇڭا، ئاقىل نەپس كويىغا كىرمەي، ئەقىل ساداسىغا قۇلاق سالىدۇ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلايدۇ. كىشى بەخت - سائادەتكە نەپسى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئەقىل ئارقىلىق ئېرىشىدۇ.

بەھمەن بىر كۈنى ئولتۇرۇشتا ئۆز رەپىقلىرىگە دېدى:

- قېنى، سىزلەرمۇ بىرەر ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىڭلاركى، ئەستىلىك بولۇپ قالسۇن!

ئولتۇرۇشتىكىلەردىن بىرى دېدى:

- كىمدۇركى بىراۋغا زور نېمەت ئىنئام قىلغان بولۇپ، ئۇ، بۇ نېمەتنى كىچىك دەپ ھېسابلىسا، نېمەتنى ئالغان كىشى نېمەت كىچىك بولسىمۇ ئۇنى زور دەپ بىلسە، بۇ ئىككى خىل كىشى تەھسىنگە لايىق كىشىلەردۇر.

يەنە بىرى دېدى:

- دۆلەتتە مەغرۇر بولمىغان ۋە كەمبەغەللىكتە غەمكىن بولمىغان كىشى ھەقىقىي ئەركەكتۇر.

يەنە باشقىسى ئېيتتى:

- بىراق، باشقىلار سورىمىسىمۇ نەرسە بەرگەن، ئۆزگىلەرنى ئابرويىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن ئاسىرىغان، ئادەملەرنى خىجالەتلىكتىن چىقارغان كىشى ماختاشقا لايىق كىشىدۇر.

بەھمەن ئۇلارغا دېدى:

- ھەممىڭلار راست گەپنى ئېيتتىڭلار. بۇلاردىن باشقا، يەنە كۈچى يېتىشكە قارىماي ئۆچ ئېلىشتىن ئۆزىنى تىيغان، قوپاللىق قىلىشتىن ساقلانغان ۋە گۇناھكارلارنى كەچۈرۈش ھەم ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا قادىر بولغان كىشى ھەقىقىي ئىززەت ۋە ئىكرامغا لايىق كىشىدۇر.

### ئەپلاتون (پلاتون) نىڭ ئۆزشاگىرتى ئارەستوتالس (ئارىستوتېل) غا قىلغان نەسىھەتلىرى

- ئەي شاگىرت، ھەر دائىم ئىلىم تەلەپىدە بول، بىر كۈنگە يەتكۈدەك يېمەكلىكىڭ بولسا شۇنىڭغا قانائەت قىل، ئىككى كۈنلۈكنى يىغىشنىڭ پېيىدا بولما. بىراۋنىڭ ئىلمى ئازمۇ - كۆپمۇ دەپ، قەستەن سىناپ بېقىشقا ئۇرۇنما. ھەر كۈنى ئۆزۈڭدىن: «بۈگۈن توغرا ئىش قىلدىممۇ يا خاتا ئىش قىلدىممۇ؟ نېمە ياخشىلىق قىلدىم، قانداق پايدا تاپتىم؟» دەپ سورا! ھېچكىمگە ئازار بەرمە، چۈنكى كىمسىگە بېرىلگەن ئازار ئۆزۈڭگە

قايتقۇسىدۇر. بىراۋنىڭ ھاجىتىنى ئۆزۈڭنىڭ بىلىپ، راۋا قىل! غەزەپلىنىشنى ئادەت قىلما، كىشى غەزەپلەنگەنسېرى غەزىپى ئۇنىڭدىن غالىب كېلىپ، ئۇنى دائىما غەزەپلىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

## ئەپلاتون ھەكىم ھېكمەتلىرى

ئۇ ئېيتىدۇ:

- ئەي ئادەملەر، سۆزلىرىمنى ئاڭلىڭىزلار، ئارىڭىزلاردا دۈشمەنلىك ياكى ئاداۋەت پەيدا بولسا، ئۇنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىڭىزلار! كۆندىلىك تۇرمۇشىڭىزلاردا زۆرۈر بولمىغان نەرسە ئۈچۈن ئارزۇ ۋە تەلەپ يولىدا بولمىڭىزلار! بىلىڭىزلەركى، روناقلىق كېلىتى ھالال بىلەن ھارامنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلىشتە، يەنى پەرھىزكارلىقتىدۇر. كىشىنىڭ ھەقىقىي پەزىلىتى رەزىل ئىللەتلەردىن ساقلىنىشتا بىلىنىدۇ. دېمەك، بىر - بىرىڭىزلەرگە ئازار بېرىشتىن ساقلىنىڭىزلار، ئالتۇن - كۈمۈش تېپىشتا بىر - بىرىڭىزلەردىن ئۆزۈپ كېتىشكە ئىنتىلمىڭىزلەر! مەن قاچانكى قولۇمدا ئالتۇن - كۈمۈش بولمىسا، ئۆزۈمنى يەڭگىل سېزىمەن.

يەنە ئۇنىڭ سۆزلىرى:

- كىشى توق - باياشاد كۈنلىرىدە ئۆز دوستلىرىدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا، كۈنى كېلىپ ئۆزى بىچارىلىك ھالىغا چۈشۈپ قالسا، دوستلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ياردەم قولىنى سوزمايدۇ. كىمكى ئادەملەرنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندىسە، ئەمما ئۆزى ھېچقاچان بۇنداق ئىش قىلمىسا، گويا ئۇ ئادەملەرگە مەشئەل تۇتۇپ، ئۆزى يولنى كۆرمىگەن ئادەمگە ئوخشايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆلۈدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، دۇنيا غەم - تەشۋىشىدىن ئويغا قالىدىغانلىقى قىزىق ئىشتۇر. ئەخىر ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىرراق غەم بارمۇ بۇ جاھاندا؟

ئۇنىڭدىن سوراشتى:

- يېقىمسىز قىلىقلاردىن ئامان - ئېسەن كىشى كىم؟

جاۋاب بەردى:

- شۇنداق كىشىكى، ئۇ، ئەقلىنى ئۆزىگە ئەمىر، پەرھىز كارلىقنى ۋەزىر، سەۋرنى رەھبەر قىلغان بولسا.

ئۇنىڭدىن سوراشتى:

- ئاقىل كىشى خاپا بولامدۇ؟

جاۋاب بەردى:

- ھە، قاچانكى ئۇنى نادان كىشى بىلەن ئۈلپەت بولۇشقا مەجبۇر قىلغان بولسا.

يەنە ئۇنىڭ سۆزى:

- قايسى يەردە ئەقىل كامان سۈرىتىدە ھازىر بولسا، شۇ يەردە نەپس زەئىپ ۋە بىمار ھالىتىدە بولىدۇ.

## دەنۇجانۇس كەلبىي ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتلىرى

ئۇ مەشھۇر پازىل ئالىملاردىندۇر. ئېيتىشلىرىچە، ئۇ ناھايىتى تەكەللۇپسىز ئادەم بولۇپ، قەيەردە نان تاپسا يولدىمۇ، ئۆيدىمۇ، جامائەت ئارىسىدىمۇ، خان ئالدىدىمۇ - شۇ يەردە يەۋېرىدىكەن. باشقىلارنىڭ ئابرويى، سەلتەنىتى ياكى دەھشىتى ئۇنىڭ قىلچە ئېتىبارىنى تارتمايدىكەن. خەلق ئۇنى ئاددىيلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈدىكەن. ئۇ ئازلا يېمەكلىككە قانائەت قىلىدىكەن، مۇقىم تۇرار جايى يوق بولۇپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە تۈنەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۇنىڭدىن:

- نېمە ئۈچۈن سېنى «كەلبىي» (ئىت) دەيدۇ؟ - دەپ سوراشتى.

ئۇ شۇنداق جاۋاب بەردى:

- شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دانا ۋە بىلىمدان ئادەملەرنى كۆرسەم خۇددى ئىتتەك قۇيرۇقۇمنى شىپاڭلىتىپ خۇشامەتكويلۇق قىلىمەن. ناپاك ۋە يامان ئادەملەرنى كۆرسەم، ئۆتكۈرچىشلىرىم بىلەن چىشلەپ ئۈزۈۋالىمەن.

بىر كۈنى ئۇ مۇنداق دېدى:

- مەن پادىشاھتىنمۇ بايمەن، چۈنكى مەن موھتاج ئەمەسمەن، ئازلا نەرسە ماڭا كۇپايە قىلىدۇ. پادىشاھ بولسا موھتاجدۇر، كۆپ نەرسىمۇ ئۇنىڭغا ئازلىق قىلىدۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كىردى. قارىسا، بىر شائىر ھەدەپ ئىسكەندەر توغرىسىدىكى قەسىدىسىنى ئوقۇۋاتقىدەك. ئۇ، شۇ زامان ئالدىراپ - سالدىراپ يېنىدىن قاتقان ناننى چىقىرىشقا باشلىدى.

ئادەملەر:

- ئۇنى نېمە قىلماقچىسەن؟ - دەپ سوراشتى.

ئۇ:

- يالغان سۆزنى ئېيتقاندىن كۆرە قاتتىق ناننى يېگىنىم پايدىلىقراق، - دەپ جاۋاب بەردى.

بىر كۈنى ئۇنىڭغا دېدى:

- بىلەمسەن، پالانچى دائىم شانۇ شەۋكەت كەينىدىن قوغلىشىپ يۈرىدۇ.

ئۇ دېدى:

- دېمەك، ئۇ ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىشنى خالايدۇ.

بىر كىشى ئۇنىڭدىن سورىدى:

- مەن ئۆز دۈشمىنىمنى قانداق خاپا قىلسام بولىدۇ؟

- پەزىلىتىڭنى ئاشۇرۇش بىلەن، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

يەنە ئۇنىڭ سۆزى:

- ئادەملەر دۇنيادا يېيىش - ئىچىش ئۈچۈن ياشايدۇ، مەن بولسام ياشاش ئۈچۈن يەپ - ئىچىمەن.

## ھىند ھەكىملىرىنىڭ سۆزلىرىدىن

ئۈچ خىل كىشى ھەردائىم غەم - ئەندىشىگە گىرىپتاردۇر: بىرىنچىسى، ئۇچقۇر ئېتى بار تۇرۇقلۇق، ئۇنى مىنەلمىگەن ۋە مىنىشكە قورققان كىشى؛ ئىككىنچىسى، داستىخىنىدا خىلمۇ خىل ئېسىل تاماقلار بار بولسىمۇ، ئۇنى يېيىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئىشتىھاسىز كىشى؛ ئۈچىنچىسى، چىرايلىق خوتۇنى بار بولسىمۇ، ئۆزى خۇنۇك ۋە كېسەل ئەركىشى.

ئۈچ خىل كىشى ئۆز نېمىتىدىن بىبەھرىدۇر: بىرىنچىسى، ئۆزى تۆمۈرچى تۇرۇقلۇق، تازا ۋە ئېسىل ئۈستىباش بىلەن ئىشلىگەن كىشى؛ ئىككىنچى، ئۆيىدە ساھىبجامال خوتۇنى بار تۇرۇقلۇق، دائىما سېتىقچىلىق بىلەن باشقا

يۇرتلاردا كېزىپ يۈرىدىغان كىشى؛ ئۈچىنچى، قەلبىدە دانالىق گۆھىرى بار تۇرۇقلۇق، ھەر دائىم نادان ۋە پاسىقلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدىغان كىشى.

ئۈچ خىل كىشى ئېغىر ئازاب تارتىشقا تېگىشلىكتۇر: بىرىنچىسى، گۇناھسىز كىشىگە ناھەق ستەم قىلغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، تەكلىپ قىلىنمىسىمۇ ئولتۇرۇشتا تۆرگە چىقىشقا ئىنتىلگەن كىشى؛ ئۈچىنچىسى، بىراۋ ئاڭلاشنى خالىمىسىمۇ، زورلاپ گەپ قىلغان كىشى.

ئۈچ خىل كىشى ئەخمەق دېگەن نامغا سازاۋەردۇر: دورىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرىنى بىلمەي تۇرۇپ، كىتابقا قاراپ داۋالىغۇچى شىپاكار؛ ئىككىنچىسى، ئۆيگە سىغمايدىغان دەرىجىدە ئوتۇن - ياغاچ يىغىپ، بالا - چاقىلىرىغا ئورۇننى تارقىلىپ قويغان ياغاچچى؛ ئۈچىنچىسى، ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ، بىرەر نەرسە توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئادەم.

ئۈچ تائىپە كىشى باركى، بىرەر نەرسىنى ئارزۇ قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ: بىرىنچىسى، گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئازابتىن قۇتۇلماقچى بولغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ئۆزىنىڭ ھەسەتخورلۇقى بىلەن ئۆزگىلەرنى يەڭمەكچى بولغان كىشى؛ ئۈچىنچىسى، ئۆز بايلىقى بىلەن دۇنيادا ھالاۋەت كۆرمەكچى بولغان بەدەۋلەت كىشى.

ئۈچ خىل كىشى باركى، ئۇلارنىڭ بەدىنى ياكى جېنى ھەر دائىم ئازابتا بولىدۇ: بىرىنچىسى، ھېچبىر قورالسىز تۇرۇقلۇق قاراملىق بىلەن دۈشمەن سېپىگە ئۆزىنى ئۇرغان جەڭچى، ئۇ جەڭدە ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، بىرەر دۈشمەن قىلىچى زەربىدىن زەخمە يېيىشى تۇرغان گەپ؛ ئىككىنچىسى، ياش ۋە گۈزەل خوتۇنغا ئۆيلەنگەن قېرى كىشى، ياش خوتۇن ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمىگەن ھالدىمۇ، ياش ۋە چىرايلىق يىگىتلەرگە تەمە كۆزى بىلەن قارايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، بالا - چاقىسى بولمىغان پۇلدار كىشى، ئۇنى گەرچە ئوغرىلار ئۆلتۈرۈپ كەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزى بايلىقىنى كىمگە قالدۇرۇش توغرىسىدا قايغۇرۇپ، ئازابتا ئۆتىدۇ.

تۆت خىل كىشى ئىستىھزا ۋە مەسخىرىلىنىشكە سازاۋەردۇر: بىرىنچىسى، جەڭ مەيدانىدا باتۇرلار قاتارى تۇرۇپ، كۆپلەپ دۈشمەننى قىلىچتىن ئۆتكۈزدۈم، دەپ لاپ ئۇرسىمۇ، بەدىنىنىڭ بىرەر جايىدا نە تىلىنىش ۋە نە زەخىم بولمىغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ئىلمۇ ھېكمەت يولىدا ئۆزىنىڭ ھېسابسىز رىيازەت چېكىۋاتقانلىقىدىن ماختانغان، ئەمما سېمىز ۋە يۈزلىرى قىپقىزىل كىشى؛ ئۈچىنچىسى، ئىپپەت، ھايا ۋە پاكىرەلىكتىن ②لاپ ئۇرۇپ، ھەر قېتىما ئەركەكلەر بىلەن گەپلىشىشنى، خۇشچاقچاقلىشىشنى ياقتۇرىدىغان ئايال؛ تۆتىنچىسى، ئۆزىنىڭ ئالىملىقى ۋە دانالىقى ھەققىدە ماختىنىپ تۇرۇقلۇق، بىرەر كىشى ئۆزى بىلمىگەن نەرسە توغرىسىدا سوئال سورىسا، سوئالدىن قورقۇپ دەھشەتكە چۈشكەن كىشى.

تۆت نەرسە باركى، ھەر كىم بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشەلىسە، ئۇلارنى ھەرگىز قولدىن چىقارماسلىقتا ھەرىكەت قىلمىقى كېرەك؛ بىرىنچىسى، ئۆز ئىگىسىنىڭ ئىزىدا يۈرىدىغان چاپقۇر ۋە چارچىماس ئات؛ ئىككىنچىسى، ئەر ئىززىتىنى جايىغا قويالايدىغان چىرايلىق ۋە مۇلايىم خوتۇن؛ ئۈچىنچىسى، خوجىسىنى ئالدىمايدىغان راستچىل خادىم؛ تۆتىنچىسى، تېرىقچىلىقتا يارايدىغان يۇۋاش ھايۋان.

ھېكمەت: ئىت ۋە ئېشەك ھايۋان بولۇشىغا قارىماي كېسەل بولۇپ قېلىشسا، تا تۈزەلمىگىچە ھېچنەرسە يېيىشمەيدۇ، يېمىلىككە ئېتىبار قىلىشمايدۇ. ئەمما شۇنداق ئادەملەر باركى، كېسەل بولۇپ قالغىنىدا، تەجرىبىلىك تېۋىپ ئۇنىڭغا زەرەر كەلتۈرگۈچى يېمىلىكلەردىن ئۆزىنى تىيىشنى تەۋسىيە قىلسىمۇ، بەربىر يەۋېرىدۇ. باشتا يېلىنىپ يەيدۇ، سوڭ دوق قىلىشقىمۇ ئۆتىدۇ. ھېچنەرسە چىقمىسا، خىلۋەتتە ھېچكىمگە كۆرسەتمەي يەيدۇ.

# جامىئۇت تەمسىل

(مەسەل ۋە ماقاللار توپلىمى)

**مۇھەممەد جەبەلرۇدىي**

## «جامىئۇت تەمسىل» كىتابى

ئاقا مۇھەممەد جەبەلرۇدىي پارس دانىشمەنلىرىدىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ «جامىئۇت تەمسىل» كىتابىنى ئەدەب - ئەخلاق مەسىلىسىگە بېغىشلايدۇ. بۇ كىتاب ئىراندا بىرنەچچە قېتىم نەشىر قىلىنغان بولۇپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تار قالغان.

مۇئەللىپ ئۆز ئالدىغا پارس خەلق ماقاللىرىنى يىغىشنى مەقسەت قىلىدۇ. سوڭ ئاشۇ ماقاللارغا ماس كېلىدىغان ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنى مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرىدۇ.

تۆۋەندە ئەنە شۇ كىتابتىن ئېلىنغان بەزىبىر ماقال ۋە ھېكايەتلەر بىلەن تونۇشىمىزلەر.

— مۇھەررىردىن

مەلۇمكى بولسۇنكى، يامان كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولماق ئۆمۈر كارۋىنىنى سەلگە بەرمەكتۇر. «يامانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان. يامان بىلەن ئۈلپەت بولۇشتىن كۆڭۈلدە غۇبار، ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن بىر مىقدار مەنپەئەت تۇغۇلىدۇ. شۇنداق پەيتلەرمۇ بولىدۇكى، ياخشى كىشىلەر يامان كىشىلەرگە قوشۇلۇپ رەزىللىك ۋە ناپاكلىق يولىغا كىرىپ كېتىشىدۇ. بەزى يامان كىشىلەر ياخشىلار سۆھبىتىگە قوشۇلۇپ قېلىپ، پاكلىق يولىنى ئىختىيار قىلىشىدۇ.

**نەزم:**

يىلان تەنگە ئۇرار پەقەت نىشىنى③
يامانىنىڭ يېتىدۇ جانغا زىيىنى.

سۆھبەتداشنىڭ تەسىرى ئۆز سۆھبەتدىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دانالار: «ئالما ئالمىدىن رەڭ ئالىدۇ» دەپ بىكار

ئېيتىشمىغان.

نەزم:

ياخشىلارنىڭ سۆھبىتى شادان قىلۇر،
كۆر، قىزىلگۈل باغ ئىچىن خەندان قىلۇر.

دانالاردىن بىرى ئېيتىدۇ:

- يامان كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇشتىن قاچقىن! ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئوغرىدۇر. ئۇ، ياخشىلار بىلەن سۆھبەتداش بولغاندا ياخشىلار خىسلىتىدىن بەھرىمەن بولغىنىغا ئوخشاش، يامانلار بىلەن ئۈلپەت بولغاندا ئۇلاردىن ئازراق بولسىمۇ يامان ئىللەت ئوغرىلاپ ئالىدۇ.

ئۇلۇغ كىشىلەردىن يەنە بىرى شۇنداق دەيدۇ:

- ياخشى دوست ئەتىرپۇرۇشقا ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتىرىدىن سىزگە بەرمىسىمۇ، سىز ئۇنىڭ ئەتىرلىرى ھىدىدىن بەھرىمەن بولۇۋېرىسىز. يامان ئۈلپەت بولسا تۆمۈرچىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئوتى سىزنى كۆيدۈرمىسىمۇ، بىراق تۈتۈنى سىزگە تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يامان ئۈلپەتتىن قېچىڭ! ئۇلارنىڭ سۆھبىتى يىلان زەھىرىدىنمۇ زىيانلىقراقتۇر. بۇ ھالەتنى ھەكىم فىردەۋسي تۆۋەندىكىچە نەزمگە كەلتۈرىدۇ:

نەزم:

ئەنبەر ساتقۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەڭ،
لىباسىڭ ئەنبەرنىڭ ھىدىن ئالغۇسى.
تۆمۈرچى يېنىدىن ئۆتكىنىڭ ھامان،
قارا دۇتى ساڭا يۇقۇپ قالغۇسى.

خۇلاسە شۇكى، نادان ۋە جاھىل، ناپاك ۋە پەسكەش ئالدامچي، ھەم پاسىق كىشىلەر سۆھبىتىدىن مۇتلەق قاچ! ئۇلاردىن ئۇزاقلىشىش يولىنى ئىزدە! ئۆزۈڭنىڭ تازا تەبىئىتىڭنى ناپاك كىشىلەرنىڭ يامان ئىللەتلىرى بىلەن بۇلغىما!

كىشىكى ھەر ئىشقا چىن دىلبەستە④ بولغاي،
تىكەن ھەم قولىدا گۈلدەستە بولغاي.

ئەقىل ۋە پاراسەت شۇنداق گۆھەركى، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن كىشىلەرنىڭ سۆزى ۋە پېئىلىغا ھەرىكىتىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل دائىرىسىنى، كەسپىنى، ياخشى خىسلىتىنى ياكى قەبىھ ئىللىتىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

كىشىلەرنىڭ ئاقىل ياكى جاھىللىقى ئۇلارنىڭ سۆزىدىن ۋە تۇتقان يولىدىن مەلۇم بولغاي. شۇڭلاشقا دانالار: «قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقار» دەپ بىجىز ئېيتىشمىغان.

نەزم:

ھەر كىمسەنىڭ بولسا يامان ئادىتى،
ئۆزى بىلمەس تەكرارلىنار بۇ ئادەت.
چايان تاشقا ئۇرار ئۆتكۈر نىشىنى،
ۋە ھالەنكى، يەتكۈزەلمەس ھېچ زەخمەت.

ئېيتىشلىرىچە، باغدات شەھىرىدە بىر ئەرەب ياشايتتى. ئۇ ھەر دائىم داللاردا ئوۋچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھەر تەرەپتە كېزىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى شۇ شەھەر مەنسەپدارلىرىدىن بىرى ئوۋغا چىقتي. ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ چارچاپ، يول چېتىگە ئولتۇردى ۋە تاماق يېيىشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز ئوۋچى ئەرەبمۇ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى ۋە داستىخانغا تەكلىپ قىلىندى. ئەرەب داستىخان چېتىدە ئولتۇرۇپ غىزالىنىشقا باشلىدى ۋە شۇزامات ئۇ داستىخاندا كاۋاب قىلىپ قويۇلغان ئىككى كەكلىكنى كۆرۈپ، ئۆزىچە كۈلۈشكە باشلىدى. ئەتراپتا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭدىن:

- ئەي ئەدەبسىز، ئۇلۇغ كىشىلەر داستىخىنىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىلىۋاتقاندا، بۇ ئورۇنسىز ۋە بىۋاقىت كۈلكىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ خىيالىڭغا قانداق بىمەنە پىكىر كېلىپ قالدى؟ - دەپ سورىدى.

ئەرەب ئۇلارغا قاراپ:

- بۇ كۈلكەم ئاستىدا ئاجايىپ بىر سىر بار، - دېدى.

داستىخان ئىگىسى بولمىش مەنسەپدارنىڭ ئاچچىقى كەلدى ۋە ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىپ:

- قانداق سىر؟! تېز ئېيت! - دەپ بۇيرۇدى.

ئۆزىنىڭ يامان ئادىتىنى ياخشى پەزىلەت دەپ يۈرگەن ئەرەب گەپ باشلىدى:

- ئەي خوجام، مەن بۇگۈن ئەتىگەندە جاڭگالدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرەتتىم، تۇيۇقسىز يېنىدا ھېچكىمى يوق بىر سودىگەرگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇنىڭ يېنىدا ئالتۇنى بار ئىكەندۇق، ئۇنىڭ ئالتۇنىنى تارتىپ ئالدىم، ئۆزىنى بولسا مەھكەم باغلاپ قويدۇم ۋە تۇرلۇك مال - گەزلىمە يۈكلەنگەن ئېتىنىمۇ تارتىپ ئالدىم. كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تۇتۇش قىلغىنىمدا، ئۇ داد - پەرياد قىلىپ:

- مېنى ئۆلتۈرمە، مال - دۇنيايىمنىڭ ھەممىسىنى ئال، ساڭا بېرەي. شەھەردە بالا - چاقىلىرىم بار، ئۆيۈم پالانى مەھەللىدە. ئۆتۈنەي، مېنى قويۇۋەت، بالا - چاقىلىرىم ئالدىغا باراي، - دەپ يېلىنىشقا باشلىدى.

مەن ئۇنىڭ ئاھۇ پەريادىغا قۇلاق سالمىدىم ۋە دېدىم:

- بىھۇدە گەپلەرنى قىلىپ، ئۆزۈڭنى ئۇپراتما، بەرىبىر پايدىسى يوق. ئۇستاتلار: «كېسىلگەن باش سۆزلىمەيدۇ» دەپتىكەن. ئەگەر سۆزۈڭگە كىرىپ سېنى قويۇۋەتسەم، بۇ سىر ھامان بىر كۈنى تېشىلىدۇ.

شۇ چاغدا ئىككى كەكلىك ئۇچۇپ كېلىپ يېنىمىزدىكى تاش ئۈستىگە قوندى. قۇتۇلۇشىغا كۆزى يەتمىگەن سودىگەر كەكلىكلەرگە قاراپ:

- ئەي كەكلىكلەر، مانا بۇ ئەبلەخ مېنى گۇناھسىز ئۆلتۈرمەكچى، سىلەر مېنىڭ بۇ ھالىمغا گۇۋاھ بولۇڭلار، - دەپ ئاھ ئۇردى.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ:

- ئەي ئەخمەق، قۇشلارنىڭ گۇۋاھ بولغانلىقىنى قەيەردە كۆرگەنسەن؟ - دېدىم - دە، ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىم ۋە مال - مۈلكىنى ئېلىپ كەتتىم. بۇ يەرگە كېلىپ قارىسام، شۇ ئىككى كەكلىك كاۋاپ بولۇپ، داستىخان ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. يادىمغا ھېلىقى ئەخمەق سودىگەرنىڭ سۆزلىرى كېلىپ، كۈلكەم قىستاپ كەتتى. كۈلگىنىمنىڭ سەۋەبى شۇ ۋەجىدىن ئىدى، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئۆزىنىڭ يامان ئىللىتىنى پەزىلىتىم، دەپ ئويلاپ يۈرگۈچى بۇ كىشى داستىخان ساھىبى بولمىش مەنسەپدارنىمۇ ئۆزىدەك تەسەۋۋۇر قىلاتتي.

شۇ چاغدا ئەمىر دېدى:

- ئەي بەدبەخت، بۇ كەكلىكلەر سېنىڭ

ھەقىقەتەن قاتىل ئىكەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىشتى. چۈنكى ئۇلارنى كۆرمىگىنىدە بۇ سىر يېپىق پېتىچە قالار ئىدى. ئۆزۈڭ ئۆز تىلىڭ بىلەن قاتىللىقىڭغا ئىقرار بولدۇڭ. سەن گۇناھسىز سودىگەرنى ناھەق ئۆلتۈرۈپسەن. سېنىڭدە زەررىچە رەھىم - شەپقەت ۋە ئادەمگەرچىلىك يوق ئىكەن. بۇنى تىلىڭمۇ ئېيتىپ تۇرۇپتۇ. ناھەق تۆكۈلگەن قان سېنى ئۆز ئاياغلىرىڭ بىلەن جاللات ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

ھەممە كىشىنى ئۆزىدەك تەسەۋۋۇر قىلىپ، يامان ئىللەتنى ئۆز پەزىلىتى دەپ بىلگەن ئەرەب ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، تىز چۆكۈپ پەرياد چېكىشكە باشلىدى:

- ئەي خوجام، مەن ھېچكىمنى ئۆلتۈرگىنىم يوق. مەن چاقچاق قىلدىم. لاپ گەپلەرنى قىلىپ، سىزلەرنى كۈلدۈرمەكچى ئىدىم.

مەنسەپدار ئۇنىڭغا دېدى:

- ئەي ئەخمەق، ھېلى ئۆزۈڭ تىلىڭ بىلەن ئىقرار قىلغانىدىڭ. ئەمدى نېمىشقا سۆزۈڭدىن تانىسەن؟

مىسرا:

ئىنسانغا نە كەلسە، تىلدىن كېلىدۇ.

- سەن ئۆزۈڭنىڭ يامان پېئىلىڭنى ئۆزۈڭ ئاشكارا قىلدىڭ ۋە جازا پاتقىقىغا پاتتىڭ.

نەزم:

جاپا قىلىچىنى كۆتۈرسە كىشى،
ئېنىقتۇر ئۆزى ھەم ئۇندىن ئۆلۈشى.

شۇنىڭ ئۈچۈن «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئورىسەن» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەبنى قىيناققا ئېلىشتى.

نەزم:

بۈگۈن مەن مەنلەر دۈرىنى چاچتىم،
ھېكمەتلەر ئۆيىگە ساڭا يول ئاچتىم.

بىلگىنكىم، ھەر بىر كىشىنىڭ ئەقلى ئىدراكى ۋە زاكاۋىتى ئۇنىڭ سۆزىدىن ۋە قىلغان ئىشىدىن بىلىنىدۇ. سەزگۈرلۈك ۋە سۆز ۋاستىسى بىلەن ئادەمنىڭ قايسى تائىپىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قانداق خىسلەت ۋە پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. بۇ ھالنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مۇناسىپ ھېكايەتنى كەلتۈرىمىز:

ئېيتىشلىرىچە، جەمشىد ياشىغان قەدىمىي زاماندا تۆت كىشى ئۆز ئارا ھەمدەم ۋە رەپىق بولۇشۇپ، سەپەر يولىنى ئىختىيار قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرىدە قىممەتباھا گۆھەر بار بولۇپ، ئۇنى جەمشىدكە سوۋغا سۈپىتىدە ئېلىپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار تۈنەش ئۈچۈن قايسى ئۆتەڭگە چۈشمىسۇن، گۆھەر ئىگىسى بىر چەتكە چىقىپ، تۈگۈنچىكىنى يېشىپ گۆھەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرىدىكەن. بۇنى سېزىپ قالغان ئۈلپەتلىرىدىن بىرى گۆھەرنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئوغرىلاش رىجىسىنى تۈزگەن بولۇپ، پەيت كۈتۈپ يۈرەتتى.

تۈنلەرنىڭ بىرىدە گۆھەر ئىگىسىنى غەپلەت بېسىپ، ھېكمەتلەردە ئېيتىلغاندەك «ئۇيقۇ يېرىم ئۆلۈمدۇر ياكى ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ ئۇكىسىدۇر» دېگەندەك بولدى. گۆھەر پېيىدە يۈرگەن ھېلىقى ئۈلپەتتى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئوغلاپ يانچۇقتىكى گۆھەر ئىگىسىنىڭ يېنىشى ئاستىدىن گۆھەرنى ئېلىۋالدى.

گۆھەر ئىگىسى ئەتىسى ئويغىنىپ، گۆھەرنىڭ يوقالغانلىقىنى سەزدى. ئىزتىراپ ۋە ئالاقزادىلىكتە ھەر ياقنى ئاختۇردى، ئەمما تاپالمىدى. خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ، ھەسرەت ئوتىدا ياندى، رەڭگى ئۆچۈپ، ئەقلىدىن ئازدى. سوغۇق ئۇھ تارتىپ ئۆزىگە دېدى: «چىداشتىن باشقا ئىلاجىم يوق. ھازىر بۇ سىرنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ. ئۇلار ئۈچ كىشى، مەن بولسام يالغۇز مەن، مېنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىشلىرىمۇ ھېچگەپ ئەمەس. ئۇلارغا تۆھمەت قىلسام، بېشىمنى كېسىدۇ. كېسىلگەن باش سۆزلىيەلمەيدۇ. ئۇلۇغلار: «بېشىم جايىدا بولسۇن دېسەڭ، سىرنى ئىچىڭدە ساقلا» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان».

ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن سەۋر ئېتىغا مىندى ۋە خامۇشلۇق يولىنى تۇتتى.

نەزم:

گەر كىچىك بولمىسا دۈشمەن يەڭگۈچى،
سەۋر قىل، بىر كۈنى كېلۇر پۇرسىتى.

ساياھەتچىلەر ئاخىرى كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ كېلىشتى. گۆھەر ئىگىسى پۇرسەت تېپىپ جەمشىدنىڭ ۋەزىرىگە ۋەقەنى يەتكۈزدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان جەمشىد تۆت مۇساپىرنى سارايغا چاقىرتتى ۋە ۋەقەنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئىشىتىپ، گۆھەرنى سورىدى، ئەمما ھېچكىم ئىقرار قىلمىدى. جەمشىد گۆھەرنى قىيىن قىستاقسىز قولغا كىرگۈزۈش يولىنى ئويلاپ خىيالغا پاتتى.

جەمشىدنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق ۋە زېرەك بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ، ئاتىسىنىڭ غەمكىن ھالىنى كۆرۈپ ئەھۋال سورىدى. جەمشىد ۋەقەدىن ئۇنى خەۋەردار قىلدى. قىز گۈلدەك ئېچىلىپ كۈلدى ۋە دېدى:

- ئەي ئاتا، بۇ غەمنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ، بۇنى بىلىش يولى ناھايىتى ئاسان. بۇيرۇغايسىزكى، شۇ تۆت كىشىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلسۇن. مەن ھېچقانداق قىيناق - ئازابسىز ئۇلاردىن گۆھەرنى قايتۇرۇپ ئالىمەن.

تۆت مۇساپىرنى قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىشتى. قىز ئۇلارنى زور ئىھتىرام ۋە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. بىرنەچچە كۈن مېھمان قىلىپ، زىياپەت بەردى، ئىنئاملار بىلەن خۇشال قىلدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ھەر كېچە كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. تۆت مۇساپىر يىگىت ھەر كېچە قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، مۇساپىرچىلىقتا كەچۈرگەن ئىشلىرى توغرىسىدا ھېكايە ئېيتىپ بېرىشتى.

تۈنلەرنىڭ بىرىدە قىز يىگىتلەرگە دېدى:

- مېنىڭ بېشىمغا بىر مۇشكۈل ئىش چۈشۈپ ھەيرانلىقتا قالدىم. سىزلەر جاھان كەزگەن ۋە كۆپنى كۆرۈپ ئىسسىق - سوغۇقنى تېتىغان كىشىسىزلەر. سەپەر خامنى پىشىرىدۇ، جاھىلنى كامىل كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەن سىزلەرنىڭ ھەر بىرىڭىزلەرگە سوئال قويىمەن. سىزلەر ئۆزۈڭىزلەرنىڭ پەم - ئىدراكىڭىزلار بىلەن جاۋاب بەرگەيسىزلەر.

يىگىتلەر:

- ئەي مەلىكەم، سىز نېمىنىڭكى سورىسىڭىز، بىزنىڭ ئەقلىمىز جاۋاب بېرىشكە قادىر بولسىلا، ئەلۋەتتە جاۋاب بەرگەيمىز، - دېيىشتى.

قىز دېدى:

- تارىخلاردا زىكىر قىلىنىشىچە، قەدىم زاماندا بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا قىزى بار ئىكەن. ئۇ، قىزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۆزىدىن بىردەممۇ يىراق قىلمايدىكەن. قىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە باغقا چىقىپ، دەرەخ تۈۋىدە ئېچىلىپ تۇرغان بىر تال گۈلنى كۆرۈپ قالدى. بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان باغۋەننىڭ ئوغلى دەرەخقە دەرھال چىقىپ، گۈلنى ئېلىپ چۈشتى ۋە قىزغا سوۋغا قىلدى. گۈلنى كۆرگەن قىز قاتتىق سۆيۈندى ۋە ئۇنى ئاتىسىغا سوۋغا قىلماقچى بولدى. سوڭ باغۋەننىڭ ئوغلىغا قاراپ:

- ئەي باغۋەن ئوغلى، مېنىڭدىن نېمە تىلەيسەن، ئېيت، تىلىكىڭنى ئادا قىلغايمەن، - دېدى.

بۇ مەملىكەتتە بىر ئادەت بار بولۇپ، كىمكى تۇنجى ئېچىلغان يېڭى گۈلنى ياكى يازدا ئەڭ ئاۋۋال پىشقان بىرەر مېۋىنى بىر كىمگە ھەدىيە قىلسا ۋە ئۇنىڭ ئېۋەزىگە بىرەر نەرسە سورىسا، رەت قىلمايتتى. باغۋەن ئوغلى ياش ۋە نادانلىقى ئۈچۈن قىزغا قاراپ:

- سېنى ئەرگە بەرگەن كۈنى كېلىنلىك لىباسىڭ بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا كېلىسەن ۋە ماڭا سالام بېرىسەن. زىبۇ زىننەت بىلەن ياسانغان قامىتىڭنى تاماشا قىلغايمەن، - دېدى.

قىز باغۋەن ئوغلىنىڭ گېپىگە رازى بولدى.

ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ، قىزنى ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا توي قىلىپ بەردى. نىكاھ كېچىسى قىز ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا دېدى:

- مەن پالان چاغدا باغۋەننىڭ ئوغلى بىلەن شەرتلەشكەنىدىم. شەرتكە مۇۋاپىق ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سالام بېرىشىم كېرەك. گەرچە مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولساممۇ، مەن ئۆز ئەھدىمنى ئادا قىلمىغىچە ساڭا بويسۇنمايمەن. ئاقىللارنىڭ نەزەرىدە ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىق رەزىللىكتۇر.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى قىزغا رۇخسەت بەردى ۋە قىز ئۆزى يالغۇز باغۋەننىڭ ئوغلى تەرەپكە راۋان بولدى. باغ ئىچىدە تۇيۇقسىز بىر شىرغا ئۇچراپ قالدى. شىر ئۇنىڭغا ھەملە قىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، قىز تىزچۆكۈپ ئۇنىڭغا يېلىنىپ دېدى:

- ئەي شىر، مەن شۇ باغدا بىر كىشىگە ۋەدە بەرگەنىدىم، ۋەدەمنىڭ ئۈستىدىن چىقىشىم كېرەك. مەن شۇ كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ ۋەدەمنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ئالدىڭغا كېلىمەن. شۇ چاغدا نېمە قىلساڭ ئىختىيارىڭ، سېنىڭ لوقماڭغا ئايلىنىشقا رازىمەن.

شىر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگەندەك ئۇنىڭغا تەگمىدى. يولنى بوشىتىپ چەتكە مېڭىپ كەتتى.

بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن قىزنىڭ ئالدىغا ئوغرى ئۇچقىشىپ قالدى. زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن ئورالغان دىلرەبا قىزنى كۆرگەن ئوغرى ئۆزىچە: «شۇنچە يىل ئوغرىلىق قىلغان بولساممۇ، ئەمما بۇنداق ئاجايىپ ئولجىغا ئۇچرىمىغانىدىم. ئەمدى شۇ قىزنى تالاپ، زىبۇ زىننەتلىرىنى ئالسام، ئىككىنچىلەپ ئوغرىلىق قىلمىساممۇ، ئۆمرۈم ئاخىرىغىچە توق ياشايمەن» دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە قىزغا تاشلانماقچى بولدى.

قىز ئۇنىڭغا قاراپ:

- ئەي كىشى، بىر پەس سەۋر قىلىپ، سۆزلىرىمنى ئاڭلا. مەن شۇ باغدا بىر كىشىگە ۋەدە بەرگەنىدىم. ۋەدىنىڭ ئۈستىدىن چىقماسلىق يامان ئىللەتتۇر. ئىجازەت قىل، بېرىپ ۋەدەمگە ۋاپا قىلاي. قايتىشتا، ئەلۋەتتە سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىمەن. شۇ چاغدا ھەممە زىبۇ زىننەتلىرىمنى ئالساڭمۇ مەيلى. مەردلىك - ئالىي ھىممەتلەرنىڭ خىسلىتىدۇر. مەردلىك بىلەن نامەردلىك ئارىسى بىر قەدەم، - دېدى.

ئوغرى قىزنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولۇپ، ئۆزىچە مانا بۇ شېئىرنى ئاستا ئوقۇدى:

ئەھدۇ ۋاپا شۇنچە بولسا خوتۇندا،
قانداق مەردسەن سەندە ۋاپا بولمىسا!

ئوغرى قىزغا دېدى:

- خوتۇنلارنى كەمسىتىپ: «ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دېيىشەتتى. مەن پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. شۇنداق مۇرۇۋۋەتلىك ئايالغا مۇرۇۋۋەتسىزلىك قىلىش نامەردلىكتۇر. بار، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل.

قىز يۈرۈپ كەتتى ۋە كۆپ ئۆتمەي باغۋەن ئوغلىنىڭ ئۆيىگە يەتتى. باغۋەن ئوغلى ئۆيىدە ئىدى، قىز ئۇنى ئويغاتتى. باغۋەن ئوغلى كۆزىنى ئېچىپ، ئاجايىپ ساھىبجامال ۋە ياسانغان قىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. قىز ئۇنىڭغا دېدى:

- ئېسىڭدىمۇ، پالان چاغدا سەن بىلەن شەرتلەشكەنىدىم.

باغۋەن ئوغلى ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆزىنى قىزنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىدى. ياشلىقىدىكى نادانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈر سوراپ، كېتىشكە رۇخسەت بەردى.

قىز ئارقىسىغا يېنىپ ئوغرى تۇرغان يەرگە كەلگەندە ئۇ ئۇخلاۋاتاتتى. قىز ئۇنى ئويغىتىپ دېدى:

- ئەي كىشى، ۋەدەمنىڭ ئۈستىدىن چىقتىم. باغۋەن ئوغلى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ مەردلىك قىلىپ ماڭا چېقىلمىدى ۋە كېتىشىمگە رۇخسەت بەردى. مانا ئەمدى ئالدىڭغا كەلدىم، خالىغان ھەممە زىبۇ زىننەتلىرىمنى ئال.

ئوغرى قىزغا قاراپ كۈلۈپ دېدى:

- خوتۇنلارنىڭ ئەقلى كەم دېگىنى ھەقىقەتەن راست ئىكەن. مېنىڭ ئۇخلاتقانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئۈندىمەي ئۆتۈپ كېتىۋەرمىدىڭ؟ نېمىشقا ئۆزۈڭنى ھالاكەتكە دۇچار قىلدىڭ؟

قىز دېدى:

- ئەي مەرد كىشى، سەن ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ. ۋەدەمگە ۋاپا قىلىشىمغا رۇخسەت بەردىڭ. بىر كىشىگە ۋەدە بېرىپ، ۋاپا قىلدىم. ساڭىمۇ ۋەدە بەرگەنىدىم، ئۇنى قانداقمۇ بۇزۇشۇم مۇمكىن؟!

ئوغرى دېدى:

- ئەي ئالىيجاناب خوتۇن، مەن سېنى سىناش ئۈچۈن قويۇپ بەرگەنىدىم. ئۆزۈمنى ئۇخلاۋاتقان قىلىپ كۈتۈپ ياتقانىدىم. ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ

www.uyghurkitap.com

كەلدىڭ. خوتۇن كىشىدە ۋاپا بولۇشىغا ئىشىنىپ، ۋاپا قىلدىم. خوتۇنغا خىيانەت قىلماق پەسكەشلىكتۇر. ماڭ، كېتىۋەر، ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس.

قىز ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ يولغا چۈشتى ۋە شىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى:

- ئەي شىر، ۋەدەمگە مۇۋاپىق ئالدىڭغا كەلدىم. ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق نامەردلىكتۇر. خالىساڭ يە، بولمىسا رۇخسەت بەر.

- ئەي ئاجىزە، سەن ھەقىقەتەن مەرد ئىكەنسەن، ماڭ، كېتىۋەر، رۇخسەت بەردىم، - دېدى شىر.

قىز ساق - سالامەت ئېرى ئالدىغا قايتىپ كەلدى.

جەمشىدنىڭ قىزى تۆت مۇساپىر يىگىتكە بۇ ھېكايەتنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا دېدى:

- ئەي يىگىتلەر، سىزلەر جاھان كېزىپ كۆپ تەجرىبە ئارتتۇرغانسىزلەر. ھەربىرىڭىزلەر ئۆزۈڭىزلەرنىڭ ئەقلى بويىچە ئېيتىڭىزلارچۇ، ۋەقەدىكى تۆت جانزاتتىن قايسىسى مۇرۇۋۋەتلىكرەك ۋە سەۋرلىكرەك؟

ئۇلاردىن بىرى دېدى:

- مېنىڭچە، ھەممىدىن كۆرە باغۋەننىڭ ئوغلى مەردرەكتۇر. چۈنكى زىبۇ زىننەت بىلەن ياسالغان مەھبۇبە ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىغا كەلسىمۇ، ئۇنىڭغا نەزەرىنى سالمىدى.

ئىككىنچىسى دېدى:

- مېنىڭچە، ئوغرىنىڭ مۇرۇۋۋىتى ھەممىدىن ئەلاراقتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئوغرىلىق بولسىمۇ، زىبۇ زىننەتكە ئورالغان يالغۇز ئايالغا تەگمىدى.

ئۈچىنچىسى مۇنداق دېدى:

- مېنىڭچە شىر مۇرۇۋۋەتلىكرەكتۇر. چۈنكى شىر يىرتقۇچ تەبىئىتى بىلەن شۇنداق لوقمىدىن كەچتى.

تۆتىنچىسى بولسا:

- مېنىڭ پىكرىمچە، ھەممىدىن ئەر مۇرۇۋۋەتلىكرەكتۇر. چۈنكى ئۆز خوتۇنىنىڭ كېچىسى باغۋەن ئوغلى ئالدىغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلدى، - دېدى.

جەمشىدنىڭ قىزى ئۇلارغا قاراپ:

- ھە، ھەممىڭىزلەر راست ئېيتتىڭىزلار ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭىزلەرنىڭ دىلىڭىزلاردا نېمە بولسا، شۇنى تاشقىرىغا چىقاردىڭىزلار. چۈنكى، دانالار: «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقار» دېيىشكەن، - دېدى.

**نەزم:**

چىنە - قاچا قاچان سادا قىلىدۇ،
ئۆز سۈپىتى مەدھىن ئادا ئېتىدۇ.

سوڭ قىز ئاتىسى ئالدىغا كىرىپ دېدى:

- گۆھەر تېپىلدى، ئۇ، ئوغرىنى تەرىپ ۋە تەۋسىپلىگەن كىشىدىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرىپ - تەۋسىپى بىلەن كۆڭلىدە بارىنى ئايان قىلدى. شىرنى ماختىغان كىشى بولسا، يەپ - ئىچىش بەندىسىدۇر، ئۇ، يەپ - ئىچىش جەريانىدا ھالال - ھارامنى پەرقلىمەيدۇ، ئۇ دائىما يەپ - ئىچىپ، ئۇخلاشنىڭلا كويىدىدۇر. ئەرنى ماختىغان كىشى بولسا ئارسىزۋە غەيرەتسىز، ئېتىبارسىز

كىشىدۇر. ئۇ، ئىنسان دېگەن شەرەپلىك نامدىن مەھرۇمدۇر.

شۇنىڭ بىلەن ئوغرىنى ماختىغان كىشىنىڭ خانىسىگە ئادەم ئەۋەتىلىپ، ئۇنىڭ نەرسىلىرى ئارىسىدىن يوقالغان گۆھەر تېپىپ كەلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، قىيناق ۋە جازا قوللىنىلماي گۆھەر قولغا كىرگۈزۈلدى.

**نەزم:**

نېمىكى سېلىنغان بولسا كوزىغا،
پەقەت ئاشۇ نەرسەھىدى پۈرار بۇرۇنغا.

ئەي پەرزەنت بىلگىنكى، مۇناپىق ۋە ھەسەتچى كىشىلەر تەسىرى ياخشى ئادەملەرنى يولدىن چىقىرىدۇ. دانا ۋە ئالىملار سۆھبىتى بولسا، كىشىگە باقىي ئۆمۈر بەخش ئېتىدۇ. بىھۇدە سۆزلەر ئېيتىلىۋاتقان يىغىلىشقا كىرىپ قالساڭ، بۇنداق يىغىلىشتىن قاچ!

ئەي پەرزەنت، نەپسى ئەممارە⑤نىڭ كويىغا كىرىپ كېرىكىدىن ئارتۇقچە مال - مۈلۈك تېپىشقا ئۇرۇنما، ئۆزۈڭنى ئەل ئالدىدا شەرمەندە قىلما!

دۈشمەن بىلمىسۇن ۋە ئاڭلىمىسۇن دەپ يوشۇرۇپ يۈرگەن سىرىڭ بولسا، بۇ سىرنى ھەركىمگە ئىشىنىپ ئېيتىۋەرمە. ئادەم ۋە ئالەم بىر خىل تۇرمايدۇ. دوست دەپ يۈرگەن كىشىڭ كۈنى كېلىپ دۈشمەنگە ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشنى قىلىمەن دەپ بىركىمگە ۋەدە بەرمە. خەيرلىك ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىرا!

ئەي پەرزەنت، ئەڭ يامان ئىللەت دۇنيا دوستلارغا قىلىنىدىغان مىكىر ۋە ھىيلىدۇر. ئەقىل كىشى شۇنداق كىشىكى، دۆلەت ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشكەن چاغدىمۇ، ھەر دائىم كەمتەرلىكنى شوئار قىلىدۇ ۋە تەزىم - تەۋەززۇدا بولىدۇ، سەۋر - قانائەتلىك، پەرھىزكار بولىدۇ. پەسكەش كىشىلەر بولسا، بۇنداق كىشىلەرنىڭ تامامەن تەتۈرىسىدۇر. ئۇلار دۆلەت ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشتى دېگۈچە كېرىلىشكە باشلايدۇ ۋە مەغرۇرلۇق كوچىسىغا كىرىپ ھېچكىمنى مەنسىتمەيدۇ.

ئەي پەرزەنت، ھېچقاچان بەدگۇمان ۋە ئەگرى پىكىرلىك بولما! بەدگۇمانلىق سېنى بارچە دوستلىرىڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ، يېتىم قالدۇرىدۇ.

ئەي پەرزەنت، دۇنيادا ھەر دائىم خاتىرجەم ياشاي دېسەڭ، تۆۋەندىكى نەسىھەتنى ھېچقاچان ئېسىڭدىن چىقارما!

ئەي پەرزەنت، ئەگەر دۇنيادا دائىما روناق تاپاي دېسەڭ، ساپ دىل بول! ئۆمرۈڭنى پەقەت مال - بايلىق ئۈچۈنلا سەرپلىگۈچى بولما! يامان كىشىلەر بىلەن ئۈلپەتچىلىك قىلما! دۇنيادا ياخشىلىق قىلىش لازىملىقى ھەققىدە لوقمانى ھەكىم توغرىسىدىكى ھېكايەتلەردىن ئۆرنەك ئال!

ئېيتىشلىرىچە، لوقمانى ھەكىم ئالدىغا بىر توپ كىشىلەر مېھمان بولۇپ كېلىشتى، ئۇنىڭدىن ھېكمەتكە ئائىت نەرسىلەردىن سوراشتى. ئۇلاردىن بىرى:

- ئەي ھەكىم، سەن پالانچى يەردە پادىچىلىق قىلغان كىشى ئەمەسمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ھە، شۇ پادىچىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى

www.uyghurkitap.com

لوقمان، - مانا هازىر كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ھەكىممەن.

- بۇ دەرىجىگە قانداق ئېرىشتىڭ؟ - سورىدى ئۇ يەنە.

لوقمانى ھەكىم ئۇنىڭغا:

- راست سۆزلەشتىن، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىقتىن، يالغان سۆزلىمەسلىكتىن، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلماسلىقتىن، مۇسىبەت ۋە بالالارغا مەردلەرچە چىداشتىن، ئۆزۈمنى ھەممىدىن تۆۋەن ساناشتىن! - دەپ جاۋاب بەردى.

ئەي ئەزىز، كىشى ئۇچۇن كىتابتىن ئەزىز ۋە يېقىملىق سۆھبەتداش يوقتۇر. كىتاب پاساھەت، بالاغەت، لاتاپەتتە تەڭدىشى يوق، مۇناپىقلىقتىن خالىي ھەمراھدۇر. يالغۇزلۇق ۋە غەملىك كۈنلەردە يېقىن ئۈلپەتتۇر. ئۇنىڭدا نە نىفاق⑥، نە گىنە يوقتۇر. ئۇ، شۇنداق ھەمدەمكى، سۆزلىرىدە يالغان ۋە خاتا بولمايدۇ، سۆھبىتىدىن كىشىگە مالاللىق يەتمەيدۇ. ئۇ، ئۆز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايدۇ ۋە يۈرىكىنى سىقمايدۇ. ئۇ، شۇنداق رەپىقدۇركى، كىشى ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن ساڭا شۇنداق ئېسىل پايدىلار كېلىدۇكى، بۇنداق پايدىنى ئادەملەردىن تاپالمايسەن. ئەكسىچە، كۆپلىگەن كىشىلەر سۆھبىتىدىن كىشىگە زىيان يېتىدۇ. كىتابتىن ئىبارەت بۇ دوست ئىچىدە بارچە ئىلمۇ ھېكمەت مۇجەسسەمدۇركى، ئۇ، كىشىلەرنى ئۆتمۈشتىن ۋە كېلەچەكتىن خەۋەردار قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، «كىتاب - ئەقىل قەلئەسىدۇر» دېيىشكەن. كىتاب - ئالىملار پىكرىنىڭ پاناھگاھى، دانا كىشىلەر بوستانىنىڭ چەمەنى، ئاددىي كىشىلەرنىڭ تاماشاخانىسىدۇر. ئۇ، يالغۇز كىشىلەرگە دىل ئاچقۇچى باغ، كۆڭلى زېرىكلەرگە رەھنەمادۇر. ئۇ، ھەممە يەردە بارچە بىلەن دوستۇئاشنا، دەردلىك كىشىلەر دىلىغا داۋادۇر.

ئەي پەرزەنت، تۆۋەندىكى ماقالالار مەردلىك ۋە نامەردلىك توغرىسىدا دۇركى، شۇنداق دېيىلىدۇ: نامەرد ھەمىشە لاپ ئۇرۇپ سۆزلەيدۇ. مەردلىك بىلەن نامەردلىك ئارىسى بىر قەدەم، ناكەس كىشى ھەكىم بىلەن تەربىيە تاپمايدۇ، رەنج تارتماي گەنج⑦ تاپقىلى بولمايدۇ.

ئىشىت، ئەمدى بۇ ماقالالارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ھېكايەتلەرنى كەلتۈرگەيمىز.

ئېيتىشلىرىچە، نۇشىرۋان زامانىدا ئىككى كىشى بار بولۇپ، ئۇلار نۇشىرۋان ئۆيۈشتۇرغان ئولتۇرۇشقا قاتناشتى.

ئۇلاردىن بىرى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تۆۋەندىكى نەزمنى ئوقۇدى:

نەزم:

يا خشىلىقىم قايتسۇن دېسەڭ سەن،
ياخشىلىق قىل، ياخشى ئويى ئويلا.

ئىككىنچىسى بولسا تۆۋەندىكى بېيتنى ئوقۇدى:

بېيت:

يامانلىقىم قايتمىسۇن دېسەڭ،
يامان بولما، يامان ئويى قىلما.

بۇ بېيتلارنى ئاڭلىغان نۇشىرۋان خۇشال بولدى ۋە بۇ بېيتلار ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىپ قالدى، بىرىنچى بېيتنى ئوقۇغان كىشىگە مىڭ دىرھەم (تەڭگە) بېرىشنى، ئىككىنچىسىگە 500 دىرھەم (تەڭگە) بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئولتۇرغانلاردىن بىرى نۇشىرۋاندىن:

- ئەي ئادىل ئەمىر، ئۇلارنىڭ بېيتلىرى ئوخشاش بىر مەنىگە ئىگە ئىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇلارغا ھەر خىل تۆھپە بەردىڭ؟ - دەپ سورىدى.

نۇشىرۋان ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەردى:

- سۆزلەشتە پەرق چوڭدۇر. بىرىنچىسىنىڭ سۆزى باشتىن - ئاياغ ياخشىلىق توغرىسىدا بولدى، ئىككىنچىسىنىڭ بولسا، پەقەت يامانلىق ھەققىدە ئەسلەتتى.

ئەي پەرزەنت، «ياخشىلىق قىل، دەجلىگە⑧ تاشلا» دېگەن ھېكمەتلىك ماقال بار. بۇ ماقالدا ناھايىتى زور ھېكمەت بار. ئۇنىڭ خىسلىتىدىن بەھرىمەن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۇ ماقالنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى بىر ھېكايەتنى كەلتۈرىمىز.

ئېيتىدۇرلەركىم، ئەبۇلئەئلا ئاتلىق بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ھېكايەتنى تەھرىر قىلغانىكەن:

- مەن ياشلىق چاغلىرىمدا يامان كىشىلەرگە قوشۇلۇپ، دالا ۋە جاڭگاللاردا يولتوسارلىق قىلاتتىم. بىر كۈنى ئادەملىرىمىز: «شەھەردىن بىر كارۋان چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، كارۋاننىڭ ئالدىدا بىر يىگىت ئۆز كېنىزىكى بىلەن كەلمەكتە. يىگىتنىڭ جاۋاھىرلىرى تولىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۆزى ناھايىتى باتۇر، بىر ئۆزى يۈز كىشىگە تەڭ كېلىدۇ» دەپ خەۋەر بېرىشتى.

مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، 50 نەپەر قاراقچى بىلەن كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇشقا قاراپ ماڭدىم. تۈن ئىدى، مۆكتۈرمىدە پايلاپ ياتتۇق. ھېلىقى كارۋاندىكى يىگىت ئۆز كاجۇۋىسىدا ئولتۇرغىنىچە كارۋاندىن خېلى ئالدىنلاپ كەتكەنىدى. مۆكتۈرمىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، يىگىتنى كېنىزىكى بىلەن ئەسىر ئالدۇق. ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، يېتىپ كەلگەن كارۋانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈردۇق ۋە مال - مۈلكىنى تالىدۇق.

مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ ئولتۇرۇشۇمغا قولى باغلانغان يىگىت ئالدىمغا كېلىپ سالام بېرىپ دېدى:

- ئەي شىر يۈرەك ئادەم، مەلۇمىڭ بولسۇنكىم، مەردلىك بىلەن نامەردلىك ئارىسى بىر قەدەمدۇر. مەردلىك بولسا مەردكىشىلەردىن تۇغۇلىدۇ، بىزدەك غېرىب ۋە بىناۋا كىشىلەرگە مەردلىك قىلىشىڭنى سورايمەن. كىمكى بىراۋغا ياخشىلىق قىلسا، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىپتۇ، دېگەن ماقال بار. مەن سېنىڭ ئالدىڭغا پاناھ تىلەپ كەلدىم، مۇرۇۋۋەت قىل.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا تەسىر قىلدى ۋە دەرھال قولىنى يەشتىم:

- ئەي يىگىت، نېمە تىلىكىڭ بار، سۆزلە.

يىگىت دېدى:

- مەن سودىگەر كىشىمەن. مېنىڭ ھەممە مېلىم سېنىڭ قولۇڭدا. مېنى قويۇۋەت ۋە مەنزىلگە يەتكۈدەك مال بەر. «ئوغرى بولساڭمۇ، ئىنسابلىق بول» دېگەن ماقالنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟!

ئۇنىڭ گەپلىرىدىن مېنىڭدە ئاجايىپ بىر

ھالەت پەيدا بولدى. ئېيتقانلىرىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاتنى ھەدىيە ئىنئام قىلدىم.

يىگىت رەھمەت ئېيتىپ دېدى:

- سەن ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ، ياخشىلىقىڭ ئەلۋەتتە قايتىدۇ. ئاڭلىمىغانمىدىڭ شۇنداق بىر ماقالنى.

نەزم:

ياخشىلىق قىل، دەجلە ئىچرە ئات،
ياخشىلىقىڭ قايتىدۇ يات - يات.

مەن بۇ ماقالنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇردۇم - دە، يىگىتنى قۇچاقلاپ سۆيدۈم. يىگىتنى يېنىمغا ئولتۇرغۇزۇپ بېشىمدىن ئۆتكەن ۋە يۇقىرىدىكى ماقالغا ئالاقىدار بىر ۋەقەنى ئۇنىڭغا ھېكايە قىلىپ بەردىم:

- ئەي يىگىت، بىز بىر كۈنى ياش قاراقچىلار بىلەن دەجلە دەرياسى بويىدا بىر كارۋانغا ھۇجۇم قىلدۇق. كارۋاندىكىلەر غالىب كېلىپ، بىزنى قىرىپ تاشلاشتى. مەن يارىدار بولۇپ، بىر چەتتە يىقىلىپ قالدىم. كارۋاندىكىلەردىن بىرى يېنىمغا كېلىپ، تىرىك ئىكەنلىكىمنى سەزدى ۋە قىلىچىنى كۆتۈرۈپ چېپىپ تاشلىماقچى بولدى. شۇ چاغدا قەيەردىندۇر پەيدا بولغان بوۋاي ئۇنى توختىتىپ قالدى ۋە دېدى:

- بۇ چالا ئۆلۈك يىگىتنى چېپىپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇ ناھايىتى ياش ئىكەن، ئۇنىڭغا رەھىم كېلىپ قالدى.

كېيىن ئۇ مېنىڭ يارامنى تاڭدى، كەپسىگە ئېلىپ بېرىپ، پەرۋىش قىلىشقا باشلىدى. مەن ھۇشۇمدىن كەتكەنىكەنمەن. كۆزۈمنى ئېچىپ، بوۋايغا كۆزۈم چۈشتى ۋە يىغلاپ تاشلىدىم. بوۋاي ماڭا:

- ئەي ئوغلۇم، يىغلىما! مەن ساڭا خالىس ياخشىلىق قىلماقتىمەن. ياخشىلىقىم ئۆزۈمگە قايتمىسا، بالىلىرىمغا قايتىدۇ، - دېدى. سوڭ سەن ئېيتقان «ياخشىلىق قىل، دەجلىگە تاشلا» دېگەن ماقالنى ئېيتتى. مەن تۇزەلگەندىن كېيىن ئات بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقى ۋە كىم ئىكەنلىكىنى سورىدىم.

ئۇ:

- مېنىڭ ئېتىم ئەھمەد بەسرىيدۇر. بەسرە شەھىرىنىڭ پالان مەھەللىسىدە تۇرىمەن، - دېدى. سەن ئېيتقان ماقالنى ئىشىتىپ، شۇ ۋەقە ئېسىمگە چۈشتى. ئەي يىگىت، ئېيتچۇ، سەن نەگە بارىسەن، ئۆيۈڭ قەيەردە، ئېتىڭ نېمە؟

يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ:

- كىشىلەردىن ئېتىمنى سورىساڭ ئېيتىپ بېرىشىدۇ. ئەمما ئاتامنىڭ ئېتى ئەھمەد بەسرىيدۇر. بەسرە شەھىرىنىڭ پۇستان مەھەللىسىدە تۇرىمەن، - دېدى.

ئىرغىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ يىگىتنى يەنە بىر قۇچاقلىدىم. يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا دېدىم:

- ئەي يىگىت، مەن ئۆلگەنىدىم، ئاتاڭ مېنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ئاتاڭنىڭ مېنىڭدە زور ھەققى بار. نېمە تىلەيسەن، ئېيتقىنىڭنى قىلاي، - دېدىم. ئەمما ئۇ ھېچنەرسە كېرەك ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، كېنىزىكىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغانىدى، قاراقچى شېرىكلىرىم توپلىنىپ ماڭا:

- ئەي كارغا كەلمەس، دۈشمەننى تىرىك قويۇپ بەرگىنىڭ يەتمەي، ئۇنىڭغا ئات ۋە مال بەرگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇ بىزنىڭ سىرىمىزنى ئاشكارا قىلىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك، - دەپ توۋلاشتى ۋە يىگىتكە تاشلانماقچى بولۇشتى. كېيىن ماڭا:

- ئەي ئەبۇلئەلا، سەن ئۇنى قويۇۋەتتىڭ. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭ ئېلىش ۋە ئۇنى ئۆلتۈر، - دەپ بۇيرۇشتى. مەن ھېچقاچان بۇنداق ئىشنى قىلمايدىغانلىقىمنى ۋە كىمكى ئۇنىڭغا چېقىلسا، شۇنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. مېنىڭ ئىشارىتىم بىلەن يىگىت جەڭگە ھازىرلاندى ۋە بىز بىردەمدە ھەممە قاراقچىلارنى قىرىپ تاشلىدۇق. قاراقچىلارنىڭ بەزىلىرى قېچىپ كېتىشتى. يىگىتنىڭ كارۋاندىن قېچىشقا ئۈلگۈرگەن شېرىكلىرى يېتىپ كېلىپ ئۆز ئامانەتلىرىنى ئېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، يىگىتنىڭ ئاتىسى ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئوغلىغا قايتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

نەزم:

ھەر كىمكى نېمە قىلسا ئۆزىگە قىلۇر،
قىلغان ئىشى بىر كۈن ئۆزىگە قايتۇر.

بىز ئۇنىڭ بىلەن خەيرلەشتۇق. كۆپ ئۆتمەي مەنمۇ مال - مۈلكۈمنى ئېلىپ شەھەرگە قايتتىم. ياخشى يولغا كىرىپ، قاراقچىلىقتىن قول يۇدۇم.

ئەي ئەزىز، ئەگەر سەن باشقىلاردىن ياخشىلىق كۆرەي دېسەڭ، پەقەت ياخشىلىق قىل! بۇ توغرىدا شۇنداق دېيىشكەن:

نەزم:

دۇنيادا تاپاي دېسەڭ ئامانلىق،
بىراۋغا زەررىچە قىلما يامانلىق.

دېمەك، قولۇڭدىن كەلگەن ياخشىلىقىڭنى، چوڭمۇ - كىچىكمۇ، ئۆزگىلەردىن ئايىما! ئەرزىمىگەن ياخشىلىقنىمۇ قىلىمەنمۇ دەپ ئويلىما! بۇ دۇنيادا كىم نېمە تېرىسا، شۇنى ئورىدۇ. بەزەن شۇنداق يامان ۋە نائەھلى كىشىلەر باركى، ئۇلار توغرىسىدا «ناكەس نەسھەت بىلەن تەربىيە تاپماس» دېگەن ماقالنى نەقىل كەلتۈرۈشىدۇ. بۇ ماقالنىڭ ھېكمىتىنى يورۇتۇش ئۈچۈن، يارىماس خوتۇنغا يولۇققان ھەكىم قاسىم توغرىسىدىكى ھېكايەنى كەلتۈرىمىز:

ئېيتىشلىرىچە، قەدىم زاماندا بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنى ھەكىم قاسىم دېيىشەتتى. ھەكىم قاسىم دائىما خوتۇنلارنىڭ پېئىل - ھەرىكەت ۋە ئەخلاقىنى ئۆگىنىپ، ياخشى ۋە يامان خوتۇنلار توغرىسىدا تەربىيىۋى ئەسەرلەر يازاتتى. ئۇلارنى ياخشى، ئەدەب - ئەخلاق ئىگىسى بولۇشقا تەرغىب قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ يەمەن شەھىرىگە كېلىپ قالدى. شەھەرنىڭ ئاب - ھاۋاسى ئۇنىڭغا يېقىپ قېلىپ، شۇ شەھەردە 5 - 6 كۈن تۇرۇشنى ئىختىيار قىلدى. بىر كۈنى ئۇ شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، قانداقتۇر بىر كوچىدىن چىقىپ قالدى. تار ۋە توپا باسقان كوچىنىڭ چېتىدە ھۆسنىدە تەڭدىشى يوق بىر قىز كېتىپ باراتتى. ھەكىم قاسىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا سۆز تاشلىدى ۋە تېگىشلىك جاۋاب

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىدى. ئارىغا بىر شۇم كەمپىرنى ۋاستىچى قىلىپ، تىزدىن توي تەييارلىقىنى كۆردى.

ھەكىم قاسىم قىزنىڭ ئانىسى ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيتتى. بىر نەچچە كۈن قىز بىلەن بىرگە بولۇپ، بىر كۈنى كوچىغا چىقتى ۋە قايتىپ كېلىپ قارىسا كۆردىكى، خوتۇنى بىردەم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، بىردەم ئۆگزىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۆتكەن - كەچكەن ئەركەكلەرگە ئۆزىنى نامايىش قىلىۋاتاتتى. ھەكىم قاسىم بۇ ھالنى كۆرگەندىن كېيىن خوتۇنىنى ئۆيىگە چاقىرىپ قاتتىق كايىدى ۋە ئىككىنچى بۇنداق ئەخمەقلىق قىلماسلىقنى تەيىنلىدى. قىز ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن خىجالەت بولۇپ، توۋا قىلدى. ھەكىم قاسىم باشقا كۈنى ئۆيدىن چىقىپ پايلاپ تۇرسا، قىز ھېلىقى ئادىتىنى ھامان تەكرارلايتتى. ئاخىرى ئادەملەردىن سۈرۈشتۈرۈپ، قىزنىڭ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىز، ھاياسىز ئىكەنلىكىنى، قىزنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش تەربىيىلىگەنلىكىنى بىلىۋالدى.

ھەكىم قاسىم بىرسىدىن بىر نەچچە تۆگە ئىجارىگە ئالدى - دە، خوتۇنىنى كاجۇۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى تۆگىگە مىنىپ يولغا راۋان بولدى.

سەپەر يولىدا كارۋان تار كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدى. كارۋانبېشى تۆگە كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي ئارقىسىغا قايتىشقا باشلىدى. قانچىلىك ئۇرۇنۇشمىسۇن، تۆگىلەر بەرىبىر ئۆتۈشمىدى. بۇ ھالنى كۆزىتىپ تۇرغان كاجۇۋا ئىچىدىكى ھەكىم قاسىمنىڭ خوتۇنى بېشىنى چىقىرىپ:

- ئاۋۇ كارۋان ئوتتۇرىسىدىكى تۆگىنى ھەيدەڭلەر، شۇ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقىلىرىمۇ ئۆتىدۇ، - دېدى.

كارۋاندىكىلەر ئۇنىڭ دېگىنىچە قىلىشتى. ھەقىقەتەن شۇ تۆگە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقا تۆگىلەرمۇ ئۆتۈشتى.

كارۋان بىر مەنزىلگە يېتىپ، دەم ئالغىلى يېتىشقاندا ھەكىم قاسىم خوتۇنىدىن ھېلىقى ئىشنىڭ سىرىنى سورىدى:

خوتۇنى ئۇنىڭغا:

- ھەر بىر ھايۋان ئۆز ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ، ئانىسى نېمە ئىش قىلسا، ئۇنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ. كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن ئاشۇ تۆگىنىڭ ئانىسى ھەر دائىم كارۋان بېشىدا باشقا تۆگىلەرنى يېتەكلەپ يۈرەتتى. بالىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ، ئالدىدا يۈرۈشكە ئادەتلەنگەندى. خىيالىمغا بۇ تۆگە ئۆز ئانىسىنىڭ كەسپىنى قىلىدۇ، دېگەن ئوي كېلىپ شۇ پىكىرنى ئېيتقاندىم. دانالار: «يىلان پوست تاشلىسىمۇ پېئىلىنى تاشلىمايدۇ» دەپ بىكارغا ئېيتىشمىغان، - دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھەكىم قاسىم دېدى:

- ھە، راست دەيسەن. ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلىمەن. بۇ مەسىلنى ھەقىقەتەنمۇ بىكارغا ئېيتىشمىغان.

مىسرا:

كوزىدا نېمە بولسا چىقۇر شۇنىڭ ھىدى.

ھەكىم قاسىم داۋام قىلىپ دېدى:

- سەن ئانا تەربىيىسى توغرىسىدا سۆزلەپ، ھەركىمگە ئانا تەربىيىسى كۈچلۈك تەسىر

قىلىدىغانلىقىنى، بالىنىڭ ئانا باشلىغان يولدىن يۈرۈيدىغانلىقىنى ئېيتتىڭ. دېمەك، سەنمۇ ئاناڭغا تارتقانسەن، پەقەت ئاناڭ يۈرگەن يولدىن يۈرىسەن. بولمىسا، ساڭا قىلغان شۇنچە كۆپ پەندۇ نەسىھەتىم كار قىلغان بولۇر ئىدى. ئەمدى بىلسەم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پايدىسىز ئىكەن.

ئۇ شۇنداق دەپ، خوتۇنى بىلەن ۋىدالاشتى ۋە يولغا راۋان بولدى.

## ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

دۇنيادا پەقەت ھالال ئىشلە، ھالال يە، ھارامدىن تېپىلغان مال ھېچكىمگە ۋاپا قىلمايدۇ. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تېگىشلىك ھېكايەت كەلتۈرىمىز.

ئېيتىشلىرىچە، گىلان شەھىرىدە بىر بەدۆلەت كىشى بار بولۇپ، ئۇ، چىراغ يېغى سېتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە بۇنىڭدىن زور كىرىم ھاسىل قىلىپ، بېيىپ كەتكەنىدى. ئۇ، پۇل تېپىشقا بولغان ئۆتە ھېرىسمەنلىكىدىن خىزمەتچىسىگە:

- ياغنى ئۆلچەپ بېرىۋاتقان چېغىڭدا قاچا ئىچىگە باش بارمىقىڭنى تىقىپ تۇر، شۇنىڭدا خېلىلا ياغ بىزنىڭ پايدىمىزغا قالىدۇ، - دەپ ئۆگىتەتتى.

خىزمەتچىسى بولسا ئۇنىڭغا:

- ئەي خوجام، بۇنداق قىلغاندا ئەل ھەققىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنداق ئۇسۇل بىلەن تېپىلغان ھارام بايلىقنىڭ كاساپىتىگە ھەممە بايلىقىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئەپسۇس - نادامەتنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. باش بارماقنى ياغقا تىقىپ قانچىلىك پايدا تاپالايتتىڭىز؟! - دەيتتى.

خوجايىنىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ مۇنداق دەيتتى:

- ھەي ئەقىلسىز، بۇ، سودىگەرچىلىكنىڭ سىرى، سودىگەرلەر ئازغىنا نەرسىنىڭمۇ بەھرىدىن كەچمەسلىكى كېرەك. شۇڭا دانالار: «تامچا - تامچا يىغىلىپ دەريا بولۇر» دېيىشكەن.

ساپدىل خىزمەتچى بولسا ئۇنىڭغا جاۋابەن:

- ئەي خوجام، دانالار: «ھارام بايلىق ۋاپا قىلمايدۇ، ۋاقتى كېلىپ سۇدەك دەرياغا ئېقىپ كېتىدۇ» دەپ ئېيتىشقان. بۇنى يادىڭىزدا تۇتقايسىز، - دەيتتى.

خوجايىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە يول تۇتۇشنى خىزمەتچىدىن قاتتىق تۇرۇپ تەلەپ قىلاتتى. خىزمەتچى ئىلاجسىز ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە سودا قىلاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياغچى خوجايىن باشقا بىر شەھەردە چىراغ يېغىنىڭ ناھايىتى قىممەتلىكى توغرىسىدا خەۋەر تېپىپ، ئۆز شەھىرىدە بىر ئوبدان پۇل تېپىپ تۇرغىنىغا قارىماي، شۇ شەھەرگە دەريا ئارقىلىق ياغ ئېلىپ بارماقچى بولدى. ھەممە پۇلىنى سەرپلەپ، مىڭدىن ئوشۇق كۈپكە ياغ قاچىلاپ، دەريا سەپىرىگە چىقتى. كۈتۈلمىگەندە دەريا شامىلى چىقتى. مەللاھ (ماتروس) لار ئۇنىڭغا:

- ئەي خوجام، ئەگەر ئەزىز جېنىڭىزنىڭ ئامان قېلىشىنى ئىستىسەڭ، ياغلارنى تۆكۈپ كېمىنى يەڭگىللىتەيلى، بولمىسا، ھەممىمىز ھالاك

بولىمىز، - دېيىشتى.

جېنىدىن قورققان باي ھەممە يېغىنىنى تۆكۈشكە مەجبۇر بولدى. قىلغان خىراجىتى ۋە پۇلىغا جېنى ئېچىشىپ، ياش تۆكۈپ زار - زار قاقشىدى. ساپدىل خىزمەتچى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئەي خوجام، بارماقلاپ قاقتى قىلمىغىنىڭىزدا كۆپ - ئىدىشلاپ تۆكمىگەن بولاتتىڭىز، - دېدى.

كېمە يۈكتىن بوشاپ، شامالمۇ تىنغاندىن كېيىن، باي ھەممە مۈلكىدىن ئايرىلغىنىغا نادامەت چېكىپ يۈز - كۆزىگە ئۇرۇپ، پىغانى بارغا نىسبىرى ئۆرلىگىلى تۇردى. خىزمەتچى بولسا ئۇنىڭغا دېدى:

- كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن، تامچىلاپ ھارام يىغمىغىنىڭدا شۇ ھالغا چۈشمەس ئىدىڭ.

«بارماقلاپ قاقتى قىلمىساڭ، ئىدىشلاپ تۆكمەيسەن» دېگەن تەمسىل شۇ كۈندىن قالغانىكەن.

دانالار: «بىراۋغا يامانلىق قىلساڭ، ئۆزۈڭگە ياندۇ» دېيىشىدۇ. ھەقىقەتەن ھەم ھاياتتا كىمكى ياخشىلىق قىلسا ياخشىلىق، يامانلىق قىلسا يامانلىق كۆرۈشى مۇقەررەردۇر. بۇ توغرىسىدا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن تېگىشلىك ھېكايەت ئاڭلىغايسىز.

ھېكايەت قىلىشلىرىچە، بەسرە شەھىرىدە بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇنى ئەبۇل قاسىم سەفا دېيىشەتتى. ئۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى توغرىسىدا شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

- ئاتامدىن بىر قىلىچ مىراس قالغانىدى. بۇ قىلىچ ناھايىتى قىممەتباھا بولۇپ، ئۆتكۈرلۈكىدە تەڭدىشى يوق ئىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالدىم ۋە ياشاش مېنىڭ ئۈچۈن تەسلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۆزۈمگە دېدىم: «بۇ قىلىچ ئەمىر ئابباسقا لايىق تۆھپىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا سوۋغا قىلسام، ئورنىغا ئىنئام بېرىدۇ». شۇنداق خىيال بىلەن يولغا چىقتىم. يولدا بىر ئەرەبكە ئۇچراپ قالدىم. بىز بىرنەچچە كۈن بىللە يول يۈرۈپ، ئۈلپەت بولۇپ قالدۇق. پاراڭلاشقاچ بۇ ئەرەبنىڭ بەنۇ تەمىم قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. بۇ قەبىلىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ پەقەت غەرەزلىك دوستلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن شۈبھىلىنىپ، ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشقا باشلىدىم. ئۇ، مېنىڭ يېنىمدا قىممەتباھا قىلىچ بارلىقىنى ۋە ئۇنى ئەمىرگە تۆھپە قىلىپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىۋالغانلىقتىن، ئارقامدىن قالماي كېلەتتى. شەھەرگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئۇ بىر يەردە قالدى، مەن بولسام ئەمىرنىڭ سارىيىغا يول ئالدىم. ئەمىر قىلىچنى قوبۇل قىلىپ، تېگىشلىك ئىنئاملار بىلەن بىرگە مىڭ دىنار قىزىل ئالتۇن سوۋغا قىلدى. ئۇلارنى ئېلىپ ئارقامغا قايتتىم. كۈتۈلمىگەندە يولۇمدا ھېلىقى ئەرەب چىقىپ قالدى ۋە دېدى:

- ئەي بابا ئەجەم⑨، تاسادىپىيلىقنى قارا، يەنە ساڭا ھەمراھ بولىدىغان بولدۇم.

مەن ئەرەبنىڭ مېنى ئەتەيلەپ پايلاپ تۇرغانلىقىنى، قىلىنغان سوۋغا - سالاملارنى تارتىپ ئالماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ئاستىرتتىن كۆزىتىپ يۈردۈم. يېزىلاردىن ناھايىتى يىراق بولغان بىر پارچە دەرەخلىك ۋە جاڭگاللىق يەرگە يېتىپ كەلگەندە ھېلىقى ئەرەب ماڭا:

- ئەي يىگىت، نېمىشقا مېنىڭدىن ئۆزاقلاشماقچى بولۇۋاتىسەن؟ ئەخىر مەن سېنىڭ دوستۇڭغۇ، نېمىشقا ماڭا يېقىن يۈرمەيسەن؟ - دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمىدىم. ئاتنى تېزرەك ھەيدەشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ ماڭا قەست قىلماقچىلىقىنى سەزگىنىمدىن خەۋەر تاپقان ئەرەب قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، ئۈستۈمگە ئات سېلىپ باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. قورالىم يوق بولغانلىقتىن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، جاڭگالغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. مەن پىيادە قېچىۋاتاتتىم، ئۇ بولسا ئارقامدىن ئاتلىق قوغلاپ كېلەتتى. يىراقتا — دەرەخلەر ئارىسىدا بىر گۈمبەز كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇنى يېزا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، شۇ يەرگە قاراپ قاچتىم. يېتىپ كېلىپ قارىسام، يەھۇدىيلارنىڭ ۋەيرانە مەسچىتى ئىكەن. ئەرەب مېنىڭ ئېتىمنىمۇ ئەگەشتۇرگىنىچە ئارقامدىن كېلىۋېتىپ ھەدەپ:

- ئۆز ئايىغىڭ بىلەن قاساپخانىمگە كەلدىڭ ئەمدى ھېچقاياققا قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، - دېدى

مەن ئىلاجىسىزلىقتىن مەسچىت ئىچىگە كىردىم. مەسچىت ئىچى بەك قاراڭغۇ ئىدى. تەقدىرگە تەن بېرىپ، تەۋەككۇل قىلغىنىمچە ئولتۇردۇم. ئەرەب ئاتلارنى دەرەخقە باغلىدى. سوڭ مەسچىت ئىچىگە كىردى. كېيىن بىلسەم، بۇ مەسچىت ئۇ ئەرەبنىڭ قارارگاھى بولۇپ، قاراقچىلىقتىن تاپقان نەرسىلىرىنى شۇ يەرگە يوشۇرۇدىكەن. مەن ئىشىك ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدىم. قاراڭغۇدا ھېچنەرسىنى كۆرەلمىگەن ئەرەب قىلىچىنى قولىدا تۇتقىنىچە ۋارقىرايتتى:

- ئەي ئەجەم، ئەجەل سېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئەمدى بېلىڭدىكى مىڭ دىنار قىزىل ئالتۇن مېنىڭكىدۇر.

مېنىڭ ئىشىك ئارقىسىدا ئىكەنلىكىمدىن خەۋەرسىز ئەرەب ئۆينىڭ بۇرجىكىدىن پەسكە چۈشكىلى بولىدىغان چوڭقۇرغا چۈشۈپ، مېنى ئىزدەشكە باشلىدى. مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئېتىلىپ تاشقىرىغا چىقتىم - دە، مەسچىت ئىشىكىنى ياپتىم. ئىشىك تۆمۈردىن قىلىنغان بولۇپ، ناھايىتى ئېغىر ۋە بېكىتىش ئۈچۈن يوغان زەنجىرلەر ئېلىپ قويۇلغانىدى. ئەرەب ئىشىكنىڭ يېپىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، قولغا چۈشكەنلىكىنى بىلدى ۋە زار -زار يىغلاپ يېلىنىشقا باشلىدى:

- ئەي بابا ئەجەم، مەن نېمە يامان نىيەت قىلغان بولسام، شۇ ئۆزۈمگە قايتىپ كەلدى، نېمە قىلغان بولسام، ئۆزۈمگە قىلدىم، ساڭا ئورا كولاپ، ئۆزۈم چۈشتۈم. ئەي ئەجەم، بۈگۈن مۇرۇۋۋەت قىلىدىغان كۈن. مېنى كەچۈر، ئىشىكنى ئاچ، ئالدىڭدا قىلغان ئىشلىرىمغا تۈۋا قىلاي.

مەن ئۇنىڭغا:

www.uyghurkitap.com

- ئەي يارىماس، توۋىنىڭ پايدىسى يوق، سېنى بۇ يەردىن ساق - سالامەت چىقارماق ئۆزۈمنى هالاك قىلماق دېمەكتۇر. سېنىڭ مۇشۇ قاراڭغۇ مەسچىت ئىچىدە ئۆلمىكىڭنىڭ ئۆزى ساۋابتۇر. سەن ئۆزۈڭ ئۆز ئايىغىڭ بىلەن قوغلاپ ئەجەلنى ئېلىپ كەلدىڭ. سەن قانچىلىغان گۇناھسىزلارنىڭ قاتىلىسەن! - دەپ جاۋاب بەردىم.

مەن ئەرەبنى قاچىمەن دەپ يۈگرەۋېرىپ، تازىمۇ چارچىغانىدىم. شۇڭا خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تالىشاتتىم. ئۇ هامان يالۋۇرۇپ دەيتتى:

- ئەي بابا ئەجەم، كىمكى ياخشىلىق قىلسا، ياخشىلىق تاپىدۇ. ماڭا ياخشىلىق قىل، ئىشىكنى ئاچ، يېنىمدا مىڭ دىنار قىزىل ئالتۇنۇم بار، ئۇنى ساڭا بېرىمەن. ئاتنى 500 دىرھەمگە سېتىۋالغاندىم، ئۇمۇ سېنىڭ بولسۇن.

مەن ئۇنىڭغا ئىستېھزا قىلىپ:

- ئەي ئەخمەق، ئاتنى بەرسەڭمۇ، بەرمىسەڭمۇ بەرىبىر ئۇ مېنىڭ. يېنىڭدىكى ئالتۇن نېسىپ بولسا، ئېھتىمال ئۇمۇ مېنىڭ بولۇر. سەن بۇ يەردە ئۆلسەڭ، ساۋاب بولىدۇ.

ئەرەب بارغانسېرى يېلىنىپ:

- ئەي يىگىت، ئۆي بۇرجىكىدىكى ئورا ئىچى ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلار بىلەن لىق تولغان. ئىشىكنى ئاچ، ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن، - دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار قىلماي ئېتىمنى مىندىم ۋە ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ ئەگەشتۇرۇپ بەسرە شەھىرىگە يول ئالدىم.

ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە ئەمىر ئالدىغا بېرىشىمغا توغرا كەلدى. يول يۈرۈپ مۇشۇ مەسچىت ئالدىغا يېتىپ كەلگىنىمدە، قاراقچىنىڭ تەقدىرى مېنى قىزىقتۇرۇپ قالدى. ئىشىك ئېتىك تۇراتتى. ئۇنى ئېچىپ ئىچكىرى كىردىم. ھېلىقى ئەرەب سوزۇلۇپ ياتقان بولۇپ، گۆشلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ سۆڭەكلىرىلا قالغانىدى. بېشى ئاستىدا چەرم ھەميانغا سېلىنغان ئالتۇن تۇراتتى. كېيىن ئورىغا چۈشتۈم. ئۇ يەردىكى ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنىلا ئالدىم، خالاس. باشقا رەخت - ماتالارمۇ كۆپ ئىدى.

نەزم:

قانچىلىك بولسا نېسىۋەم، ئارتۇق - كەم ئەمەس بېرۇر،

ئالمىسام ھەم زورلىشىپ، ئالغىن دەپ، ئىلدام بېرۇر.

بۇ ھېكايەتنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، كىمكى باشقىلارغا ئورا كولىسا، ئۇنىڭغا ئۆزى چۈشۈشى مۇقەررەردۇر. شۇڭلاشقا، ھاياتتا پەقەت ياخشىلىق قىلماق، بىراۋغا ئازار بەرمەي ياشىماق لازىمدۇر. نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئورۇسەن، دەپ بىكار ئېيتىشمىغان.

ئېيتىشلىرىچە، بىر بۇلبۇل باغدىكى بىر دەرەخ تۆپىسىدە ئولتۇراتتى. دەرەخ ئاستىدا بىر بالا بار بولۇپ، ئۇ، تۇپراق ئارىسىغا تۇزاق قويۇۋاتاتتى. بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان بۇلبۇل بالىدىن:

- نېمە قىلىۋاتىسەن؟ - دەپ سورىدى.

- قۇشلارنى تۇزاققا ئىلىندۇرمەكچىمەن، - دېدى بالا.

- ئۇ قانداق قۇشكى، - دېدى بۇلبۇل بالىغا، - دان تەمەسىدە ئۆزىنى تۇزاققا ئىلىندۇرسا؟

- ئەگەر تەمە كەينىگە كىرسە تۇزاققا چۈشۈۋېرىدۇ، - دېدى بالا.

بۇلبۇل بالىنىڭ گەپلىرىگە كۆلۈپ، نېرىراققا ئۇچۇپ كەتتى. بالىمۇ تۇزاقنى توپا ئارىسىغا يوشۇرۇپ، ئۆزى چەتتە مارىلاپ ئولتۇردى. ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرگەن بۇلبۇل دانلاپ كېلىپ، تۇيۇقسىز بالا قويغان تۇزاقنىڭ ھالقىسىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ، قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانچە ئۇرۇنغانسېرى تۇزاق تېخىمۇ چىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

بالا يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپ، بۇلبۇلنى تۇتۇۋېلىپ دېدى:

- مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ سەن داننى كۆرۈپ، تۇزاقنى كۆرمىدىڭ. تەمە ۋە مەغرۇرلۇق سېنى مەن قويغان تۇزاققا ئىلىندۇردى.

- ھە، - دېدى بۇلبۇل، - پەيمانە تولسا، كۆز كور بولۇپ قالار ئىكەن. قانچە تەدبىر ۋە ھىيلە قىلما، بەرىبىر پايدىسى بولماس ئىكەن.

بۇلبۇل تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىدا قانچە ھېكايەت قىلسۇن، ھىيلە - تەدبىرنى ئىشقا سالسۇن، ھېچ ئىلاجى بولمىدى. بالا ئۇنى قەپەزگە سېلىپ بازارغا ئېلىپ باردى. بىر كىشى ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بۇلبۇل بۇ كىشىگە قاراپ:

- ئەي كىشى، مېنى قويۇۋەت، كىچىككىنە بالىلىرىم بار، ئۇلارغا دان تاپىمەن دەپ تۇزاققا چۈشتۈم. مېنى ساقلاشتىن ساڭا نېمە پايدا؟! ئەگەر مېنى قويۇۋەتسەڭ، ساڭا ئۈچ نەسىھەت ئېيتىپ بېرىمەن، ئۇلاردىن زور نەپ ئالىسەن، - دېدى.

ھېلىقى كىشى:

- مەيلى، ئېيتساڭ ئېيت، سېنى ئازاد قىلاي، - دېدى.

- بىرىنچى نەسىھەتنى، - دېدى بۇلبۇل، - قەپەزدە ئېيتىمەن، ئىككىنچىسىنى قولۇڭدا تۇرۇپ، ئۈچىنچىسىنى ئازاد بولغىنىمدا ئېيتىمەن.

ئۇ كىشى بۇلبۇلنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئىلتىماسى بويىچە تۇزاققا چۈشكەن باغقا ئېلىپ باردى ۋە:

- قېنى، ئېيت ئەمدى، — دېدى.

- ئەگەر، - دەپ گەپ باشلىدى بۇلبۇل، - قازايى قەدەر ھۆكمى بىلەن بىرەر نەرسىدىن ئايرىلساڭ، ئەسلا ئەلەم چېكىپ غەم يېمە، چۈنكى ئۇنىڭ پايدىسى يوق، ئۆزۈڭنى قىينايسەن، خالاس.

- ياخشى ئېيتتىڭ، - دېدى ھېلىقى كىشى، - ئەمدى ئىككىنچىسىنى ئېيت.

- مېنى قەپەزدىن چىقار، ئاندىن ئېيتىمەن، - دېدى بۇلبۇل. ھېلىقى كىشى ئۇنىڭغا:

- ھە، قېچىپ كەتمەكچىمۇسەن، مېنى ئالدىماقچىمۇ؟ ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن سېنى قانداق تۇتىمەن؟ - دېدى.

- ئەرنىڭ سۆزى بىر بولىدۇ. ئىككى ئايىغىمدىن چىڭ تۇتۇپ تۇرىسەن، مەن بولسام ئىككىنچى نەسىھەتنى ئېيتىمەن، - دېدى بۇلبۇل.

ھېلىقى كىشى بۇلبۇلنى قەپەزدىن چىقاردى:

- ئىككىنچى نەسىھەت شۇكى، - دېدى ئۇ،

- ماھال ⑪ ۋە يالغان سۆز ئاڭلىساڭ ئىشەنمە، ماھال ۋەدىگە ئۈمىد باغلىما.

- ئۈچىنچى نەسىھەتنى ئېيت - دېدى ئوكىشى.

- مېنى قويۇپ بەر، ئاندىن ئېيتىمەن، - دېدى بۇلبۇل.

ھېلىقى كىشى بۇلبۇلنى قويۇۋەتتى. بۇلبۇل ئۇچۇپ بېرىپ دەرەخ شېخىغا قوندى ۋە قۇتۇلغىنىغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، دېدى:

- ئەي يىگىت، ئۈچىنچى نەسىھەت شۇكى، ھېچقاچان قۇرۇق تەمەگەرلىك قىلما! قۇرۇق تەمەگەرلىك ئادەم ئەۋلادىنى خار - زەلىل ⑪ قىلغۇسى، تۇرلۇك بالالارغا گىرىپتار ئەتكۇسى. مەسىلەن، ئۆزۈممۇ تەمە تۇپەيلى تۇزاققا ئىلىنغانىدىم. ئەي يىگىت، سەن ماڭا لۇتپ - ئېھسان كۆرسەتتىڭ، شۇڭا، ساڭا بىر گەپ ئېيتماقچىمەن. بۇلبۇل دېدى:

- سەن ناھايىتى نادان ئىكەنسەن، مېنى قويۇۋېتىپ زور خاتا قىلدىڭ.

- نېمىشقا؟ - سورىدى يىگىت.

- مېنىڭ قارنىمدا، - جاۋاب بەردى بۇلبۇل، - بىر گۆھەر بار بولۇپ، ئېغىرلىقى 20 مىسقال كېلىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن قۇرۇق قالدىڭ.

يىگىت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، يۈرىكى ئويناشقا باشلىدى. پېشانىسىگە ئۇرۇپ: «ئاھ، نېمىدىگەن ئەخمەقمەن» دەپ ئەپسۇسلاندى. قۇش بۇ ھالنى كۆرۈپ:

- ھېلى ساڭا ئۈچ نەسىھەت ئېيتتىم، ئەمما ھەر ئۈچىلىسىنى ئۇنتۇدۇڭ، - دېدى، - ئاۋۋال قولدىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرما، دېدىم. مەن قولۇڭدىن كەتتىم، ئەمما سەن قايغۇرۇۋاتىسەن. ئىككىنچى، قۇرۇق تەمەگەرلىك قىلما، دېدىم، ئەمما سېنىڭدە دەررۇ تەمەگەرلىك قوزغىدى. ئۈچىنچى، ماھال سۆزگە ئىشەنمە، دېدىم، ئەمما سەن مېنى سىنىماي تۇرۇپ، سۆزلىرىمگە چىنپۈتۈپلا قالدىڭ ۋە مېنى قويۇۋەتتىڭ. ئەمدى ئەپسۇسلىنىشىڭنىڭ پايدىسى يوق.

قايسى قۇش چىقىرالىسا بويىنىدىن گەر دام،
قاچان باشقا دامغا بولغۇسىدۇر رام!

- مېنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقىم 20 مىسقال كەلمىسە، ئىچىمدە 20 مىسقال گۆھەر نېمە قىلسۇن. بۇ، ماھال گەپ. ئاۋۋال سۆز مەنىسىنىڭ تېگىگە يەت، سوڭ ئەپسۇس - نادامەت توغرىسىدا ئويلان.

يىگىت بۇلبۇلنىڭ سۆزلىرىدىن خىجىل بولدى ۋە ئۇنىڭغا: «راست ئېيتىسەن» دېدى. بۇلبۇل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- سەن ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ، ياخشىلىقىڭنىڭ مۇكاپاتى ياخشىلىقتۇر. مەن سېنى بۇ دەرەخ تېگىگە بىكارغا ئېلىپ كەلمىدىم. شۇ دەرەخ ئاستىدا لىق ئالتۇن قاچىلانغان كوزا بار، ئۇنى كولاپ ئېلىپ، خەج قىل.

يىگىت ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن:

- ئەي بۇلبۇل، بۇ قانداق سىركى، دەرەخ ئاستىدىكى ئالتۇننى كۆرۈپسەنۇ، ئەجىبا تۇپراق ئاستىدىكى تۇزاقنى كۆرمەپسەنغۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ھە، گېپىڭ توغرا، - دېدى بۇلبۇل، -

شۇنداق چاغلارمۇ بولىدۇكى، كىشىدە تەمە ئوتى ئۇچقۇنلىسا، كۆزى ھېچ نەرسىنى كۆرمەي قالىدۇ.

ئەمدى (پارس ئېلىپبەسىدە) «ز، خ» ھەرپلىرى بىلەن باشلىنىدىغان ماقاللارنى كەلتۈرىمىز: تىلى بىلەن دىلى بىر ئەمەس؛ زالىمنىڭ زۇلمى ئۆز پېيىنى قىرقىغۇچىدۇر؛ زالىمغا زۇلۇم قىلماق ئادالەتتۇر؛ سەۋر قاچىسى تولۇپ تاشتى، ئالەمنى قارا بۇلۇت باستى؛ ھاكىم زالىم بولسا، يۇرت ۋەيران بولۇر.

نەقىل كەلتۈرۈشلىرىچە، بىر ئالىم كىشى بىر زالىمنىڭ دىۋانىغا باردى. ئۇنىڭ مەقسىتى ناھەق زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىر كىشىنىڭ گۇناھىنى سورىتىۋېلىش ئىدى. زالىم ھاكىم ئۇ ئالىمغا تەزىم قىلىپ:

- نېمىشقا بۇ يەرگە قەدەم رەنجىدە ⑫ قىلدىڭلار، - دەپ سورىدى.

ئالىم بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ھاكىم مەھبۇسنى ئازاد قىلماق ھەققىدە بىر نەرسە يازماق بولۇپ، قەلەم ئىزدىگەنىدى، ئالىم ئۇنىڭ ئۇچىلانمىغان قەلىمىنى ئېلىپ، قەلەمتىراشى بىلەن تاراشلاپ بەردى. ھاكىم يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئالىم ھېلىقى قەلەمنى ئېلىپ، ئۇچىنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى.

- نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭلار؟ - دەپ سورىدى ھاكىم.

ئالىم ئۇنىڭغا:

- بۇ قەلەم بىلەن زۇلۇم قىلىش ھەققىدە بىر نەرسە يېزىپ قالمىغىدىك دەپ قورقىمەن. چۈنكى يازساڭ، مەن ساڭا قەلەم تاراشلاپ بەرگەنلىكىمە سەۋەبلىك، كىشىگە زۇلۇم قىلىشىڭدا ساڭ ياردەملەشكەن بولۇپ قالىمەن، - دەپ جاۋاب بەردى.

ھاكىمغا ئالىمنىڭ بۇ سۆزى قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يامان ئىشلىرىدىن قول يۇيۇپ، ئويلاپ ئىش قىلىدىغان بولدى. ھاكىم ئالىم ۋە پازىل كىشىنىڭ ياردەملىك سۆھبىتىدىن شۇنچە شەرەپ تاپتى.

ئەي ئادەم بالىسى، باشقىلارغا لۇتپ - ئېھسان قىلىشنىڭ پايدىسى ۋە ئۆزگىلەرگە ئورا قازغۇچىنىڭ ئورىغا ئۆزى چۈشۈدىغانلىقى توغرىسىدا ئاڭلا.

بېيىت:

كۆلپەت كەلمىسۇن، دەپ ئويلىساڭ باشقا،
لۇتپۇ ئېھسان كۆرسەت قېرىنيۇ ياشقا.

ھېكايەت قىلىشلىرىچە، مۇبەششىر ناملىق غۇلام شۇنداق نەقىل قىلغانىكەن:

- مېنىڭ خوجام بىر كۈنى يازغان بىر پارچە خېتىنى مۇئىز ئەددەۋلەگە يەتكۈزۈشۈمنى بۇيرۇدى. مەن مۇئىز ئەددەۋلەنىڭ سارىيىغا بېرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئەمدىلا ئولتۇرۇشۇمغا بىر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا دېدى:

- ئەگەر سەن ماڭا مۇنچىلىك مىقداردا پۇل بەرسەڭ، ناسىر ئەددەۋلەنى ئۆلتۈرۈپ كېلىمەن.

ئۇ، مەزكۇر تەكلىپنى قوبۇل قىلدى، ئارىدا توختام تۈزۈلدى. مۇئىز ئەددەۋلە ئۇ كىشىگە كۆپ ئىنئاملار ھەدىيە قىلدى.

ھېلىقى كىشى ناسىر ئەددەۋلە سارىيى ئەتراپىدا ئۇزاق ۋاقىت كېزىپ يۈردى ۋە كۆپلەپ

www.uyghurkitap.com

خىراجەتلەر قىلدى. ئاخىرى ناسىر ئەددەۋلەنىڭ سارايى خادىملىرىدىن بىرى بىلەن تونۇشۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. خادىم بىلەن بىللە ناسىر ئەددەۋلەنىڭ ئىمارەت ۋە قەسىرلىرى ئارىسىدا سەيىر قىلدى. ئۇ، يوشۇرۇنچە ناسىر ئەددەۋلەنىڭ تۇنەيدىغان جايى ۋە ئۇنىڭغا كىرىدىغان يوللارنى بىلىۋالدى. قاراڭغۇ تۈنلەرنىڭ بىرىدە ناسىر ئەددەۋلەنىڭ ياتىدىغان ئۆيىنىڭ يېقىن بىر يېرىگە مۆكۈنۈۋالدى. ناسىر ئەددەۋلەنىڭ بىر خىزمەتكارى بار بولۇپ، ئۇ ھەر دائىم ئۆز خوجىسىنىڭ بېشى تەرەپتە ياتاتتى.

تۈن يېرىمىدا قەسىر تۈۋىدە بىر دەرۋىشنىڭ: «ئەي بىدار كىشى بارمۇ، ئاچلىقىمدىن يېرىم كېچىدە ئۆيدىن چىقتىم. بالا - چاقام ئاچ، ئىككى كۈندىن بېرى ھېچنېمە يېمىدى» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ناسىر ئەددەۋلە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، يۈرىكى تىترەپ كەتتى. ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ھېچكىمنى ئويغاتماي، ياستۇق ئاستىدىن بىر نەچچە دىرھەمنى ئېلىپ ئۆگزىگە چىقىپ، دەرۋىشكە:

- ئەي دەرۋىش، ئېتىكىڭنى ئاچ، - دېدى.

- ئۈستىبېشىم يوق، - دەپ جاۋاب قىلدى دەرۋىش.

ناسىر ئەددەۋلە دەرھال كىيىمىنى يەشتى، پۇلنى ئۇنىڭغا ئوراپ دەرۋىشكە تاشلىدى. دەرۋىش: «ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن!» دېگىنىچە دۇئا قىلىپ كەتتى.

ناسىر ئەددەۋلە ئۆگزىدە تۇرغان چېغىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە يۈرگەن كىشى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆيگە كىردى ۋە ئۇخلاپ ياتقان خادىمنى ناسىر ئەددەۋلەدەپ گۇمان قىلىپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ناسىر ئەددەۋلە ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئاستا ئورنىغا ياتتى ۋە ئۇيقۇغا كەتتى. تاڭ ئاتقاندا خىزمەتكارىنى ئۆلۈك ھالدا كۆردى.

قاتىل بولسا دەرھال مۇئىز ئەددەۋلەنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ، ناسىر ئەددەۋلەنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمما بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە ئۇنىڭ تىرىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. مۇئىز ئەددەۋلە قاتىلنى تاپتۇرۇپ دارغا ئېسىشقا پەرمان چۈشۈردى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ناسىر ئەددەۋلە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى دەرۋىشكە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆگزىگە چىققانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

ئەمدى (پارس ئېلىپبەسى بويىچە) «ت» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ماقاللاردىن تىڭشاڭ: تەمە كىشىلەرنىڭ رەڭگىنى سارغايتىدۇ؛ مەرد كىشى تەمەنىڭ بېشىنى كېسىدۇ؛ دومبىرىسى يىرتىلدى (يەنى سىرى پاش بولدى)؛ مېھمانغا تاقىتى يوق ئىدى، ئۆيىنى مېھمانغا قالدۇردى؛ تەمە كىشىنىڭ ئابرويىنى تۆكىدۇ.

تەمەخورلۇق توغرىسىدا مىساللار كەلتۈرگەيمىزكى، كىشىلەر تەمەنىڭ ئىنساننى ئەيسۇس ۋە نادامەتتە قالدۇرۇپ، ئادەملەر ئالدىدا خار - بىئېتىبار قىلىدىغانلىقىنى بىلسۇن.

ئەي ئەزىز، بىلگىنكى، ئادەمزات دۇنيادا قولىدا بارىغا قانائەت قىلمىقى كېرەك، شۇنىڭدىلا ئۇ باشقىلارغا تەمە قولىنى سوزمايدۇ. كىمكى ئارتۇقچە نەرسە قوغلاشسا، مېھنەت دامىغا چۈشىدۇ، سەۋرسىزلىك ۋە تەمە ئوتى ئۇنى خارلىق كوچىسىغا باشلايدۇ، ئاخىرى ئادەملەرنىڭ نەزەرىدىن قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇنداق كىشى نادامەت تورىغا ۋە مالامەت ئوقىغا دۇچار بولىدۇ. بىلگىنكى، تەمەخورلۇق ھەممە بالالارنى كەلتۈرگۈچى ۋە جىمى ئاپەتلەرنى ياغدۇرغۇچىدۇر. ئەگەر قۇشلار ئادەملەر قويغان قىلتاققا تەمە قىلمىغىنىدا ئىدى، قىلتاق ھالقىسى بويىنىغا چۈشمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئادەم تەمە كەمىرىنى بېلىگە باغلىمىسا، خارلىق پاتقىقىغا پاتمايدۇ:

ئەي بۇرادەر، تەمە قىلمىغىن، تەمە -
ئادەمنى خارابۇ، خارۇزار قىلۇر.
ئىككى ئېغىز تىڭشا مەندەك ناسىھتىن ⑬
نەسىھىتىم سېنى بەختىيار قىلۇر.

تەمە توغرىسىدا ھېكايەت كەلتۈرگەيمىز. ئېيتىشلىرىچە، بىر كەمبەغەل كىشى بار ئىدى. ئۇ بىر بەدۆلەت كىشىنىڭ قوشنىسى ئىدى. بەدۆلەت كىشى قوشنىسىدىن دائىم خەۋەر ئېلىپ، ياغ ۋە ھەسەللىرىدىن ئۇنىڭغا كىرگۈزۈپ تۇراتتى. كەمبەغەل كىشى شۇ تۈپەيلى قىينالماي ھايات كەچۈرەتتى. بەدۆلەت كىشى بولسا ئۇنىڭ ھەمسايىلىك ھۆرمىتىنى جايىغا كەلتۈرۈپ، قولىغا نېمە چۈشسە، ئۇنىڭغا شۇنىڭدىن كىرگۈزەتتى. بەدۆلەت كىشى كىرگۈزگەن ھەسەل بىلەن ياغلارنى كەمبەغەل كىشى كوزىغا سېلىپ قوياتتى. ھېلىقى كىشى بىر كۈنى قارىسا كوزا ھەسەلگە لىق تولۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ تەمەخورلۇقى قىمىرلاشقا باشلاپ، ئۆزىگە ئۆزى دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن ھەسەل بىلەن ياغنى يىغىمەن، ئۇلارنى سېتىپ، سودىگەردەك باي بولىمەن». ئۇ شۇ خىيالدا بەدۆلەت كىشى نېمە كىرگۈزسە، ھەممىسىنى يىغىۋېرىپتۇ.

ۋاقتى كېلىپ، ئۇ بەدۆلەت كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دېدى:

- ئەي خوجام، سودىگەرچىلىك قىلماقچىمەن، مەنمۇ بېيىشنى ئىستەيمەن.

بەدۆلەت كىشى:

- ئەي بۇرادەر، قولۇڭدا بارىغا شۈكرى قىل، كېرىكىدىن ئارتۇقچە تەلەپ قىلىپ، بېشىڭدىن ئايرىلىپ قالما. بۇ خام خىيالنى قىلما، بالا - چاقاڭمۇ يوققۇ سېنىڭ، ئەخىر. سېنىڭدە تەمەخورلۇق قوزغاشقا باشلاپتۇ، ئەمدى ساڭا بېرىۋاتقان نەرسىلەرنى باشقىسىغا بېرىمەن. مېنىڭچە، سەن ئىككى ھالەتتىن خالىي ئەمەستەك تۇرىسەن: سەن ئۆتە بېخىلسەن، بېخىللىق بولسا شەيتاننى ئىللەتتۇر. ياكى سەن ھېرىس - تەمە بەندىسسەن، بارىغا شۈكرى قىلماي، زىيادە تەلەپ قىلىۋاتىسەن. ئەمدى مېنىڭ نەزەرىمدىن قالدىڭ، چىق ئۆيدىن! - دەپ ھەيدىۋەتتى ئۇنى.

تەمەگەر كۆڭلى ئاغرىپ، خاپا بولدى. ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىگە ئۆزى: «نېمىشقا بايغا بۇ گەپنى ئېيتتىڭ!» دەپ كايىشقا باشلىدى. سوڭ نەزەرى كوزىدىكى ھەسەلگە چۈشتى ۋە ئۆزىچە خىيالغا بېرىلدى: «بۇ ھەسەلنى ئون دىرھەمگە ساتىمەن، پۇلىغا بەش قوي ئالىمەن، ئالتە ئايدىن كېيىن ھەر بىرى ئىككىدىن قوزىلايدۇ، ئۇلار ئىككى يىلدا 20 بولىدۇ، بەش يىلدا بىر پادا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

ھېسابسىز پايدا كۆرىمەن. كېيىن ئۇلاردىن ھەزىللىرىنى سېتىپ، ئۆي ۋە ئۆي جابدۇقلىرىنى يىغىلايمەن. سوڭ باي ۋە ھۆرمەتلىك ئائىلىدە چوڭ بولغان گۈزەل قىزنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن. ئۇ خوتۇن جىق قىز مېلى ۋە زىبۇ زىننەتلەر بىلەن ئۆيۈمگە كېلىدۇ، ئەيش - ئىشرەت قىلىمەن. خوتۇن ماڭا ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ. ئۇ، چوڭ بولىدۇ، ئۇنى تەربىيىلەشكە كىرىشىمەن، ئەدەب ئۆگىتىمەن. ئۇ، ئۆسۈپ چوڭ بولغاندا سۆزۈمگە كىرمەي كاجلىق قىلىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئۇنى ئەدەبلەپ قويۇش ئۈچۈن، مۇشۇ تاياق بىلەن شۇنداق ئۇرىمەنكى ...»

ئۇ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن خىيالغا بېرىلگەنلىكىدىن تۇغۇلمىغان بالىسىنى ئۇرۇش ئۈچۈن تاياقنى شۇنداق كۈچەپ كۆتۈرگەنىدى، تاياق ئويۇقتا تۇرغان ھەسەل كوزىسىغا تەگدى. كوزا سۇنۇپ، ئىچىدىكى ھەسەل تەمەخورنىڭ ئۈستىگە ئېقىپ چۈشۈپ، كىيىملىرىنى بۇلغىۋەتتى. تەمەخور كىشى ئىرغىپ تۇرۇپ يەنە: «ئەي ئوغلۇم، سەن ھېلىتىنلا گېپىمگە كىرمەي كوزىنى سۇندۇردۇڭمۇ، ئالدىرىماي تۇر، قەيەرگە قاچىسەنكىن» دەپ پۈتۈن ئۆينى ئايلىنىپ، قوغلاشقا باشلىدى.

بەدۆلەت كىشى ئۇنى خاپا قىلىپ قويغىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كېلىپ، ئىشىك ئارقىسىدا تۇرغانىدى. بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، ئۆيگە كىردى. ئۈستىبېشى ھەسەلگە مىلەنگەن تەمەخورنى كۆرۈپ، ھەيران بولدى ۋە دېدى: «تەمەخورلۇق كىشىنىڭ ئابرويىنى تۆكىدۇ. ئەي جاھىل، بۇ قانداق يارىماس خىيال! بۇ نېمىدېگەن قۇرۇق تەمەگەرلىك، بۇقانداق خىرىسكى، ئۆزۈڭچە ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلماقتىسەن؟! بۇ پىكرۇ خىيالىڭنىڭ ھەممىسى ئەمرىمەھال ⑭ ئىشتۇر». باي كىشى شۇنداق دەپ ئۇ يەردىن چىقىپ، ئۆزىچە دېدى: «تەمە كىشىنىڭ رەڭگىنى سارغايتۇرىدۇ».

ئەي ئەزىز، بۇ ھېكايەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ئادەمزاتقا ئەقىل ۋە پەم يار بولغاچقا، ئىشنىڭ يولىنى قولدىن چىقارمىسۇن، ئۆز دىلىنى قۇرۇق تەمەگە، خام خىيالغا ۋە بۇزۇق پىكىرلەرگە باغلىمىسۇن! شۇ سەۋەبلىك، ئىززىتىڭدىن ئايرىلما، ئىززەت قانائەتتىن كېلىدۇ، زەخمەت تەمەدىن (كېلىدۇ)، دېيىشىدۇ.

ئەمدى، دوستلۇق ۋە ئۇلپەتچىلىك توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىمىز ۋە شۇ ھەقتىكى بەزى ماقالالارنى كەلتۈرىمىز. دانالار ئېيتىدۇرلەركى، ھەر قانداقلا ئادەم دوستلۇققا ياراۋەرمەيدۇ، دۇنيادا دوستلۇقتىن ھەم ئەزىزرەك ۋە قىممەتلىكرەك نەرسە يوق.

نەقىل قىلىشلىرىچە، ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئەل ھۇسەيىن دادىسى توغرىسىدا ھېكايەت قىلىپ، شۇنداق دېگەن:

دادام بىر كۈنى ماڭا: «ئەي ئوغلۇم، بەش تائىپە كىشى بىلەن دوستلۇق ۋە ئۇلپەتچىلىك قىلما، ئۇلار بىلەن ھېچقاچان سۆھبەت قۇرما!» دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: «ئەي ئەزىز ئاتا، ئۇلار قايسى تائىپىلەردۇر؟» دەپ سورىدىم. دادام: «بىرىنچىسى، پىسقۇپۇجۇر ئەھلى. ئۇلار سېنى خەلق ئالدىدا رەسۋا ۋە شەرمەندە قىلىدۇ. بىر لوقما نەرسە ئۈچۈن سېنى سېتىشتىن تايمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى لوقما پەرەسلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئادىتى شۇكى، سېنىڭدىن بىرەر نەرسە تەمە قىلىدۇ. ئەگەر بەرمىسەڭ، ئاغزىنى مايلىمىساڭ، خەلق ئىچىدە يامان گەپ تارقىتىدۇ، ئابرويىڭنى چۈشۈرىدۇ. ئادەملەر ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، سېنىڭ بىلەن يامان مۇئامىلە قىلىشقا باشلايدۇ» دېدى.

دادامدىن ئىككىنچى تائىپە كىشىلەرنى سورىدىم. ئۇ دېدى:

- ئىككىنچىسى، بېخىل ۋە خەسىسلەردۇر. ئەگەر سەن بىرەر نەرسىگە موھتاج بولۇپ قالساڭ، ئۇلار ساڭا ھېچقاچان بەرمەيدۇ. سېنىڭ مال - دۆلىتىڭ بار بولسا، ئۇيالماي يەيدۇ. تۈگىسە دۈشمىنىڭگە ئايلىنىدۇ. مەن بۇنى ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنمەن. پۇلۇم كۆپلۈكىدە دوستلىرىم كۆپ ئىدى. نامراتلاشقىنىمدا ئۇلار دۈشمەنگە ئايلاندى. تەنە تاشلىرىنى ياغدۇرۇشتى، ئادەم قاتارىغا قوشمىدى. دادام داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:

- ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى، يالغانچىلاردۇر. كىمدە بۇ ئادەت بارلىقىنى سەزسەڭ، ئۇنىڭدىن ئۇزاقراق يۈر! ئۇلار شارابقا ئوخشايدۇكى، سېنى ئۆز يېقىنلىرىڭدىن يىراقلاشتۇرىدۇ ۋە ياتلارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. تۆتىنچى تائىپە بولسا، جاھىل نادان ۋە ئەخمەق كىشىلەردۇر. ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبەت - پاراڭ ئاستا - ئاستا كىشىگە تەسىر قىلىپ، كىشىنى توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ، ئادەمنىڭ نىيىتىنى بۇزىدۇ. بەشىنچى تائىپە كىشىلەر گول، بوشاڭ ھەمدە دىلىدا مېھرى يوق كىشىلەردۇر. بۇنداق كىشىلەرنى مەلئۇن دەپ ئاتاش مۇناسىپتۇر.

ئەي ئەزىز، سەن ھەر دائىم ئالىم ۋە پازىل كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئىنتىل، نادان ۋە يامان نىيەتلىك كىشىلەردىن قاچ، ئۇلارنىڭ تائىپىسىگە قوشۇلما، سۆزلىرىنى ئاڭلىما، ھەتتا كېسەل بولۇپ قالسا، يوقلاپمۇ بارما! سەن يۇقىرىدىكى ھېكايەتنى ئوقۇدۇڭ، ئەمدى ئۇنىڭ مېغىزىنى چاق، ياخشى دوستلار تېپىشقا ئۇرۇن، ئۇلار سېنى دائىم قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەي! ئەمدى ساڭا يامان دوستنىڭ زىيىنى ۋە ياخشى دوستنىڭ پايدىسى، نادان ۋە ئاقىل دوستلار ئەھۋالاتى ھەققىدىكى مۇنۇ ھېكايەتنى كەلتۈرگەيمىز:

نەقىل كەلتۈرۈشلىرىچە، پارس ۋىلايىتىدە بىر باي كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ پاكىزلىك ۋە باكىرەلىك پەردىسى ئارقىسىدا يوشۇرۇنغان بىر مەھبۇبە قىزى بار ئىدى. بۇ ئىپپەتلىك ۋە يېقىملىق قىزنىڭ تۇم قارا چاچلىرى زىمىستان قارا تۈنىنى ئەسلەتسە، ھۆسن - جامالدا يېگانە جانبەخش يۈزلىرى 14 كۈنلۈك ئايغا ساۋاق بېرەتتى. بەدۆلەت كىشى بۇ قىزىنى بەك ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە باغ ۋە ئۆي قۇردۇرۇپ، دائىم قىزى بىلەن بىللە ياشايتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىرەر ئىنساننى كىرگۈزمەس، ھېچكىمگە ئىشەنمەس ئىدى. باينىڭ ئۆگىتىلگەن بىر مايمۇنى بار بولۇپ، پەقەت شۇ مايمۇنلا قىزنىڭ ئالدىدا

www.uyghurkitap.com

يۇرەلەيتتى. مايمۇنغا مەخسۇس خەنجەر بېرىلگەن بولۇپ، قىزنىڭ ئالدىغا يات كىشى كىرىپ قالسا، مايمۇن خەنجەر بىلەن ئېتىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرەتتى. قىز تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكلىرى مەھكەم بېكىتىپ قويۇلاتتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ۋىلايەتكە خۇراساندىن بىر كىشى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق بولۇپ، ئاچلىق ۋە تەڭلىك ھالىتىــگە چۈشۈپ قالدى. ئاخىرى ئۆزىگە ئوخشاش بىر كىشىنى تاپتى ۋە ئۇ كىشى خۇراسانلىققا دېدى:

- ئەي بۇرادەر، ئاچلىق ۋە تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بار. پالان دېھقاننىڭ ئۆيىــدە ناھايىتى كۆپ بۇغداي بار، ئۇنى كېچىـــــــــى ئوغرىلايمىز ۋە باشقا شەھەرگە ئاپىرىپ ساتىمىز.

ئۇلاردىن شۇبھىلىنىپ تۇرغان خان مىرشەبى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇلارنى قولغا ئالماقچى بولدى. خۇراسانلىق ۋاقتىدا قېچىــپ قۇتۇلۇپ، شېرىكى قولغا چۈشتى. مىرشەب ئۇنىڭدىن: - كىم سەن؟ نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟ - دەپ سورىدى.

ئۇ، ئالدىراپ - سالدىراپ:

- مەن ئوغرىمەن، شېرىكىممۇ ئوغرى ئىدى. بىز پالان دېھقاننىڭ ئۆيىدىن بۇغداي ئوغرىلىماقچى ئىدۇق، - دېدى.

مىرشەب كۈلدى ۋە ئۇنىڭدىن:

- نەلىكسەن؟ - دەپ سورىدى.

ئۇ تىترەپ:

- كازۋىنلىقمەن، - دېدى.

مىرشەب ئۇنىڭدىن:

- ئەقلىڭنىڭ قىسقىلىقــــــى كازۋىنلىــــق ئىكەنلىكــــڭدىن دالالەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئەي نادان، دېھقاننىڭ ئۆيىدىن نېمىمۇ چىقاتتـــــى. ئاشلىقنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتكىچە تاڭ ئاتىدۇ، ئۇنى ئۇزاققا ئېلىپ كېتەلەمتىڭ؟! ئوغرىلىققا باي - بەدۆلەت كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە چۈشىــدىغان ۋە قىممەتباھا نەرسىلەرنى ئوغرىلايدىغان ئىــش، - دېدى.

بۇ گەپلەرنى قاراڭغۇدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان خۇراسانلىق ئاڭلاپ تۇراتتى. شېرىكىنى مىرشەب ئېلىپ كەتكەندىن كېيىــن ئۆزىگە ئۆزى دېدى: «دانا كىشىلەر بىلــەن دوستلۇق ياخشىــــدۇر. شۇڭلاشقىمۇ: ‹نادان دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى›، دېيىلىدۇ. مىرشەب مەن ئۈچۈن ئەقىللىق دۈشمەن، ئوغرى بولسا نادان دوستتۇر. ئۇ مېنى ھالاكەتكە يولۇقتۇرۇشقا تاس قالدى. مىرشەبنىڭ گېپى بويىچە مەن پالان باينىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا چۈشىمەن».

ئۇ، شۇ خىياللار بىلەن باينىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئۇزاق ئايلاندى. قىز تۇرغان ئۆينىڭ تاشقىرىسىدا چوڭقۇر خەندەك بار ئىــدى. ئۇ، شۇ خەندەك ئارقىلىق قىز ۋە باي ياتىدىغان ئۆي تەرەپكە لەخمە قېزىشقا باشلىدى. تۆت كۈن دېگەندە باي ياتىدىغان ئۆي ئىچىدىن تېشىپ چىقتــــى ۋە ئەتراپنـــــى كۆزىتىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئۆي بۇرجىكىدە تۇرغان مايمۇن باينىڭ ئۈستىگە ئۆي شىپىــدىن ئېسىلىپ چۈشكەن ئۆمۈچۈكنى كۆردى ۋە غەزىپى ئۆرلەپ، باي كۆكرىكىــــدە تۇرغان ئۆمۈچۈككە خەنجەر ئۇردى. بىراق ئوغرى مايمۇننى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈردى ۋە ۋارقىراپ دېدى:

- ئەي باي، كۆزۈڭنى ئاچ، مايمۇن سېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى قىل قالدى.

باي كۆزىنى ئېچىپ، خەنجەر تۇتۇپ تۇرغان مايمۇننى كۆردى ۋە ئوغرىدىن:

- سەن كىم بولىــسەن؟ بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالدىڭ؟ - دەپ سورىدى.

ئوغرى بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلىدى ۋە ئوغرىلىققا كىرگەنلىكىنــى ئېيتتـــى. باي ئۇنىڭغا:

- نادان دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى، - دېدى ۋە كۆپلىگەن قىممەتباھا نەرسىلەرنـــى بېرىپ، ئۇنى رازى قىلدى.

**نەزم:**

جېنىڭغا قەستلىگەن دۈشمىنىڭ بولسا دانا،
نادان دوستۇڭدىن مىڭ مەرتە ئەلا.
نادان قىلغان ئىشنىڭ ھەممىسى زىيان،
پايدىسى بولسىمۇ ئىرۇر بىئامان.

ئەي ئەزىز، كۆردۈڭمۇ، خۇراسانلىق كىشى ئوغرى بولسىمۇ، ئۇنىڭدا دانالىق ۋە ئادەمىيلىك گۆھىرى بار ئىدى، شۇ تۈپەيلى پايدا كۆردى. مايمۇن ئۆزىنى باي بىلەن قىزنىڭ ھەقىقىي دوستى ھېسابلىسىمۇ، نادان ئىدى ۋە شۇ نادانلىقى ئۇنىڭ ھايات تېرىسىنى شىلىپ ئالدى. ئەي بۇرادەر، بۇ ھېكايەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سەن ھەر دائىم دانا ۋە ئاقىل كىشىلەر بىلەن ئۈلپەتچىلىك يولىنى ئىزدە! ھەر قانداق جاھىــــل ۋە نادان دوستلۇققا ئەرزىمەيدۇ.

**نەزم:**

يامان دوست ياماندۇر يامان يىلاندىن،
يىلان ئۇرار تەنگە پەقەت چىشىنى.
يامان دوست يامان شۇنىڭ ئۈچۈنكى،
ئۇ ئۇرار دوستىغا ئۆتكۈر نىشىنى.

نەقىل قىلىشلىرىچە، بىر بېخىل كىشـــى تەركىي ۋەتەن قىلىپ ئاۋارىلىك يولىنى تۇتتى ۋە سەھراغا باش ئېلىــــپ، چۆللەرنــــى كېزىشكە باشلىدى. تاسادىپەن يولدا ئىككى كىشىگە ئۇچراپ قالدى. بۇ ئىككىسىمۇ بېخىل كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلار ئۆز ئارا تونۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بېخىــــل كىشىلەر ئىكەنلىكلىرىنى بىلىشكەندىن كېيىــن، تېزدىن تىل تېپىشتى. ئۇلار يولدا قورسىقى ئاچسا بەللىرىگە توڭگۈۋالغان نانلىرىنى ئېلىشىپ، بىر - بىرىگە تەتۈر قارىشىپ يېيىشەتتى - دە، يەنە يولغا راۋان بولۇشاتتـــــى. يولدا ئۇلاردىــن بىــرى قالغانلىرىغا دېدى:

- ئەي يارانلار، سىزلەر نېمىشقا يۇرتنـــى تاشلاپ ئاۋارىلىك يولىنى تۇتتىڭىــــــزلار؟ نېمە سەۋەبتىن راھەتنى مۇساپىرلىق مېھنىتى بىلــەن ئالماشتۇردىڭىزلار؟

ئۇلاردىن بىرى دېدى:

- مەن ياشاۋاتقان جايدا ماڭا ياقمايدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى كۆرسەم رەشكىم ۋە ھەسەتخورلۇقۇم قوزغىلىپ، كۆڭلۈم دائىــم ئېزىلىپ تۇرىدۇ. بىرسى يەنە بىرسىگە ياخشىلىق قىــــلسا كۆرەلمەيمەن. ئۆزۈمگە ئۆزۈم دېدىم: «كەل، بىر - ئىككى كۈن تەركىي ۋەتەن قىلاي، ئۇلارنى كۆرمەي تۇرسام، ئېھتىمال كۆڭلۈم سەل تەسكىن تاپار». شۇنداق قىلىپ، يۇرتنى تاشلاپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپتىمەن.

ئىككىنچىسى سۆز باشلاپ دېدى:

- ياتوۋا، مېنىمۇ قىينىغان نەرسە شۇ! شۇ نەرسە تۆپەيلى مەنمۇ ئۆز يۇرتۇمنى تاشلاپ چىقتىم. قەيەرگە بېرىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

ئۈچىنچىسى دېدى:

- ھەر ئىككىڭلارمۇ مەن مۇپتىلا بولغان دەردكە ئۇچراپسىزلەر. مەن ھەم ھەسەت ئوتىغا چىدالماي ۋەتىنىمنى تەرك ئەتتىم.

ئۇلار ئۆز ئارا تىل تېپىشىپ، بىر خىل دەردكە مۇپتىلا بولۇشقانلىقىنى بىلىشكەندىن كېيىن، ئىتتىپاق بولۇپ يولىنى داۋاملاشتۇردى.

بىر يەرگە كەلگەندە، يولدا بىر ھەميان ئالتۇن تېپىۋېلىشتى. ئۇلار ئۇزاق ئولتۇرۇشۇپ، ئالتۇننى زادىلا بۆلۈشەلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھەسەتخورلۇق كاساپىتىدىن ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى بىر ئۆزى ئېلىش ئىشتىياقىدا يېنىپ، شېرىكلىرىنىڭ ئېلىشلىرىنى خالىماستى. ئۇلار ئالتۇننى پۈتۈنلەي تاشلاپ كېتەيلى دېيىشسە تاشلاپ كېتەلمەس، بۆلۈشۈپ ئالايلى دېيىشسە، ھەسەت تۆپەيلى باشقا شېرىكلىرىنىڭ ئېلىشىنى خالىماس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر كېچە - كۈندۈز چۆلدە جاڭجاللاشتى. ئاچلىق ۋە تەشنالىق ئۇلارنى ھالىدىن كەتكۈزدى.

ئۇلاردىن نېرىراقتا شۇ يۇرت ھاكىمى ئوۋ قىلىپ يۈرەتتى. چۆلدە ئۈچ كىشىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بىر كىشىنى ئەۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ كىم ھەم نېمە قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ھاكىم ئەۋەتكەن كىشى قايتىپ كېلىپ:

- ئەي ھاكىم، ئۇلار ئۈچ ھەسەتچى ئىكەن. ئالتۇن بىلەن تولغان ھەميان تېپىۋېلىشقانىكەن، بىر كېچە - كۈندۈزدىن بېرى ھەسەت تۆپەيلى ئۇنى بۆلۈشەلمەي جاڭجاللىشىۋېتىپتۇ، - دەپ خەۋەر بەردى.

ھاكىم:

- بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئوۋ بولمايدۇ، - دەپ ئاتتىن چۈشتى ۋە ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا:

- ھەر بىرىڭلەر ئۆز ھەسەتخورلۇقۇڭلارنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلەر. شۇنىڭغا قاراپ ئالتۇننى تەقسىملەيمىز، - دېدى.

ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى دېدى:

- ئەي ھاكىم، مېنىڭ ھەسەتچىلىكىم شۇ دەرىجىدىكى، مەن ھېچقاچان بىراۋغا ياخشىلىق قىلالمايمەن. مۇبادا، ياخشىلىق قىلسام، ئۇ ئادەم تىنچ - خاتىرجەم بولسا، مەن غەمكىن بولىمەن.

ئىككىنچىسى بىرىنچىسىگە قاراپ:

- سەن بېخىللىق ۋە ھەسەتخورلۇقتىن بىبەھرى ئىكەنسەن. مېنىڭ بېخىللىق ۋە ھەسەتخورلۇقۇم شۇ دەرىجىدىكى، بىر كىم يەنە بىر كىمگە ياخشىلىق قىلسا، ئۆز مېلىدىن بىراۋغا بېرىپ ئۇ ئادەمنى خاتىرجەم قىلسا، مەن ئۆزۈمنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەي قالىمەن، - دېدى.

ئۈچىنچىسى:

- ھەر ئىككىڭلاردا بېخىللىق ۋە ھەسەتخورلۇقتىن ئەسەر يوق ئىكەن. سىلەرنىڭ قىلغان دەۋايىڭلار بىر تىيىن. مېنىڭ بېخىللىق ھەم ھەسەتچىلىكىم شۇ دەرىجىدىكى، ئەگەر بىرەر كىشى ماڭا ياخشىلىق قىلسا، پايدىلىق سۆزلەرنى قىلسا، ھەسەتتىن جىگىرىم كۆيۈپ كېتىدۇ، - دېدى.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ياقىلىرىنى تۇتۇپ، ھەيرەت بارمىقىنى چىشلەپ قېلىشتى.

ھاكىم ئۇلارغا:

- ھايات سىلەر ئۈچۈن ھارامدۇر. ھەر بىرىڭلەرگە لايىقىدا جازا بەرمەك كېرەك! دانالار: «ستەمكارغا ⑮ ستەم قىلماق ئادالەتتۇر» دېيىشكەن، دېدى - دە، ھېچكىمگە ياخشىلىق قىلىشنى خالىمايدىغان ھەسەتچىنى يالىڭاباش، يالىڭاياغ، ھېچبىر يېمەك - ئىچمەكسىز چۆلنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ بېرىپ تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇدى. بىر كىمنىڭ بىر كىمگە ياخشىلىق قىلىشنى كۆرەلمەيدىغان كىشىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ھەسەت ۋە بېخىللىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئەمىر قىلدى. ئۈچىنچىسىنى بولسا يالىڭاچ قىلىپ، قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ، بوينىغا تاش ئېسىپ، دەريادا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچ ھەسەتچى ئۆز پېئىلىنىڭ قۇربانى بولۇشتى.

نەزم:

دەرمان قوبۇل قىلماس ئىللەت ھەسەتتۇر،
ھەسەتچىنىڭ غېمى كۆپتۇر - بىھەدتۇر ⑯.

ئەي ئەزىز، بۇ ھېكايەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، ئادەملەر دۇنيادا ھېچقانداق بىئازاب ۋە بالانىڭ ھەسەتخورلۇق ۋە بېخىللىقتىنمۇ ئېغىر ئەمەسلىكىنى بىلگەيلەر. ھەسەتچى كىشى ئادەملەرنىڭ شاد ۋە خۇشاللىقىدىن دائىما غەم چېكىدۇ، ئەلەم تارتىدۇ. ھە، دۇنيادا ھەسەت ۋە بېخىللىقتىنمۇ يامانراق دەرد - ئەلەم يوقتۇر! شۇنداق ئىكەن، سەن بۇنداق كىشىلەردىن ھەر دائىم يىراق يۈر، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن قاچ!

ئاقىل كىشى دۇنيانىڭ غەم - ئەلىمى ۋە بار - يوقىغا قايغۇرمايدۇ. ئارتۇقچە بايلىق - مال تېپىشقا ئىنتىلمەيدۇ. مال ۋە پۇل ئۈچۈن پەقەت جاھىل كىشىلەرلا پايپاسلايدۇ، تەكەببۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ، ئىززەت ۋە ئابرۇي كەينىدىن قوغلىشىدۇ.

ئەي ئاقىل، ئاچكۆزلۈك ۋە بېخىللىقنى ئۆزۈڭگە شوئار قىلىپ، مال ۋە پۇل تېپىشنىڭ پېيىدە يۈرمە! ھەسەت ۋە بېخىللىق كوچىسىدىن قاچ! ئۆزگىلەرگە دائىما مەدەت قولۇڭنى سوز! ھەسەت ۋە رەشكتىن ھېچكىم پايدا كۆرمىگەن، ئەكسىچە ئەل ئارىسىدا خار ۋە زەلىل بولۇپ، ئېتىباردىن چەتتە قالغان. مال - مۈلكۈڭنى بىكارغا ساقلىما، ئۇنى ئەلگە مەنپەئەت يېتىدىغان ئىشلارغا سەرپلە! پەقەت ئەخمەق ئادەملەرلا مىڭبىر مۇشەققەتتە بايلىق توپلايدىيۇ، ئۇنىڭدىن نە ئۆزى نەپ ئالالمايدۇ، نە ئۆزگىلەرگە مەنپەئەت تەگمەيدۇ! بۇنداق جاھىل كىشىلەر كۆرۈپ - بىلىپ تۇرۇپ، كۆرگىنىدىن ئىبرەت ئېلىشمايدۇ، نەپسى ئەمارە كويىغا كىرىپ، جاپا ۋە كۈلپەت كۆرىدۇ.

ئەي ئوغۇل، سۆزلىمەكچى بولساڭ، ئالدى بىلەن سۆزۈڭنى ياخشىلاپ ئويلا، سوڭ سۆزلە!

www.uyghurkitap.com

زوْروْرىيەت تۇغۇلغاندىلا سۆزلەشكە ئادەتلەن، بولمىسا جىم ئولتۇر! كۆپ ئويلاپ، ئاز سۆزلەشتە ھېكمەت كۆپ. بۇنىڭ مىسالى تەرىقىسىدە تۆۋەندىكى ھېكايەتنى كەلتۈرىمىز:

بايان قىلىنىشلىرىچە، قەدىم زاماندا بىر بەدۆلەت كىشىنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق ۋە زېرەك ئوغلى بار ئىدى. ئۇ، ئوغلىنى دانا ئالىم ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىلمۇ ھېكمەت ئۆگىتىشنى سورىدى. ئالىم بالىغا پەرۋانە بولۇپ، قولىدىن كەلگىنىچە ئىلىم ئۆگەتتى. بالا ئىمكانى بارىچە تىرىشىپ، ئالىمنىڭ ئېيتقان گەپلىرىنى دىل خەزىنىسىگە قوندۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە كۆپ ئۆتمەي دانا كىشىگە ئايلاندى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇستاز ئۇنىڭغا:

- ئەي ئوغلۇم، دۇنيادا ئامان بولاي دېسەڭ، گېپى تولىلىق قىلما، زۆرۈرىيەت بولسا سۆزلە، بولمىسا جىملىقنى ئىختىيار قىل! كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ھەر قانداق بالايۇ ئاپەت تىلدىن كېلىدۇ. ئورۇنسىز سۆزلەشتىن، كىشىلەر سۆھبىتىگە لوقما سېلىشتىن، غەيۋەت ۋە بۆھتان سۆزلەرنى ئېيتىشتىن كىشىنىڭ ئابرويى چۈشىدۇ. ئەڭ يېقىملىق خىسلەت ۋە چىرايلىق سەنئەت پېئىل - ئەتۋارنى ساقلاشنى بىلىشتۇر، - دېدى ۋە بۇ توغرىسىدا كۆپلەپ ھېكمەتلىك سۆز ھەم ماقاللارنى كەلتۈردى. بالا ئۇستازغا:

- ئەي ئۇستاز، سىلى ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندىم. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق يول تۇتۇشنى ياخشى بىلدىم؛ - دەپ جاۋاب بەردى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇ ناھايىتى كەمسۆز بولۇپ قالدى. دوستلىرى ئارىسىدا پەقەت پايدىلىق سۆز بولسا سۆزلەپ، بولمىسا جىم ئولتۇراتتى. بۇ ھالدىن ئۇنىڭ ئاتىسىنى خەۋەردار قىلدى. ئاتىسى ئۇياق - بۇياقتىن سۆزلىسىمۇ، ئوغلىدىن ھېچ جاۋاب ئالالمىدى. ئۇنى كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، تېۋىپلارنى چاقىرتىپ كەلدى. ئەمما تېۋىپلار ئۇنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئاتا ئوغلىنى زېرىكىپ قېپتۇ دەپ ئويلاپ، ئوۋغا ئېلىپ چىقماقچى بولدى. بالا ئوۋدىمۇ ھېچنەرسە دېمىدى.

قىرىشقاندەك ئوۋ قىلىش ئۈچۈن ھېچنەرسە تېپىلمىدى. ئوۋنى ھەر قانچە ئىزدىسىمۇ بەربىر ھېچنەرسە ئۇچرىمىدى. كۈتۈلمىگەندە دەرەخ ئارىسىدىن تۇتىنىڭ سايرىغان ئاۋازى كەلدى. ئوۋچىلار شۇ زامان بۈركۈتنى قويۇپ بەردى. بۈركۈت بىردەمدىلا تۇتىنى ئولجا ئالدى. تۇتىنى قەپەزگە سېلىپ، بالىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. بالا ئۇنى كۆرۈپ ئاتىسىغا دېدى:

- ئەي ئاتا، تۇتى ئۆز تىلىدىن ئىلىندى، ئەگەر ئۇ ئۆز جايىدا جىم تۇرغان بولسا، تىلىنى ساقلىغان بولسا، بېشىغا كۈلپەت چۈشمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىنىڭ بېشىغا نېمە كەلسە، تىلىدىن كېلىدۇ، دېيىشكەن.

بېيىت:

تۇتى ساقلىغاندا ئىدى تىلىنى،
قەپەز خىجىل قىلماس ئىدى دىلىنى.

ئاتىسى ئوغلىدىن بۇنداق ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلاپ، گەپ نېمىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە خۇشھال بولدى.

بەزم:

ئاتا - ئانا قاتتىق بولىدۇ خۇرسەنت،
پەرزەنتى بولسا گەر مۇناسىپ پەرزەنت.

ئەي بۇرادەر، بىلگىنكى، ئويلىماي سۆزلەشتىن كۆڭۈلگە ئازار يېتىشى مۇمكىن. جىملىق ۋە ئۇندىمەسلىكتىن بولسا ھېچكىمگە ئازار يەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە بىر ھېكايەتنى نەقىل قىلىمىز:

ئېيتىشلىرىچە، ئىبراھىم سەمەرقەندىي بىر كۈنى بازاردا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىن ئات سېتىۋالغان كىشى ئۆتۈپ قالدى. ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئۇنىڭدىن:

- ئەي بۇرادەر، ئاتنى نەچچە پۇلغا ئالدىڭ؟ - دەپ سورىدى.

ئۇ كىشى:

- مۇنچە پۇلغا، - دەپ باھاسىنى ئېيتتى.

سورىغان كىشى ئۇنىڭغا:

- بەك قىممەت ئېلىپسەن، ئۇنچىلىك پۇلغا ئەرزىمەيدۇ، - دېدى.

ئىبراھىم سەمەرقەندىي ئۇنىڭغا:

- نېمىشقا ئەخمىقانە گەپلەرنى دەپ يۈرىسەن؟ شۇ گېپىڭ بىلەن بىر نەچچە گۇناھقا يول قويدۇڭ. ئالدى بىلەن ساتقۇچىنى غايىبانە غەيۋەت قىلغان بولدۇڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن خېرىدارنىڭ كۆڭلىنى سۇندۇردۇڭ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئادەمزات ئەيىبتىن خالىي ئەمەس، ئۇ قانچىلىك پۇختا ئىش قىلسىمۇ، بىر تەرىپى كەم بولىدۇ. ئەگەر سەن جىم ئولتۇرۇپ، ئۇندىمىگىنىڭدە ئىدى، شۇنچە خاتاغا يول قويمىغان بولاتتىڭ، - دېدى.

ھېلىقى كىشى ئۆز قىلمىشىدىن ئىزا تارتىپ قالدى.

ئۇلۇغلار ئېيتىدۇ: ئالتە خىل پەيتتە ئادەمنىڭ تىلى جىم بولمىسا، ئۇنداق تىلنىڭ بولغىنىدىن كۆرە، گاچا بولغان ئەۋزەلدۇر. بىرىنچى، كۆپ سۆزلەشتە؛ ئىككىنچى، قەسەم ئىچىشتە؛ ئۈچىنچى، كىشىنى ئويالدۇرۇپ قويىدىغان بىھۇدە چاقچاق - ھەزىل پەيتىدە؛ تۆتىنچى، كىشىنى يامانلاپ تىلغا ئېلىشتا؛ بەشىنچى، ئەركەكلەر ئارىسىدا ئۆزگىلەرنىڭ خوتۇنى توغرىسىدا سۆز قىلىشتا؛ ئالتىنچى، ئۆزىنى باشقىلاردىن يۇقىرى قويۇپ ماختىنىش پەيتىدە.

بۇزۇرگمېھىر ھەكىمدىن سوراشتى:

- ئەي ھەكىم، كىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟

ئۇ دېدى:

- جىم تۇرماق. ئورۇنسىز سۆزلەشتىن كۆرە سۆزلىمەي جىم تۇرماق.

يەنە سورىدى:

- ئەگەر ئۇ بولمىسىچۇ؟

ھەكىم دېدى:

- ئەگەر ئۇ بولمىسا، كىشى ئۈچۈن ئەدەب ياخشىدۇر.

ئۇنىڭدىن يەنە سورىدى:

- ئەگەر ئەدەب ھەم بولمىسىچۇ؟

ھەكىم جاۋاب بەردى:

- يېقىملىق خۇلق، ئادەملەر بىلەن ئۇچۇق

چىراي مۇئامىلە قىلىش، دوست - دۈشمەن بىلەن مۇرەسسە قىلىش.

يەنە ئۇنىڭدىن سورىدى:

- بۇ خىسلەتلەرمۇ بولمىسىچۇ؟

ھەكىم:

- ئۇنداقتا ئادەمنىڭ ئۆلگىنى ياخشى، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئېيتىشلىرىچە، بىر كىشى بىر دانادىن نەسىھەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. دانا ئۇنىڭغا: «قورۇ - جايىڭ، ئىلمۇ - ئەدەبىڭ كىمدىن قالغان؟» دېدى. ئۇ كىشى: «ئاتامدىن» دەپ جاۋاب بەردى. دانا ئۇنىڭغا: «شۇنىڭ ئۆزى نەسىھەتتۇر. ئەگەر سەن ياخشىلىق قىلساڭ، ياخشىلىق قالىدۇ؛ يامانلىق قىلساڭ، يامانلىق قالىدۇ» دېدى.

ئەمدى دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش، ئۇنى كۈچسىز دەپ ئالدانماسلىق، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش چارە - تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى مەسەل - ھېكايەتنى كەلتۈرىمىز. بۇ ھەقتە شۇنداق بىر سۆز بار: «چىۋىنلەر قۇترىسا پىلنى يىقىتۇر». بۇ ماقالغا مۇناسىپ مۇنۇ ھېكايەتنى ئىشىت:

بايان قىلىنىشلىرىچە، بىر قۇشقاچ دەريا قىرغىقىدىكى دەرەخ تۆپىسىگە ئۇۋا سالغانىدى. شۇ ئەتراپتا بىر پىل بار بولۇپ، ھەر كۈنى دەرياغا سۇ ئىچكىلى كېلەتتى. سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن قۇشقاچ ئۇۋا سالغان دەرەخ ئاستىغا كېلىپ ياتاتتى ۋە كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ دەرەخ غولىغا قاتتىق - قاتتىق سۈركىلىپ، ئۇۋىدىكى قۇشقاچ باللىرىنى يىقىتىۋەتكىلى تاس - تاس قالاتتى. ئانا قۇشقاچ باللىرىنىڭ خەۋپ - خەتەردە قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىگە ئۆزى دېدى: «پىل مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر. دۈشمەننى ھېكمەت ۋە تەدبىر بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئاياقتىن غۇلاتماق لازىم. دانالار بىكارغا: ‹دۈشمەن بىلەن ئۇدۇل ئېلىشىشقا كۈچۈڭ يەتمىسە، ھىيلە - مىكىرنى قولدىن بەرمە›، دېمىگەن. يەنە ئۇلار: ‹چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ›، دېگەن. بۇ ئىشتا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن بىرەر تەرەپدار تېپىش، بىرلىشىپ دۈشمەننى يوقىتىش لازىم. مەن چىۋىنلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن كېڭىشىشىم كېرەك. دانالار: ‹كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس›، دېيىشكەن. ھەر بىر ئىشتا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىنسا، چوڭ ياكى كىچىكتىن تېگىشلىك بىر پىكىر چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن: ‹كىچىككىنە يىڭنە قىلغان ئىش نەيزىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ›، دەپ ئېيتىشىدۇ. يەنە ‹چىۋىن پىلنىڭ دۈشمىنى›، دېگەن ماقال ھەم بار. ‹دۈشمەننى ئاجىز چاغلىماسلىق كېرەك!›»

ئۇ، شۇنداق دەپ، چىۋىن ۋە پاشىلار ماكانىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەردارلىرىغا دېدى:

- ئەي ئەزىز دوستلار، سىزلەرگە ھاجىتىم چۈشتى. دانالار: «بېشىڭغا ئىش كەلسە مەگەر، بۇرادەردىن مەدەت كەلگەي» دېيىشىدۇ. شۇ چاغقىچە ئارىمىزدا دۈشمەنلىك بولۇپ، بىز سىزلەرنىڭ لەشكەرلىرىڭىزنى قىرىپ، باللىرىمىزغا ئوۋقىلىپ تۇتۇپ بېرەتتۇق. ئەمدى سۈلھ تۈزەيلۇق. سىزلەر پاشا - چىۋىنلەرنىڭ سەردارىسىزلەر، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، ياردەم قولۇڭىزلارنى سوزغايسىزلەر.

پاشا - چىۋىنلەرنىڭ سەردارلىرى:

- ئەي بۇرادەر، سۆزلە، نېمە ھاجىتىڭ بار؟ بىز پاشا - چىۋىنلەر قولىمىزدىن كەلسە، ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز، - دېدى.

قۇشقاچ ئۇنىڭغا:

- ئەي ئەزىز بۇرادەرلەر، دوست بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنىدۇ، دەپتىكەن. ئەمدى بىز سۈلھ تۈزۈپ، دوست بولۇشتۇق، - دېدى - دە، ئۆزى بىلەن پىل ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى ۋە ئاخىرىدا دېدى، - شۇ كۈنگىچە مېنىڭ بىر نەچچە بالام ئۆلدى. سىزلەردىن ئىلتىماسىم شۇكى، سىزلەر لەشكەرلىرىڭىز بىلەن پىلنىڭ كۆزلىرىگە ۋە قۇلاقلىرىغا كىرىپ، ئۆتكۈر نەشتەرلىرىڭىزنى سانچىسىڭىز.

پاشا - چىۋىنلەر سەردارلىرى قۇشقاچنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئەتىسى پاشا - چىۋىنلەر كۈن بويى ۋە تۈن بويى توختىماستىن پىلنىڭ كۆزى - قۇلاقلىرىغا نىش ئۇردى. پىلنىڭ كۆزلىرىدىن قان كەتتى. شۇ چاغدا قۇشقاچ چىۋىنلەر سەردارىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

- مانا ئەمدى ئارىمىزدا سۈلھ تۈزۈلدى، ھېچقانداق نىزا بولمايدۇ، بىز بۇنىڭدىن كېيىن سىزلەرگە زىيان يەتكۈزمەيمىز، - دېدى.

چىۋىنلەر سەردارى:

- بىزدىن يەنە نېمە سورايسىز؟ - دېدى.

قۇشقاچ:

- ئىتتىپاقىمىزنىڭ مۇستەھكەم بولۇپ، نىزا - ئاداۋەت پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن ئىشنى ئاخىرىغىچە يەتكۈزمەك كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇپلىنىپ بېرىپ، يارا بولغان پىل كۆزىگە تۇخۇمىڭىزلارنى قويۇسىزلەر. ئۇ يەردە قۇرت پەيدا بولۇپ، پىلنىڭ كۆزى كور بولىدۇ.

چىۋىنلەر سەردارى قۇشقاچنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە پىلنىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالدى.

قۇشقاچ يەنە ئۆزىگە ئۆزى: «ھىيلە بىلەن ئۈچ ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. ئەمما ئىشنى ئاخىرىغىچە يەتكۈزۈپ، دۈشمەننى پۈتۈنلەي ھالاك قىلمىغۇچە كۆڭلۈم تىنمايدۇ» دېدى - دە، ئۇدۇل پاقىلارنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇلارغا ۋەقەنى ئېيتىپ دېدى:

- ئەمدى پەقەت سىزلەرنىڭ ياردىمىڭىزلەر كېرەك.

پاقىلار:

- بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ - دەپ سوراشتى.

قۇشقاچ ئۇلارغا:

- سىزلەر ئادىتىڭىزلەر بويىچە تاڭ پەيتىدە دەريانىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايىغا بېرىپ كوركىرايسىزلەر. كۆزى كۆرمەي سۇساپ يۈرگەن ۋە سۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەن پىل سىزلەرنىڭ ئاۋازىڭىزلار چىققان تەرەپكە بارىدۇ. سۇ ئىچىشكە چۈشمەكچى بولىدۇ - دە، تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىدۇ ۋە سۇغا چۆكۈپ ئۆلىدۇ، - دېدى.

تاڭ پەيتىدە پاقىلار قۇشقاچنىڭ دېگىنىچە كوركىراشتى. سۇسىغان پىل پاقىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەريا لېۋىگە باردى - دە، تېيىلىپ كېتىپ ھالاك بولدى. «چىۋىنلەر قۇترىسا پىلنى

www.uyghurkitap.com

يىقىتۇر» دېگەن ماقال ئەنە شۇنداق پەيدا بولدى.

بۇ مەسىلىنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۇقكى، ھەر قانداق ئادەم ئۆز دۈشمىنىنى كىچىك ياكى ئاجىز دەپ غەپلەتتە قالماسلىقى، قانچە كىچىك بولسا، شۇنچە چوڭ دەپ، ھەر دائىم ھوشيار تۇرمىقى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ماقالدا: «كىچىككىنە دېمەڭ بىزنى، كۆتۈرۈپ سالىمىز سىزنى» دېيىلىدۇ. يەنە «مىڭ دوست كەم، بىر دۈشمەن كۆپ» دېگەن ماقال بار. كىچىككىنە ئۇچقۇندىن يانغىن پەيدا بولۇپ، پۈتكۈل ئالەمنى كۆيدۈرۈپ تاشلىشى مۇمكىن.

بۇ گەپلەردىن خۇلاسە شۇكى، دۈشمەننى بىچارە دەپ ھېسابلىما، چىۋىن بىلەن پىل توغرىسىدىكى مەسىلىدىن ئىبرەت ئال! شەيخ سەئدىي ئېيتىدۇ:

چىۋىنلەر قوزغىسا، يوغان گەۋدىلىك
پىلنىمۇ غۇلىتىپ غەمگە سالغۇسى.
ئۆز ئارا بىرلەشسە ئەگەر چۈمۈلە،
شىرنىڭ تېرىسىنى شىلىپ ئالغۇسى.

ئەي بۇرادەر، بىلگىنكى، دۈشمەن توغرىسىدا شۇنداق ماقاللار بار: «دۈشمەننى كۈچسىز دېگىلى بولماس» ياكى «دۈشمەن ھېچقاچان دوست بولمايدۇ، قەنت قىزىلچىسى گۆش بولمايدۇ».

ئەي پەرزەنت، ئەمدى تۆۋەندىكى ھېكايەتنى تىڭشاپ، ئۇنىڭ مېغىزىنى چاق، ئىبرەت ئال:

ھېكايەت. ئۆزىنى ئىنتايىن كەمتەر تۇتىدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان، ھەر زامان ئىلىم ئىزدەپ يۈرىدىغان بىر كىشى بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر ئالىمنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ، زىيارەتكە بارماقچى بولدى. قولىدا ھېچنەرسىسى بولمىغانلىقتىن، يولدا بىر ئاز رەيھان شېخى تېپىپ سوۋغا تەرىقىسىدە ئالىمنىڭ ئالدىغا قويدى، تىزلىنىپ ئالىمنىڭ قولىدىن سۆيدى. لېكىن، ئالىم ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالمىدى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلمىدى. بۇنىڭدىن ئىلىم تالىبىنىڭ دىلى ئاغرىدى، بىرچەتكە بېرىپ ئۈندىمەي ئولتۇردى ۋە ئۆزىگە ئۆزى دېدى: «بۇ ئالىم ئۆز ئىلمىگە مەغرۇرلىنىپ كېتىپتۇ. بىردەم ئولتۇراي چۇ، قېنى، نېمىگەپ بولار ئىكىن، شۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتاي». ئۇ، شۇ خىيال بىلەن ئولتۇرغىنىدا تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، ئالىپتە كىيىنگەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئارقىسىدىن تۇگۇنچەك كۆتۈرگەن خىزمەتكارى پەيدا بولدى. ئالىم ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، باينىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى. ئىككى قولىدىن تۇتۇپ تۆرگە ئولتۇرغۇزدى ۋە قويۇق ھال - ئەھۋال سورىدى. خىزمەتكار قولىدىكى تۇگۇنچەكنى ئالىمغا بەردى. ئالىم:

- خۇش كېلىپسىز، سىزنى كۆرگىنىمدىن غايەت خۇرسەنمەن، - دەپ مېھماندارچىلىقنىڭ پۈتكۈل قانۇن - قائىدىسىنى جاي - جايىغا كەلتۈرۈپ، زىيابەت قىلدى. سوڭ ھەممە شاگىرتلىرى كىتابلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرۇشتى. باي بىلەن ئالىم ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت قىزىپ كەتكەندى، ئىلىم تالىبى بولمىش كەمتەر كىشى ئۆزىگە ئۆزى: «بۇ ئالىم ھەقىقەتەنمۇ ئەدەبسىز ئىكەن، ئۇنى باپلاش پەيتى كەلدى» دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالىمنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭغا دېدى:

- ئەي ئالىم كىشى، مۇشكۈل بىر مەسىلىگە جاۋاب بەرگەيلا.

ئالىم ئۇنىڭدىن:

- نېمە مەسىلە؟ - دەپ سورىدى.

ئىلىم تالىبى ئۇنىڭغا دېدى:

- ئەي مەۋلانا، سىلى بۈگۈن ئىلمۇ پەزل دەۋا قىلىۋاتىدىلار. ئېيتىسىلىچۇ، سىلىنىڭ پىكىرلىرىچە سالام نەچچە خىل بولىدۇ؟

ئالىم:

- سالام بىر خىل بولىدۇ، سالام - ئىلىك ئېلىش ھەممە كىشىگە ۋاجىبتۇر، - دېدى.

ئىلىم تالىبى ئۇنىڭغا:

- ياق، سىلىنىڭ نەزەرلىرىدە سالام ئىككى خىل بولىدۇ. سىلى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئۆزلىرى قارشى چىقماقتىلار، - دېدى.

ئالىم ئۇنىڭغا ھومىيىپ:

- بۇ گەپلەرنى نەدىن تېرىۋالدىڭ؟ - دېدى.

ئىلىم تالىبى داۋام قىلدى:

- سىلى سالام - ئىلىكتە باي بىلەن كەمبەغەل ئارىسىدا پەرق بار دەپ بىلىدىلار. مەن بۇنىڭدىن بىر نەچچە دەقىقە (مىنۇت) ئىلگىرى ئالدىلىرىغا كېلىپ سالام بەردىم. قولۇمدا ھېچنەرسە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئىلىك ئالمىدىلار. بىر ئازدىن كېيىن يانلىرىدا ئولتۇرغان بەدۆلەت كىشى كىردى، ئۇنىڭ خىزمەتكارىنىڭ قولىدىكى تۇگۇنچەكنى كۆرۈپ، سالىمىنى ئىلىك ئالدىلار ۋە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنى تۆرگە ئۆتكۈزدىلەر. مانا مۇشۇ قىلىقلىرى بىلەن سالام بىر خىل بولىدۇ، سالام - ئىلىك ھەممە كىشىگە ۋاجىب، دېگەن سۆزلىرىگە قارشى چىقتىلار. دانالار كىتابىدا: «بىر كىمسە سىزگە سالام بەرسە، ئۇنىڭ سالىمىدىنمۇ ياخشىراق قىلىپ ئىلىك ئېلىڭ» دېيىلگەنىدى، ئەخىر! سىلى ئىلىمنى بايلىق تېپىش ئۈچۈنلا ئۆگەنگەن ئىكەنلەر. بىزدەك بىچارىلەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم خار كۆردىلەر.

ئولتۇرغانلار ئىلىم تالىبىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ، باش قىمىرلىتىشتى. ئىلىم تالىبى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:

- ئىنسان ئۈچۈن مېھماندىن ئەزىزرەك نەرسە يوق. مەن سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە مېھمان سۈپىتىدە كەلدىم. سىلى ئىنسانلار ئادىتىنىمۇ ئاياغ ئاستى قىلدىلار. مېھماننى ھۆرمەتلەش ئورنىغا سالىمىنى ئىلىك ئېلىشنىمۇ لازىم كۆرمىدىلەر. كىتابلاردا: «كىمكى مېھماننى ئەزىزلىمىسە، ئۇ ئادەم ئەمەس» دېيىلگەن. يەنە بىر يەردە: «مېھمانغا ئوچۇق يۈز ۋە شېرىن سۆز بولۇش 100 يىللىق تائەت - ئىبادەتتىن ياخشىدۇر» دېيىلگەن. سىلى ئىلىملىرىگە مەغرۇرلىنىپ، ئۆپچۆرىلىرىگە ھەر خىل كىتابلارنى يىغىۋېلىپ، بايلىق توپلاش يولىغا كىرىپ كېتىپتىلار. ئەتراپلىرىغا شۇنچە كىتابنى يىغىۋالغان بىلەن، ئۇلاردا يېزىلغان نەرسىلەرگە ئەمەل قىلمىسىلار، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا؟!

ئىلىم تالىبىنىڭ گەپلىرىنى ئىشىتكەن ئادەملەر ئۇنىڭغا ئالقىش ئېيتىشتى. ئالىم بولسا قىزارغىنىچە ئولتۇرۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. كېيىن غوتۇلداپ:

- ئەي بۇرادەر، نېمىشقا ماڭا بۇنچىلىك يېپىشىۋالدىڭ، ئەخىر مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ - دېدى.

ئىلىم تالىپى دېدى:

- سىلىنى ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان دېسەم، يەنە تېخى گەپنىمۇ چۈشەنمەيدىغان كىشى ئىكەنلار. شۇنچە گەپلىرىم ۋە كەلتۈرگەن دەلىللىرىم سىلىگە تېخى تەسىر قىلماپتۇر. ھەممە كىتابلاردا پېقىر ۋە بىچارە كىشىلەرگە ياردەم قىلىڭلار، تالىپى ئىلىملەرنى ھۆرمەتلەڭلار، دېيىلىدۇ. سىلى بۇنىڭ ئەكسىنى قىلدىلار، يانلىرىدا ئولتۇرغان بايىنى ئەزىزلىدىلەر، بىزدەك بىچارە ۋە ھېچنەرسىسى يوق كىشىلەرنى خار كۆردىلەر. ئىلىم ئۆزلىرىدەك كىشىگە ھەيىپتۇر! ⑰.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن، ئىلىمنى بايلىق تېپىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالغان ئالىم مات بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۆزرە سوراشتىن باشقا ئىلاجى قالمىدى ۋە خاتالىقىغا ئىقرار بولدى. ئىلىم تالىپى بولسا، بۇنداق كىشىدىن ئىلىم ئۆگىنىشنى نامۇناسىپ دەپ بىلىپ، ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

ئەي ئەزىز، بىلگىنكى، كىشى ئۆز تىلىغا دائىم ئېھتىيات بولمىقى، ھەر بىر سۆزنى ئويلاپ سۆزلىمىكى لازىم. كىشى قەيەردە بولسۇن ۋە قاچانلا بولسۇن تىلىنى يامان سۆزلەردىن ئاسرىسا، ئويلاپ، مۇلاھىزە بىلەن سۆزلىسە، دائىم پايدا كۆرىدۇ. ئېيتىلغان سۆز ئېتىلغان ئوق، ئۇنى قايتۇرۇپ بولمايدۇ. كۆپ سۆزدە كۆپ خاتا بولىدۇ، دېيىشىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆز تىلى تۈپەيلى ئۆزىنى بالا دامىغا مۇپتىلا قىلىدۇ. كۆكرەككە قادالغان نەيزىنى چىقىرىۋالغىلى بولۇر، كۆڭۈلگە سانچىلغان سۆز زەھىرىنى چىقىرىۋالغىلى بولماس.

سۆزنى ئويلاپ سۆزلىمەك ۋە تىلنى يامان سۆزلەردىن ئاسرىماق لازىملىقى ھەققىدە تۆۋەندىكى ھېكايەتنى كەلتۈرىمىز:

ھېكايەت. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كىشىنىڭ يېيىشكە ئېشى، سېتىۋېلىشقا پۇلى بولمىغانلىقتىن، ئاچلىق بالاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كوچا - كويلارنى كېزىپ يۈرەتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر ئۆينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر كىشىنىڭ ئۆزىچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ھويلىغا كىرىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئوچۇق تۇرغان دەرىزىدىن ئۆي ئىگىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆي ئىگىسى توقۇمىچى بولۇپ، چىرايلىق ماتاغا رەڭدار بېزەكلەرنى توقۇپ، ئاچايىپ - غارايىپ گۈللەر رەسىمنى سالاتتى. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى كىشى ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپ قالدى ۋە خېلى ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ھەم سەزمەي قالدى. ئۆزىچە ئويلاپ دېدى: «بىر ئاز سەۋر قىلاي، توقۇمىچى ئىشنى ھېلى تۈگىتىدۇ ۋە ئۇخلاشقا ياتىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئاستا ئۆيگە كىرىمەن - دە، ئۇ توقۇغان ماتانى ئوغرىلايمەن ۋە بازارغا ئاچىقىپ ساتىمەن، شۇنىڭ بىلەن بەھوزۇر كۈن ئۆتكۈزىمەن». ئۇ، شۇ خىيال بىلەن تاماشىسىنى داۋاملاشتۇردى. بولۇپمۇ توقۇمىچىنىڭ ئېيتقان ناخشىسى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. توقۇمىچى بىردەم - بىردەم: «تىل باشنىڭ پاسىبانىدۇر» دەپ تەكرارلايتتى.

توقۇمىچى تاڭغا يېقىن ئىشنى تاماملىدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان رەڭدار بېزەكلىك ماتانى توقۇپ تۈگەتتى. كېيىن ئۆزىچە سۆزلەشكە باشلىدى: «ئەي تىل، سەن مېنى شەرمەندە قىلما! دانالار: ‹كىشىگە نېمە كەلسە، تىلدىن كېلىدۇ› دېيىشكەن. ئەتە پادىشاھ ئالدىدا مېنى جېنىمدىن جۇدا قىلما. ئەي تىل، سېنىڭدىن ياردەم تىلەيمەن، ماڭا مەدەت قىل، پادىشاھ ھوزۇرىدىن ساق - سالامەت يېنىپ چىقىشىمغا ياردەم بەر!»

توقۇمىچىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشىنىڭ ھەيرانلىقى يەنىمۇ ئاشتى. «بۇ يەردە نېمە سىر باردۇ؟» دەپ ئويلىنىپ قالدى. سوڭ بۇ ھالەتنى ئاخىرىغىچە كۆزەتمەكچى بولدى. توقۇمىچى ئەتىگەندە ھېلىقى توقۇغان رەختنى كۆتۈرگىنىچە پادىشاھ سارىيىغا قاراپ ماڭدى. ھېلىقى كىشىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئىزمۇ ئىز يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىردى. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەئيانلىرى توقۇلغان رەختنى ئېچىپ كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ۋە بۇ تېپىلغۇسىز سەنئەتكە تەھسىن ئوقۇشتى. ناھايىتى شادلانغان پادىشاھ توقۇمىچىغا قاراپ:

- ئەي توقۇمىچى، ئېيتقىنچۇ، بۇ ئاجايىپ رەختنى قەيەرگە قويسا ۋە نېمىگە ئىشلەتسە بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى.

توقۇمىچى بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن دېدى:

- ئەي پادىشاھ، ئۇنى ھازىرچە ئىشلەتمەي كونىراتماستىن خەزىنىگە سېلىپ قويۇپ، سىز ۋاپات قىلغان چاغدا تاۋۇت ئۈستىگە يېپىپ قويسا، ھەممە كىشى كۆرۈپ تاماشا قىلىپ، لەززەت ئالغان بولۇر ئىدى.

پادىشاھنىڭ چىرايى ئۆزگۈرۈپ، غەزىپى ئوت ئالدى. ھېلىقى توقۇمىچىنى دەرھال دارغا ئېسىپ، جېنىدىن جۇدا قىلىشقا پەرمان بەردى.

ئادەملەر ئىچىدە تۇرغان ھېلىقى كىشى تۇغۇچ قىلىپ ئالدىغا چىقتى. تىز چۆكۈپ پادىشاھقا ئەرز قىلدى:

- ئەي پادىشاھ، ئەگەر رۇخسەت قىلسىلار، بۇ توقۇمىچىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرسەم.

پادىشاھ رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ھېلىقى كىشى گەپ باشلاپ:

- مەن بىچارە كىشىمەن. ئوغرىلىق قىلغىلى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەنىدىم. دانالار: «ئوغرى بول، مەرد بول» دېگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، ھەدەپ ئۆزىچە: «تىل باشنىڭ پاسىبانى. ئەي تىل، مېنى پادىشاھ ئالدىدا شەرمەندە قىلما! مېنى ئاسرىغايسەن، ياردەم قىلغىن!» دەپ تەكرارلايتتى، - دەپ كېچىسى بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىككى - چىككىگىچە ئېيتىپ بەردى.

پادىشاھ بۇ كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى تۈپەيلى توقۇمىچىنى كەچۈرۈپ، ئازاد قىلدى. ھېلىقى كىشىگىمۇ ئىنئاملار بېرىپ، ئۆيىگە جۆنەتتى.

ئەي ئوغۇل، بۇ ھېكايەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سەن ئۆز تىلىڭغا ئېھتىيات قىل، ھەر نەرسىنى ئويلىماي ۋالاقشىۋەرمە. بۇ ھېكايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئىبرەت كۆزى بىلەن باق ۋە ھەمىشە ئۆزۈڭگە ھوشيار بول!

www.uyghurkitap.com

ئەي ئەزىز، كىشىگە رەنجى مېھنەت يۈزلەنگەندە، ئۇنىڭ سەۋر - تاقەت قىلمىقى ئەڭ ياخشى خىسلەتتۇر.

ھېكايەت. نەقىل قىلىنىشلىرىچە، بىر كۈنى فەزل ئىبنى ئابدۇللا ئالدىغا بىر كىشى كىرىپ، ئەرز قىلىپ دېدى:

- ئەي شەيخ، كېچىسى ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپ، ھەممە مال - دۇنيايىمنى ئېلىپ كەتتى، مەن بار - يوقۇمدىن ئايرىلىپ، ئاچ ئالدىم.

شەيخ ئۇنىڭغا دېدى:

- مالىڭ، شۈكرى قىل، ھېلىمۇ ياخشى شەيتان ئەمەسكەن. ئەگەر ئۇ شەيتان بولغىنىدا ئىدى، دىلىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئادەمگەرچىلىكىڭنى ئوغرىلاپ كېتەتتى.

ھېكايەت. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھارۇن ئەررەشىد يەھيا بەرمەكىينى يېڭىپ، ئۇنىڭ سۇلالىسىنى ئۆلاتقاندىن كېيىن، كىمدە كىم ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالسا، شۇنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە ئۆزىنى جازالاش توغرىسىدا پەرمان بەرگەنىدى. بىر كۈنى ھارۇنغا: «پالان مەھەللىدە دۇنيا كۆرگەن بىر چال ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ئادەملەرنى يىغىپ، يەھيا بەرمەكىينى ماختاپ ۋەز ئوقۇۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. ھارۇن بىر نەچچە كىشىگە ئاشۇ بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، دالدىدا يوشۇرۇنۇپ ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە پەرمان بەردى. ئۇلار بېرىپ قارىسا، ھەقىقەتەنمۇ ھېلىقى بوۋاي ئەتراپىغا ئادەملەرنى توپلاپ يىغلىغان ھالدا بەرمەكىيگە دۇئا قىلىپ، ئۇنى ماختىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ يىغلىشى تۈگەپ، بوۋاي تاشقىرىغا چىققاندا، مۆكۈنۈپ تۇرغان ھارۇننىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭغا: «خەلىپە ھارۇن پەرمانى بويىچە سېنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمىز» دېيىشتى. بوۋاي ئۇلارغا: «مەيلى، پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرىمەن، خەلىپىنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەگەر رۇخسەت بەرسىڭىزلەر، بالىلىرىمغا ۋەسىيەتنامە يازسام» دېدى:

ئۇلار بوۋايغا:

- ھازىر ئۆيۈڭگە بېرىپ ۋەسىيەتنامە يازىدىغان پەيت ئەمەس. مەيلى، مۇشۇ يەردە يازغىن، - دېيىشتى.

بوۋاي دەرھال ۋەسىيەتنامە يېزىپ، غۇلامى ئارقىلىق ئۆيىگە ئەۋەتتى. كېيىن ئۇنى ھارۇن ئالدىغا ئېلىپ باردى. ھارۇن ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا غەزەپلىنىپ ۋارقىرىدى:

- سەن ئۆز قىلمىشىڭنى مەندىن يوشۇرماقچى بولدۇڭمۇ؟! نېمىشقا مەن نابۇت قىلغان كىشىلەرنى ماختاپ يۈرىسەن؟! مانا ئەمدى تىلىڭنى سۇغۇرۇپ ئېلىشنى بۇيرۇيمەن.

بوۋاي تۇغۇچ قىلىپ دېدى:

- ئەي ئەمىر، مەن سېنىڭ غەزەپلىنىشىڭگە سەۋەب بولدۇم. تەڭرىم ساڭا رەھىم ئاتا قىلسۇن! سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىشىڭنى سورايمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلساڭ رازىمەن.

ھارۇن شېرىن سۆزلۈك بۇ بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ئەھد قىلىپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. بوۋاي سۆز باشلىدى:

- ئەي ئەمىر، مېنىڭ ئىسمىم مەنزىر ئىبنى مۇغىرەدۇر. مېنىڭ ئۇرۇق - ئەجدادلىرىم دەمەشىقنىڭ ئېتىبارلىق كىشىلىرىدىن ئىدى. تەلىيىم تەتۈر كېلىپ، دۆلىتىم قولدىن كەتتى، قولۇمدىكى ھەممە نېمەمدىن ئايرىلىپ، جاھانكەزدىلىككە چۈشتۈم. ھېچ يەردە خۇشاللىق كۆرمىدىم. قىيىنچىلىق ۋە كەمبەغەلچىلىك ئوتى ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈردى. بىر كۈنى باغداتقا كەلدىم. خوتۇنۇم ۋە بالىلىرىمنى بىر مەسچىتكە قويۇپ، بىرەر كىشى يېقىرلىقىم جاراھىتىگە مەلھەم قويۇرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە كوچىغا چىقتىم. بىر يەرگە كەلسەم، ياسىنىپ - تارىنىپ ئاتلارغا مىنىشكەن بىر توپ كىشى ئۆتۈپ كېتىشىۋاتىدۇ. ئىچىمدە: «بۇلار ئەلۋەتتە مېھماندارچىلىققا كېتىشىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدىم. ئاچلىققا تاقەت قىلالمىغانلىقىمدىن ئۇلارغا قوشۇلۇپ، بىللە كېتىۋەردىم. بىر چاغدا چىرايلىق زىننەتلەنگەن بىر سارايغا كىردۇق. ھەيران بولۇپ، يېنىمدىكى كىشىدىن: «بۇ قانداق ساراي، بۇ توپلانغانلار كىملەر؟» دەپ سورىدىم. ھېلىقى كىشى: «بۇ، يەھيا بەرمەكىينىڭ ئۆيى، ئۇنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. بۈگۈن بۇ يەردە نىكاھ تويى بولىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن خادىملار ئولتۇرۇشتىكى ھەر بىر كىشى ئالدىغا بىر تاۋاقتىن ئالتۇن قويۇشقا باشلىدى. ئۇلۇغ كىشىلەر قاتارى ماڭىمۇ بىر تاۋاق ئالتۇن ۋە ئۇستىباش ھەدىيە قىلىنىشتى. مەن خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يېنىپ چىقتىم. شۇ چاغدا ئارقامدىن يېتىپ چىققان غۇلام مېنى چاقىرىپ قالدى. ئىچىمدە: «تۈگەشتىم، ھازىر ئىنئام قىلغان نەرسىلەرنى تارتىپ ئالىدۇ» دەپ ئويلىدىم.

مېنى يەھيانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ، مېھرىبانلىق بىلەن ھال - ئەھۋال سوراپ، يۇقىرىدىن جاي كۆرسەتتى ۋە دېدى:

- كۆرۈنۈشۈڭدىن مەلۇمكى، سەن مېھمانغا كەلگەن بۇ مۆتىۋەر كىشىلەر ئارىسىدا يات كىشىگە ئوخشاپ تۇرىسەن. ئېيت، قەيەرلىكسەن؟

مەن ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى باشتىن - ئاياغقىچە ئېيتىپ بەردىم. يەھيا:

- بۇ شەھەرگە قاچان كەلدىڭ، قەيەردە تۇرىسەن؟ - دەپ سورىدى.

- يېقىندىلا كەلدىم. بالا - چاقىلىرىمنى پالان مەسچىتكە قويۇپ كەلدىم، - دەپ جاۋاب بەردىم.

ئۇ ماڭا:

- بوپتۇ، خاپا بولما، خاتىرجەم ئولتۇۋەر، - دېدى - دە، خادىمىنى چاقىرىپ، قۇلىقىغا بىرنېمىلەردېدى، سوڭ يەنە مەن بىلەن پاراڭغا كىرىشتى. باشقىلار قاتارى ماڭا يەنە ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ، ئىنئام - ئېھسانلار ھەدىيە قىلدى. مەن ئۇنىڭدىن كېتىشكە رۇخسەت سورىسام، ئۇنىمىدى. بالىلىرىمنىڭ يالغۇزلۇقىنى ئېيتتىم. ئۇ: «مەسچىتتىكى كىشىگە بىركىم چېقىلمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئىلاجىسىز، توي تەنتەنىسىدە تۈننى ئۆتكۈزدۈم. تاڭغا يېقىن يەھيا ماڭا:

- ئەگەر ئايالىڭدىن ئەنسىرەۋاتقان بولساڭ، بوپتۇ، بارغىن، ئۇلارنى كۆرۈپ كەل، - دېدى ۋە خادىمىنى قوشۇپ قويدى. مەسچىتكە قاراپ

كىيتىۋاتسام، خادىم مېنى باشقا ياققا باشلىدى. بىز بىر ھەشەمەتلىك سارايغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە خادىم ماڭا: «بالا - چاقىلىرى شۇ يەردە» دېدى. ئىچكىرى كىردىم. ئىككى خوجىدار، بىر نەچچە قاراۋۇل ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ماڭا تەزىم قىلىشتى ۋە: «كىرسىلەر، بۇ سىلىنىڭ سارايلىرى» دېيىشتى. ئىچكىرىگە كىرىپ بالا - چاقىلىرىمنى كۆردۈم ۋە شادلىقتىن كۆزۈمنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالدىم. ئەتىسى يەنە يەھيانىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ مېنى يەنە مېھرىبانلىقى بىلەن خۇشال قىلدى.

بوۋاي شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ يىغلاشقا باشلىدى، كېيىن دېدى:

- ئەي ئەمىر، ياخشىلىققا شۈكرانىلىق قىلماي، تۇزىنى يەپ، تۇزلۇققا تۈپۈرۈش نامەردلىكقۇ!

ھارۇن ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدى ۋە بوۋايغا مىڭ دىنار بېرىپ يولغا سېلىپ قويۇشنى تەيىنلىدى. بوۋاي ئىنئامنى ئېلىپ، يەر سۆيۈپ تۇرۇپ، دېدى:

- بۇمۇ بەرمەكىينىڭ بەركىتىدىن!

«نېمەتكە شۈكرى قىلماق نېمەتنى زىيادە قىلىدۇ» دېگەن ماقال شۇ كۈنلەردىن قالغان.

ئەي ئەزىز، بۇ ھېكايەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، كىشىلەرگە قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ ئادەملەر خاتىرىسىدە مەڭگۇ ئۇنتۇلماسلىقىنى ھەركىم چۈشەنگەي! دېمەك، ئاقىل كىشى شۇنداق كىشىكى، دۇنيادا پەقەت ياخشىلىق قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيدۇ. بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن شۈكرى قىلماق ئادەمنىڭ مەرتىۋىسىنى ئاشۇرىدۇ، مەقسەت ھوسۇلىغا يول ئاچىدۇ.

ھەكىم فىردەۋسىي بۇزۇق تەربىيىلىك كىشىلەر توغرىسىدا تۆۋەندىكى نەزمنى كەلتۈرىدۇ:

نەزم:

ئاچچىق بولسا دەرەخ، ئۇنى كۆچۈرسەڭ،
جەننەتكە ئېلىپ بېرىپ، ياخشىلاپ تىكسەڭ.
كەۋسەر سۈيى بىلەن سۇغۇرساڭ ئۇنى،
ئوغۇت ئۈچۈن ھەسەل سالساڭ ھەر كۈنى.
ئاقىۋەت مېۋىسى پىشقىنى زامان،
ئاشۇ ئاچچىق مېۋە بولۇر بىگۇمان.

ئەي ئەزىز، ئاگاھ بول ۋە بۇ نەسىھەتلەرنى قۇلىقىڭدا چىڭ تۇت: ھەر دائىم ياخشى كىشىلەر بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىل! نائەھلى ۋە يارىماس كىشىلەردىن قاچ! ھۇرۇن، خەسىس ۋە بېخىل ئادەملەر بىلەن سۆھبەت قۇرمىغىلكى، ئۇلارنىڭ تەسىرى ساڭىمۇ يۇقمىسۇن!

نەزم:

ئەي جانىم، يارىماس كىشىلەردىن قاچ،
باشلىمىسۇن سېنى يامانلىق تامان.
ماڭغىن سەن ئەگىشىپ ياخشىلار ئىزىن،
بولۇرسەن شۇندا سەن ھەر دائىم ئامان.

ئەي ئەزىز، خەلقىڭگە ھەر دائىم ياخشىلىق قىل، قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۇلاردىن ساڭا قايتىدۇ. ھېچكىمگە قەستەن يامانلىق قىلما، كىمكى يامانلىق قىلسا، شۈبھىسىز، بۇ قىلغان يامانلىقى ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە قايتىدۇ. ئادەملەر شۇنداق ئادەتكە ئىگىدۇركى، ئۇلار ھاياتتا دائىما بىر - بىرلىرىگە ياخشى ئالاقىدە بولۇشىدۇ، سۆھبەت قۇرۇشىدۇ، بىرىدىن بىرى ئۆگىنىدۇ، بىرىنىڭ تەسىرى ئىككىنچىسىگە ئۆتىدۇ. ياخشىغا قوشۇلغان كىشىلەر ياخشىلىقىسىرى يۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئالىم، دانا، پازىل ۋە بىلىمدان كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بول، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى كىشىنىڭ دىل ئەينىكىدىن ھېرىس، تەمە، بېخىللىق غۇبارىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ.

ئەي ئەزىز، بىلگىنكى ھەقىقىي سۆھبەت ئادەمنىڭ قەلبىگە قاراپ بولىدۇ، يەنى بىر ئادەمنىڭ دىلىدىن ئىككىنچى بىرسىنىڭ دىلىغا كۆزنەك ئېچىلمىغۇنچە، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا چىن مۇھەببەت ۋە سىرداشلىق ھاسىل بولمايدۇ. . شۇنىڭ ئۈچۈن دانالار: «كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار» دەپ ماقال توقۇشقان. كۆڭۈل كۆڭۈل بىلەن تېپىشقاندىلا، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىدۇ، شۇنىڭدىلا ھەقىقىي سۆھبەت، ساپ دوستلۇق پەيدا بولىدۇ. جالالىددىن رۇمىي ئۆز مەسنەۋىيلىرىدە پاكلار سۆھبىتىنى تۆۋەندىكىدەك كۈيلەيدۇ:

نەزم:

ياخشىلارنىڭ سۆھبىتىنى كۆڭلۈڭگە سال،
ھېچ يامانىنىڭ سۆھبىتىنى قىلما خىيال.
كۆر، قىزىلگۈل باغ ئىچىن خەندان قىلۇر،
مەرد كىشى نامەردنى ھەم ئىنسان قىلۇر.
گەرچە سەن بولساڭ ئەگەر مەرمەر كەبى،
ياخشى بىرلە بولغايسەن گۆھەر كەبى.

بۇزۇرگمېھرىدىن سورىدى: «نېمىشقا سەن قولۇڭدىن كەتكەن نەرسىگە خاپا بولمايسەن ۋە قولۇڭغا كەلگەن نەرسىدىن شادلانمايسەن؟». ئۇ دېدى: «قولدىن كەتكەن نەرسىنى خاپىلىق ۋە غەمكىنلىك بىلەن تېپىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەزىز ئۆمۈرنى بولسا مال - دۇنيا شادلىقى بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، يەنە نېمىگە پايدىسىز نەرسە ئۈچۈن غەم قىلاي ۋە ماڭا بىر ئۆمۈر ۋاپا قىلمايدىغان نەرسە بىلەن شادلىناي؟!»

ئەي ئەزىز، بۇ سۆزلەردىن ئىبرەت ئالغىلكى، قولۇڭدىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرما، ئۇنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ؛ مال - دۇنياغا شادلانما، ئۇ بىر ئۆمۈر سېنىڭ بىلەن قالمايدۇ. بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلا. بېشىڭغا قىيىن ئىش كەلسە، مۇناسىپ تەدبىر كۆرۈشنى ئۆگەن! ساڭا ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى مۇناسىپ ھېكايەتنى كەلتۈرىمىز:

ئېيتىشلىرىچە، بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئارىسىدا بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ، دەريا سەپىرىگە چىققانىدى. تۇيۇقسىز قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپ، كېمە قىياغا ئۇرۇلدى ۋە كېمىدىكى كىشىلەر غەرق بولدى. ھېلىقى كىشى بولسا كېمىدىن ئاجرىغان بىر تال تاختىغا يامىشىپ قىرغاققا چىقىۋالدى. ئۇ، قىرغاقتا توپلىنىپ تۇرغان ئەمىر ۋە ۋەزىرلەردىن ئىبارەت بىر توپ ئاتلىقلارنى كۆردى. ئاتلىقلارنىڭ كۆزى ھېلىقى كىشىگە چۈشۈپ، ھەممىسى دەررۇ ئاتتىن چۈشۈشتى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھانە تونلار يېپىپ، سەمەن ئاتقا

www.uyghurkitap.com

مىندۇرۇپ، شەھەرگە ئېلىپ كىردى، ئىززەت - ئىكرام بىلەن سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ، سىپاھ ۋە خەزىنىلەرنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. ھېلىقى كىشى بۇ ھالدىن ئەجەبلىنىپ ئۆزىچە: «توۋا، بۇ قانداق سىر بولدى» دەيتتى.

ئۇ، بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغاچ خىيالغا چۆمۈپ دېدى: «ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، سەلتەنەت تەختىگە چىقىپ قالدىم. ئەمدى تىرىك قالغانلىقىمغا شۈكرى قىلىمىقىم، بۇنىڭدىن بۇيان ئەھۋالىمنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلاپ، ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرمىكىم زۆرۈر».

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەزىرلەر ئارىسىدا ئەڭ دانا سانالغان ۋەزىرنى چاقىرتتى. ئۇنى ھۆرمەتلەپ، سىرداش دوست بولۇشتى. ئاخىرى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋەزىردىن سورىدى:

- ئەي دانا ۋەزىر، بۇ مەملىكەت ۋە سەلتەنەت ئەھۋالى ۋە سىرلىرىدىن مېنى ۋاقىپلاندۇر. بۇ يەردە قانداق سىر بار؟

ۋەزىر ئۇنىڭغا:

- ئەي پادىشاھ، بۇ ۋەقەنىڭ سىرىنى سورىمىغايلا، ئېيتسام، پۇتكۈل ئەيش - ۋە خۇرسەنچىلىكلىرى ماتەمگە ئايلىنىدۇ، - دېدى.

پادىشاھ ئۇنىڭغا:

- ئەي دانا ۋەزىر، مەن سېنى ئەڭ يېقىن دوستۇم ۋە سىرداشىم دەپ بىلگەيمەن. ۋەزىرلەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت سېنى تاللىۋېلىپ، سىرداش قىلدىم. سەن ماڭا ھەممە سىرلارنى ئېچىپ تاشلا. ۋاقىت ئۆتمەستىن بۇرۇن ئۇنىڭ تەدبىرىنى كۆرەي. دانالار: «كېسەلنىڭ ئالدىنى ئال» دەپ بىكار ئېيتمىغان، - دېدى.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان دانا كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاستا دېدى:

- ئەي پادىشاھ، سىلى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان كىشىگە ئوخشايدىلار. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلىگە بۇ مەملىكەت خەلقىنىڭ ئادىتىنى ئېيتىپ بېرەي. بۇ ئەلنىڭ ھەر يىلدا بەلگىلىگەن بىر كۈنى بار بولۇپ، شۇ كۈنى ھەممىسى توپلىنىدۇ ۋە پادىشاھنى تۇتۇۋېلىپ، شەھەر چېتىدىن ئۆتۈدىغان چوڭ دەرياغا تاشلايدۇ. ئەتىسى يىراقتىن كېلىۋاتقان مۇساپىرنى تۇتۇۋېلىپ، تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ. ئۇنىڭغا بولسا بۇ سىرنى ئاشكارا قىلىشمايدۇ. ھەر يىلى شۇ ئەھۋالنى تەكرارلىشىدۇ.

پادىشاھ دېدى:

- ئەي ۋەزىر، ھازىر قولىمىزدا ھەممە ئىمكانىيەت بار، نېمىلا قىلساق كۈچىمىز يېتىدۇ. بۇ بالادىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن؟ چارىسىنى تاپ!

ۋەزىر بىر ئاز ئويلىنىپ دېدى:

- دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بىر جاڭگال بار بولۇپ، دائىم ياشىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە ھېچكىم ياشىمايدۇ. ئۇ يەرگە ئۇستىلار ۋە باغۋەنلەرنى ئەۋەتەيلى، ئۇلار ئۇ يەرگە چىرايلىق ئۆيلەر ۋە سارايلار قۇرۇپ، ئەتراپىنى باغ - راغقا [18] ئايلاندۇرسۇن. ئۇ يەرگە ئېسىل رەخت - ماتالارنى ۋە بايلىقلارنى ئەۋەتىمىز، كېيىن سۇ ئۈزۈشكە ماھىر غۇلاملار ۋە كېمە ياسىغۇچىلارنى ئەۋەتىپ، كېمىلەرنى تەييارلىتىپ قويىمىز. ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىق مۆھلەتلىرى توشۇشتىن ئالدىنراق مەن ئۇ يەرگە بارىمەن. كېمە ۋە سۇ ئۈزگۈچىلەرنى ئەۋەتىپ، سىلىنى قۇتقۇزۇۋالىمەن.

ۋەزىرنىڭ ئېيتقانلىرى تېز مۇددەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى ۋە بىر شەھەر ياسالدى. خەلق پادىشاھنى دەرياغا تاشلاشنى بېكىتكەن كۈنى ۋەزىر پادىشاھنى ئاگاھلاندۇردى ۋە ئۆزى يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن شەھەرگە يېتىپ باردى.

ئەتىسى كۈنى خەلق پادىشاھنى تۇتۇپ، دەرياغا تاشلىدى. ۋەزىر تەرىپىدىن تەييارلاپ قويۇلغان غەۋۋاسلار پادىشاھنى تۇتۇۋېلىپ، كېمىگە ئېلىپ چىقتى ۋە يېڭى شەھەرگە ئېلىپ باردى.

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ، ۋەزىر ۋە ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئاسايىشتا ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى.

ئەي ئەزىز، ئەگەر سەن بۇ ھېكايەتنىڭ مېغىزىنى چېقىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلساڭ، مەقسەت ۋە تىلىگىنىڭگە يەتكەيسەن. ئەتراپىڭغا قارا، مەن - مەن دېگەن زەبەردەست كىشىلەرمۇ ۋاقتى كېلىپ ئەجەل شەربىتىنى ئىچكۈسىدۇر. ساڭىمۇ بۇ قەدەھ نۆۋىتى كېلىشى مۇقەررەردۇر. شۇنداق ئىكەن، ئەزىز ئۆمرۈڭنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزسەڭ، بىلگىنكى، بۇنىڭدىن ھەم ئېغىرراق شەرمەندىلىك ۋە يارىماسلىق يوق!

ئەي ئەزىز، ئەل ئارىسىدا «قانچە غەيرەت ئېتەرسەن، نېسىپ قىلسا يېتەرسەن» دېگەن مەشھۇر ماقال بار. ئەمدى ساڭا ئەنە شۇ ماقالنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى سۆزلەپ بېرىمىز.

ئېيتىشلىرىچە، غەزنە شەھىرىدە ئەبۇلئەئلا ئىسىملىك بىر ئاق كۆڭۈل كىشى بار ئىدى. ئۇ، ھاياتىدا دائىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، نېمە ئىش قىلسۇن زىيان تارتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دائىم: «قانچە غەيرەت ئېتەرسەن، نېسىپ قىلسا يېتەرسەن» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ يۈرەتتى. ئۇ، ھەممىدىن بىزار بولۇپ، بىر كۈنى بىر دانىشمەنىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن:

- ئەي ھەكىم، ماڭا بىر يول كۆرسەتكەيلەر، دۇنيادا ئەڭ پەزىلەتلىك ئىش نېمە؟ - دەپ سورىدى.

دانىشمەن ئۇنىڭغا:

- دۇنيادا ئەڭ پەزىلەتلىك ئىش - ئىلىم ئېلىش! - دېدى.

ئەبۇلئەئلا ئۇنىڭدىن يەنە:

- ئەڭ ھالال يېيىش ۋە كىيىش قانداق ھاسىل بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى.

دانىشمەن:

- قول ئەمگىكى ۋە پېشانە تەرى بىلەن! - دەپ جاۋاب بەردى.

ئەبۇلئەئلا شۇ كۈندىن باشلاپ كۈندۈزى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىدى. كېچىسى بولسا بۆز توقۇش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇ، ھەر كېچىسى بۆز توقۇغاچ ھەر دائىم ئۆزىچە ئاستا ناخشا ئېيتىپ: «قانچە غەيرەت ئېتەرسەن، نېسىپ قىلسا يېتەرسەن» دەپ تەكرارلايتتى.

كۈتۈلمىگەندە، غەزنە ھاكىمى مەھمۇد

غەزنەۋي كىشى تونۇماس لىباسىدا شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئەبۇلئەئلانىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئۇ ئۆزىچە: «بۇ يەردە بىر سىر بارغا ئوخشايدۇ، تەكشۈرۈپ كۆرەيچۇ» دېدى - دە، ئىشىك ھالقىسىنى قاقتى ۋە ئەبۇلئەئلاغا قاراپ:

- مەن بىر مۇساپىر كىشىمەن، تۈنەيدىغان جايىم يوق، بۇ كېچە سېنىڭ مېھمىنىڭ بولسام، - دېدى.

ئەبۇلئەئلا ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ:

- كەلسىلە، بۇ يەر ئۆز ئۆيلىرى، بىمالال تۈنەشلىرى مۇمكىن، - دېدى ۋە ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. بىساتىدا بار ئازراق قاتتىق ناننى مېھمان ئالدىغا قويدى، بىر كوزىدا سۇ كەلتۈردى. ئاندىن كېيىن دېدى:

- مەرھەمەت، بار نەرسە شۇ. دانالار: «ئۆيدە نېمەڭ بولسا، ھەممىسى مېھمانىڭنىڭكى» دەپتىكەن.

مېھمان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن زوقلىنىپ بىر ئاز نان يېگەن بولدى. سوڭ ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا:

- ئۇزاق يول يۈرگەنگە ئوخشايدىلار، يېتىپ دەملىرىنى ئالسىلار، - دېدى - دە، جاي سېلىپ بەردى. مېھمان تۆشەككە سوزۇلۇشى بىلەن ئۆي ئىگىسى يەنە شۇ ناخشىسىنى ئېيتىپ، توقۇشقا باشلىدى.

مېھمان بىر ئاز ياتقاندەك بولدى، سوڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دېدى:

- ئەي بۇرادەر، نېمىشقا ھەدەپ شۇ بىرلا گەپنى تەكرارلاۋېرىسەن؟ بۇنىڭ سىرى نېمە؟ ئىلتىماس، ئەگەر بۇسىر بولمىسا، بۇنىڭدىن مېنىمۇ خەۋەردار قىلساڭ، - دېدى.

ئۆي ئىگىسى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى، ئېچىنىشلىق ئەھۋالى، ھەر قانچە ئۇرۇنسىمۇ تۇرمۇشى ياخشىلىنىشنىڭ ئورنىغا بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى. ئىچىدە: «بۇ بىچارە كىشىنى كەمبەغەللىك بالاسىدىن قۇتقۇزۇش كېرەك» دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى ئۇ ئەڭ ئۇستا ئاشپەزنى چاقىرىپ، زەئپەران قوشۇلغان ئېسىل نەۋلىك پولۇ تەييارلاپ، ئۈستىگە ئۈچ توخۇنى پىشۇرۇپ بېسىشنى، توخۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىچىگە نوقۇت ۋە پىياز ئورنىغا لەئىل ۋە ياقۇت تولدۇرۇشنى، ئىككىنچىسىنىڭ ئىچىگە قىزىل تىللا تولدۇرۇشنى، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىچىگە بولسا دۇر ۋە مەرۋايىت تولدۇرۇشنى، كېچىسى ھېچكىم كۆرمىگەن چاغدا ئەبۇلئەئلانىڭ ئىشىكى ئالدىغا قويۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى. خادىملار ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى قىلدى.

ئەبۇلئەئلا كەچقۇرۇن تاشقىرىغا چىقسا، قاچىدا غىزا تۇرغىدەك. ئۇنى دەرھال ئىچكىرىگە ئېلىپ كىردى. ئېچىپ قارىسا، ئۈستىگە پىشۇرۇلغان ئۈچ توخۇ گۆشى بېسىلغان بىر تاۋاق پولۇ ئىكەن. ئۇ، بۇنداق تائامنى ئۆمرىدە كۆرمىگەنىكەن. ئۇ، ئالمان - تالمان تاماققا قول ئۇزاتماقچى بولدىيۇ، توختاپ قېلىپ ئۆزىچە دېدى: «ئەي ئەبۇلئەئلا، سەن بۇزۇق نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمە، ئەگەر ئۇنى بۈگۈن شۇلەززەتلىك تامام بىلەن خۇشال قىلساڭ، ئەتىگىمۇ تېپىپ بېرىشىڭنى سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېنى بىر ئۆمۈر سەرگەردان قىلىدۇ. كىمنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلمىگەن تاماققا ئىنتىلىش ياخشى ئەمەس. بۇنىڭدىن تاشقىرى، شۇنداق ئېسىل تائامنى بىر ئۆزۈڭنىڭلا يېيىشىڭمۇ توغرا ئەمەس، ئېھتىمال، سېنىڭدىنمۇ ئاچراق، تائامغا تەشناراق بىر كىمسە باردۇ. شۇنداق كىشىگە ئىنئام قىلماق زۆرۈر».

ئۇنىڭ يادىغا ھېلىراقتا سەپەردىن قايتىپ كەلگەن سودىگەر چۈشتى. ئەبۇلئەئلا: «ئۇنىڭ ئۆيىدە ھېچكىم يوق، بەلكىم تاماقمۇ ھازىرلىمىغاندۇر. پولۇنى شۇ كىشىگە ئەكىرىپ بېرەي» دېدى - دە، سودىگەرگە بولغان ۋەقەنى ئېيتتى ۋە پولۇ بىلەن توخۇ گۆشىنى قالدۇرۇپ يېنىپ چىقتى.

لەزىز تائامنى كۆرگەن سودىگەرنىڭ ئىشتىھاسى ئوت ئېلىپ كەتتى. دەرھال توخۇلارنىڭ بىرىنىڭ قارنىنى ياردى. قارىسا، لىق - تولا ئالتۇن! بۇنى كۆرگەن سودىگەرنىڭ ئەقلى ئېزىپ، قوللىرى ئۆزىگە بويسۇنماي قويدى. قالغانلىرىنى يېرىپ، ئۆزىنى نەگە قويۇشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ئۆزىچە: «تۇۋا، بۇ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ؟! يا ھازىر كەلگەن كىشى خىزىرمۇ؟! ئەخىر شۇنچە بايلىق بىلەن بىر ئۆمۈر مىدىرلىماي يېتىپ ھايات كەچۈرۈشۈم مۇمكىنغۇ؟!» دېدى. ئاندىن كېچىسى پۈتكۈل مال - مۈلكىنى ئېلىپ كۆچۈپ كەتتى. ئەبۇلئەئلا ئەتىسى تاۋاقنى ئالغىلى كەلدى. سودىگەرنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى، تاۋاقنى بولسا بىر خادىمغا قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئارقىسىغا قايتتى.

تاڭ ئاتقاندا مەھمۇد غەزنەۋىي ئەبۇلئەئلانىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن:

- كېچە ئەۋەتكەن تائامنى يېدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ياق، - دەپ جاۋاب بەردى ئەبۇلئەئلا، - بىر سودىگەر ئۇزاق يول بېسىپ كېلىپ، تاماق قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. مېنىڭدىن كۆرە ئۇنى ئاچراق دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا ئەپچىقىپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ماللار بىلەن تونۇشۇپ، كېرەكلىكى بولسا ئۇنىڭدىن ئېلىپ توقۇشقا ئىشلەتمەكچى ئىدىم. ئېسىل تائامنى يېمەسلىك ئارقىلىق نەپسىمنى تۇۋاقلاشقىمۇ مۇۋەپپەق بولدۇم!

مەھمۇد غەزنەۋىي ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ۋەقەدىن ئۇنى خەۋەردار قىلىپ دېدى:

- ھە، سەن ئېيتقان گەپ ھەق ئىكەن. راستتىنلا قانچە غەيرەت ئېتەرسەن، نېسىپ قىلسا يېتەرسەن، دېگىنىڭ توغرا بولۇپ چىقتى.

ئۇ، توقۇمىچى بىلەن خەيرلىشىپ، يولغا راۋان بولدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ماقال ئەبۇلئەئلادىن يادىكار بولۇپ قالدى.

ئەي بۇرادەر، ئۆز نەپسىگە ھاكىم بولغان، ھالال تېپىپ، ھالال يەيدىغان بىر كىشى توغرىسىدا ئىبرەتلىك ھېكايەت كەلتۈردىمىز. ئۇنى ئوقۇپ، ئىبرەت ئال!

www.uyghurkitap.com

يېزىشلىرىچە، قەدىم زاماندا بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئىدى، ھەسەت ۋە كىبىرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. پەقەت قول مېھنىتى بىلەن تاپقان ھالال مېلىدىنلا رىزقلىنىپ، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ھەر دائىم قاچاتتى. ۋاقتى كېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ مەئىشىتى بۇزۇلۇپ، يەيدىغانغا ھېچنەرسىسى قالمىدى. ئۈچ كۈن ئاچلىق دەردىنى تارتىپ، 3 - كۈنى چوڭ ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە كۈتۈلمىگەندە سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان ئالمىنى كۆرۈپ، تۇتۇپ يېدى. كېيىن ئۆزىچە: «ئەي ئەخمەق، سەن ھەر دائىم ھالال يەيتتىڭ، ئۆز قولۇڭ بىلەن تاپقان نەرسىدىنلا غىزالىناتتىڭ، بۈگۈن سەن نېمە ئىش قىلىپ قويدۇڭ - ھە! نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ، كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئالمىنى يەپ، ئەھدىڭنى بۇزدۇڭ!» دەپ ئۆزىنى تەنبىھلىدى. سوڭ ئالمىنىڭ ئۆستەڭگە قەيەردىن چۈشكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۆستەڭ ياقىلاپ ئۆرلەپ ماڭدى. خېلى يول يۈرگەندىن كېيىن بىر باغقا يېتىپ كەلدى ۋە باغ ئىگىسىگە ۋەقەنى ئېيتتى. باغ ئىگىسى ئۇنىڭغا:

- بىز ئۈچ ئاكا - ئۇكىمىز، ئۈچىلىمىزنىڭ بېغىمىز ئۆستەڭ بويىدا بولۇپ، بۇ ئۆستەڭ ئۈچىلىمىزنىڭ بېغىدىن ئۆتىدۇ. ئەگەر شۇ ئالما مېنىڭكى بولغان بولسا، مەيلى، ئۇنى ساڭا ھالال قىلدىم، - دېدى.

كېيىن ئۇنى مېھمان قىلدى ۋە قوندۇرۇپ قالدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ھېلىقى ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ كۆڭلى تىنچىماي، ئىككىنچى ئاكىنىڭ بېغىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغىمۇ بولغان ئىشنى بايان قىلدى. بۇ باغ ئىگىسى ئۇنى تونۇيتتى. ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ مېھمان قىلدى ۋە ئۇنىڭغا:

- ئەگەر شۇ ئالما مېنىڭ بېغىمنىڭ بولسا، مەن ئۇنى ساڭا ھالال قىلدىم، - دېدى.

ئاق كۆڭۈل كىشى ئالمىنىڭ قايسى باغنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي كۆڭلى ئارام تاپمىدى. تاڭ ئاتقاچ ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئۈچىنچى ئاكىنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ۋەقەنى بايان قىلدى. ئۈچىنچى ئاكا ئۇنىڭغا:

- مەن سېنى بىر ھەپتە مېھمان قىلىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن جاۋابىمنى ئېيتىمەن، - دېدى.

ئاق كۆڭۈل كىشى:

- ياق، ئاۋۋال ئالمىغا رازى ياكى نارازى ئىكەنلىكىڭنى ئېيت. كېيىن نېمە قىلساڭ رازىمەن، - دېدى.

باغ ئىگىسى رەت قىلىپ:

- رازى بولۇش - بولماسلىق مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش. شۇڭا خالىغان كۈنۈمدە جاۋاب بېرىمەن، - دېدى.

ئاق كۆڭۈل كىشى:

- بولمىسا ئۇنى ماڭا سات، پۇلىنى تېپىپ ئەكېلىپ بېرىمەن، - دېدى.

باغ ئىگىسى بولسا:

- بىر ئىش بار، شۇنى قىلمىغىنىڭچە رازى بولمايمەن، - دېدى.

ئاق كۆڭۈل كىشى:

- ئۇ قانداق ئىش، تېزرەك ئېيت، - دېدى.

- مېنىڭ بىر قىزىم بار، - دېدى باغ ئىگىسى، - ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيدۇ، قۇلىقى گاس، تىلى گاچا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قول - ئايىغى ئىشلىمەيدۇ. ئەگەر ئۇنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلساڭ، شۇ چاغدىلا رازى بولىمەن.

ئاق كۆڭۈل كىشى ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. ئۇنىڭ ھېچكىمى يوق ئىدى. رازى بولماي دېسە، يېگەن ئالمىسى قارنىدا ھەزىم بولمىغاندەك تۇيۇلاتتى. رازى بولاي دېسە، بۇنداق «تەرىپ ۋە تەۋسىپ» كە ئىگە خوتۇن بىلەن قانداق ھايات كەچۈرۈشى مۇمكىنلىكىنى ئويلايتتى. ئاخىرى ئۆزىچە: «ئەخىر، بىچارە قىزدا نېمە گۇناھ! ئۇمۇ ھايات لەززىتىنى تېتىشى كېرەكقۇ. ساۋاب ئۈچۈن ئۇنى نىكاھىمغا ئېلىپ، بەختىيار قىلىمەن» دەپ ئەھد قىلدى.

قىزنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردى. ئاق كۆڭۈل كىشى كېچىسى قىزنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ھەيرانلىقتىن قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا چىرايىدا تەڭداشسىز، 15 كۈنلۈك تولۇنئايدەك سەرۋ قامەت بىر قىز تۇراتتى. ئۇ، ئادىشىپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئارقىسىغا قايتتى ۋە بىر چەتتە قاراپ تۇرغان قىزنىڭ ئاتىسىغا دۇچ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن:

- بۇ، ماڭا دېگەن قىز ئەمەسقۇ! - دەپ سورىدى.

قىزنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا:

- ئەي يىگىت، قىزىمدا ھېچقانداق ئەيىب يوق. مەن ئۇنى قارىغۇ دېيىش بىلەن ئۇنىڭ باشقا ئەركەكلەرگە تىكىلىپ قارىمىغانلىقىنى، گاچا دېيىش بىلەن ھېچقاچان ئەدەبسىز سۆزلەرنى قىلمىغانلىقىنى، گاس دېيىش بىلەن پايدىسىز ۋە تېتىقسىز گەپلەرگە قۇلاق سالمىغانلىقىنى، قولسىز دېيىش بىلەن ھېچبىر ھارام نەرسىگە قول تەگكۈزمىگەنلىكىنى، ئاياغسىز دېيىش بىلەن بىرەر نامەقبۇل جايغا قەدەم باسمىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى ئىدىم. شۇنداق پاكىزە ۋە ئېپپەتلىك قىزغا سېنىڭدىن باشقا لايىق ئاق كۆڭۈل كۈيەۋ تاپالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، ئۇنى ساڭا تاپشۇردۇم. مېنىڭ شۇ قىزدىن ئۆزگە پەرزەنتىم يوق. پۈتكۈل مال - مۈلكۈم سېنىڭكى، بۈگۈندىن تارتىپ سەن مېنىڭ بالامسەن، - دېدى.

بۇ كىشى شۇنداق ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە ھالاللىقى تۈپەيلى مۇشۇنداق بەختكە ئېرىشتى. ئەي بۇرادەر، بۇ ھېكمەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۇمكى، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ھالاللىقنىڭ كىشىنى بەخت - سائادەتكە يەتكۈزىدىغانلىقىنى، ئەل ئارىسىدا ئەزىز - مۆتىۋەر قىلىدىغانلىقىنى بىلگەيسەن!

ئەي بۇرادەر، ئەل ئارىسىدا: «ھۈنەر، ھۈنەردىن ئۈنەر» دېگەن ماقال بار. ھۈنەرۋەن كىشى ھېچقاچان خار بولمايدۇ. ئېغىر كۈنلەردە ھۈنىرى تۈپەيلى ئۆز رىزقى - نېسىۋىسىنى تېپىپ يەيدۇ. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىر ھېكايەت كەلتۈرىمىز.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گەشتاسپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، قۇستانتانىيە شەھىرىگە كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر تىيىنمۇ پۇلى يوق ئىدى. شۇڭا يېيىشكە بىر نەرسە

تاپالماي ئاچ قالدى. بىرەرسىدىن سوراي دېسە، ئىززەت - نەپسى يول قويمايتتى. ئۇنىڭ يادىغا ياشلىقى چۈشتى. ئۇ، بالىلىق چاغلىرىدا مەكتەپكە كېتىۋېتىپ يول بويىغا جايلاشقان تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئالدىدا بىر ئاز توختاپ، تۆمۈرچىلەرنىڭ پىچاق - پالتا سوقۇشلىرىنى تاماشا قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ سىرلىرىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بولۇپ قالغانىدى. گەشتاسىپ كۆپ ئويلاپ ئولتۇرماي، تۆمۈرچىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغا دېدى:

- ئەي بۇرادەرلەر، مەنمۇ تۆمۈرچىلىكتىن خېلى خەۋەردارمەن، مېنىمۇ ئۆزۈڭلەرگە شېرىك قىلىپ قوشۇۋالسىڭىزلار.

تۆمۈرچىلەر رازى بولۇشتى. گەشتاسىپ بىر مەزگىل ئىشلەپ پۇل يىغدى، كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن چېغىدا ھەممە ياشۇ قىرىنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى. باللارنى كۈنىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوقۇتۇپ، كېيىنكى يېرىمىدا ھۈنەر ئۆگىنىشكە پەرمان بەردى.

ئەي ئوغۇل، بۇ نەسىھەتكە قۇلاق سالغىنكى، كەسىپ - ھۈنەر ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلما، ئەمگەك قىلىشنى ئۆگەن! يۇرت ۋە ئەلنىڭ راۋاجى ھەم ھۈنەرگە باغلىق. ئەڭ ھالال ۋە ئەڭ يېقىملىق يېمىش ھەم كىيىش ھۈنەردىن ھاسىل بولىدۇ. ھۈنەر پۈتمەس خەزىنە. كۈنى كېلىپ دۇنيا تاسادىپىيلىقلىرى تۈپەيلى مال - مۈلكۈڭدىن ئايرىلساڭمۇ، ھۈنەردىن ھېچقاچان ئايرىلمايسەن. ھۈنەر سېنىڭ دائىمىي ھەمراھىڭ ۋە مەدەتكارىڭدۇر!

ئەي ئوغۇل، دۇنيادا ئەڭ ناچار ۋە ئەڭ يامان ئادەتلەردىن بىرى ئۆزى ئىشلىمەستىن، باشقىلارنىڭ ئىنئام - ئېھسانىغا تەمە كۆزىنى تىكىپ ئولتۇرۇشتۇر. كەسىپ - ھۈنەر ئىگىسى تەمەدىن خالىيدۇر. ئۇ، ئۆزىنىڭ ھۈنىرى تۈپەيلى ئۆز قول ئەمگىكى بىلەن ھالال تېپىپ، ھالال يەيدۇ.

ئەي ئوغۇل، ھۈنەرسىز ھۇرۇن ۋە ئىشياقماس كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولما، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەسىرى ساڭىمۇ يۇقۇقۇسى. ھۇرۇنلارنىڭ دائىملىق پىكرى - ئويى ئىشلىمەستىن چوڭ - چوڭ يېيىش، چىرايلىق كىيىنىشتۇر. ئۇلار ھەردائىم بىھۇدە سۆزلەشنى، ۋاقىتنى خوش ئۆتكۈزۈشنى، تەنلىرىنى سەمرىتىشنىلا ئويلايدۇ. سېمىز كىشىنىڭ بولسا كۆڭۈل كۆزى ئېتىلگەن بولۇپ، دائىما ئارام تېپىشنى ئويلايدۇ. كۆپ يەپ، سەمرىشنى ئويلايدىغان كىشىلەرنى دانالار ھايۋان تەبىئەتلىك كىشىلەر، دېيىشىدۇ.

ئەي ئەزىز، ئەلدە: «شىر ئولجىسىنى سېسىتىپ يەيدۇ» دېگەن ماقال بار. ئەمدى شۇ ماقالنىڭ ئىسپاتى ۋە كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ھېكايەتنى كەلتۈرىمىز:

ئېيتىشلىرىچە، قازى شاھىد كۇفە شەھىرىنىڭ ئالىملىرىدىن ئىدى. ئۇ دېدى:

- مەن كۇفەدە يەھيانىڭ ئالدىدا ئولتۇرغىنىمدا «شىر ئولجىسىنى سېسىتىپ يەيدۇ» دېگەن ماقال زىكىر قىلىنىپ قالدى. مەن يەھياغا: «بۇ ماقالنىڭ ئەسلىسى يوق، توغرا - ناتوغرىلىقى نامەلۇم» دېدىم. ئۇ بولسا: «خەلق بىرەر نەرسىنىڭ تېگىگە يەتمىگۈنچە بىر نەرسە دېمەيدۇ» دېدى ۋە مۇنۇ ۋەقەنى بايان قىلدى:

- مەن بىر كۈنى دادام ئالدىدا ئولتۇرغانىدىم. بىر توپ كىشىلەر ۋارقىراپ - جارقىراپ كىرىپ كېلىشتى. دادام ئۇلاردىن نېمە ئىشلىگىنىنى سورىدى. ئۇلار: «دوستلىرىڭىزدىن پالان كىشى پۇستان جاڭگاللىقتىن ئۆتۈۋاتقاندا شىرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شىر ئۇنى ئاتتىن يىقىتىپ، ئۆز ماكانىغا سۆرەپ ئېلىپ كەتتى» دېيىشتى.

دادام ھەيران بولۇپ:

- يا ئەجەبا، بۇ قانداق سىر بولدى، ئۆتكەن يىلى خۇددى شۇ جايدا ئۇنىڭ ئاتىسىنىمۇ شىر ئېلىپ كەتكەنىدى، - دېدى. ئاندىن كېيىن ئاھۇ - پەرياد قىلىشىۋاتقان ئۇنىڭ ئوغلى ۋە خىزمەتكارلىرىغا تەسەللىي بېرىپ:

- سەۋر قىلماقتىن باشقا چارىمىز يوق، - دېدى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. دادام بىلەن بىرگە گەپلىشىپ ئولتۇرغانىدۇق، ئادەملەردىن بىرى كىرىپ:

- شىر ھۇجۇم قىلغان كىشى ئامان - ئېسەن ئۆيىگە قايتىپ كېپتۇ، - دەپ خەۋەر قىلدى.

دادام ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. مەن دادام بىلەن بىرگە ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە باردۇق. راستتىنلا ئۇ كىشى ئۆيدە ئىكەن. يۈزى ۋە بېشىدا شىر قالدۇرغان جاراھەتلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دادام ئۇنى قۇچاقلاپ، دېدى:

- ئەي بۇرادەر، بولغان ئىشنى تېزرەك بايان قىل، قانداقلارچىسىگە ئامان قالدىڭ؟

- مەن جاڭگاللىقتىن ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، - دەپ ھېكايە قىلدى ئۇ، - باشقىلار ئارقىدىراق كېلىشىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز پايلاپ تۇرغان يېرىدىن سەكرەپ چىققان شىر مېنى ئاتتىن يىقىتىپ، كەمرىمدىن چىشلىگىنىچە ئۇۋىسى تەرەپكە سۆرەپ ئېلىپ كەتتى ۋە مېنى ئۆلۈكلەر ئارىسىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. مەن كۆزۈمنى قىيا ئېچىپ قارىدىم. شىر ئولجا ئالغان بەزى ئۆلۈكلەر تېخى چىرىپ ئۈلگۈرمىگەن، بەزىلىرى بولسا سېسىپ كەتكەنىدى. شىر مېنى ئۆلۈكلەر ئارىسىغا تاشلىغاندىن كېيىن، نېرىراققا بېرىپ سېسىپ كەتكەن ئۆلۈكنىڭ گۆشىدىن يېيىشكە باشلىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ماڭا قاراپ قوياتتى. مەن بولسام ئۆلۈكلەرنىڭ سېسىق پۇرىقىدىن نەپسىم سىقىلىپ، ئۆلەر ھالەتكە كەلگەنىدىم. شىر قارنىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ھىدلىدى ۋە ئۇياق - بۇياققا ئاغدۇرۇپ كۆردى. مېنى ئۆلدى دەپ بىلگەن ئوخشايدۇ، ئاستا مېڭىپ يەنە ئوۋ قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ، كۆزدىن يوقالغاندىن كېيىن ئىرغىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يەڭگىل نەپەس ئېلىپ، قاچماقچى بولدۇم. شۇ چاغدا كۆزۈم ئايىقىم ئاستىدا تۇرغان ھەميانغا چۈشتى. بۇ چەرم ھەميانىنى ئېلىپ، پۇرسەتنىڭ غەنىيمىتىدە بىر يىقىلىپ - بىر قوپۇپ قاچتىم ۋە مىڭبىر ئازابتا جاڭگاللىقتىن ئۇچۇقچىلىققا چىقتىم. ئاچلىق، تەشنالىق ۋە جان - تېنىم بىلەن قاچقانلىقتىن

www.uyghurkitap.com

ھالىمدىن كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ئاز دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇردۇم ۋە ھەميانىنى ئاچتىم. ھەمياندىكى ئالتۇنلار ئارىسىدا تۇرغان دادامنىڭ مۆھرىنى كۆردۈم، ئۇنى ئېلىپ كۆزلىرىمگە سۈرتتۈم.. شۇنچە جاپا چېكىپ، ھەم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇم، ھەم دادامنىڭ ھالال بايلىقىنى تاپتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن دانالار: «بىراۋنىڭ رىزقىنى بىراۋ يېيەلمەيدۇ» دېيىشكەن.

دادام ۋە ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ ھېكايىسىدىن ھەيران بولۇشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «شىر ئۆلجىسىنى سېسىتىپ يەر» دېگەن ماقالنىڭ راستلىقى ئىسپاتلاندى. مەلۇم بولدىكى، خەلق توقۇغان ھەر بىر ماقالنىڭ ھەقىقەتتى بار بولۇپ، ئورۇنسىز ئېيتىلمايدۇ.

ئەمدى (پارس تىلىدا) «س» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ماقاللارنى ئىشىت: دەرد ئىگىسى بول، دەرمان تاپىسەن؛ يۈز قاغىغا بىر يالاق يېتىدۇ؛ ھەر كىمنىڭ ئۆز ئاۋازى ئۆزىگە يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ؛ سەپراسى بېشىغا چىقىپتۇ، چاۋاك بىر قولدىن چىقمايدۇ؛ ئۇۋنىڭ ئۆلگىسى كەلسە، ئوۋچىغا قاراپ يۈگرەيدۇ؛ سەۋر ھەممە ئىشلارنىڭ كىلىتىدۇر؛ سەۋر ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق؛ سەۋرنىڭ تېگى سېرىق ئالتۇن.

بىلگىنكى، سەۋرنىڭ خاسىيىتى ۋە مەنپەئەتى ھېسابسىزدۇر. سەۋر شۇنداقكى، مۇسىبەت ۋە بالا كۆڭۈلرىدە داد - پەرياد قىلىنمايدۇ، دەرد ئىچىگە يۇتۇلىدۇ ۋە قاپاق سېلىنمايدۇ، چىراي ئۆزگەرتىلمەيدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر كۆرۈنۈشى شۇنداقكى، ئادەملەر ئارىسىدا بىچارىلىكتىن شىكايەت قىلىنمايدۇ، تاقەت ۋە چىدام يولى تۇتۇلىدۇ.

نەقىل كەلتۈرۈشلىرىچە، بىر ئۇلۇغ كىشىنى تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلاپتۇ. ئۇ كىشى بۇ ھالغا تاقەت قىلالماي، سەۋرسىزلىك يولىنى تۇتۇپ، بىزاۋتەلىنىپتۇ. ئۇنىڭ يېقىن دوستى بار ئىدى، ئۇنىڭغا دوستىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە خەۋەر بېرىپتۇ. بۇ دوستى ئۇنىڭغا مۇنۇ مەزمۇندا خەت يېزىپتۇ: «ئەي بۇرادەر، تەقدىرگە تەن بېرىپ، سەۋر ۋە چىدام يولىنى تۇت، بۇ مېھنەت ۋە بالا بېشىڭدا بار ئىكەن، ئۆزۈڭنى قىينا ۋەرمە. بالا ۋە مېھنەت زىندانىدا سەۋر ۋە چىدام يولىنى تۇتساڭ، ئۇلاردىن تۆۋەندىكىدەك خىسلەتلەر تۇغۇلىدۇ: بىرىنچى، گۇناھ قىلىشتىن قورقىسەن؛ ئىككىنچى، ئىرادىلىك بولۇشنى ئۆگىنىسەن؛ ئۈچىنچى، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىسەن؛ تۆتىنچى، ئازادلىق ۋە تازا نېمەتلەر قەدرىنى بىلىسەن؛ بەشىنچى، يامان ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈش، تەۋۋا قىلىش بەختىگە ئېرىشىسەن؛ ئالتىنچى، پەقەت ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقتىن يىراق بولۇش لازىملىقى پىكرىگە كېلىسەن».

زىنداندىكى كىشى دوستىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ، سەۋر ئېتىغا مىندى ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئارتۇقچە قىيناش، بىزاۋتىلىك يولىدىن يېنىپ، مېھنىتى يەڭگىللەشتى.

زۇننۇن مىسرىي ئېيتىدۇر: «سەۋر - بۇ، بارچە مېھنەت ئېغىرلىقىنى مەردانە يېڭىش، بىچارە ۋە ئاجىز بولسىمۇ، ئۆزىنى بەدۆلەتتەك تۇتۇش، كۆرۈنگەن كىمسىگە ئەھۋالى ھەققىدە شىكايەت قىلىۋەرمەسلىك، غەملىك كۆڭلەردىمۇ ئۆزىنى خەندان ۋە خۇش چىراي قىلىپ كۆرسىتىشتۇر».

ئەمدى بۇ خۇسۇستا تۆۋەندىكى ھېكايەتنى كەلتۈرىمىز:

نەقىل قىلىشلىرىچە، قەدىمكى زامانلاردا بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنى ئەبۇ سابىر (سەۋر ئاتىسى) دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ كىشى سەۋر ۋە ماتانەتتە داڭلىق ۋە مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ بېشىغا قانداقلىكى مۇسىبەت يەتمىسۇن، ھېچ ۋاقىت ھېچكىمسىگە شىكايەت قىلمايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭ داد - پەرياد قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

ئېيتىشلىرىچە، ئەبۇ سابىر ياشاۋاتقان يېزىدا بىر شىر پەيدا بولۇپ قېلىپ، كىشىلەرنىڭ چارۋىلىرىنى يەپ كېتەتتى، بەزىدە تېخى ئۇچراپ قالغان ئادەمنىمۇ پارە - پارە قىلىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئادەملەر توپلىنىپ كېلىپ، ئەبۇسابىرغا شۇنداق دېيىشتى:

- ئەي شەيخ، بىز شىرنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى يوقاتماقچى بولدۇق، بۇنىڭغا سىلى نېمە دەيدىلار؟

- سىزلەر بۇ ئىشقا زەئىپ ۋە ئاجىز كېلىسىزلەر، - دېدى ئەبۇ سابىر ئۇلارغا، - قولىڭىزلاردا يا قورال، يا كۆرەش ئەسۋابى يوق. سىزلەر دېھقانسىزلەر، سىزلەرنىڭ جەڭ قىلىشىڭىزلار قوينىڭ بۆرى بىلەن ئېلىشقىنىغا ئوخشايدۇر. «قوشقاچ سويسىمۇ، قاسساپ سويسۇن» دېگەن گەپ بار. سىزلەر ئۆزۈڭىزلەرنى تەھلىكىگە سالمىڭىزلار. بىرەر كۈن سەۋر قىلىپ، ئوبدان ئويلىشىپ كۆرەيلى، بىرەر چارىسى تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. سەۋر بارچە ئىشلارنىڭ كىلىتىدۇر.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، كۈتۈلمىگەندە شۇ يۇرتنىڭ پادىشاھسى ئوۋ قىلىپ شۇ يېزا يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى ۋە بۇ يەردە شىر بارلىقىدىن خەۋەر تاپتى. پادىشاھ ئۆزىچە: «شۇنچە لەشكەرلىرىم بىلەن شىرنى يوقىتالمىسام، بىچارە خەلق ئۇنى قانداق يوقىتىدۇ» دەپ ئويلىدى ۋە لەشكەرلىرىگە جاڭگاللىق ئەتراپىنى قورشاشنى بۇيرۇدى. بۇ خەۋەر خەلققە يېتىپ غايەت خۇشال بولۇشتى ۋە بۇ ئىشتىن ئەبۇسابىرنىمۇ ۋاقىپلاندۇردى.

ئەي ئەزىز، بۇ ھېكايەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، بۇنىڭدىن سەۋرنىڭ مەنپەئەتى كۆپلۈكىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلگەيسەن. كىمكى سەۋر - ماتانەت كوچىسىغا قەدەم قويسا، شادلىق ۋە نىجاد مېۋىسىگە يېتىشكۇسى.

ماقالدا: «سۆزنى سۆزلە ئۇققانغا، جاننى جانغا قوشقانغا» دېيىلىدۇ. شۇنىڭغا ماس ھېكايەتنى كەلتۈرىمىز.

نەقىل كەلتۈرۈشلىرىچە، يەمەن ۋىلايىتىدە بىر ھەكىم بار بولۇپ، ئۇ، پەزىلۇدانىش بىلەن كامىل، بارچە ئىلىملەر بىلەن مۇكەممەل ئىدى. ئۇ، سەپەر قىلىپ يۈرۈپ بىر كىشىگە ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ كىشى ئەرەب ئىدى. ھەكىم ئۇنىڭغا:

- ئەي ئەرەب، ماڭا سادىق رەپىق بول، - دېدى.

- بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ -

سورىدى ئۇنىڭدىن ئەرەب.

- ئارىغا شوتا تاشلايمىز، - دېدى ھەكىم ئۇنىڭغا.

ئەرەب ھەيران بولۇپ:

- ئەي ئەجەم، بۇ يولدا شوتا نېمە قىلسۇن، - دېدى.

ھەكىم ئۇنىڭ چۈشەنمىگەنلىكىنى سەزدى. يەنە خېلى يول يۈرۈپ، ھەكىم ئەرەبكە قاراپ:

- ئەي بۇرادەر، ئالدى بىلەن سەن مېنى مىنەمسەن ياكى مەن سېنى مىنەيمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئەرەب:

- ئەي ئەزىزىم، سەللىمنى ئاران كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسام، سېنى قانداق كۆتۈرىمەن! - دەپ جاۋاب بەردى.

ھەكىم ئۇنىڭدىن نامۇناسىپ جاۋاب ئاڭلىغاندىن كېيىن جىمىپ قالدى.

ئۇلار بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر تېرىلغۇلۇققا يېتىپ كەلدى. تېرىلغۇلۇق كۆپكۆك ياشناپ تۇراتتى. ھەكىم ئەرەبتىن:

- بۇ ئېكىننى يېگەنمۇ ياكى يەمدۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ئەي ئەجەم، قىزىق ئادەم ئىكەنسەن، - دەپ جاۋاب بەردى ئەرەب، - بۇ ئېكىن كۆپكۆك بولۇپ، تېخى دان تۇتمىغان تۇرسا، سېنىڭ بۇ ئېكىننى يېگەنمۇ ياكى يەمدۇ، دەپ سورىغىنىڭ نېمىسى؟

ھەكىم ئۇنىڭ ئۇقۇمىغان، نادان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇندىمەي كېتىۋەردى. ئەتىسى كۈنى بىر يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر كىشى ئۆلگەن بولۇپ، جىنازىسىنى تەييارلاپ قويغانىدى. ھەكىم ئەرەبتىن:

- ئېيتچۇ، ئۇ ئۆلگەنمۇ ياكى تىرىكمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئەرەب ئۇنىڭغا:

- ھېچكىم بۇنداق قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلمايدۇ. سەن خۇددى ساراڭلاردەك سۆزلەۋاتىسەن. سېنىڭ بۇنداق گەپلىرىڭنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالمىدى. ئەقلىڭ بارمۇ، ئەخىر، ئۇنى كۆمۈشكە ئېلىپ كېتىشىۋاتسا، سەن ئۇنى تىرىكمۇ - ئۆلۈكمۇ، دەپ سورايسىنا؟ - دېدى.

ھەكىم كۈلۈپ قويدى - دە، جىم بولۇپ قالدى.

ئۇلار ئەرەب ياشايدىغان مەنزىلگە يېتىپ كېلىشتى. ھەكىم مۇساپىر بولغانلىقتىن بارار جايى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەب ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

ئەرەبنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، 15 كۈنلۈك تولۇنئايدەك چىرايلىق ئىدى. لاتاپەت ۋە پاراسەتتىمۇ تەڭدىشى يوق ئىدى. قىزنىڭ شۇنداق بىر ئادىتى بار ئىدىكى، دادىسى ھەر قېتىم سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى، كىملەر بىلەن ھەمراھ بولغانلىقىنى سورايتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلدى. ئەرەب:

- ئەي بالام، بۇ نۆۋەت ماڭا بىر نادان كىشى ھەمراھ بولۇپ قالدى. مەن بۇنداق كىشىنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم. ساراڭلاردەك گەپلەرنى قىلىدۇ. جېنىمدىن جاق تويغۇزدى ئۇ كىشى، - دېدى.

قىز:

- نېمە دېدى، ئېيتىپ بېرىڭ، - دەپ تۇرۇۋالدى. ئەرەب ھەكىم بىلەن بولغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. ئاخىرىدا:

- ئەي قىزىم، ئەبلەخكە جاۋاب جىملىقتۇر. مەن ئۇنىڭغا ھېچنەرسە دېمىدىم. مۇساپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم، - دېدى.

قىز ئاتىسىغا:

- ئەي دادا، ئۇ كىشى نادان ئەمەس ئىكەن، بۇنى ئۇنىڭ سوئاللىرىدىن بىلدىم. ئۇ پازىل ۋە دانىشمەن ئادەم ئىكەن. سىز ئۇنى چۈشەنمەپسىز. ئۇ سىزنى سىنىماقچى بولغان، - دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسىغا ھەكىمنىڭ سوئاللىرىنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەتلىكىنى چۈشەندۈرۈپ دېدى:

- ئۇنىڭ «ئوتتۇرىغا شوتا قويايلۇق» دېگىنى مەشھۇر ماقالدۇر. بۇ، سەپەردە ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ - سۆھبەتلىشىپ ماڭسا، يولنىڭ ئۇزاقلىقى بىلىنمەيدىغانلىقىغا ئىشارىدۇر. يەنە «سەن مېنى مىنەمسەن ياكى مەن سېنى مىنەيمۇ؟» دېگىنى، سۆھبەتنى ئالدى بىلەن مەن باشلايمۇ يا سەن باشلامسەن، دېگىنىدۇر. چۈنكى سەپەردە بىرەر كىشى ھېكايە باشلىسا، باشقىلار ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ، ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەي قالىدۇ ۋە مەنزىلگە زېرىكمەي يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ «ئېكىننى يېگەنمۇ ياكى يەمدۇ» دېگىنى، ئېكىن ئىگىسىنىڭ قەرزى بار ياكى يوقلۇقىنى بىلىشتۇر. «بۇ كىشى ئۆلگەنمۇ ياكى تىرىكمۇ؟» دېيىش بىلەن ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا قالدۇرغان يادىكارلىقىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىشتۇر. ئەگەر كىشىنىڭ بالىلىرى بولسا ياكى ھامام، كۆۋرۈك - ئىمارەت سېلىپ قالدۇرغان بولسا، ئۇنداق كىشى ئۆلسىمۇ تىرىك دەپ سانىلىدۇ. ئەكسىچە، ئۇ كىشى مالپەرەس، دۇنيا پەرەس، خەسىس بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالمايدۇ. ئەي دادا، سىز خاتا قىپسىز. بېرىپ، ئۇكىشىدىن ئۆزرە سوراڭ ۋە سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى بېرىڭ، ئۇ سىزنى نادان ئادەم ئىكەن، دەپ چۈشىنىپ قالمىسۇن.

ئەرەب ھەكىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىدى ۋە سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. سوڭ دېدى:

- يولدا خىيالىم سەل پەرىشانراق ئىدى. سوئاللىرىڭنىڭ جاۋابلىرىنى ئەمدى ئېيتىۋاتىمەن.

ھەكىم:

- بۇ جاۋابلار سېنىڭدىن ئەمەس. راستىنى ئېيت، كىم ئۆگەتتى ساڭا؟ - دەپ تۇرۇۋالدى.

ئەرەب ئاخىرى ئىقرار بولۇپ، دېدى:

- بىر قىزىم بار، پاساھەت ۋە بالاغەتتە جاھان دانالىرىدىن قېلىشمايدۇ، ئەللامىلەرنىمۇ ئالىم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. شۇ ماڭا ئۆگەتتى.

ھەكىم بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. سوڭ ئەرەبتىن ئىلتىماس قىلىپ، قىزى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت سورىدى. قىز بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەدەب ۋە دانالىقىنى ياقتۇرۇپ قالدى. قىزنىڭ رازىلىقىنى ئالغاچ، ئەلچى كىرگۈزۈپ قىزنى

www.uyghurkitap.com

سوراتتى. شۇنداق قىلىپ، قىزنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردى.

# مېبايەد دىد (كۆرمەك كېرەك)

## مۇھەممەدھۈسەيىن

### مۇھەممەد ھۈسەيىن ۋە ئۇنىڭ «مېبايەد دىد» كىتابى

مۇھەممەد ھۈسەيىن تالىبپۇرىي ئىبنى شەيخ ئەلى ئەفسەر ھىندىستاننىڭ مۇرشىدئاباد شەھىرىدە ياشىغان. ئۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىم ۋە دانا كىشىلىرىدىن بىرى بولغان. مۇھەممەد ھۈسەيىن ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە ئەۋلادلىرى مۇنشىلىق - دەبىرلىك ⑲ ۋەزىپىلىرىدە ئىشلىگەن.

مۇھەممەد ھۈسەيىن 1877 - يىلى ئۆزىنىڭ «مېبايەددىد» (كۆرمەك كېرەك) ناملىق كىتابىنى يېزىپ تۈگەتتى. ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان. ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېيتىلىشىچە، مۇھەممەد ھۈسەيىنىنىڭ مىيان مۇھەممەد ئابدۇل ئەزىم ئىسىملىك ئوغلى بار بولۇپ، بۇ كىتابنى شۇ ئوغلىغا ئاتاپ يازغان. مۇئەللىپ بۇ كىتابنى يېزىشتا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن دانالارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئۇلاردىكى ئىبرەتلىك ھېكمەتلەرنى توپلاپ، شېرىن ئىبارەتلەر بىلەن تولدۇرۇپ، قايتا ئىشلىگەن. «ئەگەر پۇرسەت يار بولسا، - دەپ يازىدۇ مۇئەللىپ، - بۇ رىسالىنىڭ جۈملىلىرىنى ئوقۇغايسىزلەر ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغايسىزلەر. چۈنكى ئەمەلسىز ئىلىم - ھەسەلسىز مۇم كەبىي لەززەتسىز بولىدۇ».

مۇھەممەد ھۈسەيىنىنىڭ بۇ كىتابى 1990 - يىلغىچە ھىندىستاندا بەش قېتىم نەشر قىلىنغان. تۆۋەندە 1900 - يىلى ئۆكتەبىردە لاكناۋادا بېسىلغان بەشىنچى نەشرىدىن نەمۇنىلەرنى ئوقۇغايسىزلەر.

**- مۇھەررىردىن**

بەختىيار بولۇشنى ئىستىسەڭ، تۆۋەندىكى خىسلەتلەرنى ئۆزۈڭدە مۇجەسسەم قىلغىل:

ئەۋۋەلا ئاتا - ئاناڭ ھەققىنى ئادا قىل! ئاتا - ئانا خۇرسەنلىكى كىشى ئۈچۈن دۇنيادا زور دۆلەتتۇر.

يېشى چوڭلارنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىل، كىچىكلەرگە شەپقەت ۋە مەرھەمەت قىل!

كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقتىن يىراق بول! كىبىر كىشىنى ئەل ئارىسىدا خار ۋە قەدىرسىز - بىئېتىبار قىلىدۇ.

نەزم:

كۈچۈك باركى، كىبىرگە بولما يولداش،
كىبىر بىر كۈن كۆزۈڭدىن تۆككۈسى ياش.
تەكەببۇر بولمىسا ئادەم جاھاندا،
ياشار ئىززەتتىيۇ، بولغاي ئاماندا.

مۇسىبەتلىك ۋە ئېغىر دەملەردە قانائەت ۋە سەۋرنى پېشە ⑳ قىل! سەۋر غايەت زور مەقبۇل ۋە ماقۇل سۈپەتلەردىن بىرىدۇر.

قېرىنداش - ئۇرۇقلىرىڭنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇرما! ئۇلارغا مەرھەمەت كۆزى بىلەن قارا! ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سال ۋە ياخشىلىق قىل! رەھىمدىللىق - ئۇزۇن ياشاش ئۈچۈن ۋاسىتىدۇر ۋە كىشىنىڭ توق - باياشاد ياشىشىغا سەۋەبچىدۇر.

بېيىت:

كىشىدىن رازى بولسا گەر قېرىنداش،
ئابرويى ئېشىپ، بولغاي ھەممىگە باش.

ھېچبىر كىشىنى، خاھى ئۇ تىرىك بولسۇن، خاھى ئۆلۈك، يامان سۆزلەر بىلەن كەمسىتمەسلىك كېرەك.

غەرەزچى ۋە ھەسەتچىلەرنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمە! ھەتتا ئۇلارنى مەرىكە ۋە ئولتۇرۇشلىرىڭغا يولاتما!

تۆھمەتچى ۋە بۆھتانچىلاردىن يىراق بول! بەدگۇمان كىشىلەرگە يېقىنلاشما!

ھەرگىز باشقىلارغا تۆھمەت قىلما!

بىر كىمگە قارىتا كۆڭلۈڭدە تۇغۇلغان گىنەنى ئۈچ كۈندىن ئۆتكۈزمەي يوقات! دۇنيادا ھەسەت ۋە گىنەدىن ئېغىرراق ئازاب يوق. چۈنكى ھەسەتچى كىشى ئادەملەرنىڭ شادلىقى تۈپەيلى ھەر زامان غەم ئوتىدا پۇچۇلىنىدۇ، ئۆزگىلەرنىڭ راھىتىدىن دائىما زەخمەت چېكىدۇ:

رۇبائىي:

ھەسەت شۇنداق دەردكى، دورا ۋە دەرمان -
قوبۇل قىلماس، دىلنى ئۆرتەر بىئامان.
دەيدۇركى، ھەر ھەسەت ئەلگە زەرەردۇر،
ئەمما ھەسەتچىگە ئەلدىن ھەم زىيان.

ئەيىب يوشۇرۇشنى ھەر كىشى ئۆزى ئۈچۈن شوئار قىلمىقى كېرەككى، بۇ، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ يېقىملىق خىسلەتلىرىدىندۇر.

بىركىمگە ۋەدە بەرگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل! ۋەدىگە ۋاپا قىلماقلىق مەردكىشىلەرنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ چىرايلىق خىسلەتلىرىدىن بىرىدۇر.

بېيىت:

بۇ جاھاندا يوقتۇر ئۇنىڭدىن ياخشىراق،
كىشى ئۈچۈن ۋەدىگە ۋاپا قىلماق.

ھەركىمسە بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، ئوچۇق چىراي سۆزلەش!

ئەگەر ئىككى كىشى ئارىسىدا خۇسۇمەت پەيدا بولسا، ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىل ۋە بۇ ئىشتا ھېچبىر كۈچۈڭنى ئايىما!

ئەگەر سىزنىڭ قەدىر ۋە مەرتىۋىڭىز ئۈسۈپ مەنسەپكە ئولتۇرسىڭىز، ئۆزۈڭىزدىن تۆۋەنلەرنىڭ خىزمىتىنى يەردە قويماڭ ۋە ھەممە ئىشلارنى ئادىللىق بىلەن بېجىرىڭ!

ھەممە كىشىگە، ئۇ چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، دوست يا دۈشمەن بولسۇن، خۇددى شەيخ سەئدىي ئېيتقاندەك، ياخشىلىق قىلىڭ!

بېيىت:

ئالتۇن - كۈمۈش ئېھسان قىل ھەر ياخشىيۇ يامانغا،
بىرى ساۋاب ئىش بولسا، بىرى توساق زىيانغا.

ياخشىلىق-ياخشى نام كەلتۈرگۈچى، كەرەم㉑ ۋە ساخاۋەت - كىشىنى بەختىيار قىلغۇچىدۇر.

بېيىت:

كىمكى خىزمەت قىلسا ئەلگە، ئۆمرى شادلىقتا

تولدى،

ئىنە ئەلگە باش ئېگىپ، يۈزى قىپقىزىل بولدى.

كەچۈرۈم ۋە شەپقەتنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل! بىراۋ ئۆزرە سورىسا، ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل ئەت! ئۆچ ئېلىشقا قارىغاندا، ئۆزرىنى قوبۇل قىلىشتا لەززەت كۆپرەكتۇر.

قىتئە:

ئىشاڭ ئۇگدىن كېلىپ، زەپەر بولسا يار،
ئۆزرە سورىغۇچى ئۆزرىن قوبۇل قىل!
گۇناھكار ئۆز ئىشلىن قۇربانى بولۇر،
ۋەلې ㉒ ئەپۇ ھىدى تەگسە تىرىلىدۇ، بىل!

ئۆزۈڭنى يامان كىشىلەر سۆھبىتىدىن يىراق تۇت! يامان كىشىلەر سۆھبىتى جەھەننەم ئوتىدىنمۇ يامانراقتۇر. ھەر قانداق سۆھبەتنىڭ ئۆز تەسىرى بولىدۇ. يەنى ياخشى كىشىلەر سۆھبىتى دۆلەتنى ئاشۇرسا، يامان كىشىلەر سۆھبىتى زەخمەتنى كۆپەيتىدۇ.

بېيىت:

سۆھبەتكە ئەرزىمەس ھەر بىر قارا دىل،
سۆھبەت ئۈچۈن ياخشى دوستلار پەيدا قىل!

كىشىلەرگە ئۇلاردىن ئاۋۋالراق سالام بېرىشكە ئالدىرا! بۇ، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرىدىن بولۇپ، كەمتەرلىك نىشانلىرىدىن بىرىدۇر.

قەۋم - قېرىنداشلىرىڭ ئارىسىدا شۇنداق يول تۇتكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىلى سۆيۈنسۇن ۋە ساڭا باغلانسۇن!

بېيىت:

ساڭا ھەج شۇ - كۆڭۈل ئۆيىنى ئاباد قىل،
مىڭ كەئبىدىن ياخشىدۇر شاد بولسا بىر دىل.
سىنىماي تۇرۇپ ھېچكىمگە ئىشەنمە ۋە ئۇنى ئۆز سىرىڭغا دوست قىلما!

پەرد:

سىر ئاچما بىراۋغا، كېزىپ دۇنيانى
ھېچ يەردە كۆرمىدىم سىرداش ئاشنانى.

ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەن نەرسىنى ئۆزگىلەرگىمۇ راۋاكۆرمە!

ئارتۇقچە چاقچاقتىن، مەسخىرىلەشتىن، يامان سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ۋە كالتا پەملىك قىلىشتىن ئۆزۈڭنى تىي! بۇنداق قىلىش ھەم گۇناھ، ھەم يامان ئىشلىدۇر.

غەيۋەت، چېقىمچىلىق، ئاچكۆزلۈك، ھەسەت، نىفاقلىق، تەكەببۇرلۇق، رىيا ۋە بېخىللىقتىن قاچ!

بېيىت:

بولسۇن دېسەڭ دىلىڭ ساپ گويا ئەينەك،
ئون نەرسىدىن خالىي ئەيلىگىن كۆكرەك.
يالغان، غەيۋەت، غەزەپ، ھەسەت، بېخىللىق،
رىيا، گىنە، كىبىر، تەمە، يامان ئىستەك.

تۆۋەندىكى بەش خىسلەتنى ئۆزۈڭدە مۇجەسسەم قىلساڭ، دۇنيادا ھەر دائىم خۇشھال ۋە شادىمان بولۇرسەن:

بىرىنچىسى، ئامانەتنى ساقلاش؛ ئىككىنچىسى، راستچىللىق؛ ئۈچىنچىسى، خۇش خۇلقلۇق ۋە ساپ دىللىق؛ تۆتىنچىسى، پەرھىزكارلىق؛ بەشىنچىسى، ھايا.

ئەگەر كىشىگە بەخت مەدەتكار، دۆلەت يار بولسا، ئۇ ھالدا غاپىللىق بادەسىدىن ㉓ ئىچىپ مەست بولمىغاي، بەلكى بۇچەرخى ستەمكار㉔ نىڭ بىر ئايلىنىش بىلەن جەمشىد ۋە زەھھاكقا ㉕ ئوخشاش شاھلارنى نىمە قىلغانلىقىنى ئىبرەت كۆزى بىلەن ئىدراك قىلغاي! ھايات قىيىنچىلىقلىرى ھەممە ئاخىرى يوق تۈن - كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىپەرۋا بولۇپ، ئەزىز ئۆمۈرنى بىھۇدە ئۆتكۈزمىگەي. بىلگەيلەركى، دۇنيادا ھېچكىمسە بىر خىل بولۇپ ئۆتمەيدۇ. دۇنيا نەيرەڭلىرىنى ۋە پەلەكنىڭ خىلمۇ خىل ئايلىنىشىنى بىلمەكچى بولغان كىشى ئۈچۈن ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن سۇلتانلار ۋە ھاكىملار ھالىغا ئىبرەت كۆزى بىلەن باقمىقى بەس.

بىراۋغا نەپ كەلتۈرمەيدىغان بايلىق - ئەڭ يامان بايلىق. ئەڭ يامان دوست - مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىق كۈنلەردە كىشىنى يالغۇز قالدۇرغان دوستتۇر. ئەڭ مەلئۇن قېرىنداش شۇكى، ئۇنىڭدىن ئۆز قېرىنداشلىرىغا نەپ تەگمەيدۇ. ئەڭ يامان خوتۇن شۇنداقكى، ئېرى بىلەن چىقىشمايدۇ. ئەڭ يامان پەرزەنت شۇنداقكى، ئۆز ئاتا - ئانىسىغا بويسۇنمايدۇ. دىلى بىلەن تىلى بىر بولمىغان سۆھبەتداشلارنىڭ سۆھبىتى ئەڭ يامان سۆھبەتتۇر. ئەڭ يامان تەن - ساقلىقى دا ئىما بۇزۇلۇپ، پەيۋەستە رەنجىش - ئەلەم ئاستىدا بولغان تەندۇر. تىنچلىق ۋە ئەرزانچىلىق بولمىغان شەھەر ئەڭ ۋەيرانە شەھەردۇر.

ساخاۋەت ۋە مۇرۇۋۋەت ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كەمبەغەل ۋە ئاجىز بولۇشلىرىغا قارىماستىن، قەيەرگىلا بارسۇن ئىززەت ۋە ھۆرمەتتە بولىدۇ. بېخىل ۋە خەسىس كىشىلەر بولسا، دائىما لەنەت ئاستىدا بولۇپ، خار - بىئېتىبار ياشايدۇ.

تۆۋەندىكى ئۈچ يامان پېئىل، يەنى ۋاپاسىزلىق، مىكىر ۋە ئادالەتسىزلىكتىن پەرھىز قىلماق ھەر بىر كىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

نەزم:

ئۈچ پېئىل بار ئادەمگە چىرمىشىپ يۈرەر،
ھەربىر كۆڭۈل ئۇنىڭدىن بەك ئازار چېكەر.
بىرىدۇر بىۋاپالىق ئىرۇر ئىنساندا،
بۇنىڭدىن يامانراق پېئىل يوقتۇر جاھاندا.
بىرى مىكىر، يەنە بىرى ئادالەتسىزلىك،
ئۇنىڭدىن ھاسىل بولۇر دىيانەتسىزلىك.
ئەقىللىق ۋە ھوشيار بولساڭ سەن ئەگەر،
ھەزەر قىل ئۈچ پېئىلدىن، ھەزەر قىل، ھەزەر!

ئەخمەقلىقنىڭ ئالامەتلىرى ئۈچ نەرسىدىدۇر: بىرىنچى، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۆزگىلەرگە زىيان كەلتۈرۈشتە؛ ئىككىنچىسى، خوتۇنلار بىلەن قوپال ۋە بەدپېئىللارچە ئىشقىۋازلىق قىلىشتا؛ ئۈچىنچىسى، ۋاپاسىزلىق، دوستلۇق قائىدىسىگە ئەمەل قىلماسلىق ۋە خەلقنى مەنسىتمەسلىكتە.

دانالار: دوستسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس، دېيىشىدۇ. ئەمما ھەر قانداق كىشىنى دوست تۇتقىلى بولۇۋەرمەيدۇ. تۆۋەندىكى ئۈچ تائىپە كىشىلەر بىلەن دوستلىشىشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئىلىم ئەربابلىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن كىشى سائادەت تاپىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ياخشى ئەخلاق ئىگىلىرى بىلەن، ئۇلار دوستىنىڭ خاتاسىنى توغرىلايدۇ، ھېچقانداق

www.uyghurkitap.com

مەسلىھەتنى ئايىمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، غەرەز ۋە تەمەدىن خالىي كىشىلەر بىلەن. دوستلۇقنى ساداقەت ۋە ئىخلاس نىگىزىگە قۇرماق كېرەك. ئۈچ گۇرۇھ كىشىلەر بىلەن دوستلىشىشتىن ھەزەر قىلماق لازىم: بىرىنچىسى، پىسقۇ-بۇجۇر ئەھلى بىلەن، ئۇلار غەيۋەت بىلەن مەشغۇلدۇركى، يا باشقىلارنىڭ راھىتىنى، يا ئۆزلىرىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆزلىمەيدۇ؛ ئىككىنچىسى، يالغانچى ۋە خىيانەتكارلار بىلەن، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى كىشى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇلار باشقىلار بىلەن سېنىڭ ئۈستۈڭدىن يالغان سۆزلەرنى توقۇيدۇ. ساڭا بولسا باشقىلارنىڭ پىتنە قوزغىغۇچى گەپلىرىنى توشۇپ كېلىپ ئېيتىدۇ؛ ئۈچىنچى، نادان ۋە ئەقىلسىز كىشىلەر بىلەن، نە پايدا يۈزىسىدىن، نە زىيان يۈزىسىدىن ئۇلار بىلەن دوستلىشىپ بولمايدۇ.

مىسرا:

نادان دوستتىن دانا دۈشمەن ئەۋزەلدۇر.

دۇنيادا تۆت خىل ھال ئەڭ ئېغىردۇر: بىرىنچىسى، قېرىغاندىكى كورلۇق ۋە خارلىق؛ ئىككىنچى، غۇربەتتىكى بىمارلىق؛ ئۈچىنچى، كەمبەغەللىكتىكى قەرزدارلىق؛ تۆتىنچى، مۇساپىرلىقتا دوستلاردىن ئاجراپ قېلىش.

مۇنۇ ئۈچ نەرسىنى كىشى ئۆزىگە ئادەت قىلغاي: بىرىنچى، بىر كىمنى جازالاشقا بۇيرۇۋاتقاندا ئالدىرىماسلىق؛ ئىككىنچى، ياخشىلىق قىلىشتا سۇستكەشلىك قىلماسلىق؛ ئۈچىنچى، باشقا مۇسىبەت چۈشكەندە سەۋر قىلىش.

بۇ بەش نەرسە غەنىيمەتتۇر: بىرىنچى، قېرىلىقتىن ئىلگىرىكى ياشلىق؛ ئىككىنچى، بىمارلىقتىن ئاۋۋالقى سالامەتلىك؛ ئۈچىنچى، كەمبەغەللىكتىن ئاۋۋالقى بايلىق؛ تۆتىنچى، زەخمەتتىن ئاۋۋالقى پاراغەت؛ بەشىنچى، ئۆلۈمدىن ئاۋۋالقى تىرىكلىك.

دانالار شۇنداق دەيدۇ: مۇبادا، بىر توپ كىشىلەر بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئادەمگەرچىلىكتە باشقىلىرىدىن ئۈستۈنرەك بولغان كىشى بىرىنچى بولۇپ شۇ مەقسەتكە يېتىدۇ. ئەگەر ئادەمگەرچىلىكتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭ بولسا، ئۇنداقتا ئۇلاردىن چىداملىق ۋە ساداقەتلىكرەكى مەقسەتكە يېتىدۇ. ئەگەر بۇ جەھەتتىنمۇ ئۇلار بىر-بىرلىرىدىن قېلىشمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا دوستلۇقى ۋە مەدەتكارلىقى ئۈستۈنرەك بولغىنى مەقسەتكە يېتىدۇ ۋە زەپەر قۇچىدۇ.

كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغان چېغىڭدا ئىختىيارىڭ نۇختىسىنى نەپسى ئەممارەڭ قولىغا تۇتقۇزمىغىلكى، ئۇ سېنى ئۆلۈم ھاڭغا غۇلاتمىسۇن! غەلىبە قىلغان چېغىڭدا رەھىم قىلىشنى ئويلا. قول ئاستىڭدىكىلەرگە رەھىم قىلساڭ، ۋاقتى - كۈنى كېلىپ ئۇلارمۇ ساڭا شەپقەت كۆزى بىلەن قارايدۇ.

ئادەملەر سۆزى ۋە ئىشلىگە قاراپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى خىلى، بىر نەرسىنى سۆزلەيدىيۇ، ئەمما ئۆزلىرى قىلمايدۇ. بۇ، مۇناپىقلىق ۋە خەسىسلىك ئالامىتىدۇر؛ ئىككىنچى خىل كىشىلەر بىر نەرسىنى ھەم ئېيتىدۇ، ھەم ئۆزلىرى قىلىدۇ. بۇ، ۋىجدانلىق ئادەملەر ئادىتىدۇر؛ ئۈچىنچى خىلى، مېھنەتكەش ئېيتمايدۇ، ئەمما قىلىدۇ. بۇ، مەرد ئادەملەر تائىپىسىدۇر؛ تۆتىنچى خىلى بولسا، سۆزلىمەيدۇ ھەم ھېچنەرسە قىلمايدۇ. بۇ، ئەڭ پەسكەش ئادەملەر ئىللىتىدۇر.

تۆۋەندىكى بىر نەچچە جۈملە دانالار كىتابىدا زىكىر قىلىنغان بولۇپ، ھەركىم بۇ تۆت ئىشنى قىلسا، تۆت نەرسىنى كۆتسە بولىدۇ: كىمكى كۆپ يېيىشكە ھەۋەسمەن بولسا، بىمارلىقنى كۈتسۇن؛ كىمكى ئاياللار ۋىسالىغا ھەۋەسمەن بولسا، رەسۋالىقنى كۈتكەي؛ كىمكى ئەقىلسىز دوستلارغا ئىشەنسە، مال - دۇنياسى بىلەن خەيرلىشىشكە ھازىرلانغاي؛ كىمكى زالىم بولۇپ زۇلۇم قىلسا، ئۆلۈمنى كۈتسە بولىدۇ. شۈبھىسىز، ئەگەر كىمەرسىكى، ستەمكارلىق شارابىدىن بىر قەدەھ ئىچەركەن، بالا - قازا مەستلىكىگە مۇپتىلا بولماي قالمايدۇ. ئەگەر ھاياتلىق بوستانىغا ئادالەتسىزلىك نىھالىنى ئەكسە، ئازاب ۋە ئۇقۇبەت مېۋىسىدىن باشقا نەرسە ئالالمايدۇ.

بېيىت:

دۇنيادا ھېچكىمگە ئەيلىمە ستەم،
ستەمدىن كىشىنىڭ ئۆمرى بولۇر كەم.

تۆت نەرسە باركى، ئۇلارنىڭ ئازىنىمۇ كۆپ سانىماق كېرەك: بىرىنچى، ئوت. ئۇنىڭ ئازراق كۆيدۈرگىنىنىڭ زىيىنى كۆپكە ئۆتىدۇ؛ ئىككىنچى، قەرز. ئۇنىڭ بىر دىرھەمىنىڭ مىڭ دىرھەملىك تەشۋىشى بار؛ ئۈچىنچىسى، كېسەللىك. ئۇ، قانچىلىك يەڭگىل بولسۇن، بەربىر زەئىپلىك ۋە ناتىۋانلىق پەيدا قىلىدۇ؛ تۆتىنچى، دۈشمەن. ئۇ قانچىلىك خارۋە ئاجىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان بىر كۈنى ئۆز ئىشىنى قىلىدۇ.

كېسەل كىشى پۇتۇنلەي ساقىيىپ كەتمىسە، يېمەك - ئىچمەكنىڭ لەززىتىنى بىلمەيدۇ. ئېغىر يۈك يەلكىدىن چۈشمىگۈچە كىشى يەڭگىل نەپەس ئالالمايدۇ. ئاشىق مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يەتمىگۈچە تىنچىمايدۇ. مۇساپىر مەنزىلىگە يەتمىگۈچە ئىزتىراپى كېمەيمەيدۇ. كىشى خەۋپلىك دۈشمىنىدىن قۇتۇلمىغۇچە تىنىم تاپمايدۇ.

بېيىت:

ھەر كىمسە دۈشمەندىن قۇتۇلغان زامان،
ئۆزىنى سېزىدۇ خۇشھال ھەم ئامان.

ئالتە خىل كىشى ئالتە خىل نەرسىدىن ئۈمىد ئۈزگەي: بىرىنچى، زالىم پادىشاھ دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇستەھكەملىكىدىن؛ مەغرۇر ۋە تەكەببۇر كىشى ئەلنىڭ ماختىشىدىن ۋە ياخشى نام چىقىرىشتىن؛ ئۈچىنچى، بەدخۇيلۇق كىشىلەر سۆھبەتداشلاردىن؛ تۆتىنچى، ئەدەبسىز كىشىلەر ئۇلۇغ مەرتىۋىدىن؛ بەشىنچى، ئاچكۆز كىشىلەر ياخشىلىق قىلىنىشىدىن؛ ئالتىنچى، تەمەگەر كىشىلەر بىگۇناھلىقتىن. چۈنكى تەمە كىشىنى ھارامخورلۇققا باشلايدۇ. قەيەردە ھېرس بولسا، شۇ يەردىن راستلىق كېتىدۇ.

ئىككى نەرسە ئىككى نەرسە يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال ياخشىدۇر: بىرىنچى، كۆل ۋە بۇلاق سۈيى دېڭىزغا قوشۇلۇشتىن ئىلگىرى. ئۇلار دېڭىزغا قوشۇلدىمۇ، دېمەك ئۇلاردىن ئازادىلىك ۋە پاكىزلىك كېتىدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇرۇق - تۇغقانلار

بىلەن مۇھەببەت ۋە دوستلار ئارا يېقىنچىلىق ئارىغا پىتنە سالغۇچىلار ۋە چېقىمچىلار چۈشۈشتىن ئىلگىرى ياخشىدۇر. ئارىغا بۇ تائىپە كىشىلەر چۈشتىمۇ، دېمەك كۆز ئارا دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق بۇزۇلۇپ، بىر - بىرلىرىگە نىسبەتەن ئىشەنچ قالمايدۇ.

ئۈچ خىل كىشىلەر دائىما غەم ۋە قايغۇغا ئەسىر بولىدۇ: بىرىنچى، ئۆمرىنى ھەر زامان يامانلىق بىلەن ئۆتكۈزگۈچى كىشى؛ ئىككىنچى، قولىدا مەنسىپى بار ۋاقتىدا ياخشىلىق قىلمىغان كىشى؛ ئۈچىنچى، ئاقىۋىتىنى ئويلىماي بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغان كىشى.

ئۈچ خىل كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى غەمگە تاشلايدۇ: بىرىنچى، جەڭدە پەرۋاسىزلىق قىلىش نەتىجىسىدە قاتتىق زەخمە يېگەن كىشى؛ ئىككىنچى، بىرەر يەردىن ھارامخورلۇق بىلەن بايلىق تاپقان كىشى؛ ئۈچىنچى، ئۇرۇشقاق ياش خوتۇنغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق كۆڭۈل قويغان قېرى كىشى. بۇنداق خوتۇن ئۆز ئېرىنىڭ تېزرەك ئۆلۈشىنى كۈتىدۇ.

يەنە ئالتە نەرسىدىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ؛ بىرىنچى، ئەمەل قىلىنمىغان سۆزدىن؛ ئىككىنچى، ياخشىلىققا ئېلىپ بارمايدىغان بايلىقتىن؛ ئۈچىنچى، تەجرىبىسىز، خام دوستتىن؛ تۆتىنچى، كېرەكسىز ئىلىمدىن؛ بەشىنچى، ياخشى نىيەتسىز سەدىقىدىن؛ ئالتىنچى، ساقلىقسىز ياشاشتىن.

يەنە يەتتە خىل كىشىنى يەتتە يەردە سىناشقا بولىدۇ: ئالىمنى سۆزلەۋاتقاندا ۋە بەھس - مۇنازىرىدە؛ ھەقىقىي ئىنساننى غەملىك كۈنلەردە؛ دوستنى ھاجىتى چۈشكەندە؛ دېھقاننى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدا؛ سودىگەرنى ھېساب - كىتاب ۋاقتىدا؛ ئۇلۇغ كىشىلەرنى غەزەپ پەيتىدە؛ مەرد كىشىنى جەڭ مەيدانىدا.

يەنە بىلمەك كېرەككىم، دانالار يېزىپ كەتكەن نەسىھەت كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنىشىچە، سەككىز خىل ئادەمنىڭ سۆھبىتىدىن قاچماق ۋە سەككىز خىل ئادەمنىڭ سۆھبىتىگە يېقىنلاشماق كېرەك. سۆھبىتىدىن قول يۇيماق لازىم بولغان ئاشۇ سەككىز خىل كىشىنىڭ بىرىنچىسى، تۇز ھەققىنى بىلمەيدىغان ۋە تۇزلۇقۇڭغا تۈپۈرۈدىغان كىشىدۇر؛ ئىككىنچىسى، ئورۇنسىز غەزەپلىنىدىغان ۋە غەزىپىنى باسالمايدىغان كىشىدۇر؛ ئۈچىنچىسى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكى بىلەن مەغرۇرلىنىدىغان ۋە ئۆزىنى ئاددىي ئەخلاق قانۇن - قائىدىلىرىدىن ئازاد دەپ ھېسابلاپ، خىيالىغا كەلگەن ئىشلارنى قىلىۋېرىدىغان كىشى؛ تۆتىنچىسى، ھەر قانداق ئىشنى ھىيلە - مىكىر بىلەن قىلىدىغان ۋە بۇ يولنى توغرا دەپ چۈشىنىدىغان كىشى؛ بەشىنچىسى، يالغانچىلىق ۋە خىيانەتنى شوئار قىلىۋېلىپ، راستلىق ۋە ۋىجدانلىقلىقنى تەن ئالمايدىغان كىشى؛ ئالتىنچىسى، ھاۋايى ھەۋەسنى مەقسەت قىبلىسى دەپ چۈشىنىدىغان كىشى؛ يەتتىنچىسى، شەرم - ھاياسىز بولۇپ، كەپسىزلىك ۋە ئەدەبسىزلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزگۈچى كىشى؛ سەككىزىنچى، ھېچبىر سەۋەبسىز ھالدا ياخشى ئادەملەر توغرىسىدا يامان ئويلايدىغان ۋە ھېچقانداق ھۆججەتسىز ئىلمۇدانىش ئەربابلىرىغا تۆھمەت تېشىنى ئاتىدىغان كىشى.

ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، سۆھبىتىنى غەنىيمەت بىلىش لازىم بولغان سەككىز خىل كىشىنىڭ بىرى، ياخشىلىقنى بىلىدىغان، ھەق - ھوقۇقىنى ئادا قىلىدىغان كىشىدۇر؛ ئىككىنچى خىلى، مېھرۇ مۇھەببىتى زامانىنىڭ ھەرقانداق ھادىسىلىرى ئاستىدىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان ۋە بۇزۇلمايدىغان كىشى؛ ئۈچىنچىسى، ئۇلۇغ كىشىلەرنى تەربىيە قىلغان ئەربابلارنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلىدىغان كىشى؛ تۆتىنچىسى، پىسىق - پۇجۇردىن، يالغانچىلىقتىن، تەكەببۇرلۇقتىن پەرھىز قىلىدىغان كىشى؛ بەشىنچىسى، غەزەپ پەيتىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدىغان كىشى؛ ئالتىنچىسى، ساخاۋەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، بىچارىلەر ھاجىتىدىن چىقىدىغان كىشى؛ يەتتىنچىسى، شەرم - ھايانى ئۆزىگە قورال قىلىپ، ھەر قانداق ھالەتتىمۇ ھەم ئەدەب چېگرىسىدىن تاشقىرى چىقمايدىغان كىشى؛ سەككىزىنچى، ئالىم ۋە دانا كىشىلەر بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، پىسىق - پاساد ئەھلىدىن قاچىدىغان كىشى.

ھەر كىشىكىم يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان سەككىز خىل تائىپىدىن يىراقلىشىپ، تۆۋەندە تىلغا ئېلىنغان سەككىز خىل تائىپىگە يېقىنلاشسا، يامان ئەخلاق ۋە رەزىل پېئىللاردىن قۇتۇلغۇسى.

بېيىت:

بىرلا سۆز بەس - كۆپايە ئەھلى شۇئۇرغا ㉖
بولمىسا، سەن تۇتارسەن شام - چىراغ كورغا.

ئەي بىناۋا كىشى، ئىلىم ئېلىشقا ھەرىكەت قىل! ئىلىمسىز ۋە ھۈنەرسىز كىشى ئۆز دىيارىدىمۇ، ئۆز قېرىنداشلىرى ئالدىدىمۇ خار ۋە بىئېتىبار بولغۇسى. ئىلىملىك ۋە ھۈنەرلىك كىشىلەر قەيەردە بولسۇن - قەيەرگە بارسۇن، ئىززەت ۋە ھۆرمەتتە بولغاي. ئۇرۇق - ئەجدادىڭنىڭ ھۈنەر ۋە ئىلمىگە مەغرۇرلىنىپ لاپ ئۇرما، نەسلۇ نەسەبىڭنى پەش قىلىپ ياشاشقا ئىنتىلمە!

مەسنەۋىي:

ئۆزۈڭنىڭ ھۈنىرىڭ بىلەن كەر كۆكرەك،
ئەجدادىڭ شۆھرىتىن قىلمىغىل يۆلەك.
ئۆلۈك - تىرىك ئارىسىدا يۇرمىگىل، ئۇرتاق،
ئۆلۈكنى تىرىلدۇر بەلكى، سەن ھەر چاغ.

ئەي پەرزەنت، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭغا تەمە كۆزى بىلەن باقما! ئۇلار گويا مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇلاردىن ھەر دائىم بىرەر نەرسە سوراش - ئۈمىد قىلىش ناتوغرىدۇر. سەن، ئىمكانىڭ بارىچە ئۆز كۈچۈڭ بىلەن نەرسە تاپ! بار - يوقلۇقتا دانالار كەبىي سەۋر - قانائەتنى پىشە قىل. بىراۋغا قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇ، باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنتۇما! بىر - ئەسرارىڭنى باشقىلارغا ئېيتما. ئەقىلسىز كىشىلەردىن ۋاپا كۈتمە. مېھمانغا ئىززەت - ئىكرام قىل. ئاساسسىز ۋە دەلىلسىز سۆز قىلما. پىتنە - پاسات پەيدا قىلىدىغان سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كۆرە، سۆزلىمەي جىم ئولتۇرغان ئەۋزەلدۇر. باشقىلارغا ئورا كولىما، باشقىلارغا ئورا كولىغان كىشى شۇ ئورىغا ئۆزى چۈشكەي.

قىتئە:

ھەر كىشىكىم ئەگرى پىكىر، يامان پېئىل بولسا،

www.uyghurkitap.com

ھېچيەردە ۋە ھېچقاچاندا ياخشىلىق كۆرمەس.
ھەر كىمسەكى يامانلىق دەرىخىن تىكسە،
مەنپەئەت يېمىشىنى ھېچقاچان تەرمەس.

# گۈلىستان

## ھەكىم قائانىي

ھېكايەت: مەنسەپدار كىشى بىر دانادىن: «مەنسەپتىن دۇنيادا نېمە قالىدۇ؟» دەپ سورىدى. دانا ئۇنىڭغا: «پەقەت بىر نەرسە، ئەمما ئۇ ئىككى سۈپەتلىكتۇر» دېدى. مەنسەپدار: «ئۇلار قايسىلار، ئېيتىپ بەر» دەپ ئىلتىماس قىلدى. دانا دېدى: «ئۇ نەرسە نامدۇر. ئەگەر مەنسەپدار كىشى ئادالەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك بولسا، ياخشىلىق قالىدۇ، ئەكسىچە بولسا، يامانلىق!»

قىتئە:

مىڭ يىل پادىشاھلىق قىلدى ئۇ زەھھاك،
يامان دېگەن نامى قالدى جاھاندا.
كىسرا دۆلىتىدىن ئەسەر يوق، بىراق،
ئادىل دېگەن نامى تەكرار ھەر ئاندا.

ھېكايەت: بىر دانادىن سورىدى: «دۇنيادا قانداق كەسىپنى سۆيۈپ ئۆگەندىڭىز؟». ئۇ: «قانائەت قىلىش كەسپىنى» دەپ جاۋاب بەردى.

قىتئە:

كىمكى قىلدى قانائەت ئارپا نانغا،
غەم - قايغۇدىن خالىي بولدى جاھاندا . . .

ھېكايەت: بىر دانادىن سورىدى: «دۇنيادا نېمىنى خالايسىز؟». ئۇ ئويلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى: «ھېچنەرسە خالىماسلىقنى!».

قىتئە:

ئۆمرى قىسقا بايلىقتىن ئەيشۇ ئىشرەت ئىزدىمە،
تۇرلۇك رەڭدە تاۋلىنىپ، مىڭبالاغا دۇچ قىلۇر . . .

ھېكايەت: بىر نادان كىشى ئۆزىچە غەزەپلىنىپ، مېنى شۇنداق ھاقارەت قىلدىكى، ئاخىرى چارچاپ بىر بۇلۇڭغا باردى - دە، جىمغىنە ئولتۇرۇپ قالدى.

قىتئە:

ئېشەك نەرە تارتىپ، ھاڭرىغان زامان،
قۇلاقنى تېشەي دەر يېقىمسىز «سازى».
سەۋر قىلىپ بىر ئاز ئولتۇرساڭ ئەگەر،
ئۆز - ئۆزىدىن تىنغاي ئېشەك ئاۋازى.

دوستلىرىمدىن بىرى ماڭا مالامەت قىلىپ: «نېمىشقا ئۇ ئەبلەخكە ھېچنەرسە دېمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا دېدىم: «دوستلار ھۆرمىتى ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم. چۈنكى ھېچ سەۋەبسىز سېنى ھاقارەت قىلغان كىشىگە قارشى گەپ قىلساڭ، ئۇنىڭ شاپىلاق ئۇرۇشى ھېچگەپ ئەمەس. شاپىلىقىغا جاۋاب قايتۇرساڭ، كالتەك كۆتۈرىدۇ. سەن كۆتۈرگەن كالتەككە بولسا تاش بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ، ئىشنىڭ چوڭى چىقىدۇ. ئارىغا ئارىچىلار چۈشىدۇ. ئەمما بىلىسەنكى، دەۋاگەرلەر بىر تەرەپتىن زەربە يېسە، ئارىچى ھەر ئىككى تەرەپتىن يەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز بىر ئۆزۈم غەم قىلاي ۋە ئۇمۇ بىر ئۆزى خاپا بولۇۋەرسۇن».

قىتئە:

ھاقارەت قىلسا كىم، يۇمساڭ ئاغزىڭنى،
يەنە ھاقارەت ياغماس، يۇمار ئاغزىنى.

ئاقىلدىمۇ، جاھىلدىمۇ ئىككى قۇلاق بار. بىرىنىڭ سۆزلىرى بىر قۇلاقتىن كىرىپ، ئىككىنچى قۇلاقتىن چىقىپ كەتكىنى تۈزۈك. ئەگەر تەتۈرىسىچە بولۇپ، بىر قۇلاقتىن كىرىپ، ئىككىنچىسىدە ئورناپ قالغىنىدا ئىدى، ئاقىل جاھىلغا، جاھىل بولسا ئاقىلغا ئايلانغان بولۇر ئىدى.

ھېكمەت: ھىند ھەكىملىرىنىڭ كىنايە قىلىپ يېزىشلىرىچە، ئۆزلىرىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ياخشىلىق يولىدا سەرپلىمەيدىغان بېخىل كىشىلەر «سەخىي» كىشىلەردۇر. چۈنكى ئۆزلىرى يېمەي، بايلىقىنىڭ ھەممىسىنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ كېتىدۇ.

قىتئە:

تۇرۇپ دەريا لېۋىدە بۇ تىمار قۇش (27)،
چېكەر دەريا سۈيىدىن دائىما غەم.
ئۆزىچە ئويلىغاي ئىچەيمۇ يا ياق،
ئەگەر ئىچسەم دەريا سۈيى بولۇر كەم.
دىلىدا ھىممىتى يوق بېخىل كىشىنىڭ
شۇ قۇشقا ئوخشىغاي خۇيى - ئىشى ھەم.
خىرىسىنىڭ (28) ئۆتكۈرلۈكىدىن ئۆز نامىنى
ئۆز - ئۆزىگە كۆرمىگەي لايىق، ئۇ، كەم.

ھېكمەت: بىر كىشى: «پالانى پېقىر كېچىسى مەي ئىچىپ، بىھوش يىقىلىپ قاپتۇ» دېدى. دانالاردىن بىرى: «ئۇ ئەسلى ئۆزى بىھوش ئىدى، ھوشى بولسا مەي ئىچەتتىمۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى.

قىتئە:

بۇرادەر دېمە، مۇپتى ئۇشبۇ تۈندە
ئىچىپ مەي بېشىدىن كەتتى ھەممە ھوش.
ئۆزى مەينى ھارام دەر ھەر زاماندا،
ھوشى بولسا ھارامنى ئەيلىمەس نوش (29).

قىتئە:

شەھىرىمىز مۇپتىسى زادى بىلمەستۇر،
نېمىلەر ھارامۇ، نېمىلەر ھالال.
بولمىسا موھتاجلار مالىن يېمەستىن،
زالىملار قېنىنى تۆكەتتى دەرھال.

ھېكايەت: بىر دوستۇم ئالدىمغا كېلىپ: «ماڭا نەسىھەت سۆزلەرنى ئېيتىپ، مەسلىھەت بەرسەڭ» دەپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئەي رەپىق، مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدە شۇ نەرسىگە يەتمەك رەنجى، نەسىھەت گەنجىنى تاپماق رەنجى باردۇر» دېدىم.

مىسرا:

بىراۋغا ئېيت ماڭا قىلسۇن نەسىھەت!

لېكىن، ھەكىملەرگە تەقلىد قىلىپ بىر نەچچە سۆز ئېيتىشىم مۇمكىن. بەلكىم بۇ سۆزلەر ساڭا تەسىر قىلسا ئەجەب ئەمەس.

قىتئە:

ئەمەل قىلماس بولساڭ ئېيتقان سۆزۈڭگە،
ئاڭلىمىسا سۆزۈڭنى باشقىلار، ئەجەبلەنمە!

«ئۇلار قايسى سۆزلەردۇر؟» سورىدى ئۇ. «ئاز يە، - دېدىم ئۇنىڭغا، - تاكى ئۆزۈڭ قىينالمايسەن. ئاز ئۇخلا، تاكى ئىدىرىكىڭ مەنىلەر خەزىنىسىنى يەھمەلەشكە ئاجىزلىق قىلمىسۇن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاز يېمەك ئاز

ئۇخلاشقا سەۋەب بولىدۇ. ئاز يېمەكمۇ ئاز يېمەككە باغلىقتۇركى، ئاز يېيىلگەندە كىشىدە سۆزلەش ئۈچۈن كۈچ ۋە ھەۋەس كەم بولىدۇ. بىلگىنكى كۆپ سۆزلەش ياخشى ئادەتتىن ئەمەس».

قىتئە:

دۈشمىنىڭدۇر نەپسى ئەممارەڭ⑤،
كۆچىيىشكە يول قويما ئەسلا.
ھەددىدىن ئارتۇق ئاچ قالدۇرما ھەم،
ھەددىدىن ئارتۇق تويدۇرما ئىللا㉚.

خەۋەرلەردە شۇنداق كەلتۈرۈلىدۇ: «سىزنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنىڭىز ئىككى بېقىن ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان نەپسى ئەممارىڭىزدۇر!».

قىتئە:

قېچىپ كېتىش مۇمكىن دۈشمەن قولىدىن،
قانداق قىلاي دۈشمەن چىقسا ئۆزۈمدىن؟!

ھېكايەت. بىر دوستۇم بىر زالىم ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ ئالدىمغا كەلدى. مەن ئۇنىڭغا دېدىم: «شۈكرى قىل، جەۋر چېكىدىن ئاشسا، دەۋرانى ئۆز - ئۆزىدىن پايانىغا يېتىدۇ. دۇنيانىڭ ئادىتى شۇلكى، ھەر قانداق پايدىنىڭ زىيىنى بولىدۇ، ھەر قانداق تۆكۈسلۈك (مۇكەممەللىك) نىڭ بىر ئەيىبى».

قىتئە:

ھەركىشكى باندۇرسا جەۋرۇ زۇلۇم ئوتىنى،
ئۆزىھەم شۇ ئوتتا كۆيۈپ، «كۆل» قىلۇر ئوتئىچىنى!

ھەكىملەر ئېيتىدۇرلەركى، ھەر بىر غەلىبە نىجادلىق بائىسىدۇر، ئەمما، زۇلۇم ساھەسىدىكى غالىبلىق مەغلۇبىيەت نىشانىدۇر.

قىتئە:

زۇلۇم ئوتىن ئۆچۈرمىسەڭ ئۇشبۇ كۈن سەن،
ئەتە مەزلۇم قولى ئۇنى قىلۇر يەكسان!...

نۇشىرۋاننىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدىكى، بىرەر كىشى بىراۋنىڭ بېغىغا كىرىپ سورىماستىن بىرەر ئالما ئۈزسە، ئالما ئۆزگۈچىنى جازالايتتى ۋە شۇنداق دەيتتى:

زىيان ئاز بولسۇنۇ، ياكى كۆپ بولسۇن،
ئاقىۋەت تۇغۇلۇر پىسىق ۋە ياسات.
ئىنسابقا كەلمەستىن، نەپسىڭ تىيماستىن،
ئۆزۈڭنى قىلمىغىل ئەرزانۇ كاسات.

ئوت ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنىڭدىن چوڭ يانغىن چىقىشى مۇمكىن.

ھېكايەت: بىر بىچارىدىن سورىدى: «قەيەردە ئۇخلايسەن؟» ئۇ دېدى: «قەيەردە قاراڭغۇ چۈشسە، شۇ يەردە».

قىتئە:

ھەر كىشىنىڭ ياستۇقى ۋە تۆشەكى بەردىن ئېرۇر،
قايسى يەردە بولمىسۇن جايىدىن غەم يەپ، ھەيرانئەمەس.
بايى كىشى قورققايى ئۆلۈمدىن ھويلا - جايىنىڭ غېمىدىن،
كەمبەغەل بۇ دەرد بىلەن ئىچى كۆيۈپ، گىريان㉛ ئەمەس.

ھېكايەت: بىر مەست كىشى يولدا يىقىلىپ - قوپۇپ، سەندىرەكلەپ كېتىۋېتىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ھەر بىر ھوشيار كىشى بىلەن سوقۇشۇپ دەيتتى: «ھەي ئادىشۇي، ماڭا ئوخشاش ماڭساڭ، باشقىلارغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلمايتتىڭ».

قىتئە:

ھەر كىشىنىڭ ئادىتى ئۆزىگە مەلۇم ئەمەس،
ئۆزگىلەر خۇش ئادىتى ئۇنىڭغا ھېچ خوپ ئەمەس.

ھېكايەت: بىر ئەخمەق كىشى يولدا كېتىۋېتىپ، كۆتۈلمىگەندە بىر پارچە ئەينەك تېپىۋالدى. ئەينەككە قاراپ ئۆز ئەكسىنى كۆردى - دە، دەرھال ئۇنى يەرگە قويۇپ قويدى ۋە دېدى: «كەچۈرگەيسىز، بۇ ئەينەكنىڭ سىزنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن».

قىتئە:

ئەقىلسىزلەر قولىغا چۈشسە ئەينەك،
ھاماقەت يۈزىنى كۆرگۈسى ھامان.
قىزىقكىم، ئۆز يۈزىنى كۆرسىمۇ ئۇ،
باشقىنىڭ يۈزى دەپ بولغاي ھەيران.

## لۇغەت

①مېزبان - مېھمان كۈتكۈچى، زىياپەت، توي ئىگىسى. ② باكىرەلىك - قىزلىق، پاكلىق، ئىپپەتلىك. ③ نىش - نەشتەر. ④ دىلبەستە - 1. كۆڭلى باغلانغان، كۆڭۈل بەرگەن؛ 2. ئاشىق. ⑤ نەپسى ئەممارە - بۇزۇق نەپس، ئاچكۆزلۈك، ئەقىلدىن ئۇستۇن كەلگۈچى نەپس، يامان نىيەت. ⑥ نىفاق - 1. مۇناپىقلىق، ئىككىيۈزلىمىچىلىك؛ 2. كېلىشەلمەسلىك، ئىتتىپاقسىزلىق، ئارىنى بۇزۇش. ⑦ گەنج - خەزىنە، بايلىق. ⑧ دەجلە - ئىراقتىكى دەريا نامى. ⑨ ئەجەم - غەيرىي ئەرەبلەر، ئىران - ئىرانلىقلار. ⑩ ماھال - ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى مۇمكىن بولمىغان؛ قىيىن - مۇشكۈل. ⑪ زەلىل - خورلانغان، تەھقىر قىلىنغان، قەدىرسىز. ⑫ قەدەم رەنجىدە قىلماق - بىر ياققا تەشرىپ قىلماق، قىيىن بولسىمۇ بارماق. ⑬ ناسىھ - نەسىھەت قىلغۇچى، ئۆگۈتچى. ⑭ ئەمرىمە ھال - ئەمەلگە ئېشىشى گۇمانلىق، ناھايىتى قىيىن ئىش. ⑮ ستەمكار - ئەزگۈچى، جەۋرى - زۇلۇم قىلغۇچى، زالىم. ⑯ سىھەد - ھەددى - ھېسابسىز، چەكسىز، پايانسىز. ⑰ھەيىپ - بىر كىمگە بېرىلگەن، سەرپلەنگەن نەرسىنى ياكى بىرەر ئىشنى نامۇناسىپ دەپ بىلىش، ئېچىنىش، ئەپسۇسلىنىش. ⑱ راغ - ئوتلاق، كۆكلەمەيدان، دالا. ⑲ دەبىرلىك - كاتىبلىق، پۈتۈكچىلىك. ⑳ پىشە - ئىش - مەشغۇلات؛ كەسىپ - ھۈنەر؛ پىشە قىلماق - ... بىلەن شۇغۇللانماق، ... قىلماق. ㉑ كەرەم - مەرھەمەت، مۇرۇۋۋەت - ھىممەت. ㉒ ۋەلې - «ۋە لېكىن» سۆزىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى. كلاسسىك ئەدەبىياتتا ۋەزىن ئېھتىياجىدىن بەزى باغلىغۇچىلارنى قىسقارتىش ئۇسۇلى كۆرۈلىدۇ. ㉓ بادە - مەي - شاراب. ㉔ چەرخى ستەمكار - زالىمپەلەك، زۇلمەت دۇنياسى. ㉕ جەمشىد، زەھھاك - قەدىمكى ئىران شاھلىرى. ㉖ شۇئۇر - ئاڭ، چۈشەنچە، ئىدراك؛ ئەھلى شۇئۇر - ئاڭلىق كىشىلەر، ئىدراكلىق كىشىلەر. ㉗ بۇتىمار قۇش - بىر خىل قۇش. ㉘ خىرىس - ئاچكۆزلۈك. ㉙ نوش ئەيلىمەك - ئىچمەك. ㉚ ئىللا - ئەمما، لېكىن، بىراق. ㉛ گىريان - يىغلاش، يىغلاۋاتقان.

---

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى تاشكەنت قامۇسلار باش تەھرىرىياتى تەرىپىدىن 1995 - يىلى نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە نۇسخىسىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى. (M1)

# ھايات ھەقىقەتلىرى



## ھېكمەتلەر

▲ مال - دۇنيا ئارقىسىدا ئاشۇرۇلغان ئىززەت - ئابرويىدا ۋاپا يوق.

▲ كۆڭلىدە كىرۇ ئاداۋەت ساقلىغان ئادەم پۈر سەت تاپقاندا سېنى ۋەيران قىلىدۇ.

▲ نادانىڭ نادانلىقىنى ئىككى نەرسە ئىپادىلەپ تۇرىدۇ: بىرى، ئۇنىڭ گېپى تۇترۇقسىز، چېچىلاڭغۇ؛ يەنە بىرى، جاۋابى قالايمىقان، مەنىسىز بولىدۇ.

▲ دانا مېڭىسىنى تولدۇرۇشقا قايغۇرسا، نادان قارنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قايغۇرىدۇ.

▲ نەپسىنى يىغالايدىغان، يامان يولدىن ھەزەر قىلالايدىغان ئادەم - ئەڭ كۈچلۈك ئادەمدۇر.

▲ بەدەننىڭ قۇۋۋىتى تائام، ئەقىلنىڭ قۇۋۋىتى بولسا ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە دانىشمەنلىكتۇر.

▲ بىلىمنى توغرىلىق، شىجائەتنى ئەپۇ قىلىش، سېخىيلىقنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك، شېرىن سۆزلۈك بېزەيدۇ.

▲ ئىنساننىڭ ئەڭ ئېسىل زىننىتى - مۇلايىم، خۇشچىراي ۋە كىچىك پېئىل بولۇش.

▲ ئىنساب - ئادەم ئۆزىگە نېمىنى راۋا كۆرسە باشقا كىشىلەرگىمۇ شۇنى راۋا كۆرۈشتۇر.

▲ ياش ئادەم ئەقىل - پاراسەتتە قېرىلارغا ئوخشىشىپ كەتسە بۇخۇدانىڭ رەھمىتى بولىدۇ. ئەگەر قېرىلار ئەقىل - پاراسەتتە ياشلارغا ئۆزىنى تەقلىد قىلسا، بۇ خۇدانىڭ لەنىتى بولىدۇ.

▲ ياشلار ئۈچۈن قىممەتلىكى - شەرم-ھايا ۋە باتۇرلۇق؛ قېرىلار ئۈچۈن سەۋرھەم مەرىپەت.

---

توپلىغۇچى: يالقۇن ئۆمەر

## لوقمانى ھەكىم ھېكمەتلىرىدىن

لوقمانى ھەكىمدىن سورىدى:

- ئادەملەرنىڭ داناسى كىم؟

- ھايات تەشۋىشلىرىدىن غەم-ئەندىشە قىلمىغىنى.

- ئادەملەرنىڭ قۇدرەتلىكى كىم؟

- ئەقلى كامىل بولغىنى.

- ئۇل قانداق شارابكى، ئىچكۈچىنى يالىڭاچلايدۇ؟

- شەھۋەت.

- ئۇل قانداق ئوتكى، ياققۇچىنى كۆيدۈرىدۇ؟

- ھەسەت.

- ئۇل قايسى بىنادۇركى، ھېچقاچان خاراب بولماس؟

- ئادالەت.

- ئۇل قانداق ئاچچىقلىقكى، ئاخىرى شېرىن بولۇر؟

- سەۋر.

- ئۇل قانداق شېرىنلىككى، ئاخىرى ئاچچىق بولۇر؟

- ئالدىراڭغۇلۇق.

- ئۇل قانداق كېسەللىككى، تېۋىبلار ئۇنىڭ داۋاسىغا ئاجىزدۇر؟

- ئەخمەقلىق.

---

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

## ئالېكساندىر دىيومانىڭ «گراف مونتى - كرىستو» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ (بولغۇسى) يامان ئىشلارنى ئالدىن ھۆكۈم قىلغۇچى دانىشمەنلەر ئۇردا ئىچىدە قارشى ئېلىنمايدۇ.

▲ سوغۇق مۇئامىلە، مەرتىۋىلىك كىشىلەرنى ئاددىي پۇقرالاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ زورتۇساقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

▲ دەۋرىمىز ھۆكۈمرانلىرى پەقەت كۆزگالدىدىكى ئىھتىماللىق بىلەنلا چەكلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا بولغان جۈرئەتچانلىق روھىنى يوقىتىپ قويۇشقان. ئۇلارئۆزلىرىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئاڭلىغان قۇلاقتىن، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن كۆزدىن قورقىدۇ.

▲ گۇناھكاربەندىلەرئۆزلىرىنىڭ ھەممە ئىشەنچىسىنى يوقاتقاندىن كېيىنلا خۇدانى يادىغا ئېلىشىدۇ.

▲ تەقدىر ئىلاھىنىڭ كارامەتلىرىنى بەندىلەرچۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. تەقدىرئۆزى ئەزىز ياراتقانلارنى يەنە ئۆزى خارقىلىدۇ، ئۆزى خارياراتقانلارنى يەنەئۆزى قۇتلۇقلايدۇ.

▲ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى قىلىش، خۇدانىڭ ئىرادىسىغا قارشى چىققانلىق بولىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ بېشىغاكۈن چۈشكەندىلائەقىل -پاراسەتنىڭ يوشۇرۇن مەنبەلىرى ئېچىلىدۇ.

▲ ئىزچىللىق - ھەممەتېپىشماقلارنىڭ ئاچقۇچى.

▲ رەھىمسىز تەقدىرنىڭ جەبىر-جاپاسىنى كۆپ تارتقان ئىنسانلارنىڭ بەزى چاغلاردا توساتتىن ئىشى ئوڭغا تارتىپ قالىدۇ.

▲ خۇدا ئىنسانلارنىڭ قۇدرىتىنى چەكلەپ قويغان بىلەن نەپسىنى چەكلىمىگەن.

▲ ئادەم ھەممىدىن بەك ئۆزى ئېرىشەلمىگەن نەرسىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

▲ تەلەيسىزلىك ئادەمنى ھەسەتخور قىلىپ قويىدۇ.

▲ ئەمەلگە ئاشمىغان توي يىگىتكە قارىغاندا قىزنىڭ شەنىگە كۆپرەك داغ چۈشۈرىدۇ.

▲ كۆيگەن يۈرەكلەر مەقسەتكەيەتكەندە سوۋۇپ قالىدۇ.

▲ ئاتىلارنىڭ گۇناھىدىن ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەۋلادلارمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

▲ قەلب جاراھەتلىرى ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۆمۈر بويى شىپالىق تاپالماي، قان ئېقىپ تۇرۇۋېرىدۇ.

▲ ئاشكارا دۈشمەنلەر ئانچە خەۋپلىك بولمايدۇ.

▲ مەسخىرىلىك كۈلۈشلەر ساقايتقىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك جاراھەتلەرنى قالدۇرىدۇ.

▲ كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان پاجىئەلىك ئىشلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

▲ ئىرادىسىز ئادەملەر ھەرقانداق نەرسىگە ماتەم پەردىسىنىڭ كەينىدىن قارايدۇ.

## ۋىكتورھيوگونىڭ «خارلانغانلار» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ سىقىلغان يۈرەك كېڭىيىش ئىلاجىنى قىلالماي ئىچكى دۇنيانى قىبىزشقا باشلايدۇ.

▲ ئاق كۆڭۈل، تۈزنىيەت كىشى كۆپ ھاللاردا ئىتائەتمەن كېلىدۇ.

▲ مۇھەببەتتە خۇشامەت قىلىش چۈمبەتنىڭ ئۈستىدىن سۆيۈشتۇر.

▲ زۇلمەت ئىچىدىكى ھەرخىل كۈچلەر بىر-بىرىنى تونۇيدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا سىرلىق تەڭپۇڭلۇق بار.

▲ چېكىنىش - ئىنسانىيەتكە قىلىنغان زوراۋانلىق.

▲ كىشى ھاياتىدىكى ئەڭ جىددىي سىناق، بىردىنبىرجىددىي سىناق، قولدىن چىقىپ كېتىۋاتقان سۆيۈملۈك كىشىگە كۆزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

▲ قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت چېكىۋاتقان كىشى ئۆزقەلبىدە مەلۇم بىرنەرسە تەتۈر ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى ئەركىنلىك دەپ ئاتىلىدۇ.

▲ ياش قىزچۈشنىڭ سۇس نۇرى، تېخى سەنئەتكە ئايلانمىغان ھەيكەل.

▲ بىزدىكى قورقماس روھنى ئاياللاربەرگەن، ئايالسىزئەر - تەپكىسىزتاپانچا.

▲ باھار - ۋاقىتلىق جەننەت.

▲ كىمكى پۇقرالارنى زورلىسا، ئۇنى نەس باسىدۇ.

▲ ھازىرقى زامان غايىسى سەنئەتنى تىپ، ئىلىم - پەننى ۋاستە قىلىدۇ.

▲ سادىقلىقنىڭ ھەقىقىتى - پىداكارلىق.

▲ توسالغۇغا ئۇچرىغان تەرەققىيات - كېسەللىك ھالىتىدىكى تەرەققىيات.

توپلىغۇچى : رەھىم راھمان

## بالزاكنىڭ «گورىيوبوۋاي» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ بىز ھەممىمىزبىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ كۈچلۈكلىكىنى دەلىللەشنى ياخشى كۆرىمىز.

▲ قۇرۇق قولىغا تايىنىپ بايلىق توپلىغان ئادەملەر، بار - يوققاقانائەت قىلىدىغان ئادەملەردۇر.

▲ ياشلارنىڭ كۆڭلى ئاياللاردا چاقناپ تۇرغان گۈزەللىكتىن ئېرىپ كېتىدۇ.

▲ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەڭ ياخشى چاقماق قايتۇرغۇچ

▲ ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆزۈشتە يۈز-تۇرانە ئېيتقاندىن كۆرە، خەت ئارقىلىق ئېيتقان تۈزۈك.

▲ بېشىمىزغا قاراقسىمەتلەركېلىدىغان بولسا، ھامان ئۇنى بىردوستىمىزكېلىپ يەتكۈزىدۇ.

▲ تالانتنىڭ ھەيۋىسى ئالدىداجىمى خەق تىز پۈكىدۇ.

▲ خۇدا بەندىلىرىگە قانداق بولسا، ئاتىمۇ پەرزەنتلىرىگە شۇنداق.

▲ ئىنسان ھاياتىدا ھەقىقى مۇھەببەت پەقەت ئەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق.

توپلىغۇچى : مەخسۇت راھمان (ئىشچى) (M2)



# ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرىنى ئالدىنقى يېرىم يىللىق كۆرۈپ باھالاشتا ژۇرنىلىمىزغا يۇقىرى باھا بېرىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسى بۇ يىل 26 - ئىيۇندا ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرىنى كۆرۈپ باھالاش ھەيئىتىنىڭ قەرەللىك يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى ژۇرناللاردىن «غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» (بۇيىلقى 3 -، 4 -، 5 - سانلىرى)، «بوستان» (بۇيىلقى 1 -، 2 - سانى)؛ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى ژۇرناللاردىن «تارىم» (بۇيىلقى 1 -، 2 -، 3 - سانلىرى)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (بۇيىلقى 1 -، 2 -، 3 - سانلىرى)، «تەڭرىتاغ» (بۇيىلقى 2 - سان)، «قەشقەر ئەدەبىياتى» (بۇيىلقى 2 - سان)؛ قازاق تىل - يېزىقىدىكى ژۇرناللاردىن «شۇغىلا» (بۇيىلقى 1 -، 2 -، 3 -، 4 - سانلىرى) قاتارلىقلارنى كۆرۈپ باھالاشقا تەشكىللىدى.

بۇ قېتىمقى كۆرۈپ باھالاش ھەققىدە چىقىرىلغان «شىنجاڭ تەشۋىقات ئۇچۇرلىرى» نىڭ 2 - سانى (خەنزۇچە) دا مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئۇمۇمەن يۇقىرىقى يەتتە ئەدەبىي ژۇرنال ئالدىنقى يېرىم يىلدا «ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى مەزكۇر ژۇرناللارنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە خاسلىقى ئۈستىگە قويۇپ، دەۋر روھى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە باي بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى بىر تۈركۈم يازغۇچىلار ۋە ياش كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

«شىنجاڭ تەشۋىقات ئۇچۇرلىرى» دا يۇقىرىقى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئاتاپ كۆرسىتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنىلىمىزغا بېرىلگەن باھادا مۇنداق دېيىلىدۇ:

بۇقېتىمقى كۆرۈپ باھالاش دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى (بۇيىلقى 1 -، 2 -، 3 - سانلىرى) بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ژۇرنال چىقىرىش ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ياساپ، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئۇسلۇبى، بەدىئىيلىكى ۋە ئىلمىيلىكىنى ھەقىقىي نامايەن قىلىپ، ئىلمىي ئەدەبىيات قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ژۇرنال چىقىرىش نىشانىنى تەدرىجىي ئۆلچەملەشتۈرۈشكە قاراپ يۈزلەندۈرگەن. بۇ، ناھايىتى ياخشى بىر باشلىنىش. پىشقەدەم ئەدىب ئىمىن تۇرسۇننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ياشاش نەتىجىسىدە بېيىتىپ، بۈگۈنكى ھالەتكە كەلگەنلىكى بايان قىلىنىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئورتاق ئالغا باسقانلىق تارىخى تەسىرلىك شەرھىلەنگەن. دېمەك بۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ياخشى ماقالە. ئارخېئولوگ ئابدۇقەييۇم خوجىنىڭ مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «نىيا خارابىسىدىن تېپىلىپ بېرىلگەن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ئارخېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئىسپاتلايدىغان قىممەتلىك سۈرەتلەر كىرگۈزۈلگەن ھەمدە جانلىق ۋە تەپسىلىي يېزىلغان ئىلمىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لېكتورى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى ئەسەت سۇلايماننىڭ مەدەنىيەت ئۈستىدە ئويلىنىش خۇسۇسىدىكى ئىلمىي ماقالىسى «20 - ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غىربىلىق» تا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتقا تۇتقان قاششاق پىسخىك ھالىتى مول ماتېرىياللار بىلەن تەھلىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

تەييارلىغۇچى: رىسالەت مۇھەممەت

(ئۆز مۇخبىرىمىز)

بۇ سان 1998 - يىل 20 - ئىيۇلدا تىزىشقا يوللاندى، 30 - سىنتەبىردە باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان ماموت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)

# ئۇنتۇلغۇسىز پۇتبول مۇسابىقىسى



1927-يىلى ئاتۇش ئىكساق ئۇيغۇر پۇتبول كوماندىسى بىلەن ئەنگلىيە ۋە شۋېتسىيىلەرنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىلىرى كوماندىلىرى ئوتتۇرىسىدا قەشقەر شامالباغدىكى بېدىلىكتە ئىككى مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئىكساق ئۇيغۇر كوماندىسىدىكى يىگىتلەرنىڭ باتۇرلۇقى، پىداكارلىقى نەتىجىسىدە بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن ئەنگلىيە كوماندىسىنى ،نۆلگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن شۋېتسىيە كوماندىسىنى يېڭىپ، مىللىتىمىزنىڭ جاسارىتىنى نامايەن قىلغانىدى.

- ئېلى ياقۇپ سىزغان


《新疆文化》　（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1998 - يىل 5-،6 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编缉出版：《新疆文化》杂志编缉部
地址：乌鲁木齐市胜利路 193 号
邮编：830001 电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001. تېلېفون نومۇرى: 2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65－1073/I
本刊代号：58－22　　定价：6 元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65－1073/I
ۋەكالەت نومۇرى: 22 - 58　　باھاسى: 6 يۈەن

1985-يىلى چەرچەن ناھىيە زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىر قىسمى، ۋاقتى: بۇنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇن













www.uyghurkitap.com